I291.54
U285
T151471

مۇھەممەتئېلى زۇنۇن

# قوش مەسچىت

مەسئۇل تەھرىرى: غوجاخان خۇدابەردى

乌鲁木齐市图书馆
T151471
乌鲁木齐市图书馆藏书

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

1989 - يىل. ئۈرۈمچى

## مۇندەرىجە

### ھېكايىلەر


قاپقان ........................................ 1
جامىلە ........................................ 23
سوۋچى ........................................ 43
ئۇ، نېمىدەپ پىچىرلىغان؟ ........................................ 67
قوش مەسچىت ........................................ 80


### فېلىيەتونلار


مەن ئۆلگەن كۈنى ........................................ 97
تۇغماسلار ........................................ 102
مۇھەررىر بىلەن تەنقىدچى ........................................ 104
سۆگەل ........................................ 109
ئەرۋاھنىڭ ئاھى ........................................ 117


### پوۋېستلار


ئەسكى چاپان ........................................ 128
مۇناپىقنىڭ ئۆلۈمى ........................................ 179

# قاپقان

## 1

شەيتان كۆڭلىدەك قاپقاراڭغۇ كېچە... سودا ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق پۈتتۈرۈپ، ھەميانلىرىنى ئالتۇن - كۈمۈشكە تولدۇرۇپ، ئۆز يۇرتىغا قاراپ يولغا چىققان ئىنايىتۇللا مەخسۇم چۆل - باياۋان قوينىدا تەنھا كېتىۋاتىدۇ. ئارقىسىدىن خەنجەر قاناتلىق، ئامبۇر تۇمشۇقلۇق بىر توپ يىرتقۇچ قۇش ماتەم - مۇسىبەت خورىنى تەڭ توۋلىشىپ شىددەت بىلەن بېسىپ كەلمەكتە. كۆزلىرىدىن گۆرىستان ئۇچقۇنلىرى يېنىپ تۇرغان بىر توپ چىلبۆرە ئارىدەك چىشلىرىنى بىر - بىرىگە بىلەپ، قەھرى بىلەن ئېتىلىپ كەلمەكتە، قاتمۇقات ئەجەل چەمبىرى ئىچىدە قالغان ئىنايىتۇللا مەخسۇم ئەڭ ئاخىرقى كۈچ - قۇدرىتى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى تەسەررۇپ قىلىپ، كېچىككىنە جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئامالىنى قىلماقتا. ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي دۇرۇت - ئايەت ئوقۇماقتا. ئايەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن، يىرتقۇچ قۇش ۋە ئاچ بۆرىلەرنىڭ مەخسۇمغا قىلغان ھەممە خىرىس ۋە ھۇجۇملىرى نەتىجىسىز بولۇپ چىقماقتا. ئەسەبىيلەشكەن يىرتقۇچلار ئەمدى مەخ-

سۇمنى يالماپ يۇتۇۋېتىش مۇددىئاسىغا يېتەلمەي، ئۆز ھۇجۇمنى مەخسۇمنىڭ دۇلدۇلغا بەرگۈسىز قېچىرىغا مەركەزلەشتۈرمەكتە. خەنجەر چىشلىقلار چىشلەپ - قاساپ، ئامبۇر تۇمشۇقلۇقلار تەرەپ - تەرەپتىن چوقۇپ، قېچىرىنىڭ پۈتۈن ئەت - تېرىلىرىنى يەپ تۈگەتمەكتە.

ئاھ، قېچىر، تۇلۇمدەك سېمىز قېچىر! ئەمدى سەن بىر دانە قۇرۇق كاللا، ئەتىسىز بىر ئۇمۇرتقا، قوۋۇزاقسىز ياغاچتەك تۆت دانە پۇتتىن تەركىب تاپقان تىرىك ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ قالدىڭ. شۈكرى، ئەت - گۆش، جىگەر - قېرىنلىرىڭدىن، ئايرىغان خۇدا، يەنىلا جېنىڭدىن ئايرىمىدى. يولنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگىن، ئۆز يۇرتىمىزغا ئامان - ئېسەن بېرىۋالايلى...

ئۇچ - چېكى يوق باياۋان، تەرەپ - تەرەپتە چىل بۆرىلەر بىلەن شۇم قۇشلارنىڭ ھۇۋلاشلىرى، باش ئۈستىدە ئەجەلنىڭ قارا كۆلەڭگىسى. مەخسۇم يەنىلا شۇ ئۇمۇرتقا - قوۋۇرغا سۆڭەكلىرىدىن باشقا ھېچنېمىسى قالمىغان قېچىر ئۈستىدە، خۇددى كانارا ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ.

ئاھ، نېمانچە ئۇزۇن كېچە بۇ؟ — ئاسمان سۈزۈلسە، مەنزىل كۆرۈنسە، ئارزۇلۇق پەرزەنتلىرىم بىلەن ئۆمۈرلۈك ھەمراھىمنىڭ ۋەسلىگە يەتسەم، جانۇ جىسمىم سۆيۈنسە!...

ياغاچ پۇتلۇق، ۋاسا قوۋۇرغىلىق قېچىر ئۆز يۇرت تەۋەسىدىكى قەدىمىي گۆرىستانلىق تەرەپكە قاراپ ئاستاغىنا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. پۈتۈن قەبرە - گۈمبەزلەر بىر يولى يېرىلغاندەك، دەھشەتلىك بىر سادا بىلەن تەڭ تۆت ئەرۋاھ

ئورنىدىن تۇرۇشتى - دە، ئىككىسى ئوڭ قولىنى، ئىككىسى هەر ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قەدىرلىك دادا!

— ئەسسالام، دادىسى...

مەخسۇم دەھشەت ئىچىدە ۋارقىرىۋەتمەكچى بولدى، تىلىغا تىلسىملىق پېچەت سېلىنغانلىقى ئۈچۈن زۇۋان سۈرەلمىدى. قېچىر ئۈستىدىن ئۆزىنى تاشلىماقچى بولدى، ئەمما مىدىرلىيالمىدى.

سەۋر - تاقەت رىشتىسى ئۈزۈلگەن ئۈچ دانە ئىسكىلىت تەقەززالىق بىلەن ۋارقىراشقا، چۇقان سېلىشقا باشلىدى:

— دادا، مەن تۇنجى ئوغلۇڭ — ياسىن!

— دادا، ئارزۇلۇق قىزىڭىز — ئارزۇگۈلمەن!

— دادا، مەن كەنجى ئوغلۇڭ — كەنجى مەخسۇم!

تۆتىنچى ئىسكىلىت زەئىپ، مىسكىن ئاۋاز بىلەن نالە قىلماقتا ئىدى:

— دادىسى!... پۈتۈن ئائىلىدە قالغان تۆت جان، تەشنالىق چۆلىدە سولۇپ، ھىجران - جۇدالىق تومۇزىدا قۇرۇپ، مانا شۇنداق قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالدۇق. قېچىردىن چۈشمەملا؟ ھالىمىزغا يەتمەملا؟!

— چۈشكىنە، دادا!

— دادىسى، چۈشسىلە ئەمدى!

— دادا، نېمىشقا چۈشمەيدىغانسەن؟ نېمىشقا زۇۋان سۈرمەيدىغانسەن؟! «يول ئازابى - گۆر ئازابى» دېگەن گەپ

بار ئەمەسمۇ؟ داداڭلار «گۆر ئازابى»نى تارتىۋېرىپ هالىدىن كەتكەن ئوخشايدۇ. كۆتۈرۈۋېلىڭلار، باللىرىم!

تۆت ئەرۋاھ تەڭ تارتماقتا. مەخسۇمنىڭ جانۇ جىسمى ئىسكىلىت قېچىر بىلەن بىر تەن بولۇپ كەتكەن، ياكى قېچىر يىقىلمايدۇ، ياكى مەخسۇم ئۇنىڭدىن ئاجرالمايدۇ.

— دادا...

— ئەي دادىسى!...

تۆت ئەرۋاھ پۇتىدىن تارتماقتا، قولىدىن تارتماقتا. ئۈزلۈكسىز تارتىش، كۈچەپ سىلكىش، سۆرەشلەر نەتىجىسىدە جېنى ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان مەخسۇم ئەڭ ئاخىرقى قېتىم شۇنداق بىر كۈچىگەنىدى، نەپەس يولى كوھقاپنىڭ ئاغزى بىراقلا ئېچىلىپ، ئۇنىڭدىن چىققان دەھشەتلىك بوران ئىنايىتىللا مەخسۇمنىڭ زۇۋانىغا سېلىنغان تىلسىملىق پېچەتنى بۆسۈپ - يىرتىپ ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرۇپ كەتتى. مەخسۇم سەۋدايىلارچە ۋارقىراشقا باشلىدى:

— قويۇۋېتىڭلار!... ئۆلەي دېدىم، مېنى قويۇۋېتىڭلار!...

......

كەچكۈز كېچىسىنىڭ ئۈششۈك شامالىرى ئوتى ئاللىقاچان ئۆچۈپ قالغان مورا ئوچاقلىق ئۆينى مۇزخانىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان زىنقە كېسىلى بىلەن ئازابلىنىپ يۈرگەن سارايۋەن بوۋاي ئويغىنىپ كەتتى - دە، كۆكسىنى بېسىپ تۇرۇپ بىر ھازاغىچە يۆتەلدى، كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ كەتكۈچە يۆتەلدى. ئۆپكىسى ئازراق ئارام بەرگەندىن كېيىن ۋاقتىنىڭ بىر

يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى پەملىدى - دە، ئاق تۇماق، قارا چەكمەن تونىنى كىيدى. ئۆرۈقنى كۆتۈرگىنىچە مۇستەھەپ قىلىش ئۈچۈن ماڭدى. تۆتىنچى ھۇجرا بوسۇغىسى ئالدىغا كەلگەندە، شۇنچە زەئىپ، نىمجان بىر سادانى ئاڭلاپ قالدى - دە، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سىۆر باسقان ھالدا توختىدى. بۇ «قويۇۋېتىڭلار، مېنى قويۇۋېتىڭلار!...» دېگەن سادا ئىدى.

«بۇ نېمە ئىش؟» سارايۋەن بوۋاي تەشۋىشكە چۈشتى. «سارايغا ئوغرى كىرگەنمۇ - نېمە؟» ئۇ، ئىشىكنى ئىتتىرىپ باقتى، ئېچىلمىدى. چۈنكى ئۇ، دەم بىلەن مەھكەم تاقالغانىدى. ئوغرى تامنى تېشىپ كىرگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى سارايۋەن. ئۇنىڭ خىيالىدا قانداقتۇر بىر قەبىھ ئوغرى چەتتىن كەلگەن ياۋاش سودىگەر ئىنايىتىللا مەخسۇمنىڭ كانىينى بوغماقتا، جېنىنى ئەزرائىلغا تاپشۇرۇپ، مېلىنى ئېلىپ قاچماقتا ئىدى. ئۆز سارىيىدا مۇنداق پاجىئەنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويۇش مۇمكىنمۇ؟

سارايۋەن: نېمە بولسام بولاي! دەپ ئويلىدى - دە، كالتە ساپلىق ئايپالتىنى تېپىپ كەلدى. ئۇ، ئىشىكنى شۇنداق تەپتىكى، جىگدە ياغىچىدىن قىلىنغان ئۇزۇن يىللىق مەزمۇت دەم «غاچچىدە» سۇنۇپ، قوش قاناتلىق ھۇجرا ئىشىكى «جالاققىدە» ئېچىلدى.

— ۋايجان!...

دەھشەتلىك چۇش كۆرۈۋاتقان ئىنايىتىللا مەخسۇم چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى - دە، شۇ سادادىن بۆلەك زۇۋان سۈرەلمىدى. بۇسۇپ كىرگەن ئايپالتىلىق بوۋاينى ئۇ، ئاخىرەت

سورىقىنى قىلىش ئۈچۈن كىرگەن مۇنكىر ـ نەكىر دەپ تونۇپ، ۋەھىمە ئىچىدە ھوشىدىن كەتكەنىدى.

سارايۋەن بوۋاي بوسۇغا ئۈستىدىلا ۋارقىرىدى:

ـــ كىبلە! يەتتە باشلىق يالماۋۇز بولساڭمۇ كەل!...

بوۋاي ئايپالتىنى ئىككى قوللاپ مەھكەم تۇتقىنىچە قاراڭغۇ ھۇجرىغا سەپسالاتتى. ئۇ، بەتتەھيۋەت ئوغرى ـ قاراقچى تۇرماق، بىرەر ھاياتلىق بەلگىسىمۇ كۆرۈنمەيدىغان بۇ ھۇجرىغا قاراپ ئەجەبلەندى. «بۇ زادى نېمە ئىشتۇ، خۇدايىم؟ سىدىگەر مەخسۇمغا نېمە بولغاندۇ؟...» بوۋاي ئورنىدىن قوزغالماي، ئايپالتىنىمۇ تاشلىماي، تىترەك ئاۋازى بىلەن توۋلىدى:

ـــ مەخسۇم!... ئىنايىتىللا مەخسۇم!...

مەخسۇم ئۈن ـ تىنسىز ياتاتتى. بوۋاينى تېخىمۇ سۈر باستى. جىنچىراغنى يېقىپ كىردى، ياتاقنىڭ ھەممە يېرىگە يېڭىباشتىن سەپسالدى. كىچىككىنە روجەكتىن سامان قەغەز بىلەن چاپلانغان بۇ لاي سۇۋاق ھۇجرىنىڭ ھېچ قانداق يېرىدە تۈگمىچىلىك تۆشۈك كۆرۈنمەيتتى. ئۇ، يوتقاننى قايرىدى. ئىنايىتىللا مەخسۇم قىپقىزىل قان ئىچىدە ئەمەس، چىلىق ـ چىلىق تەر ئىچىدە ياتاتتى. ئالقىنىنى ئاغزىغا يېقىن تۇتۇپ كۆردى. شۈكرى، تىنىقى بار ئىكەن.

بوۋاينىڭ خوتۇنى دەرھال چاي تەييارلىدى. ئۇ، جىنچىراغنى تۇتۇپ تۇردى. بوۋاي ئىنايىتىللا مەخسۇمنىڭ بېشىنى يۆلەپ، ئىككى چېكىسىنى بىر ھازا ئۇۋۇلىغاندىن كېيىن «ئۇھ» دەپ يېنىك بىر تىندى. مەخسۇم كۆزىنى ئاچتى. ئۇ، بوۋاينىڭ زورلىشى بىلەن بىر چىنە قىزىق

چاينى پۈۋلەپ تۈرۈپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن:
— قارا بېسىپتۇ، شۇنچە دەھشەتلىك قارا بېسىپتۇ، — دېدى. ئۇ، بايا كۆرگەن قورقۇنچلۇق چۈشنى ئىزھار قىلـغاندىن كېيىن قوشۇمچە قىلدى، — يېقىندىن بۇيان داۋاملىق قېچىر مىنىپ چۈشەيمەن، ھەممىسىلا مانا مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق.

سارايىۋەننىڭ خوتۇنى مەخسۇم كۆزىنى ئاچقاندىن كېيىنلا «ئۇھ، خۇدايا شۈكرى» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتـكەندى. سارايىۋەن بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن سورىدى:
— مىنىپ يۈرگەن قېچىرلىرىڭغا بىرەر كىشىنىڭ نەزەرى چۈشكەنلىكىنى بىلەملا؟
— بىلمەن، — دەپ جاۋاب بەردى مەخسۇم ۋە تـۆۋەندىكى ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى:

## 2

ئۈنىڭ مىنگىنى ھەقىقەتەن دۇلدۇلغا بەرگۈسىز قېچىر ئىدى. ئۆز يۈرتىمۇ ئۈنىڭغا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزەرى چۈشكەن، نى - نى ئارغىماقلار بىلەن باشمۇباش تېگىشـمەكچى بولۇپ ئارىغا كىشى قويغان، ئىنايىتىللا مەخسۇم «ئاتىمىشى ئالتۇنغىمۇ تېگىشمەيمەن» دەپ ھەممىنى قايتۇرغاندى. بۇ شەھەرگە كەلگەن كۈنىلا توق چىلان رەڭلىك تۈكلىرى يالىلداپ تۇرىدىغان بۇ قېچىرغا تىكىلگەن كۆزلەر ئاز بولمىغاندى. ئىككىنچى كۈنى ئۇ، رەستە ئارىلاپ پىيادە

كىتىۋاتقاندا، جەندە - كۇلا كىيگەن پەرىشتە قىيـاپەتلىك بىر دەرۋىش ئۇنىڭغا چوڭقۇر سالام بەردى:
— ئەي ئوغلۇم، — دېدى دەرۋىش، — رەڭگى - رۇخسارىڭدىن قارىغاندا، يىراقتىن كەلگەن ئەھلى سودىگەرسەن، ئىمانى كامىل ئېسىلزادە نەسلىسەن، ئاگاھ ۋە دانا بولغىنىڭ، تەقدىرى قىسمىتىڭ بىر كۆشەندە ئىسكەنجىسىدە!
ئۇشتۇمتۇت ئېيتىلغان بۇ قورقۇنچلۇق ھۆكۈم ئىنايىتىللا مەخسۇمنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. دەرمانى ئۈزۈلگەن بۇ سودىگەر شۇ تاپتا ئۆزىنى قانداقتۇر بىر ساھىل ئالدىدا ئەمەس، بەلكى تەقدىر قىسمەتلىرىدىن ئالدىنئالا بېشارەت بەرگۈچى خىزىر - ئەۋلىيا ئالدىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ، قوينىدىن بەش دانە كۈمۈش تەڭگە چىقىرىپ تەڭلەپ، يېلىنىش بىلەن ئىلتىجا قىلدى:
— ئەي ئاتا، بۇ كۆشەندە ئىسكەنجىسىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشىم ئۈچۈن بىر دۇئا قىلسىلا.
— مال - دۇنيا مۇرتەدلەر ئۈچۈن مۇقەددەستۇر، — دېدى دەرۋىش كۈمۈش تەڭگىلەرگە نەزەر - گۈزىرىنىمۇ سالماي، — ئەگەر جۈپ ئوغلۇم بىلەن يېگانە ئاجىزەم يېتىملىك كوچىسىدا سەرسان بولمىسۇن دەيدىغان بولساڭ، ئۆمۈرلۈك مەھبۇبەڭنىڭ تۇللۇق ئازابىدا دۇنيادىن ئۆتۈشىنى تىلىمەيدىغان بولساڭ، ئەڭ ياخشى كۆرگەن نەرسەڭنىڭ مېھرىدىن كەچ، دەرھال سەدىقە قىل!
دەل شۇ مىنۇتتا مۇشۇ شەھەرلىك تونۇش سودىگەرلەردىن ئىككىسى ئۇچراپ قالدى ۋە سالام بەردى. ئىنايىتىللا مەخسۇم سالامغا جاۋاب بېرىپ ۋە تىنچلىق - ئامانلىق

سوراپ بولۇپ قارىغاندا، دەرۋىشنىڭ كۆلەڭگىسىمۇ كۆرۈن-
مەيتتى. مەخسۇم ئاجايىپ تەشۋىش ئىچىدە سارايغا قايتتى.
ئۇ، ھەيرانلىق بىلەن ئۆز - ئۆزىگە سوئال قوياتتى:
«تاڭ سەھەردە سارايغا كىرگەن جەرىدە چاپانلىق
قېرى ساھىل، ئاق يول تىلەپ قالغان ئوغۇل - قىزلىرىمۇ
باردۇ؟ دەپ سورىغاندا، خۇدا بەرگەن ئىككى ئوغۇل، بىر
قىزىم بار دەپ جاۋاب بەرگەندىن باشقا ھېچكىمگە تىنمى-
غانىدىم. بۇ دەرۋىش قانداق بىلىۋالغاندۇ؟»
مەخسۇم تەشۋىشلىك خىيال - ۋەسۋەسە ئىچىدە تۈننى
تاڭغا ئۇلىدى. بامداتتىن كېيىنلا يەتتە ساھىلغا يەتتە دانە
كۈمۈش تەڭگە سەدىقە قىلدى. پېشىن نامىزىغىچە بولغان
ئارىلىقتا ئۇ ھېلىقى «كۈشەندە» نى ئۆزىدىن خېلىلا يىراق-
لاپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. نامازدىن يېنىۋاتقۇچە مەس-
چىت ئالدىدىكى ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ سىرىپ قالغان شىبىلغا
دەسسەپ سالدى - دە، بىر پاي مەسسى كۆۋرۈك ئاستى-
دىكى قاپقارا لايغا پېتىپ قالدى. مەخسۇمنىڭ بىر يېرى
ئاغرىپمۇ كەتمىگەن، مەسسىمۇ پۇتى بىلەن بىللىلا چىقق-
قانىدى. لېكىن سۈرلۈك خىيال ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋەس-
ۋەسە پاتقىقىغا چۆكتۈرۈشكە باشلىدى:
«شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان تىنىچ تۇرغان ياغاچ نېمە
ئۈچۈن بۈگۈن سۇنۇپ كېتىدۇ؟ يەنە كېلىپ، شۇنچە جاما-
ئەت دەسسەپ ئۆتسە سۇنماي، مەن دەسسىسەم سۇنامدۇ؟...»
مەخسۇم سارايغا يەتكۈچە يەنە يەتتە ساھىلغا سەدىقە
بەردى. خۇپتەن ۋاقتىدا ئىككى رەكەت نەفلە ناماز ئوقۇپ،
ئۆزۈنىغىچە دۇئا - تىلاۋەت قىلدى. كېچىچە يەنىلا دەھشەت-

لىلىڭ چۈشلەرنى كۆرۈپ، ئاغزى - بۇرنىنى قورققاق بىسىپ كەتكەن ھالدا ئويغاندى. مۇستەھەپ قىلىش ئۈچۈن تامنىڭ دالدىسىغا كىلىپ ئولتۇرۇشىغىلا ئاسماندىن تۇلۇمدەك بىر نىمە «گۈپپىدە» چۈشتى - دە، يۇمىلاپ قوپۇپ، غەلىتە ئاۋاز چىقىرىپ، سەكرەپ قېچىپ كەتتى.

«يارەببىم، نىمە كارامەتتۇ بۇ؟» دەپ ياقىسىنى تۇتتى ئىنايىتىللا مەخسۇم ۋە قايتا - قايتا ئىمان ئېيتتى.

ئەسلىدە بۇ بىر ئوغرى مۈشۈك بولۇپ، شۇ ئەتراپتىكى كەپتەرۋازلارنىڭ كەپتەرلىرىگە ئارام بەرمەي كەلگەندى. تۈنۈگۈن ئۇنى بىر كەپتەرۋاز قوما ئىچىدىن تۇتۇۋالدى. مۈشۈكنى ئۆلتۈرسە يامان بولىدۇ، دەيدىغان ئەنئەنىۋى ئەقىدە بولغانلىقى ئۈچۈن كەپتەرۋاز ئۇنى توغرىدىن توغرا ئۆلتۈرمەي، ياڭاق شاكىلى ئىچىگە ئېرىتىلگەن يار يىلىم تولدۇرۇپ، مۈشۈكنىڭ ھەربىر پۇتىنى بىر شاكال ئىچىگە پاتۇرۇۋەتكەن ۋە شۇ ھالەتتە قويۇۋەتكەن، ئۇ ھازىر سىرەج تامدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكەندى. ئىنايىتىللا مەخسۇم ئۆز ئۆمرىدە مۇنداق «توپلەي كىيگەن مۈشۈك» نى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ناھايىتى قورقۇپ كەتتى. بۇ «كارامەت» نى ھېلىقى دەرۋىشنىڭ «كۈشەندە» سۆزى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بىقىپ تېخىمۇ جىددىيلەشتى. مەخسۇم ئاشۇ «ئەۋلىيا» نى ئىزدەپ تېپىش قارارىغا كەلدى ۋە بۇ شەھەردىكى مەشھۇر خانىقا ئەتراپىدىن تاپتى. مەخسۇمنىڭ قورققاق بىسىپ كەتكەن ئاغزى - بۇرنىغا كۆز يۈگۈرتكەن دەرۋىش:

— قول - ئىلكىڭدە ھەزرىتى ئاپپاق خوجا ئەۋلادىنىڭ

نەزەرىگە يولۇققان ئەرزىمەس بىرنېمە بار، — دېدى
كەسكىن قىلىپ، — ئۇنى نەزەرىڭدىن ساقىت قىل!

— خوجامنىڭ نەزەرىگە يولۇققۇدەك قانداق نېمىدۇ
ئۇ؟ — دەپ سورىدى مەخسۇم تېگىرقاپ.

دەرۋىش ئۆزۈل - كېسىل جاۋاب بەردى:

— ھالال بىلەن ھارام ئوتتۇرىسىدىن ئاپىرىدە بولغان
بىر مەخلۇق!

— ھە؟!.. خوجام ئۇنى كۆرگەندەك قىلىمىغا-
نىدىغۇ؟

......

مەخسۇم پەرىشان ھالدا سارايغا قايتقاندا، «ھالال
بىلەن ھارام ئوتتۇرىسىدىن ئاپىرىدە بولغان» بۇ مەخلۇق
ئوچۇقچىلىقتىكى رەت - رەت ئوقۇرلارنىڭ بىرىدە يىغىملىك
بىلەن بېدە چايناۋاتاتتى. «قانداق بىلىپ قالغاندۇ سېنى؟!»
دېدى مەخسۇم بۇ قېچىرنى بىكاردىن - بىكار قولدىن چىقى-
رىۋېتىشكە كۆزى قىيمىغان، يۈرىكى چىدىمىغان ھالدا.
ئەگەر شۇ تاپتا كۆزىنى تېگىپ ۋە پۇتىغا پەتنۇس تېگىپ،
تەگشەكنى راۋۇرۇس تۇتۇپ، ئاسمان - پەلەك تاختىپەر ئۈس-
تىگە ساق - سالامەت چىققان ماھارەتلىك دارۋاز «ئاشۇ
خەيىر - ساخاۋەتلىك، ئىمانى كامىل سودىگەر ھەزرەتلى-
رىنىڭ ئاستىدىكى دۇلدۇلغا بەرگۈسىز قېچىرغا دۇئا قىلدىم،
ئامىن!» دەپ قول كۆتۈرگەن بولسا، مەخسۇم ئۇنى سۆزسىز
سەدىقە قىلىۋەتكەن، بۇنىڭ بىلەن خەلقى ئالەم ئارىسىدا
مەردلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن بولاتتى ياكى ئەل ئارى-
سىدا كاتتا ئىناۋەت قازانغان چېشقەدەم مەدداھ نەچچە مىڭ

كىشىلىك سورۋىدا شۇنداق دۇئا قىلغان بولسىمۇ. بۇ ئەتىۋارلىق مالنىڭ مېھرىدىن كەچكەن بولاتتى. ئەمدىلىكتە بۇ شەھەردىكى تونۇمىغان - بىلمىگەن بىر كىشىگە نېمىشقا بېرىۋېتىدۇ؟

بىر سوغا سۇ كۆتۈرۈپ كەلگەن سارايۋەننىڭ ئوغلى قېچىرغا قاراپ خىيال سۈرۈۋاتقان مەخسۇمدىن مۇنچىۋالا تىكىلىپ تۇرۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. مەخسۇم ئېيتىپ بەردى. 25 ياشلارغا كىرىپ قالغان بۇ يىگىت بەش ۋاخ ناماز بىلەن 30 كۈنلۈك روزىنى قازا قىلماي دىغان ھەقىقىي ئېتىقادچىلاردىن بولسىمۇ، سوپى - ئىشان دېگەنلەرگە ئانچە ئىخلاس قىلىپ كەتمەيتتى. چۈنكى ئۇ، ئەتىگەندىن - كەچكىچە «تەركىدۇنىيالىق» ھەققىدە جەرە سالغۇچى بۇ ئادەملەرنىڭ مۇغەمبەرلىك، ساختىپەزلىك، مۇناپىقلىق قىلمىشلىرى ھەققىدە بىر تالاي گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇ:

— قويسىلا، مەخسۇم ئاكا، — دېدى كەسكىنلىك بىلەن، — شۇنداق ئوبدان قېچىرنى بىكاردىن - بىكار بېرىۋەتكەننىڭ نېمە پايدىسى؟

مەخسۇم دىلغۇل بولۇپ قالغانىدى.

— خەير - ئېھسان دېگەننىڭ ئىگىسى كەمبەغەل، تۇل خوتۇن، يېتىم - يېسىر، ئاجىز - مېيىپلار، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى يىگىت، — ساۋابىنى ئالاي دېسىلە بىر تەۋەك نان ئېلىپ ئۈلەشتۈرۈپ بەرسىلە، دۇئاسى ھەممىدىن بەكرەك ئىجاۋەت بولىدىغانلار — شۇلار.

يىگىتنىڭ دادىسىمۇ ئىشان - سوپىلارنىڭ كارامىتىگە

ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۇتۇپخانا ماللىرى
木齐市图书馆藏书
05369

ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيدىغان كىشى ئىدى. بىر [illegible] ئۇمۇ ئوغلىغا ئوخشاش مەسلىھەت بەردى، مەخسۇم بىر ئەمەس، ئۈچ تەۋەك نان سېتىۋېلىپ، غېرىب - غۇرۋالارغا سەدىقە قىلدى، دۇئاسىنى ئالدى. شۇ كېچە ئۇزىنى خېلىلا يېنىك سەزدى ۋە خاتىرجەمگىنە ئۇخلىيالىدى.

ئىنايىتىللا مەخسۇم نېسى ساتقان ماللىرىنىڭ پۇلىنى يىغىۋالالىسىلا، ئۆز يۇرتىغا راۋان بولماقچىدى. بىراق، «ئېلىم كەچ قالسا، ئۇنىڭغا پۇت چىقىدۇ» دېگەندەك، قەرز سۈيلەپ يول مېڭىشقا توغرا كېلىۋاتاتتى. شۇ كۈنلەرنىڭ تاڭ - سەھەرلىرىنىڭ بىرىدە چاچلىرى قۇلاقىنى ياپقان بەتھەيۋەت بىر مەخلۇق ئۇدۇل تەرەپتىن چىقىپ كەلدى - دە:

— بېشارەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، شەيتان ئۇۋۇسىدا تۈنەپ يۈرۈپسىز، دەرھال يۆتكەلمىسىڭىز، خوۋلۇق يوق! — دېدى ۋە مەخسۇم ئۇزاتقان ئېھسانغا قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدى. ئىنايىتىللا مەخسۇمنىڭ كۆڭلىگە يېڭى تەشۋىش چۈشتى. ئۇ، ئىلاجىسىز ھالدا ئۇ سارايدىن بۇ سارايغا يۆتكەلگەندى. تۈنۈگۈن كېچىرنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ ئاسمانغا چىقىپ ۋە ئۈزۈلگەن قۇيرۇق بىللەن بىللە خەتەرلىك ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپ چۈش كۆردى، بۈگۈن بولسا مۇنداق...

مەخسۇمنىڭ ۋەھىمىلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى جىمجىت ئاڭلاپ ئولتۇرغان تەقۋادار سارايۋەن بوۋاي:

— دېمىسىمۇ، قالتىس قېچىر ئىكەن، — دەپ بىر ئۇھ تارتقاندىن كېيىن مۇنداق مەسلىھەت بەردى، — «مېلى

يارنىڭ مېلىغا، جېنى يارنىڭ جېنىغا» دېگەن گەپ بار. جان ئېسەن بولسا، بۇنىڭدىن بەلەنرەكمۇ تېپىلىپ قالار. كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىپ، شۇلارغا بېرىۋەتمەملا؟ خانىقانىڭ داشقازانلىرىغا سۇ توشۇسىمۇ ساۋاب.

— بولىدۇ، بۇ دىشۋارچىلىقتىن قۇتۇلىدىغانلا بولسام.

3

قېچىرنى يېتىلىگەن ئىنايىتىللا مەخسۇم خانىقا دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، يۇڭلۇق مەيدىسىنى كەچ كۈزنىڭ سېرىق ئاپتىپىغا قاقلاپ ئولتۇرۇشقان تەمەگەر سوپىلارنىڭ بىرى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى ۋە ئەسنەك ئارىلاش سالام بەرگەندىن كېيىن مەخسۇمنىڭ بۇياققا كېلىش مۇددىئاسىنى سورىدى.

— «يامغۇر بىلەن يەر كۆكىرەر، دۇئا بىلەن ئەر»، — دېدى ئىنايىتىللا مەخسۇمنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — يۈرسىلە، ئىشان خوجامنىڭ دۇئاسىنى ئېلىۋالسىلا.

ئىنايىتىللا مەخسۇم بۇ قېچىرنى چوقۇم ئىشان خوجامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىدۇ ۋە بۇنى كۆرگەن ئىشان خوجام ئۇزۇنغىچە دۇئا قىلىدۇ، غەم - غۇسسىدىن ئادا - جۇدا بولىمەن دەپ ئويلىغانىدى. ئۇنداق بولمىدى. قېچىر دەرۋازىنىڭ قارشى تېمىدىكى قاتار - قاتار قوزۇقلارنىڭ بىرىگە باغلاپ قويۇلدى.

چوڭ دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن 50 - 60 قەدەم كەلگۈدەك ئۇزۇنچاق كارىدور، كارىدوردىن

كېيىن كەڭ ـ كۇشادە تاشقىرىقى هويلا ۋە بىرمۇنچە هۇجرا،
ئوتتۇرىدىكى هۇجرىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن خىلـۋەت
بىر هويلىغا چىققىلى بولاتتى. يولباشلىغۇچى سوپى ئىنا ـ
يىتىلـلا مەخسۇمنــى بۇلارنىڭ هــەممىسىدىن ئايـلانـدۇرۇپ
ئۆتكۈزۈپ، ئىچكىرىدىن ئىچكىرى بىر هۇجرا ئىشىكـى ئال ـ
دىغا ئەكەلـدى.

— بىسمىللا دەپ ئوڭ پۇتلىرىنى ئالـسىلا، — دېـدى
سوپى قوش قاناتلىق قارا ئىشىكنى ئاستاغىنا ئېچىپ. ئۈچ
تېمى قاپقارا پەردە بىلەن قاپلانغان بۇ مەخسۇس هـۇجرى ـ
نىڭ سۇپىسىدىكى ئاق جەيناماز ئۈستىدە قاسقاندەك سەللە
ئورىۋالغان ئاپئاق لىباسلىق بىر كىشى يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى.
ئۇنىڭ ئولتۇرغىنىدىن باشقا هەممە كۆرۈنۈشى ئاپئاق كېپەن ـ
لەنگەن مېيىتكىلا ئوخشايتتى. ئۇنى كـۆرگەن هــەرقانـداق
كىشىنى سۈر باسماي قالمايتتى. يولباشلىغۇچى سوپى:

— ئەسسالامـۇئەلەيكۇم، ئاللانىڭ ئەزىز بەندىسى، —
دەپ چوڭقۇر تەزىم قىلغانىدى، مەخسۇممـۇ تەڭ ئېگىلـدى.
«جانلىق مېيىت» كۆزنىڭ قۇيرۇقىدا بىرلا قارىـدى ـ دە،
يۈزىنى بۇراپ، خىرقىراق ئاۋازى بىلەن خىتاب قىلـدى:

— هالال بىلەن هارام ئوتتۇرىسىدىن ئاپىرىدە بولغان
بۇ هارام مەخلۇقنى يوقات! لالما ئىتلارغا تاپ قىلىپ بەر!

ئاجايىپ ـ غارايىپ خاسىيەتلىك دۇئا ـ تىلاۋەتلەرگە
مۇيەسسەر بولۇش تەمەسىدە تۇرغان ئىنايىتىللا مەخسۇمنىڭ
پۇتۇن ئەت ـ ئۇستىخانلىرىدا دەرمان قالمىغانىدى. ئۇ، چەك ـ
چەيگەن هالدا:

— هە؟! — دېدى ـ دە، دەلدۈگۈنۈپ كەتتــى. ئارقــ

سىدا تام بولمىغان بولسا، ئۇكىدىسىغا چۈشىرىشى مۇقەررەر ئىدى.

— يوقال مۇرتەد! — دەپ ۋارقىراپ قول شىلتىدى ئىشان خوجا، — هارام مەخلۇقنى بۇ يەرگە ئەكىلىشكە قانداق پېتىندىڭ؟ رازى - رىزالىق بىلەن ئەكەلگەن بولساڭمۇ، كاشكى!

ئىنايىتىللا مەخسۇم ئۆزىنى ساراي ھۇجرىسىدا، ساددا سارايۋەن بوۋاينىڭ قۇچىقىدا كۆردى. كۆز ئالدىدا ھېلىقى يولباشلىغۇچى سوپى بىلەن يەنە بىر ناتونۇش كىشى ئولتۇراتتى.

— ئۇھ، ھەنىم بولسا، ھاياتلىق نېسىۋىلىرى تۈگىمەپتىكەن، — دېدى يولباشلىغۇچى سوپى، — سىلىنى بۇ يەرگە ئەكەلگۈچە، يەتتە دوزاخ ئازابىنى تارتتۇق دېسىلە.

سارايۋەن بوۋاي بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئىككى سوپى ئاغزىدىن ئاڭلاپ بولغانىدى. ئۇ، ھازىر «نېمىشقىمۇ شۇ مەسلىھەتنى بەرگەن بولغىتىم» دەپ پۇشايمان يېۋاتاتتى.

ئىنايىتىللا مەخسۇمنىڭ پۈتۈن نېرۋا سىستېمىسىنى مۇشۇ سوئال ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغانىدى: «ئىچكىرىدىن ئىچكىرى ھۇجرىدا ئولتۇرغان بۇ كاتتا زات مېنىڭ قېچىر ئەكەلگەنلىكىمنى قانداق بىلگەندۇ؟» ئۇ، بۇ سوئالنى ئاغزىدىن چىقاردى ۋە يولباشلىغۇچى سوپىغا قاراپ قوشۇمچە قىلدى:

— يەنە كېلىپ، ئۆزلىرىمۇ بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشقا ئۈلگۈرمىگەن تۇرسىلا؟

— ئاللا - ئىگەم ئۆزىنىڭ بۇ ئەزىز بەندىسىگە ئەنە شۇنداق خىسلەت ئاتا قىلغان. بۇ زات ھەممىنى ئەقىل كۆزى ئارقىلىق كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ ھارام-لىقنىڭ مېھرىدىن كېچىشكە چىن كۆڭۈللىرىدىن رازى ئەمەسلىكلىرىنىمۇ بىلىۋالغىنىنى قارىسىلا!

— بىلمەپتىكەنمەن، راستىنىلا قالتىس ئۇلۇغ زات ئىكەن، — دەپ قايىل بولدى ساددا سارايۋەن.

ئىككىنچى سوپى ئىنايىتىللا مەخسۇمنىڭ جان - جىسمىنى كۆيدۈرۈپ ئۆرتەۋاتقان ۋەھىمە - تەشۋىش ئوتىغا يېغ-ماشتىن ياغ چېچىشقا باشلىدى:

— بۇ زاتنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كەتكەن، دۇئايىبەتكە كەتكەن كىشىلەرنىڭ ھەر ئىككىلا ئالەمدە جېنىغا ۋاي!

يولباشلىغۇچى سوپى قاتتىق ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە:

— ئىست، ئىست، ياپىياش ئىكەنلا، — دەپ ئېغىرغىنا تىنىپ قويدى.

— ھەممە تارتقۇلۇق بالا - ۋاقىلىرىغا قالدى - دە، دەپ ئەپسۇسلاندى ھەمراھى.

— بۇ بالا - قازادىن قۇتۇلغىلى بولماسمۇ زادى؟ — دەپ يىغلىدى مەخسۇم ئەزرائىلنىڭ كۈچلۈك پەنجىسى كانىيىدىن سىقىۋاتقاندەك خىرقىراپ.

— بۇ ئالەم — سەۋەب ئالىمى، — دېدى يولباشلىغۇچى

سوپى، — «سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن گەپنى بىلمىدىغانلا؟

— ئەھلى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ ئەزىز نەرسە — تۆگە، — دەپ ئىزاھلىدى ئىككىنچىسى، — يەتتە تۆگە سەدىقە قىلىپ، تۆۋە - ئىستىغپار ئېيتسىلا، بەلكى...

— جانغا تۇراملا، مالغىمۇ؟ ئىختىيار ئۆزلىرىدە، — دېدى يەنە يولباشلىغۇچى سوپى ۋە ئورنىدىن قوزغالدى، — خوش مەخسۇم، جان بىلەن مال - دۇنيانى تارازا - مىزانغا سېلىپ كۆرەرلا.

ئۇلار چىقىپ كەتتى. ئىنايىتىللا مەخسۇمنىڭ ئۇزىتىپ چىققۇچىلىك ھالى يوق ئىدى. ئۇ شۇ ياتقانچە يېتىپ قالدى، چەكسىز ئازابلىق خىيال ئازگىلىغا پېتىپ قالدى:

بۇ شەھەرگە ئەكەلگەن جىمى مېلىمنىڭ نەق - نېسى پۇللىرىنى قوشقاندىلا، يەتتە تۆگە سېتىۋالغىلى بولار. ئۇنىڭغۇ سەدىقە قىلىۋېتەرمەن، نېمە بىلەن كېتىمەن؟ قېچىرنى لالما ئىتلار يەپ تۈگەتمىگەن بولسىمۇ، كاشكى، بولدىلا، بۇ نەس باسقان ھاراملىقنى كۆڭۈل - كۆكسىمدىن چىقىرىۋېتەييا!

مەخسۇم بەشىنچى كۈنى — ئۇلۇغ جۈمە كۈنى تاڭ - سەھەردە ئورنىدىن مىدىرلاپ تۇردى - دە، ھاسىغا تايانغان ھالدا قەرز سۈيلەشكە كىرىشتى. ئىككى كۈنلۈك ھارغىنلىقتىن كېيىن نەق - نېسىلىرىنى يىغىپ بولدى. ئويلىغاندەكلا، قول - ئىلكىدىكى تەڭگە - تىللانىڭ ھەممىسى يەتتە تۆگە سېتىۋېلىشقا ئاران يەتتى. ئۇنى خانىقاغا بىراقلا سەدىقە قىلىۋەتتى - دە، تونۇش سودىگەردىن قەرز

ئالغان پۇلغا بىر ئېشەك سېتىۋالدى، ئۆز يۇرتىغا كەتتى.

## 4

كۆپچىلىككە ئايان بولسۇنكى، مەخسۇم بۇ شەھەرگە
كەلگەن كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا ھېلىقى جەردە چاپانلىق قېرى
ساھىلنىڭ كۆزى بۇ قېچىرغا چۈشكەن. ئۇ ئەسلىدە قاتمۇ-
قات خانىقانىڭ قارا پەردىلىك ھۇجرىسى ئىچىدە تەسۋى
سىيرىپ ئولتۇرغان ئاق لىباسلىق كەمەك ھەييارنىڭ ئىخلاس-
مەن مۇرىتى ئىدى. مەينەتچىلىك ئىچىدە ئاشۇنداق قېرى
كۆرۈنگىنى بىلەن ئانچىمۇ قېرى ئەمەس، ئايىغى يېنىك
چاپارمەن ئىدى. ئۇ، شۇ كۈنىلا خوجىسىغا «شۇنداق بىر
قېچىر كۆردۈمكى، ئەييۇھەنناس...» دەپ خەۋەر قىلغان
ۋە شۇ سودىگەرنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىش تاپ-
شۇرۇقىنى ئالغانىدى. بۇ ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن خەۋەر تاپ-
قان جەندە - كۇلالىق «دەرۋىش» تۈنجى ئۇچرىشىشتىلا
مەخسۇمنىڭ جۇپ ئوغلى بىلەن يىگانە قىزى ھەققىدە
ئېغىز ئېچىپ، مەخسۇمنىڭ يۈرىكىنى ئۆز ئالقىنىغا ئېلىۋالا-
لىغان. مەخسۇمنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىكى قورققاق يارىس-
نى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ مەنىۋى قاپقانىدىن قې-
چىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن.

مەخسۇمغا نېمە ئۈچۈن كونا سارايدىن يۆتكىلىپ كې-
تىش ئاگاھلاندۇرۇشى بېرىلدى؟

سوپى - ئىشانلارغا چوقۇنمايدىغان سارايۋەننىڭ ئوغلى،
ئىنايىتىللا مەخسۇم بىلەن بىرلىكتە ئۈچ تەۋەك ناننى سەدىقە

قىلىۋاتقاندا، يەنىلا ھېلىقى قېرى ساھىل گەپ سورىغان.
بۇ تۆز كۆڭۈل يىگىت بىرگۈنكى خەير - سەدىقە
ئۆزىنىڭ ئىنايىتىللا مەخسۇمغا بەرگەن مەسلىھەتلىرىنىڭ
مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغان. بۇ ھال يەنىلا
خوجا ئىشان ئارقىلىق چاچلىرى قۇلاقنى يېپىپ تۇرغان
بەتتەھيۆەت مەخلۇققا — ئىخلاسمەن مۇرىتىغا يەتكۈزۈلگەن...
مەخسۇمنىڭ قېچىر ئەكەلگەنلىكىنى قانداق
بىلدى؟

خانىقا بوسۇغىسى ئەتراپىدا ئاپتاپىسىنىپ، قۇرۇق
ئەسنەپ ئولتۇرۇشقان يۈك مەيدىلىك مەخلۇقلارنىڭ ھەممە-
سى ئىشان خوجىنىڭ مۇرىتلىرى — تەمەخور سوپىلار بو-
لۇپ، ھەربىرىنىڭ پەقەت ئۆزلىرىلا بىلىشىدىغان مەخسۇس
لەقەملىرى بار ئىدى. خانىقاغا نەزىر قىلىش ئۈچۈن قوچ-
قار ئەكەلگەن كىشىنى «قوچقار» لەقەملىك سوپى،
گۆرۈچ ئەكەلگۈچىنى «گۆرۈچ» لەقەملىك سوپى، خوراز
ياكى مېكىيان ئەكەلگۈچىنى خوراز ياكى مېكىيان
لەقەملىك سوپى باشلاپ كىرەتتى. ئىشان خوجا يولباشلى-
غۇچىغا بىر قاراپلا دۇئا - تەلەپ قىلغۇچىنىڭ نېمە
ئەكەلگەنلىكىنى دەرھال بىلىۋالاتتى - دە:

— قوچقار — ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كۆز
گۆھىرى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى خۇدا يولىدا قۇربانلىق
قىلماقچى بولۇپ شەمشەر بىلەۋاتقان مەزگىلنىڭ دەل ئۆزى-
دە مالائىكىلەر تەرىپىدىن جەننەتتىن ئەۋەتىلگەن مال، خۇدا
يولىدا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان ئەزىز مال؛ خۇدا
سېنى قوچقاردەك ئەزىز قىلىۋېتەر، ئىلاھە ئامىن! — دەپ

دۇئاغا قول كۆتۈرەتتى. «گۈرۈچ» لەقەملىك سوپى بىلەن كىرگەن كىشىگە دەيدىغىنى مۇنداق ئىدى:

— گۈرۈچ — جاناب روسۇلۇللانىڭ چىشىدۇر. خۇدا سىنى ئۆز ئەلچىسىنىڭ مۇبارەك چىشلىرىدەك ئەزىز قىلىۋەتكەي، ئىلاھەئامىن!

خوراز - مېكىيان ئەكەلگۈچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىجارىكەش دېھقانلار ئىدى. ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا قەرز سۈيلەپ كەلگەن يەر ئىگىلىرىنىڭ، سۈتخورلارنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ، قىزىرىپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى، ئەلۋەتتە. «خوراز» لەقەملىك سوپى بىلەن كىرگەن جاپاكەشكە قىلىدىغان دۇئاسى مۇقەررەر ھالدا مۇنداق بولاتتى:

— خوراز — سۈبھى ئەلچىسىدۇر، مۇسۇلمان ئەھلىنى تائەت - ئىبادەتكە چىللىغۇچى خالىسانە مەزىنىدۇر؛ خۇدا سىنى بىرەھىم قەرز ئىگىلىرى ئالدىدا خوراز تاجىسىدەك قىزىرىپ تۇرۇش قىسمىتىدىن خالاس ئەتكەي، ئىلاھە ئامىن!...

بۇ سېھىرگەرلىكتىن بىخەۋەر، ساددا ساخاۋەتچىلەر خۇددى بىزنىڭ ئىنايىتىللا مەخسۇمدەك «ئىشان خوجام مېنىڭ نېمە ئەكەلگەنلىكىمنى كۆرمەي تۇرۇپلا بىلىۋالدىيا؟» دەپ ھەيرانۇ ھەس بولاتتى - دە، تېخىمۇ چوڭقۇر ئىخلاس - ئەقىدە بىلەن تاپقان - تەرگىنىنى خانىقا قويىنىغا تۆكۈشكە باشلايتتى.

شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان پېيىمدە يۈرگەن قىچىرنى نېمە ئۈچۈن قوبۇل قىلمىدى؟ راستتىنلا ئۇنى لالما ئىتلارغا تاپ قىلىپ بېرىۋەتتىمۇ؟

ئىشان خوجا ئىنايىتىللا مەخسۇمنىڭ ساراسىمىلىك روھىي ھالىتىدىن ھەر كۈنى خەۋەر تېپىپ تۇراتتى. بىرلا تەھدىت بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى ئۆز ئالقىنىغا ئېلىۋالالىغان بۇ كەمەك ھەييارنىڭ بىر قېچىر بىلەنلا قانائەتلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ، يەتتە تۆگە ئۇندۇرۇۋالالىغان ۋە ئىنايىتىللا مەخسۇم بوز ئېشەك بىلەن يولغا چىققان كۈنىلا قېچىرنى سېتىپ، جىرىڭلاپ تۇرىدىغان ساپ ئالتۇننى ئۆز قوينىغا سېلىپ بولغانىدى!

......

بۇ سېھىرگەرلەر ئۇۋۇسىنىڭ سىرى ئېچىپ تاشلانغىنىغا 30 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ شەيتان سۈپەت ھەقدالىرى تۆگەپ كەتكىنى يوق. ئۇلارغا نەپرەتلىنىۋاتقان چېغىمىزدا، ئۇلارغا خۇراپىيلارچە چوقۇنغۇچى كۆكۆل قارىغۇلىرىنىڭ بىچارە ھالىغا ئېچىنماي تۇرالمايمىز!

1983 - يىل دېكابىر. قەشقەر.

# چىلىم

## 1

بەرىكەتلىك كۆز پەسلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى، قاش
قارايغان چاغ. سىغىز تۇپراقلىق سەھرا يولى بازاردىن
يانغان ئات - كالا ھارۋىلىرى، ئاتلىق، ئېشەكلىكلەر ۋە پىيا-
دىلەرنىڭ ئاياغ ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاچچىق چاڭ -
توزانلار قويۇنىغا غەرق بولغان. ئاشۇ چاڭ - توزانلار كەل-
كۈنى ئىچىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىلارنىڭ بىرى، ئاق
قاشقىلىق قارا ئېشەككە مىنىۋالغان موكا يۈزلۈك، ۋىجىككىنە
ئادەم — بىزنىڭ سۇلتانىبەگ. ئۇ ياندا پ ئۆتۈپ كېتىۋات-
قان ئاتلىقلار، يورغا ئېشەكلىكلەرگە قاراپ ھەسرەتلىك
ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى. «بوۋىلىرىمىز نى - نى دۇلدۇل-
لارنى مىنىپ ئۆتكەنىكەن. بىزگە كەلگەندە، ئەي ...»
دەيتتى - دە، ئېشىكىنىڭ ساغرىسىغا قامچا سالاتتى. بۇ
قامچىمۇ ئۇ ھەسرەت بىلەن ئەسلەۋاتقان دۆلەتمەن بوۋىلى-
رىدىن قالغان بىردىنبىر تەۋەررۈك ئىدى. قامچا - تاياق-
لار زەربىسىگە پىسەنت قىلمايدىغان بۇ ئېشەك ئالتە قەدەم
يەردە بىر توختاپ، يىرىك ۋە شالاڭ قارا تۈكلۈك ئاق

تۆمشۇقىنى يەرگە تىرەيتتى ـ دە، بىر هازادىن كېيىن يوغان ـ يوغان چىشلىرىنى ئېچىپ ئاسمانغا قارايتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇنى قىزىتىلغان زىخ سانجىپ ماڭدۇرۇشمۇ بەسى مۈشكۈل. ئۇ هازىرمۇ قېلىن كالپۇكلىرىنى قايرىپ، ئاسمانغا قاراپ ھىجىيىپ تۇراتتى. بىر توپ ئاتلىقلار يېتىشىپ كېلىپ قالدى:

— بېگىم، «قارا يورغا» نى چاپتۇرمايلىمۇ؟ هە، قېنى!

— يۇلتۇز ساناۋېتىپتۇ ئۇ!

— ئاي كۆرۈۋاتقان بولمىسۇن يەنە!

— ها ـ ها ـ ها!..

بازاردىن يانغان بۇ مەسخىرىۋازلار قوشنا يېزىدىكى ئوغلاق تارتىش چەۋاندازلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ زاڭلىق كۆلكىسى تۆپەيلىدىن ئېچىلغان كونا جاراھەتنىڭ ئاغرىقى بېسىقماي تۇرۇپلا يەنە بىر توپ يورغا ئېشەكلىكلەر يېتىشىپ كېلىپ قالدى ۋە بۇ يارىغا تۇز سېپىپ، چاڭ ـ توزان كەلكۈننى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ ئۆتۈپ كەتتى. «قارا يورغا» بولسا، پىيادىلەردىنمۇ يول تالاشماي، ئۆز ئادىتى بويىچە ساناپ دەسسەپ كېتە ئىدى.

— قىخ، لەقۋا! — يەنە قامچا سالدى سۇلتانبەگ.

ئۇ، ئۆز دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، پۈتۈن يۇرت ـ مەھەللە ئۇخلاپ قېتىپ كەتكەنىدى. دەرۋازا قېقىشۋېرىپ تېخىمۇ جىلە بولغان سۇلتانبەگ «قارا يورغا» دىن ۋە مەسخىرە قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئات ـ ئېشەكلىكلەردىن ئالالمىغان دەردىنى خوتۇنىدىن ئالماقچى بولغانىدى، لېكىن خوتۇنى يەتكۈزگەن خەۋەر ئۇنى جىمى ئاچچىقىنى يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر قىلدى.

— بەگنىڭ چاپارمىنى كېلىپ كەتتى، — دېگەندى خوتۇنى دەرۋازىنى ئاچار - ئاچماي تۇرۇپلا، — ئەتە دوتەي چىقىدىكەن.

— دوتەي؟ — دېدى سۇلتانبەگ ھولۇقۇپ. ئەگەر كۈندۈز بولغىنىدا ئىدى، خوتۇنى ئۇنىڭ جامىدەك ئېچىلغان كۆزىنى كۆرۈپ «ۋايجان» دەپ ۋارقىرىۋەتكەن بولاتتى. ئۇ، ھازىر ئانچە جىددىيلەشمەستىنلا جاۋاب بەردى:

— ھەئە، دوتەي چىقىدىكەن، كاتتا زىياپەت بولار ئىمىش، سىلىنىمۇ چىللاپتۇ.

— باغىقى قېنى؟

— ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپلا شۇ گەپنى قىلدى، كەتتى.

— مۇنداق دېگىن، — دېدى دېمى سىقىلغان ھالدا.

— ئاشلىرىنى يېۋالسىلا.

«دوتەي چىقىدىكەن؟» دەپ تەكرارلىدى سۇلتانبەگ قېتىپ قالغان نېرىن چۆپكە قوشۇق سېلىۋېتىپ. چۆپكە پاتۇرۇلغان ياغاچ قوشۇق بىر دۆۋە چەش ئۈستىگە سانجىپ قويۇلغان گۈرجەكتەك مىدىرلىماي تۇرۇپ قالدى:

— چىلىم! — دېدى سۇلتانبەگ خوتۇنغا قاراپ. ئۇنىڭ خۇمارى تۇتقانىدى. خوتۇنى چىلىم قاپىقىنىڭ سۈيىنى يەڭگۈشلىۋېتىپ، ئەكىلىپ بەرگەچ دېدى:

— تاماقتىن كېيىن چەكسىلە بولمامدۇ؟

— ئېشىگىنى قىل!

سۇلتانبەگ ئۈچ يېرىم غېرىچ سېپى بار نوگايدىن ياسالغان چىلىم ئوتخانىسىنى ئاچچىق كۆك تاماكا بىلەن تولدۇردى - دە، ئوت ياقتى، ئاغزىنى نوگاي سېپىنىڭ كى-

چېككىنە تۆشۈكىگە ياققاندا، سالپىيىپ تۇرغان قوۋۇز تېرىلىرى ئېزىق ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. نوگاي ئىچىدىن بۇلدۇقلىغان سۇنىڭ ئاۋازى، بېگىمنىڭ بۇرنىدىن بولسا، بىر جۈپ مورىنىڭ تۈتۈنى چىقىۋاتاتتى.

— دوتەيمۇ چېكىدۇ-ھە؟ — دەپ سوئال قويىدى ئۆز-ئۆزىگە، — راست، چېكىدۇ!

ئۇ، كونا بەگنىڭ ۋاقتىدا دوتەينى كۆرگەن، چىلىم چەككىنىنىمۇ ئېنىق كۆرگەن. «ئەپيۇندىن قىلىشمايدىكەن» دەپ ماختىغانلىقىنىمۇ ئاڭلىغانىدى. «چېكىدۇ!» دەپ تەكرارلىدى ئىشەنچ بىلەن ۋە ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى. دەھلىزىگە چىقتى، قوزۇققا ئېسىلغان غەلۋىرنى ئالدى، تامغا يۆلەكلىك تاغاردىكى قوناقتىن كۈرەپ-كۈرەپ ئالدى-دە، ئېغىلغا قاراپ ماڭدى. قوناقنى ئوقۇرغا تۆكتى. ئىشتىها بىلەن بوغۇز يېۋاتقان ئېشەكنىڭ ساغرىسىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى:

— بوغۇز يېيىشتە بوش كەلمەيسەن-دە، يە، ئىتتىك-ئىتتىك يە!..

سۇلتانبەگ قايتىپ كىرىپ قوشۇقنى يېڭىباشتىن قولىغا ئالدى، قېتىقتەك ئۇيۇپ قالغان چۆپنى ئالدىرىماي يۇتۇشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇ، «قارا يورغا» بوغۇزنى يەپ بولغۇچە سەۋر قىلىش لازىملىقىنى بىلەتتى. قاچىنى قۇرۇقداپ، قوشۇقنى يالاپ بولغاندىن كېيىن، كونا ئورۇس ساندۇقنى مالتىلىغىلى تۇردى. ئېرىنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلمىگەن خوتۇن قايتا-قايتا سورىدى:

— يېرىم كېچىدە ساندۇق ئاختۇرۇپ نېمە قىلىلا؟

— ئىشىڭنى قىل!

سۇلتانبەگ بىر دانە كۈمۈش يامبۇنى قولىغا ئالدى، خوتۇنى ئىسىلدى:

— ئىبىتسىلا، يىپرىم كىچىدە نىمە قىلىلا بۇنى؟

— ئىشىڭنى قىل!

خوتۇنىنىڭ كۆڭلىدە گۇمان ئۇلغايدى. خەقنىڭ دېگەنلىرى راست ئىكەن ـ دە، ھۇ، بىنومۇس! ئۇنىڭ ئىسىلغىنى ئىسىلغانىدى:

— ئىبىتسىلا، زادى نەگە بارىلا؟ ئۇنى قايسى ئالۋاستىغا بىرىلا؟

— ئىشىڭنى قىل! — قەھر ـ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى سۇلتانبەگ ۋە قامچىنى قولىغا ئالدى، — زۇۋان سۇرىدىغان بولساڭ!...

خوتۇنى جىم بولدى.

— ۋاقتى كەلگەندە بىلىپ قالىسەن، — دېدى سۇلتانبەگ كۈمۈش يامبۇنى بەلبىغىغا تۈگۈۋېتىپ، — مەن كەتتىم، دەرۋازىنى ئېتىۋال!

— قورسىقىغا جىن كىردى، — دېدى خوتۇنى «قارا يورغا» بىلەن بىللە تۈن قاراڭغۇلۇقى قوينىغا سىڭىپ كېتىۋاتقان ئېرىگە قاراپ. ئۇنىڭ قورسىقىغا راستتىنلا جىن كىرگەنىدى.

## 2

سۇلتانبەگ — بەگ ئەمەس، يۈزبېشى؛ يەنە كېلىپ، بۇ يىل ئەتىيازدا بەگلىكتىن قالدۇرۇلغان كونا بەگنىڭ

ئاتىدارچىلىقى بىلەن تىكلىنىپ قالغان، هازىر بولسا، يىل-
تىزى قىرقىلىپ كېتىش خەۋپى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان يۈز-
بېشى. بوۋىسى سۇلتانبەگ ھەقىقەتەن چارەك ئەسىر دەۋر
سۈرگەن كاتتا بەگ ئىدى. ئۇ كىشى ئاخىرەتكە سەپەر
قىلغان كۈنى تۇغۇلغان بۇ نەۋرىگە شۇ كىشىنىڭ تەۋەررۈك
ئىسمى نېسىپ بولغانىدى. ياشلىق دەۋرىنى قوچقار، كەك-
لىك، خوراز سوقۇشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش، جەمشىتنىڭ
روھىنى خۇش قىلىپ «دەتتىكام» دەپ مەيدىگە مۇشتلاشلار
بىلەن نابۇت قىلىپ، بار ۋەسلىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنلا
مەسچىتنى تونۇشقا باشلىغان بۇ ئادەمنى سابىق يۇرت بېگى
ئاشۇ بوۋىلىرىنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈنلا يۈزبېشى قىلىپ
تىكلەپ قويغانىدى. لېكىن كىشىلەر كۆزگە ئىلمايتتى. 30
ئۆيلۈك بىر مەھەللە مەسچىتىنىڭ مەزىنىگە ئېگىلگەن-
چىلىكمۇ ئېگىلمەيتتى، خۇشامەت قىلمايتتى، پارا بەرمەيتتى،
نەزىر - چىراغ، توي - تۆكۈنلەردە تۆرگە باشلىمايتتى.
مۇنداق چاغلاردا ئۇ، ئاللىقاچان قۇيرۇقىنى قوم بېسىپ
كەتكەن بوۋىلىرىنى بىر ئەسلەيتتى - دە، «بۇ ئالەم — ئۇزۇن
ئالەم، كۆرىمىز تېخى!» دەپ قوياتتى.

مانا هازىر ئۇ، يەر - زېمىننى قاپلىغان گۆرستان
جىمجىتلىقىدىنمۇ قورقماي، تاشپاقا مېڭىشىدا كېتىۋاتقان
«قارا يورغا» سىغا غەزەپمۇ قىلماي، كۆزىنى يۇمغان هالدا
خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئويلىغانلىرى بەزى - بەزىدە
ئاغزىدىنمۇ چىقىپ كېتىۋاتىدۇ.

«دوتەي بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ هاجىتى يوق. تىلماچ

جانابىلىرىنى تاپالىساملا بولىدى. ھېلىمۇ تىلماچىمىدۇ شۇ
ھارامزادە؟...»
ئۇ، دوتەيىنى كۆرگەن، سابىق بەگنىڭ ھەشەمەتلىك
بېغىدا ئۆتكۈزۈلگەن كاتتا زىياپەتكە داخىل بولغان چېغىدا
كۆرگەن؛ چىرايىدىن مەككارلىق، گەپ - سۆزىدىن ھەييار-
لىق چىقىپ تۇرىدىغان شادا پاچاق تىلماچىنىمۇ كۆرگەن.
ھازىر كۆرسىلا تونۇيالايدىغاندەك قىلاتتى. «شۇنى تاپال-
ساملا...» ئۇ، كۈلدى، ئالتۇن قاناتلىق دۇلدۇل مىنىپ،
مەڭگۈلۈك پاراغەت گۈلىستانىغا قاراپ كېتىۋاتقاندەك ئىچ -
ئىچىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى.
— يورغام، تېز، تېزرەك!...
توساتتىن ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر سوئال پەيدا بولدى:
«دوتەي چىلىم چېكىشنى تاشلىۋەتكەن بولىسىچۇ؟» ئۇنى سىر
باستى، خۇنۈك كۆزلىرىگە يەتتە دوزاخ زۇلمىتى بىراقلا
تىقىلدى. شۇ قاراڭغۇچىلىق ئىچىدە زالىم، تەكەببۇر ئىلياس-
بەگ كۆرۈندى. ئۇ ئاچچىق كۈلمەكتە ئىدى. بۇ كۈلكە
چىلبۆرىنىڭ ھۇۋلىشىغا، قەھرلىك يولۋاسنىڭ ھۆركىرىشىگە
ئوخشىشىپ كېتەتتى. «مەن بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرماقچى
بولدۇڭمۇ تېخى؟ كۆزۈمدىن يوقال، لالما!» ئۇ جان -
جەھلى بىلەن تەپتى، سۇلتانبەگ خامان تېشىدەك دومىلىغانچە
بىگانە بىر يۇرت سازلىقىغا پېتىپ قالدى!
«ۋاي!...» مۇدۇرۇپ كەتكەن ئېشەكنىڭ بويىنىنى قۇ-
چاقلىۋالغان سۇلتانبەگ يىقىلىپ چۈشۈش خەۋپىدىن ئامان
قالدى. ۋەھىمىلىك خىيال ئىسكەنجىسىدىن خالاس بولدى.
«چېكىدۇ! — دەپ كەسكىن ھۆكۈم قىلدى ئۇ، — مۇنداق

خۇمارلىق قەدىناسىنى ھەرگىزمۇ تاشلىۋەتمەيدۇ.» ئۇ گويا ئېچىرقاپ ھالى، چاڭقاپ مادارى قالمىغان قىرى تۈلكە مارجان بۇلاق بېشىدا بىر جۈپ قىرغاۋۇلنى بىراقلا يېۋالغاندەك ھۇزۇرلاندى، جانلاندى. ئىلياسبەگ بىلەن جىددىي مۇتازىرە باشلىۋەتتى: «تېخى تۈنۈگۈنلا بەگ بولۇپ، بۈگۈن دوتەينى چىللىۋېلىشىڭدىكى غەرەز- قەستىڭنى بىلمەمدۇق؟ بەگلىك ئورنۇڭنى مۇستەھكەملىمەكچىسەن، ھۆرمەت- ئىناۋەت تاپماقچىسەن، ۋاقتى- سائىتى كەلگەندە، بىزدەكلەرنى يانپاشقا ئالماقچىسەن! توختاپ تۇر، سەن تاش سانىغۇچە، مەن قوم سانىمايدىغان بولسام!...»

تەرەپ- تەرەپتە خوراز چىللاشقا، ئىتلار قاۋاشقا باشلىدى. سۇلتانبەگ «قارا يورغا» غا يالۋۇرۇشقا چۈشتى:

— يەنە ئازراق غەيرەت قىلغىن، قەدىناس يورغام؛ سۇلتانبېگىڭنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قالسىلا، سەنمۇ جاپا- مۇشەققەتتىن خالاس بولىسەن. ئوتنىڭ ئۈچىنى يەپ، سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئىچىپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ يايرايسەن، ئاسمان- زېمىننى لەرزىگە سالغۇدەك ھاڭرايسەن. غەيرەت قىل، قەدىمىڭنى سەل- پەل تېزلەت!...

«قارا يورغا» تۇياقلىرى ناھىيە بازىرىنىڭ ئەخلەت- چاۋار ئۇچۇپ يۈرگەن كوچىلىرىغا ئىز تاشلاشقا باشلىغاندا، ھەرقايسى مەسچىت مەزىنلىرى بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتىش ئۈچۈن پەشتاققا قاراپ ئۆرلەۋاتقانىدى. سۇلتانبەگ «قارا يورغا» نى سارايۋەنگە تاپشۇردى- دە، «شەن يامۇل» تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. بۇ ناھىيىگە قەدەم تەشرىپ قىلغىنىغا ھەپتە بولغان دوتەي ئالىلىرىنىڭ ئاسمان- پەلەك

سىپىل بىلەن قورشالغان ئاشۇ «شەن يامۇل» ئىچىدە تۇرى-دىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

سۇلتانبەگ قاپقارا سىرلانغان تۆمۈر دەرۋازا ئالدىدا كۈتتى، ئىنتايىن سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتى، دەرۋازىدىكى پوستمۇ ئالماشتى. يامۇل سەيناسىدا ئۇيياقتىن - بۇياققا ئۆتكۈچىلەرمۇ بارا - بارا قويۇقلاشتى.

سۇلتانبەگ قوراللىق پوست ئالدىغا كېلىپ، ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— تىلماچ جانابلىرىنى ئىزدەيتتىم، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

— قايسى تىلماچنى؟

— دوتەيىنىڭ.

— ئېتى نېمە؟

سۇلتانبەگ دۇدۇقلاپ قالدى. ئىزدەۋاتقان ئادىمىنىڭ ئېتىنى راستتىنلا بىلمەيتتى.

— كۆرسەملا تونۇۋالالايمەن، — دېدى ئىشەنچلىك هالدا، — ئۇ كىشى مېنىمۇ تونۇيدۇ، ئىسمىم — سۇلتانبەگ...

— سۇلتانبەگ؟ ... دەپ تەئەججۇپلىنىپ سورىدى قوراللىق چېرىك بۇ ئادەمنىڭ تەقى - تۇرقىغا قاراپ، — ماڭە سارالڭ، ماڭ!

قۇرۇق گەپ قۇلاققا ياقمايۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن سۇلتانبەگ قويۇن يانچۇقىغا قول سالدى - دە، بىر جۈپ تەڭگىنى چىقىرىپ:

— ئۇكام، بۇ ئېغىزلىرىنىڭ يېلى ئۈچۈن، — دەپ

ئۈزارتتى، — دەرۋازىدىن كىرىۋالساملا تاپالايمەن، ھايال بولماي قايتىپ چىقىمەن.

ئەتىگەندىلا ئىككى دانە كۈمۈش تەڭگىگە ئىگە بولغان چېرىك بىردىنلا ئەيۋەشكە كەلدى - دە، ھايال بولماي قايتىپ چىقىش شەرتى بىلەن كىرىشكە ئىجازەت بەردى. ھەتتا شۇلار ئورۇنلاشقان بىناغا يېقىنراق تەرەتخانا تەرەپنىمۇ قول بىلەن كۆرسىتىپ، شۇ ئەتراپتىراق تۇرۇشنى تاپىلىدى.

«ۋاھ، تەلىيىمنىڭ ئوڭ كەلگىنى شۇ! — دەپ قېپىن - قېپىنغا پاتماي كەتتى سۇلتانبەگ. ئۇنىڭ ئىزدىگەن ئادىمى تەرەتخانا پەلەمپىيى ئۈستىدە كەمىرىنى چىگىتىۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم تىلماچ جانابلىرى، — دەپ ئىككى پۈكلەندى سۇلتانبەگ، — جانابلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولغىنىمغا تولىمۇ خۇشالمەن.

قانداقتۇر بىر ئەرز - ئىلتىماسلار بىلەن كەلگەن ئادەم دەپ ئويلاپ قالغان تىلماچ چىرايىنىمۇ ئاچماستىن سورىدى:

— ھە، نىمە دەيسەن؟

قاتتىق ھودۇقۇپ كەتكەن سۇلتانبەگ يول بويى يادلاپ كەلگەن گەپلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدى.

— دوتەي چىكىدۇ - ھە؟ — دەپ سورىدى تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا.

تىلماچ ھەيران قالدى. ئوكىمۇ، ساراڭمۇ؟ دەپ ئويلىدى - دە، گەپكە سېلىپ بېقىش ئۈچۈن سورىدى:

— چېكىدىغان نىمە ئۇ؟

سۇلتانبەگ «چىلىم» دېيىشنى ئەپسىز كۆرۈپ، چىلىم شورىغاننى دوراپ شۇنداق دەم تارتتىكى، بىر-بىرىگە مىنگىشىپ ئۇچۇپ يۈرگەن بىر جۈپ چىۋىن گىژىلدىغىنىچە ئۇنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كەتكىلى قىل قالدى.

— ھا-ھا-ھا!...، — تىلماچ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتى، — ساراڭ ئىكەن، راست، قىزىق ساراڭ ئىكەن... دەم تارتىشتا ئەجدىھادىن قېلىشمايدىكەنسەن، قېنى، ئاۋۇ پاختەكنى دەم تارتىپ باققىنا!

سۇلتانبەگ تېخىمۇ ھودۇقۇپ كەتكەنىدى:

— ئۆزلىرىمۇ چېقىدىغانلا؟ — دېدى كېكەچلەپ.

— چېقىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى تىلماچ ئۆزىنىڭ نەگە چېقىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەي، — قانداق، بىللە چېقامدۇق؟

— چېقمىسىلا بولامدۇ؟ سىلى دېگەن دوتەيىنىڭ تىلى، قۇلىقى، كۆزى تۇرسىلا، — سۇلتانبەگ بەلبېغىدىكى يامبۇنى ئالدىراشلىق بىلەن قولىغا ئېلىپ ئۇزارتتى، — لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ، كۆپ ئورنىدا كۆرەرلا. تىلماچ تېخىمۇ ھەيران بولدى.

— نېمە ئەرزىڭىز بار؟ — دەپ سورىدى تەييار غەنىيمەتنى يانچۇققا سالغاندىن كېيىن. ئۇ بايىقى ھۆكۈمدىن يېنىشقا، مەسخىرىلىك كۈلكىسىنى توختىتىشقا باشلىغانىدى. سۇلتانبەگ ئۆز مۇددىئاسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويالىدى:

— دوتەي ئالىلىرى شۇ زىياپەتتە ئېغىز تەگكۈزگەن چىلىمنى بىرلا شورىۋېلىشقا مۇمكىنچىلىك بولسا.

تىلماچ قىزىقسىنىپ سورىدى:

— شۇ زىياپەتكە سىزمۇ قاتناشامسىز؟

— قاتنىشىمەن، قاتنىشىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى سۇلتانبەگ، — ئىراق ھازىرقى ئورنۇم نام-نەسەبىمگە لايىق ئەمەس. پېقىرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى...

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دەپ تەسەللى بەردى تىلماچ ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىغا قاراپ، — شۇ ھويلا-ئىمارەت ئىچىدىلا بولسىڭىز، ئىزدەپ تاپىمەن. ھە، راست ئېتىڭىز نېمە؟

— سۇلتانبەگ.

— سۇلتانبەگ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى تىلماچ، ئۇنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەن چەكمەن چاپىنى بىلەن نەچچە يېرىگە ياماق سېلىنغان مەسىسىگە قاراپ.

— شۇنداق، سۇلتانبەگ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ كۆرەڭلىگەن ھالدا.

— خاتىرجەم بولۇڭ، بېگىم! — دېدى تىلماچ ئۇنىڭ ئۆك ياكى ساراڭلىقىغا قايسىدىن ئىشەنچ قىلالماي.

سۇلتانبەگ قارا دەرۋازىدىن مەغرۇر ھالدا چىقىپ كەتتى. سارايغا بېرىپ ئېشىكىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئىشىمىز ئوڭدىن كەلدى. يۈر جانىۋار!

## 3

ئۇ، ئىلياسبەگنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەنىدە، مەزىن ئاخۇنۇم پېشىن نامىزىغا ئەزان ئېيتىۋاتقانىدى. دەرۋازىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئاتلىرى چىقىرىۋېتىلگەن ئىككى ئىزۋۇش (پوچتا) تۇراتتى. دەل-دەرەخلەرگە باغلىۋېتىلا-

گەن ئارغىماقلارمۇ ئاتمىش - يەتمىشكە يېتەتتى. «قارا يورغا» ئۇلاردىن ھېيىققاندەك، يىراقتىنلا توختىدى.

— بېرىۋەر - بېرىۋەر، — دەپ نوختىسىدىن تۇتۇپ تارتتى سۇلتانبەگ، — بويى بولغان بىلەن ساڭا ئوخشاش ھاڭرىيالسا ھېساب.

زىياپەت مەيدانى راسا قىزىپ كەتكەنىدى. ئوڭ ياقتىكى مېھمانخانىدا دوتەي - شىيەنجاڭ قاتارلىق ئەمەلدارلار، سول ياقتىكىدە بەگلەر، بايلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرى، ھويلىدا بولسا، ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەكلەر دەرىجە - مەرتىۋىلىرى بويىچە ئولتۇرۇشقانىدى. ساھىبخان ئىلياسبەگ قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا كىرىلىپ، مېھمانخانىلار بىلەن ھويلا ئوتتۇرىسىدا يۈرەتتى، مېھمانلارنى داستىخاندىكى مول نازۇ نېمەتلەرگە بېقىشقا تەكلىپ قىلاتتى. سۇلتانبەگ كىرگەندە، ھېچكىممۇ ئورنىدىن تۇرمىدى ۋە ئورۇن بوشىتىپمۇ بەرمىدى. پەقەت ئىلياسبەگ:

— كېلىڭ بېگىم، كېلىڭ؛ ئاۋۇ ياققا ئۆتۈڭ! — دەپ ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىنى كۆرسەتكەندىلا، داستىخان ئەتراپىدىكىلەر:

— ھە، سۇلتانبېگىم، ئاتلىرى ھېرىپ قاپتۇغۇ؟ — دېگەن مەسخىرىلىك سۆزلەر بىلەن ھال سوراپ قويۇشقان بولدى.

سۇلتانبەگ ئەھۋالنىڭ مۇنداق بولۇشىنى بىلەتتى. ئۇ كۆرسىتىلگەن جايغا — داستىخاننىڭ بىر بۇرجىكىگە كېلىپ، قىستىلىپ ئولتۇردى. «سەنلەر كىمنىڭ نەسلى، مەن كىمنىڭ؟ ئورۇن بوشتايمۇ دېيىشمەيسەن تېخى!..»

سۇلتانبەگ «ئالسىلا ـ باقسىلا» دېگەنگە ئوخشاش تەكەللۇپلارغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، ھېلىمۇ شۇنداق بولدى. مەنمۇ ئالاھىدە چاقىرىلغان مېھمان، تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرۇشتىن نېمە پايدا؟ دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ بولغان سۇلتانبەگ داستىخاندىكى نازۇ نېمەتلەرگە بېقىۋەردى. مۇراببا قاچىسىدىكى پۈتۈن ـ پۈتۈن ئەنجۈرلەرنى ھەمەك نان بىلەن، ھەسەلنى قاتلىما بىلەن يەۋەردى. مۇنداق كاتتا زىياپەتتىمۇ قوغۇن ـ تاۋۇز يەپ ئولتۇرۇشنى، ئۇ قورساقنى ئاۋارە قىلىش، ھەتتا ئۆز ئىززىتىنى بىلمىگەنلىك دەپ قارايتتى. باشقىلار بىر تال زىخنى بوشاتقۇچە، ئىككىنى قۇرۇقداپ بولاتتى، ھەر كاپام پولۇغا ئىككى ـ ئۈچ توغرامچە گۆش قاتماي قالمايتتى. ئۇنىڭ كۆزى داستىخاندا، ئاغزى ئاشتا بولغىنى بىلەن ئوي ـ خىيالى دوتەيدە ئىدى. «چېكىۋاتقانمىدۇ؟ — دەيتتى ئوڭ تەرەپتىكى مېھمانخانىغا قاراپ ـ قاراپ قويۇپ ۋە ھېيلا ھاۋاسىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك دەم تارتىپ بولغاندىن كېيىن، ـــ ياق، تېخى چەكمەيتتۇ» دەپ خاتىرجەم بولاتتى.

ئۇنىڭ پۇراق سېزىمچانلىقى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئوڭ ياقتىكى مېھمانخانىدا چىلىم ئوتخانىسىغا سەرەڭگە يېقىلىشى بىلەن تەڭ ھاياجانلىنىشقا، جىددىيلىشىشكە باشلىدى. «لەۋزىدە تۇرارمۇ؟ ئۇنتۇپ قالارمۇ؟ پۈتۈن بىر يامبۇنى ئالغاندىن كېيىن ئۇنتۇپ قالماس، لەۋزىدە تۇرار، تۇرىدۇ، چوقۇم لەۋزىدە تۇرىدۇ...» شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئەتراپىدىكىلەرگە كەمسىتىش نەزەرى بىلەن سەپسالدى ـ دە، ھېلى كۆرىشىسەن! دەپ خىتاب قىلدى ئۆز ئىچىدە.

تەشنالىق بىلەن كۈتۈلگەن پەيتمۇ كەلدى: شادىپاچاق تىلماچ پېشايۋانىنىڭ قىرامىق تۈۋرۈكى يېنىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا تۇچتىن ياسالغان نەقىشلىك چىلىم تۇراتتى.

— سۇلتانبەگ قايسىلىرى؟ — دەپ سوئال قويىدى هويلىدىكى مېهمانلارغا قاراپ.

— خۇش، تىلماچ جانابلىرى، — دەپ ئورنىدىن تۇردى سۇلتانبەگ.

— بۇنى دوتەي ئالىلىرى ئۆزلىرىگە چىقارغانىدى، — دەپ چىلىمنى ئۇزارتقانىدا، هويلا ئىچىلا ئەمەس، بەلكى سول ياقتىكى مېهمانخانىمۇ لەرزىگە كېلىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ، بۇ مېهمانخانىغا كىرىپمۇ «سۇلتانبېگىم قايسىلىرى؟» دەپ سوراپ قويغانىدى، خېلىدىن بۇيان تېرىسىگە سىغماي قالغان ئىلياسبەگ هوشىدىن كەتكىلى تاس - تاماس قالدى. سۇلتانبەگ:

— رەھمەت - رەھمەت، ھەنىم بولسا، ئۇنتۇپ قالماپتۇ، — دەپ بولغاندىن كېيىن شۇنداق شوراشقا باشلىدىكى، بىر تال سەرەڭگىنىڭ تۇتۇنچىلىكمۇ ئىس چىقارمىدى، راستىنى ئېيتقاندا، چىلىمنىڭ ئوتخانىدا ئىس چىقارغۇدەك بىر نېمىمۇ قالمىغانىدى. سۇلتانبەگ قايتا - قايتا رەھمەت بايان قىلىپ چىلىمنى قايتۇرغاندا، تىلماچ:

— بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بۇ، ۋەزىپىنى ئورۇندىدىممۇ؟ دەپ سورىغانلىقى ئىدى، ئەلۋەتتە.

— رازى بولدۇم، تامامەن رازى بولدۇم، — دەپ جاۋاب بەردى سۇلتانبەگ. تىلماچ ھەييارلىق بىلەن بىر كۆزىنى قىسىپ قويۇپ كىرىپ كەتتى. دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن زىياپەت ئەھلى بۇ سۆز - ھەرىكەتلىرىنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم ئىدى. تۇنجۇقۇپلا كەتكەن ئىلياسبەگ تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىشقا باشلىدى:

— بېگىم، بۇ يەردە ئولتۇرغانلىرى قانداق؟ مېھمانخانىدىمۇ ئورۇن بار ئىدى.

سۇلتانبەگ تېخىچە ئۆرە تۇراتتى:

— بېگىم كەلسىلە، يۇقىرىغا ئۆتسىلە، — دەپ تەكلىپ قىلىشتى بىرمۇنچىلەر.

سۇلتانبەگ:

— ماڭا مۇشۇ جايمۇ يېتەرلىك، — دەپلا بۇرۇنقى جايىدا ئولتۇرۇۋالدى.

ھېچقانداق قىلىپ تۆرگە ئۆتكۈزەلمىگەندىن كېيىن:

— گۆھەر دېگەن تۇپراقتا چۈشسىمۇ يەنىلا گۆھەر - دە! كەمتەرلىكىنى قارىسىلا، — دېگەندەك گەپلەر بىلەن خۇشامەت باشلىنىپ كەتتى.

— بېگىم، مەزىگە باقسىلا.

— بېگىم، بۇنىڭدىن تېتىپ باقسىلا.

— بېگىم، مەرھەمەت قىلسىلا.

— بېگىم، ...

سۇلتانبەگ ئەمدى ئادەتتىكى بىر يۈزبېشى ئەمەس، بەلكى كۆپ يىللاردىن بۇيان قەلەندەر قىياپىتىدە ياسىنىپ،

پوقرالار ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ يۈرگەن ھەقىقىي سۇلتان ئىدى. زىياپەت ئەھلى ئۇنى پەقەت مۇشۇ مىنۇتتىلا تونۇۋالدى. شۇڭلاشقا، ھەممەيلەن تىزلىرىنى تونلىرىنىڭ پەشلىرى بىلەن يېپىپ ئولتۇرۇشقا، ئەدەبلىك ۋە ئىتائەتمەن بولۇشقا باشلىدى.

زىياپەت ئاخىرلاشتى. ئوڭ ياقتىكى مېھمانخانىدىكىلەر — يىراقتىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلار ئۇزاپ چىقتى. سول ياقتىكىلەر ۋە ھويلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى:

— بېگىم، قېنى، مەرھەمەت قىلسىلا، — دەپ سۇلتانبەگكە ئىلتىجا قىلىشقا باشلىدى. دوتەيلەرنىڭ كەينىدىنىلا سۇلتانبەگ ماڭمىسا، باشقىلار بىر قەدەم بېسىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. دوتەيلەر دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا بولسا، ھېچكىم سۇلتانبەگدىن بۇرۇن ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىدى.

— كەلگەن قەدەملىرىگە رازى بولسىلا دوتەي جانابلىرى، — دەپ ئۆزرە قويدى سۇلتانبەگ، — ھەنىم بولسا، بىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالماپلا.

— قەدىناس بۇرادەر ئەمەسمۇ بىز؟ — دەپ جاۋاب بەردى دوتەي. بۇ — ساھىبخان ۋە ئۇزاتقۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە قارىتىپ ئېيتىلغان تەكەللۇپ ئىدى، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇزاتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى بۇ سۆزنى يالغۇزلا سۇلتانبەگكە تەئەللۇق دەپ چۈشىنىۋالدى-دە، ئۆزئارا پىچىرلىشىشقا باشلىدى:

— «قەدىناس بۇرادەر؟...»

— ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماي يۈرگىنىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىكەن-دە؟

پوچتا - ئىزۋۇشلارنىڭ قارىسى يىتكەن بولسىمۇ، ھېچ كىشى ئاتلىرىنى مىنىشكە پېتىنالمايۋاتاتتى. ئاچلىق تۈپەيلىدىن دەسسەپ تۇرغۇچىلىك ھالى قالمىغان «قارا يورغا» بولسا خوجايىنىنىڭ قارىسىنى كۆرۈش بىلەن تەگلا ئاۋازىنى قويۇۋەتتى. «ئەمدى ئۇنى مىنىپ يۈرۈيەرسىمۇ بولماس» دېدى بىرەيلەن ئىلياسبەگنىڭ قۇلىقىغا.

— راست، — دەپ تەستىقلىدى ئىلياسبەگ ۋە ئات باقارىغا بۇيرۇدى، — ئاق ئايغىرنى توقۇپ چىق.

سۇلتانبەگ «قارا يورغا» نىڭ تانىسىنى يېشىپ تۇرۇپ پىچىرلىماقتا ئىدى:

— جاپا تارتىدىغان كۈنلىرىڭمۇ ئاياغلاشاي دەپ قالدى، يۈر!

— بېگىم ئازراق تەخىر قىلسىلا، — دېدى ئىلياسبەگ «قارا يورغا» نىڭ تانىسىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، — بۇنى ئەمدى...

ئات باقار ئاق ئايغىرنى راۋۇرۇس توقۇپ چىققانىدى. ئىلياسبەگ:

— قېنى، بۇنىڭغا مىنسىلە، بېگىم، — دەپ ئىلتىماس قىلدى. يۇرت كاتتىلىرىدىن بىرى ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتسا، يەنە بىرى ئۈزەڭگىسىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئىككىيلەن قولتۇقىدىن يۆلىدى.

— ھە، بېگىم، ياخشىسىلئەزەم.

سۇلتانبەگ ئاق ئايغىر ئۈستىگە قونۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىلياسبەگ قايتا ئىلتىماس قىلدى:

— دوتەي ئاللىرىغا تۈزۈكرەك قارىيالمىدۇق. كۆ-

رۇشكەندە بىز ئۇچۇن ئۇزرە قويۇپ قويارلا.

— خۇدا خالىسا، — دېدى سۇلتانبەگ چاندۇرماستىن.

«قارا يورغا» نى بىرەيلەن ئاپىرىپ بەرمەكچىمۇ بولغانىدى، سۇلتانبەگ «ئۆيىنى تېپىپ بارالايدۇ» دەپ ئۇنىمىدى.

ھەممىنىڭ ئالدىدا ئاق ئايغىرغا مىنگەن سۇلتانبەگ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا «قارا يورغا» كېتىۋاتاتتى. ئەمدى ھېچ-كىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشكە، ئۇلارنى چاڭ - توزان ئاستىدا قالدۇرۇشقا پېتىنالمايتتى. كەينىدىن كېلى-ۋاتقان ئاتلىقلار بولسا، بۇ كىشىگە ياخشى كۆرۈنۈش، يېقىنلىشىش ئاماللىرىنى ئويلاش بىلەن بەند ئىدى...

سۇلتانبەگنىڭ خوتۇنى دەرۋازىنى ئاچتى، ئاغزىمۇ تەڭ ئېچىلدى:

— ھوي، قۇرۇق ئۇستىخان، تاۋار داستىخان سۇلتان-بېگىم، قارا ھاڭگا يارىماي قالدىمۇ ئەمدى؟ يوتقانغا بېقىپ پۇت ئۇزارتساق، ھالىمىزغا بېقىپ ھال تارتساق بولماسمىدى؟ ئىت - مۇشۇكتىن قەرزدار بولۇپ ئۆتىدىكەنمىز - دە!

— ئىشىڭنى قىل! ھېچكىمدىن قەرزىم يوق مېنىڭ!

— قەرزىم يوق؟ بىر يامبۇغا تۆت تال تاقىسىنىمۇ بەرمەس بۇ ئاتنىڭ!

— بىر يامبۇغا سېتىۋالغىنىم يالغۇز بۇلا ئەمەس، — دېدى سۇلتانبەگ ئايغىرنى يېتىلەپ ھويلىغا كىرىۋېتىپ.

شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا ئىلياسبەگنىڭ ئىككى چاپار-مىنى كىرىپ كەلدى. بىرىنىڭ قولىدىكى كاناپ داستىخان

ئىچىدە قوش مۇشتتەك گۈش بىسىلغان بىر تەخسە پولۇ بارلىقى شۈبھىسىز ئىدى.

— ئىلياسبېگىم ئەۋەتتى، — دېدى چاپارمەن، — بالا-ۋاقىلىرىنىڭ نېسىۋىسى ئىكەن.

— بېگىمنىڭ سوۋغىسى ئىكەن، — دەپ بىر بوغچىنى ئۇزارتتى ئىككىنچى چاپارمەن، — ئەرزىمەس سوۋغامنى قوبۇل قىلسۇن، پات - پات كېلىپ مەسلىھەت - يوليورۇق بېرىپ تۇرسۇن دەيدۇ.

— خۇدا خالىسا، — دەپ جاۋاب بەردى سۇلتانبەگ تەكەببۇرلۇق بىلەن.

چاپارمەنلەر تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ چىقىپ كەتكەنىدىن كېيىن بوغچىنى ئاچتى:

ۋاھ، يېپيېڭى بەقەسەم تون، پارقىراپ تۇرىدىغان مەسە - كالاچ! خوتۇنىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى.

— نېمە كارامەت بۇ؟

— نېمە بۇ؟ كۆرسەن تېخى، — دېدى سۇلتانبەگ تون بىلەن مەسە - كالاچنى كىيىپ، گېدىيىپ، — مەن كىم؟ سۇلتانبەگ؛ ئەكەل چىلىمنى!

1984 - يىل ئاۋغۇست، قەشقەر.

# ئوۋچى

## 1

تېلېفون تۇرۇپكىسىغا قاراپ ئېيتىلغان «ھە، مەن — كەرىم» دېگەن سۆزنى «ھە، كىرىڭ» دەپ ئاڭلاپ قالغان ئابدۇغەنى تولىمۇ ئىزا تارتتى، قىزاردى، چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىپ، تۇتقۇچقا قول ئۇزارتتى.

— كەل، ئولتۇر، — كەرىم مۇدىر ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى - دە، سۆھبەتنى داۋاملاشتۇردى، — ئەھمەت ئۇستامۇ؟ بار - بار. شۇنداق، تونۇر كاۋىپىغا ھەقىقەتەن ئۇستا...

ئەھمەت ئۇستام مەكتەپنىڭ ناۋىيى ئىدى. ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغان، مەكتەپتە غىزالىنىدىغان 80 نەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ نېنىنى يېقىپ بېرەتتى، ئاشخانىغا ياردەملىشەتتى. ئابدۇغەنى — ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشما ۋەكىلى، تاماق باشقۇرۇش ھەيئىتى، ئۇنىڭ خىزمىتى ئەھمەت ئۇستام بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ تېڭىرقاپ قالدى، تەشۋىشلەندى: ئەھمەت ئۇستامنى يۆتكەپ كېتەمدۇ نېمە؟ ئۇستام كەتسە، قانداقراق ئادەم كېلەر؟...

مۇدىر تۇرۇپكىنى ئۆز بۆشۈكىگە بۆلەپ قويدى. ئابدۇغەنىگە بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستاغىنا دېدى:

— چۈشلۈك تامىقىڭلار شورپا، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، — ئەدەب بىلەن جاۋاب قايتۇردى ئابدۇغەنى، — ئۆتكەنكى تەكشۈرۈش گورۇپپىسى كېلىپ كەتكەندىن بۇيان ساۋاقداشلىرىمىز گۆش كۆرمىدى. شۇڭلاشقا بۈگۈن...

— ئەھلى جامائەت تەقدىم قىلغان بەش قوينىڭ بىرىنى بۈگۈن سويماقچىسىلەر، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

مۇدىر ئۇ يان - بۇ يان ماڭدى، دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى. ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— ئۇكام ئابدۇغەنى، مەكتىپىمىز — ناھىيىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى مەكتەپ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تەكشۈرگۈچىلەر كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ. ئۆزۈڭ بىلىسەن، يارىمىزمۇ ئاز ئەمەس، سىنىپ دېرىزىلىرىگە پەنەركە مىخلاپ، گېزىت چاپلاپ يۈرۈپ قىشتىن چىقىۋالدۇق. يامغۇر ياغقان كۈنلەردىكى ئەھۋالىمىز ساڭىمۇ ئايان. تەتىل جەريانىدا ئۆگزىلەرگە لاي سېلىۋالمىساق بولمايدۇ، سىنىپ - ياتاقلارنى ئاقارتمىساق تېخى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى راست. لېكىن ئۇنى ماڭا دېگەنىنىڭ نېمە پايدىسى؟ مەن بىر ئوقۇغۇچى تۇرسام. ئەھمەت ئۇستام توغرۇلۇق نېمە دېيىشكەنىدۇ؟... مۇدىرنىڭ سۆزى ئابدۇغەنىنىڭ ئوي - خىيالىنى بۆلۈۋەتتى:

— بۇلارنىڭ ھەممىسىگە پۇل كېرەك. پۇل مەسىلىسىنى

شۇلارنىڭ قولى، شۇلارنىڭ تىلى ئارقىلىق ھەل قىلىدىغان گەپ.

ئابدۇغەنى بۇ گەپلەرنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتەلمەي، ئۆز مۇدىرىغا سوئال نەزەرىدە تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

— تەكشۈرگۈچىلەر كېلىدىكەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھانغا تەييارلىق ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرىدىكەن. يەنە كېلىپ، بۆلۈم باشلىقىمۇ كېلىدىكەن. تونۇر كاۋىپىنىڭ گېپىنى چىقىرىۋاتىدۇ.

ئابدۇغەنى سەگەكلەشتى، ئۆز كۆڭلىدە يەكۈن چىقاردى: ئاغزىمىزدىكى لوقمىنى يەنە تارتىۋالىدىكەن - دە!

— بىرەر قوي سېتىۋالايلى دېسەك، ئاي ئاخىرى بولۇپ قاپتۇ. مەكتەپ مالىيىسىدە...

ئابدۇغەنى گەپنىڭ تېگى - تەكتىگە چۈشىنىپ يەتكەنىدى. مۇدىر بولغىنىغا ئەمدىلا ئىككى ئايدىن ئاشقان بۇ ئۇستازىنى تەڭلىكتە قالدۇرغۇسى كەلمىدى:

— مۇنچە خىجىل بولمىسىلا، مۇئەللىم، مېھمانلارغا كېتەرلىك گۆشنى ئايرىپ قويايلى.

مۇدىر بۇ جاۋابتىن خۇشال بولۇپمۇ كەتمىدى. ئۇنىڭ ئويلاۋاتقىنى مۇنداق ئىدى: تەكشۈرگۈچىلەر كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ. يەپ كېتىدىغىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەمىنات پۇلى، تاماق ۋە تازىلىق راسخوتى. مۇنداق بولۇۋەرسە...

— ئابدۇغەنى، سەن — ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى، تەكشۈر- گۈچىلەر سۆھبەتلىشىدىغان بولسا، كۆپچىلىكنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى دادىل يەتكۈزۈۋەرگىن. ئاتا - ئانىلارنىڭ مەقسەت - مۇددىئالىرىنىمۇ ئاڭلىدىڭغۇ؟ شۇلارنىمۇ ئېيت،

سۆھبەتلەشمىسە، ئالدىغا كىرىپ ئېيتىۋەر.
— خاتىرجەم بولسىلا، مۇئەللىم.

## 2

ئەمدىلا تېرىسىدىن ئاجرىتىلغان قارا قوچقار ئۇقۇغۇچىلار ئاشخانىسى ئالدىدىكى سېرىق سۆگەتكە ئېسىقلىق ئىدى. ئەڭ ئاخىرقى قويۇق قانلار بېيىنىدىن تامچىلاپ چۈشۈپ تۇراتتى. ئەھمەت ئۇستام ئۇنىڭ ئۈچەي - قېرىنلىرىنى سۇغۇرۇۋاتقان، يېرىم چەمبەر شەكلىدە تىزىلغان ئوغۇل ئۇقۇغۇچىلار ئۆزئارا پىچىرلىشىۋاتقانىدى:

— كەسكەن يېرى ياغ چىقىپتۇ!

— بۈگۈن بىر مەززە قىلىشۋالىدىكەنمىز - دە!

— «ئەل ئىنئامى» دېگەن ماۋزۇدا ئىنشا يازدۇرىدىغان بولسىزە!...

ئۈزلۈكسىز سىگنال بېرىپ، چوڭ دەرۋازىدىن ھەيۋەت بىلەن كىرگەن جىپ ماشىنا بۇلارنىڭ يېنىدىلا توختىدى. ئۇنىڭدىن چۈشكەنلەر تۆت كىشى ئىدى. ياش شوپۇر بىلەن قوشقاندا، ئىككى كىشى ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمىگە، ئىككىسى تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن تەنتەربىيە كومىتېتىغا تەۋە ئىدى. شوپۇر پۈتۈن ناھىيە مائارىپچىلىرىغا تونۇش بولغان ئاق يۈزلۈك، دوغىلاقىنا كىشىنى مەكتەپ مۇدىرىغا تونۇشتۇردى:

— گۇرۇپپا باشلىقىمىز — مەگلىك ھاجى، كېچاگىنىڭ پەۋقۇلئاددە تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچىسى!

ئىككى يېرىم سائەت ئىلگىرى بۆلۈم باشلىقى نامىدىن تېلېفون بېرىپ، ئەھمەت ئۇستامنى سۈرۈشتۈرگەن ۋە تونۇر كاۋىپىنىڭ گېپىنى چىقارغان كىشى دەل مۇشۇ مەڭلىك ھاجى ئىدى.

— بۆلۈم باشلىقىمىز ماشىنىغا چىقاي دەپ تۇرغاندا، مۇھىم بىر يىغىن چىقىپ قېلىپ، ھوقۇق تاجىسىنى پېقىرغا كىيدۈرۈۋەتتى، — دەپ ماختاندى ئۇ، — بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش... ۋاھ، قالتىسقۇ! نېمانچە بورداق قوي ئۇ؟ — ھەمراھلىرىغا سوئال قويۇپ، ئۆزى جاۋاب بەردى، — كەرىم مۇئەللىمنى مۇدىرلىققا ئۆستۈرۈش يولىدا قانچىلىك پايپاسلىغانلىقىمنى بىلىسىلەر. شۇ چاغدا بەزىلەر، كەرىم مۇئەللىم ئۈچۈن نېمانچىلا كەتمەن چېپىپ كېتىسەن دېيىشمىگەنمىدى؟ كەتمەن چاپقۇچىلىكى بارمىكەن — يوقمۇ؟ قاراڭلار!

ئۈلگۈرۈپ كەلگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ۋە ئەتراپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا ئوڭايسىز ھالدا قالغان مۇدىر نېمىدەپ جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلمەيۋاتاتتى. مەڭلىك ھاجى ئەھمەت ئۇستامنىڭ پۇتىغا خىش تىزىشقا كىرىشتى:

— نۇرغۇن - نۇرغۇن سورۇنلاردا بولۇپتۇمەن، ئۆزلىرىنىڭ قولىدا پىشقانىدەك مەززىلىك كاۋاپنى كۆرمەپتۇمەن. بۈگۈنزە... ھە، راست، قانچە پۇل مائاش ئېلىۋاتىلا، ئۇستام؟ نېمە؟ ھازىرغىچىلىك 73 يۈەنمۇ؟ مۇدىر، ئەپلەشمەپتۇ بۇ. ھېچ بولمىسا، 100 يۈەنگە يەتمىسە قانداق بولىدۇ؟ ھە، راست، بۇنىڭ ئۆزى ئاۋۋالقى مۇدىر قالدۇرۇپ كەتكەن كونا جاراھەت. ھەرگىز سىلىنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. ئەمدىلىكتە دوكلاتىنى بىرنى قاتۇرۇپقىنا

يېزىۋەتسىلە، توغرىلايدىغىنىنى مانا بىز! ئۇستام، بۈگۈن سىناقتىن ئۆتىدىغان كۈنلىرى جۇمۇ، كارامەتلىرىنى بىر كۆرسەتسىلە!

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دېدى ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ئۇستام.

مېھمانلار ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى. قويمۇ سويۇلۇپ بولدى. قانداق پىشۇرۇش مەسىلىسىدە ئازراق دەتالاشمۇ بولۇپ ئۆتتى. مائاش ئۆستۈرۈش تەستىق قەغىزىنى تاپشۇرۇۋال-غاندەكلا خۇش بولۇپ كەتكەن ساددا ئۇستام پۈتۈن بويىچە كاۋاپ قىلىش پىكرىدە ئىدى. ئابدۇغەنى بولسا، كىشى بې-شىغا بىر جىڭدىن جەمئىي تۆت جىڭ، ئەڭ كۆپ بولغاندا، سەككىز جىڭ ئىشلىتىمىز دەپ تۇرۇۋالدى. قوي تەقدىم قىلغان مەرىپەتپەرۋەر ھۈنەرۋەن - كاسىپلار ۋەكىلى جىمى ھوقۇقىنى ئابدۇغەنىگە تاپشۇرغانىدى: «بۇ بەش قوي ئىمتىھان مەزگىلىدىكى ئوقۇغۇچىلار تامىقىغىلا ئىشلىتىلىدۇ، — دەپ جېكىلىگەنىدى ئۇلار، — ئىشەنچ بىلەن ساڭا تاپشۇردۇق، ھېساۋاتىنىمۇ سەندىن ئالىمىز.» شۇڭلاشقا مالىيە كادىرلىرىمۇ ئابدۇغەنىگە ئارتۇقچە تەلەپ قويۇشقا پېتىنالمىدى.

— مېھماننىڭ پىكرىنى ئالمىساقمۇ بولماس، — دەپ تۇرۇۋالدى ئەھمەت ئۇستام، — ئابدۇغەنى سوراپ چىقسۇن، شۇلارنىڭ رايى بويىچە ئىش تۇتايلى.

مالىيە كادىرلىرى بۇ پىكىرنى قوۋۋەتلىدى. ئابدۇغەنى ئىشخانىغا كىرىپ مەڭلىك ھاجىدىن سورىدى:

— كاۋاپ يېيىشەملا؟

— ھەئە.

— قانداق كاۋاپ؟
— تونۇر كاۋىپى دېدىمغۇ؟
— قانچىلىكىنى ئىشلىتىمىز؟
— شۇمۇ گەپمۇ؟ پۈتۈن ئىشلىتىۋېرىڭلار، پۈتۈن! — كۆرەڭلىك بىلەن قوشۇمچە قىلدى، — بىر قوچقارنى ھەزىم قىلالمىغان ئاشقازانىنىمۇ كۆتۈرۈپ يۈرەمدۇ كىشى؟
— پۈتۈن قوچقارنى - ھە؟ — مەقسەتلىك ھالدا سورىدى ئابدۇغەنى.
— پۈتۈن! — دېدى مەگلىك ھاجى زەردە بىلەن.
— بولىدۇ! — ئابدۇغەنى چىقىپ كەتتى.

3

ئولتۇرۇش كېچىكىپرەك باشلاندى. مەگلىك ھاجى مۇدىر — ئىلمىي مۇدىر، مالىيە كادىرلىرىنىڭمۇ قاتنىشىشىنى كۈتكەندى. ئۇلار چىرايلىقچە ئۆزرە قويۇپ، بۇ ئولتۇرۇشقا ئىشتىراك قىلىشتىن ئۆزىنى تارتتى. رىپقەتجان ئىسمىلىك ئېگىز بويلۇق بىر ئوقۇتقۇچى بىلەن ئەھمەت ئۇستام ئۇلار-نىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىغا قاتنىشىپ بېرىۋاتاتتى. مەگلىك ھاجى بۇ ئوقۇتقۇچىدىن تولىمۇ مۇلايىملىق بىلەن ھال سوراشقا باشلىدى:
— ئۇكام رىپقەتجان، تېخىچە مۇشۇ مەكتەپتىمۇ سەن؟ يۆتكىلەلمەپسەن - دە، ئايالىڭ ئۇياقتا، سەن بۇ-ياقتا. راستىنلا ئۇۋال بوپتۇ ساڭا. مەن سېنى بۇ چاغقىچە يۆتكىلىپ بولغاندۇ دەپ ئويلاپتۇمەن. ماڭا دېسەڭ ياكى

ئىككىلىك خەت يېزىشەتسەك بولماسمىدى؟ كېچاڭنىڭ ئالدىدا گېپىمنىڭ ئۆتىدىغان، پىچىقىمنىڭ كېسىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ بەك تارتىنچاق يىگىت سەن - دە. كەل، كاۋاپ يە، تارتىنماي ئېلىۋەر. ئاچە ئاغزىڭنى، ئۆز قولۇم بىلەن سېلىپ قوياي، ھەببەللى!... ئۇكام رىپقەتجان، يېقىن ئەتراپتىن يېۋا تېپىلامدۇ، ئۈرۈمچى پىۋىسى؟ مە، ماۋۇ ئۇن كويىنى ئېلىپ...

— سەت تۇرىدۇ، يانلىرىغا سېلىپ قويسىلا، — رىپقەتجان ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى.

— ھا - ھا - ھا!... ئاغزىڭدا، يۆتكىلىش، ماركىلىق ئېمىزگە، ئۇچە، قۇشۇم، پەرۋاز قىلىپ ئۇچ!

— ھاجى ئاكا، بىر بوتۇلكا ئۈرۈمچى پىۋىسى ئىككى يۈەن تۇرسا بۇ يەردە؟

— ئون يۈەن بولۇپ كەتسىمۇ پەرۋايىم پەلەك. قاراپ تۇر، ئۇن بوتۇلكا پىۋا تېپىپ كېلىدۇ ئۇ ھاماقەت! — سەپەرداشلىرىغا مەغرۇرانە سوئال قويدى، — قانداق؟ بۈگۈنكى ئوۋ جايىدىمۇ؟ ئەتىگىچە كۆرىسلەر تېخى!... ئاغىنىلەر، «ئاش كەلسە، ئىمان قېچىپتۇ» دېگەندەك ئىش قىلماي، كېجاڭنىڭ نېسۋىسىنى ئايرىپ قويمايلىمۇ؟ — ھەمراھلىرى ئىنكاس قايتۇرۇپ بولغۇچە ئىككى سان گۆشنى ئايرىپلا سومكىغا سالدى، — بىر سان — پېقىرنىڭ نېسۋىسى بولسۇن، بىرى كېجاڭنىڭ. ئال، ئاغىنە، ماۋۇ بىر پۇتىنى سەن ئال، بۇنى سەن. شوپۇر ئۇكا، سەن بويتاق، ساقلاپ يېيەلمەيسەن. خوتۇن خەق بويۇن گۆشكە ئامراق كېلىدۇ. مە، بۇنى ئاناڭغا ئالغاچ كەت.

— تۈلكىنىڭ تەقسىماتى دېگەن شۇ - دە! — دەپ كۈلۈشتى ھەمراھلىرى. بۇ كۈلكە ئىچىگە قانچىلىك غۇم - ھەسەتنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

— «ياتار قورساق كېتەر قورساق» دەپتىكەن. تال، جىگەر، قوۋۇرغىلىرىنى سىڭدۈرۈپ كېتەلىسەكمۇ چوڭ گەپ. قېنى، غەنىيمەتلەرنى قاچىلىماسىلەر سومكىلىرىڭلارغا. كېمىنى ئەتە تولدۇرىمىز، ھە، بولۇڭلار!

ئوقۇتقۇچى رىپقەتجان، دېگەندەكلا، ئۇن بوتۇلكا پىۋا تېپىپ كەلدى. مەڭلىك ھاجى «رەھمەت - ھەشقاللا» بىلەن تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن: «ئەتىكى خىزمىتىڭگە تەسىر يەتمىسۇن، ئارام ئالغىن» دەپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى.

— پىۋا دېگەن پىۋا - دە، — دېدى مەڭلىك ھاجى تۆت بوتۇلكا بوشىغاندىن كېيىن، — تونۇر كاۋىپى يېگەندە تۇشلۇق پەيزى قىلالمايۋاتىمىزا؟

يېڭىلا چاي دەملەپ كىرگەن ئەھمەت ئۇستام ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەلمەي تىت - تىت بولۇۋاتاتتى:

— ئاچچىق - چۈچۈككىنە بىر نېمە قىلىپ بېرەيمۇ؟

— ئىلتىپاتىڭىز چوڭ - كىچىكى يوق. قوللىرىدىن كەلگىنىنى قىلىۋەرسىلە، بىزمۇ ھىممىتىمىزنى ئايىمايمىز، — مەڭلىك ھاجى ئۇستامنىڭ كەينىدىلا ئىشخانا ئالدىغا چىقتى، — ۋاھ، بىرى كېلىۋاتامدۇ نېمە؟ قولىدا بىر نېمە بارغۇ؟ قول چىراغنى يېقىپ باقايچۇ؟... رەھمان مۇئەللىم! — ئالاھىدە ھۆرمەت تەلەپپۇزى بىلەن چاقىردى. ئۇنىڭ تەمەگەر كۆزى قول چىراغ نۇرىدا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان تور سومكىدىكى قوغۇنغا چۈشكەنىدى، — قارا قىشتا چىلگە

پىشۇرۇپ ئىنئام قىلىپ، ئۆز پادىشاھىنى خۇش قىلىۋەتكەن بىر دېھقان ھەققىدىكى چۆچەكنى ئاڭلىغانىدىم. سىلىمۇ - زە، رەخمان مۇئەللىم، كەنجى ئەتىيازدىلا قوغۇن پىشۇرۇپ، ھا - ھا - ھا!... كۆڭۈللىرى ئۇنىماپتۇ - دە. كېچىدە قوغۇن توشۇپ ئاۋارە بولغانلىرى نېمىسى؟

رەخمان مۇئەللىم بۇ قوغۇننى سېزىكلىك دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئايالىنىڭ تەلەپ - تەقەززاسى بويىچە نە - نەلەردىن ئىزدەپ تېپىپ كەلگەنىدى. ئۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۈنى ئۆچكەن ھالدا دېدى:

— ھەربىرلىرى مېھمان ئەمەسمۇ؟ ئۇنچىلىك قىلمامدىغان.

— رەھمەت - رەھمەت، — سومكىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، قوغۇننى قولتۇقىغا قىستى، تېخىمۇ قىزغىن ھال سوراشقا باشلىدى، — ۋاي، تېخىچە سىنىپ مۇدىرىمۇ سىلە؟ ماڭا قارىسىلا، رەخمان مۇئەللىم، مائارىپ سېپىدە 17 يىل ئەجىر سىڭدۈرگەن سىلىگە ئوخشاش تالانتلىق بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ تېخىچە سىنىپ مۇدىرى بولۇپ تۇرغىنى نېمىسى؟ ھېچ بولمىسا، ئىلمىي مۇدىرلىققا دوكلات يېزىشقان بولسىچۇ!

— نۇشىرۋان تەختىنى تەڭ قىلمايمەن سىنىپ مۇدىرلىقىغا!

— سىنىپ مۇدىرى بولغاندىمۇ، ئالاھىدە ئىمتىيازلىق سىنىپ مۇدىرى بولۇشلىرى شەرت - دە. 17 يىللىق ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئوبدان بىر خۇلاسىلەپ يېزىپ چىقسىلا، مۇئەللىم، مائارىپ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇ- رايلى. ھوقۇق — ئىمتىياز دېگەن ئۆزى كېلىدۇ، ئۇ چاغدا!...

مۇئەللىم، بىلمىگەن يەرىنىڭ ئوي - چوڭقۇرى تولا دەپتىكەن. ئۆزۈم باراي دېسەم...

— دەۋەرسىلە، ھاجىم، بىز يېڭى تونۇشلاردىن ئەمەسقۇ.

— ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلارمەنمۇ ئەمدى؟ ئىلىنىڭ ئاق ھارىقىدىن ئىككى - ئۈچى... مانا پۇل، مۇئەللىم.

بۇ ئوقۇتقۇچىمۇ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. مەڭلىك ھاجىنىڭ خاسىيەتلىك پۇلى ئۆز چۆنتىكىدە قېلىۋەردى.

## 4

ئابدۇغەنى ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇ، ئۇزاققىچە ئۇخلىيالماي ئەمدىلا كۆز يۇمغانىدى. ئاغزىدىن ئوت، تىرناقلىرىدىن قان چاچراپ تۇرىدىغان ئاجايىپ-غارايىپ بىر قۇش ئۇنىڭ ئەت - ئۇستىخانلىرىنى چوقۇلاپ يېيىشكە باشلىدى. چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئاشخانا تەراپىنى ئايلىنىپ كېلەي، — دەپ ئويلىدى كۆرگەن چۈشىگە ئۆزىچە تەبىر بېرىپ، — ئاشخانىغا سوغۇق قول تېگىپ قالغان بولمىسۇن، يەنە. ئۇنىڭ سىرتتا كۆرگىنى تەرەتخانا تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئۈچ كۆلەڭگە، ئاڭلىغىنى ماۋۇ گەپ ئىدى:

— كىچىككىنە قۇرت نى - نى دەرەخلەرنى يەپ قۇرۇتۇۋېتەلەيدۇيۇ، مۇنداق قوچقاردىن ئوننى يەپ تۈگىتەلمەمدىكەنمىز بىز؟

— ھاجىم، ئاستىراق!

— مۇنداق توخۇ يۈرەكلىك قىلىشاڭ، قانداقمۇ

ئۇۋچى بولالايسەن؟ قورقما، ھاجى ئاكاڭ بار. كارامىتىنى ئەتە كۆرىشىسەن تېخى! ئاۋۇ يەردە يەنە بىر قارا قوچقار تۇرامدۇ نېمە؟ ھا - ھا - ھا! ... ئەي، سەن كىم؟ سېنىڭمۇ بىرەر ھاجىتىڭ بار ئوخشايدۇ. كەل، تارتىنماي كېلىۋەر. ھاجى ئاكاڭ ھايات بولسىلا، ھەرقانداق ھاجىتىڭ راۋا! بوپتۇ، كەمتەر ئادەممەن. كېلىشكە پېتىنالمىغان بولساڭ، ئالدىڭغا باراي. ھە، ئاشخانا خوجايىنىنى سەنمىدىڭ؟ ئەتە — شېكەر شەنبە. بىز مۇشۇ يەردە بولىمىز. تەكشۈرىمىز، پىكىر ئالىمىز. گېپىڭ بولسا شۇ چاغدا دە. توختىغىنا، كىچىك خوجايىن، قوچقار بارمۇ، قوچقار؟ ئېرىك بولسىمۇ، ساغلىق بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ. بىزنىڭ ئاشقازان ئورۇق — سېمىز دەپ تاللاپمۇ كەتمەيدۇ. ئاڭلىسام، بۇ يىل تولۇقسىزنى پۈتتۈرىدىكەنسەن، شۇنداقمۇ؟ ھاجى ئاكاڭنىڭ دۆلىتىنى كۆرىدىغان ۋاقتىڭ كېلىپ قاپتۇ. ماڭا قارىغىنا، ھەرقانداق تېخنىكومغا كىرىمەن دېسەڭ مېنى تاپ. مېنى تونۇيسەن، ئېتىمنى بىلىسەن - ھە؟ ئۇڭ قېشىڭنىڭ قۇيرۇقىدىكى مەڭنى سىيلىساڭلا، ئېتىمنى تاپالايسەن، ئىدارىدە كېچاڭ — پادىشاھ، ھاجى ئاكاڭ — دانىشمەن ۋەزىر. شاھنىڭ تىزگىنى نەدە ئىكەن. قارا ئالقىنىمغا! چۈشەندىڭمۇ گېپىمنى؟ ئېرىك بولامدۇ، ساغلىق بولامدۇ، مەيلى جۇمۇ. بەك ياغلىق بىرلۇپ كەتسىمۇ كېرەك يوق.

— بولىدۇ! — كەسكىن جاۋاب بەردى ئابدۇغەنى. ئۇ، مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر ئالىمىز ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس ھەققىدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى ئوقۇغان،

ئىنقىلابىي شائىرىمىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شۆھرەتلىك ھاياتى توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەرنىمۇ كۆرگەنسىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان روناق تاپقان بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ مەكتەپ سالغانلىقى، مىڭ مۇشەققەت بىلەن توپلىغان نەچچە 10 مىڭ يۈەنلەپ پۇلىنى مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتى ئۈچۈن تەقدىم قىلغانلىقىنى بىلەتتى؛ مۇشۇ ناھىيە بازىرىدىكى بىر تەرەققىيپەرۋەر ھۈنەرۋەننىڭ ئۆز ئائىلىسىدە ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش سىنىپى ئېچىپ، 40 نەچچە ئادەمگە چىقىمسىز ئۆگىنىش شارائىتى يارىتىپ بەرگەنلىكىنى بىلەتتى؛ مۇشۇ ناھىيىدىكى بىر تالاي ياش، ئوتتۇرا ياش تىجارەتچىنىڭ ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچارراق ئوقۇغۇچىلارغا ئايمۇئاي تۇرمۇش پۇلى ئەۋەتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئۇ، ئويلىنىپ قالدى: ئالىيجاناب ئەجدادلىرىمىز تاپقان - تەرگىنىنى، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى بىز ئەۋلادلارنىڭ بەخت - ئىستىقبالى ئۈچۈن تەقدىم قىلدى، مەرىپەتپەرۋەر ئەھلى سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، دېھقانلار، ھەتتا بىر قىسىم جاپاكەش ئائىلە ئاياللىرىمۇ مىللىتىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا چەكسىز كۆڭۈل بۆلمەكتە، كۆيۈنمەكتە، خالىسانە ياردەم بەرمەكتە. ناھىيىمىزنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئورنىدا تۇرۇۋاتقان بۇ ئادەملەر بولسا... سۆزلىشمەن، كەرىم مۇئەللىم بىلەن ھازىرلا سۆزلىشمەن!

## 5

مەڭلىك ھاجى بىئاراملىق ئىچىدە ئويغاندى. ئاغزى-بۇرنىدىن چىقىۋاتقان قاڭسىق بۇستىن كۆڭلى ئاينىدى. چىڭقىلىپ كەتكەن مەيدىسىنى بېسىپ، پەسكە ئېڭىشتى، ياندۇرالمىدى. سومكا يادىغا كەلدى - دە، دېرىزە ئۇدۇلىدىكى باراقسان ئۆرۈك دەرىخىگە تىكىلدى، ئەرۋاھى ئۇچتى، ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى. مەيدە ئاغرىقىنى ئۇنتۇدى. ئايىغىنى پايپاقسىز كىيىپلا دېرىزىدىن سەكرىدى. باشقىلارنىڭ سومكىلىرى ئۆز جايىدا ئېسىقلىق، مېنىڭ يوقا؟ مۇنداقمۇ چاقچاق قىلامدۇ كىشىگە؟!

— قايسىڭلارنىڭ چاقچىقى بۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ياتاققا سەكرەپ چۈشۈپ، — تولا ئويناشمىساڭلارچۇ! — مەستلىك ئۇيقۇسىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ھەمراھلىرىنى تۈرتۈپ ئويغاتتى، — قېنى سومكا؟ چاقچىقىڭنى قوي، سومكىنى چىقار!

گاڭگىراپ قالغان ھەمراھلىرى بىر - بىرىگە قارىشاتتى. مەڭلىك ھاجى ئالدىرىتاتتى:

— سومكىنى ئالدىمغا قويۇشمايدىغان بولساڭ!...

— راستىنلا بىز كۆرمىدۇق. قەسەمگە يارايمىز! — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۈچ ھەمراھى، — سىزگە ئەگىشىپ كېلىپ كۆرۈپ كەتكەن دۆلەت - سائادىتىمىزمۇ تايىنلىق. بۇرنىمىزدىن بۇلاق قىلمىسىڭىزچۇ ئەمدى!

— نەگە كېتىدۇ؟ جىن - ئالۋاستى ئەپقاچامدۇ ئەمىسە؟

— ئىزدەپ باقمايلىمۇ؟

قۇياش تاغ ئارىسىدىن باش كۆتۈرمىگەن، ئۇپۇق گىرۋىكى سۇزۇلمىگەن چاغ ئىدى. مەڭلىك هاجى تۇتقان قول چىراغىنىڭ يېگانە كۆزى بايىقى ئۆرۈك دەرىخى ئاستىغا ۋە ئەتراپىقا تىكىلدى.

— مانا بۇ سومكىڭىز ئېسىلغان ئاچماق، — دېدى بىرى بىلەكتەك قۇرۇق ياغاچنى يەردىن ئېلىپ، — كەيپ چىلىكتە بىلمەي قاپتۇق، ئىچ-ئىچىدىن پورلىشىپ كەتكەن بىرنېمە ئىكەن ئەمەسمۇ بۇ.

— سەن! — دەپ هۆركىرىدى مەڭلىك هاجى شوپۇرغا، — قېرىشقاندەك، ئاسقان يېرىڭنى قارا!

— ئۆزىڭىز كۆرسەتكەن جايغا ئاستىمغۇ؟ مەندە نېمە گۇناھ؟ نېمانداق قىرىچە-يېنىچە تېگىۋېرىسىز ماڭا؟!

ياش شوپۇرنىڭ يۈرىكىدىكى هۆرمەت ئۇچقۇنلىرى ئۆچكەن، «سىلى-ئۆزلىرى» نى تاشلاپ «سىز» گە كۆچكەنىدى. باشقىلار بۇ سوغۇقچىلىقنىڭ جېدەلگە ئايلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇلار ئازراق سالا-سۇلھە قىلىشتى ۋە ئىزدەشكە كىرىشتى.

— كېچىچە بوران چىقىپتۇ، — دېدى بىرى يەردە ياتقان بىر تالاي ئۇزۇن-قىسقا، هۆل-قۇرۇق شاخ-يوپۇرماقلارغا قاراپ، — هەممىسىلا بوران سۇندۇرغان نەرسىلەر. هاجىم، تام تەرەپكىرەك تۇتسىلا چىراغنى. قارىسىلا، يىغىلىپ كەتكەن ئەخلەت-چاۋارنى. بىز كەلگەندە پاك-پاكىز ئەمەسمىدى بۇ يەر؟ بوران چىقمىغان بولسا، شەيتان دۆۋىلەپ قوياتتىمۇ بۇنى؟

يەنە بىرى تەستىقلىدى:

— راست، بوران چىقىپتۇ. هاراقنىڭ كۈچى بىلەن ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلاپ كېتىپتۇق - دە!

— ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماقمۇ چاقىقاندۇ - ھە؟— شۇنىمۇ تۇيمىغىنىمىزنى قاراڭلار!

— سومكىنىمۇ ئۇچۇرۇپ كەتكەنىمىدۇ بۇ قارا بالا؟ - تەئەددى قىلدى مەڭلىك ھاجى ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتە-نىپ، — بۇزۇلۇپ قالمىسۇن، سالقىنراق جايغا ئېسىپ قويايلى دېيىشىدۇ ئادەمگە ئەقىل ئۆگىتىپ!

ياش شوپۇرنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى:

— بۇزۇلۇپ قالىدۇ، سېسىپ قالىدۇ، ئېسىپ قويايلى، دەپ ھەممىمىزنى ئالدىراتقان ئۆزىڭىز ئەمەسمۇ؟ سېسىپ قالغۇدەك نېمە بار ئىدى بىزدە؟!

— ئىزدەيلى، مۇنچە چېچىلماي تۇرسىلا، ھاجى ئاكا؛ سەنمۇ مۇنچە خاپا بولۇپ كەتمىگىنا، ئۇكام.

سومكا تېپىلدى، قەلەندەرنىڭ جەندىسىدەك تىتىلىپ كەتكەن چوڭ سومكا ئۇقۇغۇچىلار ياتىقى كەينىدىكى يۇندا ئازگىلىدىن تېپىلدى!

— ئىست، ئىككى سان پىششىق گۆش! — دېدى بىرى ھەسەت ئۇغىسىنى ھەسرەت قەغىزىگە ئوراپ، — ئىت يەپتۇ-دە. نەدە ماراپ ياتقان بولاتتى ئۇ لالما ئىتلار!

— يېمىگەننىڭ چىشىغا تاش! — دەپ پىچىرلىدى شوپۇر يېنىدىكى ھەمراھىغا.

— راست، «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك»، — دەپ جاۋاب بەردى ھەمراھىمۇ ۋە مەڭلىك ھاجىغا قاراپ دېدى:

— هاجى ئاكا، بولغۇلۇق بوپتۇ. يۇندا ئازگىلغا قاراپ تۇرۇۋەرگەننىڭ پايدىسى يوق. بىركىم كۆرۈپ قالمىسۇن، يۇرسىلە، ياتاققا كېتەيلى. ئىنىس - جىنغا تىنمايلى جۇمۇ، ئاغىنىلەر! — مەڭلىك هاجى ئۆزمەي چېكەتتى، ئۇلۇغ-كىچىك تىناتتى. ئۇنىڭ جان - جىسمى گويا تۆنۈگۈنكى قوچقار كاۋاپ قىلىنغان قىزىق تونۇر ئىچىدە كۆيۈپ ئۆرتىنىۋاتاتتى. هەمراهلىرى سەۋر - تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— هاجى ئاكا، شۇنچە يىللاردىن بۇيان نەپ يەتكۈزگەن بۇ كونا سومكىدا ھەققىلىرىمۇ قالمىغانىدى. باشلىرىنىڭ سەدىقىسى قىلىۋەتسىلە ئەمدى.

— كوھىقاپتەك يوغان، كېلەڭسىز بىرنېمە ئىدى. كۆتۈرۈپ يۈرۈۋەرسىلىمۇ ياراشمايتتى.

— سومكىنى دەۋاتقىنىم يوق!

— دەۋاتقانلىرى ئىككى سان گۆشمىدى؟ سىلىگە ئوخشاش تەجرىبىلىك ئوۋچىنىڭ ئالدىدا قانچىلىك غەنىيمەت ئۇ؟ بۇ چاغقىچە تۇرغان بولسىمۇ، ئىچ - ئىچىدىن سېسىپ قالاتتى. ئوبدانراقىدىن بىرنى سويغۇزمايمىزمۇ بۈگۈن؟

مەڭلىك هاجى ئۆز ئىچىدە بىر قارارغا كەلدى: سويغۇزىمەن، تۆنۈگۈنكىدىنمۇ ئوبدانراقىدىن بىرنى سويغۇزىمەن. بۇلار يەنە زەللە ئالىمىز دەپ تەمە قىلمىسۇن، بولۇپمۇ شوپۇر دېگەن بەز قاپاق!...

ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلار قۇرۇق ئەسنەشكە ئورۇن بوشاتتى. ئاچ قورساققا ئاچچىق تاماكا تېتىمىدى.

— كاللا - پاقالچىقىنى ئۇتلەۋاتقانىمىدۇ؟ — دېدى

بىرى ئاشخانا تەرەپتىن كىرىۋاتقان شامالنى بۇرنى بىلەن دەم تارتىپ، — شۇنچە سەزگۈر بۇرۇن ھېچنېمىنى سەزمەيدۇغۇ شۇ چاغقىچە؟

— پىششىپ، مەي بولۇپ كەتكەندۇ بۇ چاغقىچە.

ھەركىم ھەر خىل پەرەز قىلاتتى. بىرى: «ئاچچىق - چۇچۇككىنە سۇيۇقئاش قىلىۋاتقان بولسا كېرەك» دېسە؛ يەنە بىرى: «سۈت - قايماقتا ئادەم بۇيرۇغان بولۇشى مۇمكىن» دەيتتى، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى مەڭلىك ھاجى تەقەززا بولاتتى. ئاچچىقلىناتتى:

— تېخىچە ناشتا قىلىۋېلىڭلار دېمىگىنى نېمىسى؟ خەپ، توختاپ تۇرۇش!

مەكتەپ مۇدىرى ۋە مالىيە كادىرلىرى مەڭلىك ھاجىنىڭ ئاخشامقى گەپ - سۆزلىرىدىن خەۋەر تاپقان، تاماق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئابدۇغەنىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇۋەتكەنىدى. ئابدۇغەنى ئەھمەت ئۇستام ئارقىلىق بەش نان بىلەن ئىككى چايدان چاي كىرگۈزدى - دە، شۇ ئەتراپتىراق ئايلىنىپ يۈردى: يەنە قانداق تەلىپى بار، بىر ئاڭلاپ باقاي.

— ئۇستام، ئەتىگەنلىك ھىممەتلىرى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى مەڭلىك ھاجى سۈتلۈك چاي، گۆشلۈك سەي تەمەسىدە. ئەھمەت ئۇستام «ناشتا قىلىشسىلا» دەپ نان بىلەن چايداننى قويۇپ چىقىپ كەتتى. مەڭلىك ھاجى تەمەگەرلىك بىلەن كۈتتى، ئۇستام قارىسىمۇ كۆرسەتمىدى. مۇدىر، ئىلمىي مۇدىرلارمۇ ھال سوراپ كىرمىدى. ئۆزىنى قالتىس ئابرويلۇق دەپ ھېسابلايدىغان ۋە شۇنداق دەپ ماختىنىدىغان مەڭلىك ھاجىنىڭ تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشكەنىدى:

— قۇرۇق نان بىلەن ناشتا قىلامدۇق ئەمدى؟ — دېدى ئەلپازى بۇزۇلغان ھالدا. — ئازراقتىن شىلايلى، ئېلىڭلار سومكاڭلاردىكى گۆشنى!

ئىككىيلەن مىدىرلاپ بولغۇچە، شوپۇر سومكىسىنى ئاچتى:

— ئالسىلا، ھاجى ئاكا، مەنمۇ تاشلاپ بېرەي دەپ تۇراتتىم بۇ مىننەتلىك نېمىنى!

مەڭلىك ھاجىنىڭ يېگىنى گۆشمۇ، زەھەرمۇ؟ بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ، ئەتىگەندىلا «تەكشۈرۈش» باشلىنىۋەتتى. چۈشكىچە ئىزدىگەن بولسىمۇ، تۇتقىنغا كۆتۈرگۈدەك مەسىلە تاپالمىدى. مەكتەپنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرى ھەققىدىكى تەلەپ - ئىلتىماسلارغا قۇلاق سالمىدى. ئەھمەت ئۇستام بىلەن رىپقەتجان قاتارلىقلارغا بەرگەن ۋەدىلىرى ھەققىدىمۇ ئېغىز ئاچمىدى. ئۇ، جىمى ئۈمىدىنى ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىغا باغلىغانىدى. كۈتۈلگەن پەيت — چۈشلۈك تاماق ۋاقتى يېتىپ كەلدى. ۋاھ، مەسىلە تېپىلدى!... مەڭلىك ھاجى مالتىلىغان قاچىلارنىڭ ھېچقايسىسىدا بىر توغرامىمۇ گۆش يوق ئىدى.

— گۆش نورماڭلار يوقمۇ سىلەرنىڭ؟ ساپلا چامغۇر بىلەن تۇرۇپتۇ؟

ئوقۇغۇچىلار گەپ قىلماي يەرگە قارىۋالاتتى.

— گەپ قىلمامسىلەر؟ نېمانچە يۈرەكئالدى بولۇپ كەتتىڭلار؟

ئوقۇغۇچىلار يەنىلا جاۋاب بەرمەيتتى. «بىچارە ئوقۇغۇ-چىلارنى تىنالماس، زۇۋان سۈرەلمەس ھالغا كەلتۈرۈۋەتكە-

نىنى قاراڭلار! — ئۇ، پەۋقۇلئاددە چوڭ ئەنزىنىڭ يىپىپ ئۇچىنى تېپىۋالغاندەكلا خۇش بولۇپ كەتتى ۋە كۆرەڭلىك بىلەن يەكۈن چىقاردى، — دېموكراتىيە بوغۇلغان، ياش ئوقۇغۇچىلار ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغان.» ئۇ، ئۆزى تەرەپكە تىكىلىپ تۇرغان ئابدۇغەنىنى كۆرۈپ قالدى: ئاخشام پىكىرى باردەك قىلىۋىدى، بىر سوراپ باقاي، چوڭراق دەلىل - ئىسپات چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

مەڭلىك ھاجى ئۇنىڭ يېنىغا باردى. ئاخشامقى ۋەدىلەرنى ئەستە ساقلاش ھەققىدە ئازراق سۆزلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىدىكى قوشۇقنى ئېلىپ، قاچىسىنى مالتىلىدى. بۇ قاچىدىمۇ گۆش دىدارى كۆرۈنمەيتتى.

— گۆش نورماڭلار يوقمۇ؟ — تەكرارلىدى مەڭلىك ھاجى، — گۆشۈڭلارنى كىم يەپ كېتىۋاتىدۇ؟ ئېيت، قورقماي، تارتىنماي ئېيتقىن، زادى كىم؟

ئابدۇغەنى ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى، كۈلۈمسىرىدى: يۈزى چۈشۈپ كەتمىگىنىگە ھەيرانمەن، تىلى قۇرۇپ كەتمىگىنىگە ھەيرانمەن. نومۇس قىلماستىن سۆزلەۋاتقىنىنى يەنە!...

— كۈلۈمسىرەۋاتقىنىڭغا قارىغاندا، مۇشۇنداق پۇرسەتنىڭ كېلىشىگە تەشنا بولغان بىر دەردمەن ئوخشايسەن. بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، تىلىڭنىڭ ئۇچىدىكى گەپلەرنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىسەن. بىز كەتكەندىن كېيىن دەرد تارتىپ قېلىشىڭدىن قورقۇۋاتامسەن؟ كىم ئۆچ ئېلىپ، زەربە بېرىدىكەن، مانا مەن بار! ئېيت، قورقماي ئېيتقىن،

گۆشۈگىلارنى يەپ كېتىۋاتقان زادى كىم؟
— ئاشقازىنىڭىزدىن سوراڭ!
مەگلىك هاجى تولغىنىپ كەتتى، ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا يەتكەن ئاشقازان ئاغرىقى توساتتىن قوزغالغاندەك تولغىنىپ كەتتى. جان ئاچچىقىدا ۋارقىرىدى:
— نېمە دېدىڭ؟ يەنە بىر دېگىنە!
— يەپ كېتىۋاتقىنىڭلار بىزنىڭ گۆشىمىز بولماي نېمە؟
80 نەچچە جۈپ كۆز مىختەك تىكىلگەنىدى. بۇ كۆزلەر ئۇنى تامدەك تاتارغان هالدا كەينىگە داجىشقا، ئاشخانا بوسۇغىسىدىن تېزرەك چىقىۋېلىشقا قىستاۋاتاتتى. ئۇ، مەيدانغا چىقىپلا شوپۇرغا بۇيرۇق قىلدى:
— بولدى، يۈر!
ماتور گۈرۈلدەشكە باشلىدى. كۆزلىرىدىن غەلىبە ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلار ماشىنا ئەتراپىنى ئورىۋېلىشقانىدى. سىگنال ياڭرىدى: دۈت ـ دۈت ـ دۈت!...
— رەسمىيەتنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن مېڭىشىڭلار.
— رەسمىيەت؟— سەپرايى قىرىق گەز ئۆرلىگەن مەگلىك هاجى ماشىنا ئىشىكىنىڭ تۇتقۇچىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغان ئابدۇغەنىگە تىكىلدى.
— تاماق پۇلى.
مەگلىك هاجى دىمىغىدا كۈلدى، هېلىقى خاسىيەتلىك ئون يۈەننى چىقاردى:
— پۇل بىلەن قورقۇتماقچى بولدۇڭمۇ تېخى؟ ئال، ئاشقىنىنى قايتۇر! بول، تېزرەك!

— ھۆججەتكە قاراپراق پۇل تۆلەڭ، — ئابدۇغەنى تالوننى ئۇزارتتى.

— 17 كوي 22 پۇڭ؟ — تېخىمۇ تېرىكتى مەڭلىك ھاجى، — خۇسۇسىيلار ئاشخانىسىدىنمۇ قىممەتقۇ بۇ؟ ھۆكۈمەت قالايمىقان باھا ئۆستۈرۈشنى چەكلەۋاتسا! — ھەمراھلىرىغا قاراپ غۇدۇردى، — ئىككى كۈنلۈك كاماندىروپكا پۇلىمىزنىڭ كۆزى ئوچۇق كېتىدىغان بولدى-دە! 22 پۇڭ مەندىن چىقىدىغاندەك تۇردۇ، قايسىڭلاردا يەتتە يۈەن بار؟ چىقىرىڭلار، ئىدارىگە بارغاندا ھېسابلىشۋالىمىز.

— يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەيدىكەنمىز-دە، ئىلىك مانا يەتتە يۈەن.

شوپۇر غۇدۇراپ تۇرۇپ ئۇزارتقان پۇلغا مەڭلىك ھاجى 22 پۇڭ قوشتى-دە، ئابدۇغەنىنىڭ چاڭگىلىغا تۇتقۇزدى:

— سانىۋال، 17 يۈەن 22 پۇڭ! — شوپۇرغا بۇيرۇق قىلدى، — ھەيدە!

— تۈزۈكرەك قاراڭ!

ئابدۇغەنىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى مەڭلىك ھاجىنى قولىدىكى تالونغا يېڭىباشتىن كۆز تىكىشكە مەجبۇر قىلدى:

— نېمە؟! چەكچىيىپ كەتتى مەڭلىك ھاجى، — خاتا كۆرۈۋاتمايدىغاندىمەن؟ — تۆت باش جەم بولدى، تۆت جۈپ كۆز تەڭ تىكىلدى، تۆت ئېغىزدىن تەڭلا چىقتى: «172 يۈەن 20 پۇڭ؟!»

— شۇنداق. قوچقار 166 يۈەن، تۇخۇم ئىككى يۈەن، دورا - دەرمەك بىر يۈەن، ئون دانە گىردە ئىككى يۈەن، تۆت قاچا سۇيۇقئاش بىر يۈەن يىگىرمە پۇڭ، مانا چوت، ئۆزىڭىز ھېسابلاپ كۆرۈڭ!

«ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك» ئازابىغا مۇپتىلا بولغان مەگلىك ھاجى ئۆز ھەمراھلىرىغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن «ئەمدى قانداق قىلىمىز؟» دېگەن سوئال چىقىپ تۇراتتى. ئابرويى تۆكۈلگەن، ئىززا - نومۇس ئىچىدە قالغان، ھەمراھلىرى بولسا «ئۆزۈڭ تاپقان بالاغا ئۆزۈڭ داۋا تاپمامسەن؟» دېگەندەك تەتۈر قاراپ ئولتۇراتتى. چۈنكى، مەگلىك ھاجى ئۇلارنى «بۇ مەكتەپتە مەسىلە ئېغىردەك تۇرىدۇ، تەكشۈرۈپ كېلەيلى دەپ يۈرۈپ، كېچاگىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىۋالدىم؛ يۈرۈڭلار، ئوۋ قىلىپ كېلىمىز» دەپ ئەكەلگەنىدى. مەگلىك ھاجى ماشىنىدىن چۈشتى. ئابدۇغەنىنىڭ سۆزىگە قايىللىق بىلەن قولاق سېلىپ تۇرغان كەرىم مۇدىرنىڭ ئالدىغىراق باردى - دە:

— مۇدىر، قارىڭا، بۇ زادى قانداق گەپ؟ كۆزۈم ئېچىلغان، چىشىم چىققاندىن بۇيان ھېچ يەردە كۆرمىگەنمەن مۇنداق ئىشنى! — دەپ تالوننى تەڭلىدى، — پەردە ئارقىسىدا قوماندانلىق قىلىۋاتمايدىغانسىز، كەرىم مۇدىر؟

ئابدۇغەنى ئەھمەت ئۇستامنى شەرەتلىۋېتىپلا بۇ يەرگە ئۆنۈپ بولغانىدى:

— دۆلەت تەرىپىدىن بېرىلگەن تەمىنات پۇلىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى بىزنىڭ قولىمىزدا. يەنە كېلىپ، بۇ قوي — مەرىپەتپەرۋەر خەلق بىزگە ئىنئام

قىلغان بەش قوينىڭ بىرى، ئايرىم باھاسى، باج تالونى بىلەن قوشۇلۇپ، 166 يۈەن. ئىشەنمىسىڭىز مانا ھۆججىتى. سىز ئۇنى پۈتۈن بويىچە پىشۇرۇپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلدىڭىز، شۇنداق قىلدۇق. پىششىقلاپ ئىشلەش ھەققى بىلەن ئوتتۇن، كۆمۈر پۇلىنى ئالمىدۇق. بولمىدىمۇ؟ يېتەرلىك نەق پۇلىڭىز بولمىسا، يەتتە كۈن ئىچىدە ئەۋەتىپ بېرىشكە ھۆججەت بېرىڭ. مانا بۇ چوقازاسوي، — ئەھمەت ئۇستامنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئۇزارتتى، — چاۋا ياغ، ئاچچىق ئۆچەيلىرىدىن تارتىپ ھەممىسى مۇشۇ تېرىنىڭ ئىچىدە.

مەڭگىلىك ھاجى قولى تىترەپ تۇرۇپ يازغان ئاق ھۆججەتنى بېرىۋەتكەندىن كېيىن جالاقىدە ئىشىك ياپتى:

— خوش، كەتتۇق!

ئىسسىق شامال چاق ئاستىدىن توزىغان چاڭ-توزانلارنى ماشىنا بىللە يىراقلارغا سۈرۈپ كەتمەكتە ئىدى. ئابدۇغەنى بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆز ئىچىدە خىتاب قىلدى:

— كەتسۇن، ھالال رىسقىمىزنى ئوۋلايدىغان ئۇنداق ئوۋچىلار كەلمەسكە كەتسۇن!

1985 - يىل دېكابىر. قاغىلىق.

# ئۇ، نېمىدەپ پىچىرلىغان؟

چۈشتىن بۇرۇنلا باشلانغان شاھانە زىياپەت زاۋال ۋاقتىدا ئاخىرلاشتى. ئۇزاپ چىقىۋاتقان زىياپەت ئەھلى ئۆزئارا پىچىرلىشاتتى:

— كۈن مەغرىبتىن چىققاندەكلا بىر ئىش بولدىغۇ بۈگۈن؟ تۆمۈرنى ئىكەكلەپ يەيدىغان پىخسىق تۈلكىنىڭ مۇنچە سېخىي بولۇپ كەتكىنى نېمىسى؟

— پۇلنىڭ كۆزى، بېخىلنىڭ يۈزى يوق ئەمەسمۇ؟ ئاز - تولا يۈز تاپاي دېگەندۇ.

— بىرەر مەنسەپ تەمە قىلىۋاتقاندىمۇ يا؟

— ۋاللاھۇئالەم...

«تۈلكە» لەقەملىك ساھىبخان بۇ يۇرتتىكى ساناقلىق بايلارنىڭ بىرى بولسىمۇ، ھەددىدىن ئارتۇق بېخىللىقى تۈپەيلىدىن قاتاردىن قالغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ مۇنچىلىك كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇشى كۆپچىلىك مېھمانلار كۆڭلىدە ئەنە شۇنداق قىياس ۋە گۇمانلارنى تۇغدۇرغانىدى. ساھىبخان دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى ۋە ئادەتتىكە ئايلىنىپ كەتكەن تەكەللۇپ سۆزلەرنى ياغدۇردى:

— لايىقلىرىدا كۈتۈۋالالمىغان بولساقمۇ، كۆڭۈللىرىگە ئالمىغايلا، ھاكىم ئالىيلىرى؛ كەلگەن قەدەملىرىگە رازى

بولغايلا، بېگىم ھەزرەتلىرى؛ خوش، خۇدايىمغا ئامانەت، ئىشان تۆرەم، خۇدايىمغا ئامانەت، ھۆرمەتلىك زاتلار، ئاللانىڭ ئەزىزلىرى...

ھاكىم ئالدىلىرىنىڭ قوش ئاتلىق پوچتىسى چاڭ توزىتىپ يۈرۈپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۆزەڭگىگە پۇت ئېلىشقا ھېچكىم پېتىنالمايتتى. يۇرت بېگى، ئىشان تۆرەم قاتارلىق 40 - 50 مېھمان ئىتائەتمەنلىك بىلەن قول باغلاپ تۇراتتى. ھاكىم پوچتىغا ئورۇنلاشتى. سول قولىدا تىزگىن تۇتۇپ ئولتۇرغان پوچتىكەش ئوڭ قولىغا قامچا ئالدى. «چۇ!» دېگەن سادا چىقىسىلا، قوش ئارغىماق قاناتلىنىپ ئۇچاتتى.

— ھاكىم ئالىلىرى...، — تەكەللۇپ سۆزلىرىنى ئاللىقاچان دەپ تۈگەتكەن مەنسۇر تۆلكە شاپاشلىدى. ھاكىم بېشىنى بۇردى:

— ھە، نېمە گەپ؟

— قۇلاقلىرىغا دەيدىغان...

ئۇ، ھاكىمنىڭ قۇلىقىغا تۇمشۇقىنى ياقتى. «نېمە دەۋاتقاندۇ بۇ تۆلكە؟» دەيتتى مېھمانلار تەشۋىش ئىچىدە. گەپ ئۇغرىسى شامال 15 - 20 قەدەمچە يىراقلىقتىكى ھاكىم سۆزىنىڭ ئىككى بوغۇمىنى بىر - بىرىگە ئۇلىغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئۈزۈپ ۋە بۇزۇپ ئوغرىلاپ كەلدى. ئۇنىڭ بىرى «ۋۇ، ھۇ، ئۇ» نىڭ بىرىگە يېقىنراق، ئىككىنچىسى، «ياق، ئاق، قاق، تاق» لارنىڭ بىرىگە مايىلراق ئىدى. يەنە كېلىپ، تەلەپپۇزى قەھرلىك ئىدى.

— ھەيدە! — غەزەپ بىلەن بۇيرۇق قىلدى ھاكىم.

پوچتا قوزغالدى. ھاكىم بېشىنى بۇراپ ئارقىغا قارىدى. بۇرۇقتۇم چاڭ - توزان دولقۇنلىرىنى يېرىپ ئۆتكەن بىر جۈپ كۆكسۈچ نۇر ۋەھىمە ئىچىدىكى مېھمانلارنىڭ، بولۇپمۇ سەپ ئالدىدىكى ئىسلامبەگنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك قادالدى. مەنسۇر تۈلكە بولسا، دەل شۇنى كۈتكەندەك، مۇرادىغا يەتكەندەك بەخىرامان، خاتىرجەم ھىجىيىپ تۇراتتى، ئىسلامبەگكە سىرلىق قاراپ قوياتتى.

ئىسلامبەگنىڭ كۆز ئالدىدا مۇنداق بىر پاجىئەلىك كۆرۈنۈش ئايان بولدى؛ جاللات شىلىڭ شىشەيىنىڭ تەختكە چىقىشىغا ئۈچ - تۆت يىل بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەنە شۇنداق سىرلىق زىياپەتتىن بىرى بولۇپ ئۆتكەنىدى. داغدۇغىلىق زىياپەت ئاخىرلاشقان، ھاكىم ئۆز پوچتىسىغا ئورۇنلاشقان چاغنىڭ دەل ئۆزىدە ساھىبخان ئۇنىڭ قولىغا پىچىرلىغان، ھاكىم قايرىلىپ، ئىھسانبەگكە باشتىن - ئاياغ بىر قاراپ قويغانىدى. ئەتىسىلا ئىھسانبەگ ھېلىقى ھاكىم ھۇزۇرىدىكى «زىياپەت» كە تەكلىپ قىلىندى ۋە «تەكلىپ قەغىزى» ئەكەلگەن ئىككى نەپەر قوراللىق چېرىك بىلەن بىللە كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. قاتتىق سۈرۈش تۈرۈشلەر نەتىجىسىدە مەلۇم بولدىكى، ئىھسانبەگ خوجىنىياز ھاجىنىڭ «گۇماشتىسى» دېگەن نام بىلەن تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن! بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان ئىسلامبەگ ئۇزۇنغىچە ھەسرەتلەنگەن ۋە ئاچچىقلىنىپ يۈرگەنىدى:

— ئاكام ئىھسانبەگنىڭ ھاجى ئاتىمىزغا ئىخلاس قىلغانلىقى راست؛ ئۇنىڭ ئاتلىق، پىيادە قوشۇنلىرى يۇرتىمىز تەۋەسىدىن ئۆتكەندە ئات - ئېگەر، ئاشلىق - ئوزۇق، يەم -

خەيشەك ئىنتايىن قىلغانلىقىمۇ راست؛ شۇنىڭدىن كېيىن خەت ـ ئالاقە قىلىش پۇرسىتى تاپالمىغانلىقىمۇ ھەقىقەت. شۇنداق تۇرۇقلۇق «گۇماشتىسى» دېگىنى نېمىسى؟ «ئىخلاسمەن كىشىسى»، «ساداقەتمەن ئادىمى» دېيىشسە، تىلىغا كۆيدۈرگە چىقامدىكىنە!؟ ...

بۈگۈنمۇ يەنە شۇنداق گۇمانلىق زىياپەت، سىرلىق پىچىرلاش، تېگى ـ تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان قەھىر ـ غەزەپ!... ئۇ نېمە دېگەندۇ؟ ھاكىمچۇ؟ نېمانچە ئاچچىق قارايدۇ ماڭا؟ ماۋۇ تىلكىنىڭ تەكەببۇرانە تۇرقىغا قارىمامدىغان؟ ھېجىبىسىپ تۇرۇشىغا قارىمامدىغان؟...

بەگ ئاتقا مىندىمۇ، ئات بەگكىمۇ، ئات ئۈستىدە ئۆيىگە قاراپ كېتىۋاتامدۇ ياكى جىنازا ئىچىدە ئۇ دۇنياغىمۇ؟ بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. كۆز ئالدىدا شۇ خۇپىيانە پىچىرلاش، قەھرلىك كۆز، ھېجىبىسىپ تۇرغان تەلەت... ئىسلامبەگ بايىقى ئىككى بوغۇمنى ئۇنداق ئۇلاپمۇ، مۇنداق ئۇلاپمۇ بىرەر مەنە چىقىرالماي، تېخىمۇ تىت ـ تىت بولدى. «ھاكىم زادى نېمە دېگەندۇ؟...» تۇساتتىن قورقۇنچلۇق بىر سوئال تۇغۇلدى: «ئۇن يىللىق قاماق؟» كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، دېمى سىقىلدى، ماغدۇرى ئۈزۈلدى. ئۆز ئوقۇرىغا ئالدىرىغان بوز يورغا يورغىسىنى تېزلەتكەنىدى. ئاتلىق كىرگەندە ئېگىشىش كېرەكلىكىنى ئەستىن چىقارغان بەگنىڭ پېشانىسى چوڭ دەرۋازا جەگىسىگە «جاققىدە» تەگدى. ئۇ، بوسۇغا ئۈستىگىلا يىقىلدى:

— ۋاي بېلىم!...

ئوغۇل، كۆيئوغۇللىرى ھەر تەرەپكە ئات چاپتۇرۇشتى.

داڭلىق تېۋىپلاردىن ئىككى ـ ئۈچى ھازىر بولدى.

— ھېلىمۇ خۇدا ساقلاپتۇ. ئۇمۇرتقىلىرىغا دەز كەتـمەپتۇ، بەللىرى ئازراق كۆكىرىپتۇ. پېشانىلىرى سەل ـ پەل سۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. ھەر كۈنى كەچقۇرۇن ئېقىن سۇدا چۈمۈلدۈرىمىز، تۇخۇم بىلەن شاقىداپ تاڭىمىز، ئىسسىق چۆمكەيمىز. قۇۋۋەتلىك يەپ، ئۈزمەي تۇخۇم ئىچىپ، مىدىرلىماي ياتىلا. خۇدا بۇيرۇسا، ھەپتە ـ ئون كۈندىن كېيىن سەللىمازا ساقىيىپ كېتىلا...

داۋالاش شۇ تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. ماۋۇق ياستۇق خامان تېپىشىدەك، يۇمشاق كۆرپە رەندە سېلىنمىغان تاختايدەك قاتتىق بىلىنمەكتە ئىدى:

— تۈزۈكرەك ياستۇق يوقمىدى؟ كۆرپە ئىچىگە پاختا سېلىنغانمۇ، تاش ـ تۇپراقمۇ؟ ۋاي بېلىم!...

باش ئاغرىقى، بەل ئاغرىقىدىنمۇ بەكرەك ئازابلاۋاتقىنى يەنىلا شۇ سىرلىق كۆرۈنۈش، جاۋاب تېپىش قىيىن بولغان مۇرەككەپ سوئال ئىدى. كۆزى ئېچىلغان ھامان تەشۋىشلىك خىيال، كۆزى يۇمۇلغان ھامان قورقۇنچلۇق چۈش: قاپقارا ئىككى تۆشۈكتىن ئىككى يىلان ئېتىلىپ چىقىدۇ. بۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ ئۇچار يىلانلارنىڭ كۆزىدىن، تىلىدىن ۋە پۈتۈن جىسمىدىن لاۋۇلدىغان ئوت يېنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار بەگنىڭ باش ئۈستىدە ئوتلۇق قۇيۇندەك پىرقىرايدۇ، پىرقىراپ تۆۋەنلەيدۇ، بەگنىڭ بېلىنى چەمبەرچاس يۆگـەۋالىدۇ، ئۈزلۈكسىز نەشتەر ئۇرىدۇ. بەگ تىنالمايدۇ، قارا تەرگە چۆمىدۇ ۋە ئاخىر «ۋايجان!...» دەپ ئويغىنىپ كېتىدۇ. تىنىقى جايىغا چۈشكەندىن كېيىن، تەيەممۇم

(سۇسىز مۇستەھەپ) قىلىپ، قۇرئان تىلاۋەت باشلايدۇ، شۈكۈر - سانا ئېيتىدۇ، سىرلىق سوئاللار تورى ئىچىدە ھالسىزلىنىپ، يەنە ئۇيقۇغا كېتىدۇ. كۆزىدىن ئوت، ئاغزىدىن ئىس - تۈتۈن يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ قارا قۇش ئوقتەك ئۇچۇپ كېلىدۇ. قان تېمىپ تۇرغان تىرناقلىرىنى بېگىمنىڭ قاق بېلىگە پاتۇرىدۇ. ئاسمانغا، بۇلۇتلار ئۈستىگە ئاچقىپ كېتىدۇ. ئاۋۋال كۆزىنى چوقۇيدۇ، ئاندىن كېيىن يۈرىكىنى. «ئاچقىش بىزدىن، چۈشۈپ كېتىش ئۆزۈڭدىن، چۈشۈپ كەت ئەمدى!» دەيدۇ. ئىسلامبەگ موللاقچى كەپتەردەك پىرقىرىغانچە خەتەرلىك ھاڭغا يېقىنلىشىدۇ، ئاھ!» دەپ ئويغىنىپ كېتىدۇ.

«نېمە ئۈچۈن يىلان بىر ئەمەس، ئىككى؛ قارا قۇشمۇ ئىككى؟ چۈشۈمدە ئايان بولغان زىيانداشلىرىمنىڭ ھەممىسى بىر ئەمەس، ئىككى؟ بۇ — ھاكىم بىلەن مەنسۇر تۆلكىمىدۇيا؟ توختا، ھۆكۈمالارنىڭ تەبىرىنى ئاڭلاپ باقاي.»

ئالاھىدە ئىززەت - ئىكرام بىلەن تەكلىپ قىلىنغان ئاقىل ھۆكۈمالار ۋەقەلىك جەريانىدىن تەپسىلىي خەۋەر تاپقان ۋە ئۆزئارا مۇتالىئە قىلىشقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— قاپقارا ئىككى تۆشۈك — بىر جۈپ كۆز، بىر جۈپ ئۇتلۇق يىلان ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن قەھر - غەزەپ؛ بىر جۈپ قارا قۇشمۇ بىر جۈپ كۆز، ئوت - يالقۇن، ئىس - تۈتۈنمۇ قەھر - غەزەپ. بۇلارنىڭ ھەممىسى رەھىمسىز بىر زالىمنىڭ قەھر - غەزىپىگە يولۇققانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر.

— مانا، مەن دېمىدىممۇ؟ — ئۆز ئىچىدە تەكرارلايتتى
بەگ، — مەنسۇر تۈلكە مېنى چاققان، چاققاندىمۇ... ئەي
تۈلكە، نېمە يامانلىق قىلغان بولاتتىم مەن ساڭا؟ غەللە -
پاراقنى سۈيلەپ كەلگەنلەرگە ئېيتقان گېپىمنى بۇرمىلاپ
يەتكۈزگەنسەنمۇيا؟ غەللە - پاراق ئېغىرلىشىپ كەتتى.
بىچارە دېھقانلار ئامالسىز قېلىۋاتىدۇ، دېدىم. راست گەپ
قىلغانلىقىم گۇناھمۇ؟ ئۇلار ئازراق دېمىنى ئېلىۋالغان،
بېلىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن ئۆزۈم ھەيدەكچىلىك قىلىپ،
تولۇق تاپشۇرتقۇزاي، سەل - پەل تەخىر قىلىڭلار دېگىنىممۇ
گۇناھمۇ؟...

بېگىمنىڭ يەتتە - سەككىز ياشلىق نەۋرىسى قاناپ
كەتكەن بۇرنىغا ماز تىقىلغان ھالدا يىغلاپ كىردى.

— نېمە بولدۇڭ؟ كىم ئۇردى سېنى؟

— قومۇلاڭغا بېسىۋېلىپ...

— كىم؟

— ئىمىق، جۇۋازچىنىڭ بالىسى ئىمىق.

— مۇنداق - دە...

ھاشىم جۇۋازچىنىڭ بالىسى ئىمىن ئەمدىلا ئالتە
ياشقا كىرگەن ياۋاش بالا ئىدى. ئۇ، ئۆز ئاداشلىرى بىلەن
قومۇلاڭدا چېلىشىپ ئوينىۋاتاتتى. بۇ ئارزۇلۇق نەۋرە خېـ
لىغىچە تاماشا كۆردى، ئاخىر قىزىقىپ قالدى. چېلىشچى
پالۋانلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىمىن ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن
چېلىشمەن دەپ تۇرۇۋالدى. ئىمىن تەپ تارتقان، قورققان،
چېلىشمايمەن دەپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، ئاخىر بەل
تۇتۇشۇشقا مەجبۇر بولدى. ئىككى قېتىم يىقىلدى، ياق،

قەستەن يىقىلىپ بەردى. روھلىنىپ كەتكەن بەگ نەۋرىسى «مەرتەم ـ مەرتەم ئۈچ مەرتەم» دەپ تىۇرۇۋالدى. بۇ قېتىم ئىسمىن بىسىۋالدى. شۇ جەريانىدا ھەر ئىككىسىنىڭ بۇرنى قاناپ كەتتى. ۋەقەلىكنىڭ جەريانىدىن بىخەۋەر ئىسلامبەگ ئارزۇلۇق نەۋرىسىنى بۇ ھالىدا كۆرۈپ، ئىچ ـ ئىچىدىن پۇچۇلاندى، ئۇھ تارتتى. «ئاشۇ نەس باسقان زىياپەتتىن بۇرۇن بولغانىمىدى مۇنداق ئىش؟ ھېلىتىنلا بالىلىرىمنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىدىن قان ئېلىشقا باشلىسا...»

ھەپتە ـ ئون كۈن ئىلگىرى ئىسلامبەگ ئۈچ قېتىم چۈشكۈرۈپ بولغۇچە «زۇكامداپ قاپتۇ» دەپ پايىپېتەك بو-لىدىغان ھىجايغاق خۇشامەتچىلەر، تېۋىپ ئىزدەپ ھەر تەرەپكە چاپىدىغان خالىس چاپارمەنلەر ئاز ئەمەس ئىدى. ئىشان تۆرەم، ھاجى ئىمام، مەنسۇر تۆلكە دېگەنلەرمۇ سۈت ـ قايماقچىدەك ھەر كۈنى كېلەتتى. ئەمدىچۇ؟ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما بۇرۇنقىدەك كۆپ ئەمەس، قىزغىن ئەمەس. يەنە كېلىپ، ئۇلار «ئىلاھا ئامىن» دىن كېيىنلا يۇقىرىدىن ـ ھاكىم ئوردىسىدىن بىرەر خەت ـ خەۋەرنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سوراپ بېقىشىۋاتىدۇ. دىشۋارچىلىق ئۆتتى ئۈستىگە تەشۋىش يېغى چېچىشىۋاتىدۇ.

يوقلاپ كەلگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن مويىسپىتلار، يۇرت كەزگەن ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار، كىچىك تىجارەتچى ـ ھۆپىگەرلەر، بىلىمى يۇقىرى بولىسىمۇ، ئورنى تۆۋەن قارىيلار ئىدى. بەگنىڭ ئۆشرە ـ زاكات، پىتىر ـ سەدىقىسىدىن بەھرىمەن بولغان ۋە ھېيت ـ ئايەملەردە ھال ـ ئەھۋال سوراپ قويۇشقا نائىل بولغان تۇل خوتۇن،

يېتىم ئوغۇللارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. بۇلارنىڭ هال سوراش سۆزلىرى ۋە خۇداغا قىلغان ئىلتىجاسى هىيلىگەرلىك، ساختىپەزلىك، ئىككى يۈزلىمچىلىك ۋە خۇشامەتگۇيلۇقنىڭ رەڭ - بوياقلىرىدىن خالىي ئىدى. بۇلار ئىسلامبەگنىڭ «ئەهلى جامائەت ئىچىدە نىمە گەپ، نىمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ؟» دېگەن سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىشتى:

— هەممىلا يەردە هاكىم ئالىلىرى مەنسۇر تۈلكىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپتۇ، ئىسلامبەگكە هۆمىيىپتۇ، تۈلكە هىجىيىپتۇ، بەگ تاتىرىپتۇ، دېگەن گەپ. قىش - ياز پوستەكچىنىڭ ئەسكى تۇمىقى بىلەن جۇۋازچىنىڭ جەندىسىنى كىيىپ، سۆكسوك ئېشەك ئۈستىدە تاسقىلىپ يۈرىدىغان پىخسىق تۈلكە هازىر چىمەن دوپپا، بەقەسەم تون، شايى بەلباغ بىلەن يۈرىدىغان، ئاتتىن چۈشمەيدىغان بولۇپ كەتتى. ئاڭلىساق، ئىككى كۈندە بىر قېتىم ساقال ياسىتىدىكەن. كىشىلەرنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالايمۇ دېمەيدۇ، هالى بەك يوغان! لەقىمىنى ئاتاشقا هېچكىم پېتىنالمايدۇ. هازىر ئۇنىڭ ئىسمى — مەنسۇر باي. ئۆپكىسى يوق سەرۋازلاردىن بىرنەچچىسى «مەنسۇر بېگىم» دەپ يۈرۈپتۇئىمىش تېخى! شاۋاز مىراب بىزنىڭ كەنتىنىڭ سۇ نۆۋىتىنى ئۇنىڭ كەنتىگە بېرىۋېتىپتۇ. گەپ قىلساق، سىلەر ئىسلامبەگ بىلەن بىر كەنت - بىر مەهەللە بولغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن خالىغانچە سۇ ئاچتىڭلار، مەنمۇ پول قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم، ئەمدى پول قويالمايمەن! دەيدۇ.

— مۇنداق دەڭلار، يەنچۇ؟

— ئىشان تۆرەم، هاجى ئىمام، يۈزبېشى، كۆكبېشى،

مىراب دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى مەنسۇر تۈلكىگە كۈچۈكلىنىدىغان بولۇپ كەتتى. كۈندۈزى جانابلىرىغا ئانچە-مۇنچە كۆرۈنۈپ قويىدۇ، كېچىسى ئۇنىڭ بوسۇغىسى ئەتراپىدا.

— مۇنداق دەڭلار، — بەگ ئۆز كۆڭلىدە ھۆكۈم قىلدى، — قولتۇق تاياققا ئېرىشكەنلىكى راست ئىكەن-دە، قېرى تۈلكىنىڭ!...

ئېھسانبەگ پاجىئەسى ئەمدى ئۇنىڭ يادىدىن چىقمايدىغان، كۆز ئالدىدىن كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇ چاغدىكى بالا-قازامۇ زىياپەتتىن كېيىنكى پىچىرلاش تۈپەيلىدىن كەلگەن. ئاكام ئۇ چاغدا 47 ياش ئىدى، مەنمۇ بۇ يىل دەلمۇدەل قىرىق يەتتىگە قەدەم قويدۇم. تەقدىرى قىسمىتىمىزمۇ ئوخشاش بولۇپ قالامدۇ-نېمە؟ ئەمەل دېگەن ئوت، ئەمەل تۇتمايمەن، ئوتقا يېقىن يولىمايمەن دەپ شۇنچە قىلسام، ئەل-جامائەت ئۇناشمىدى. ئېھسانبېگىم دەۋرىدە يۇرتىمىز ئاۋاتلاشقان، بىزمۇ خېلى روناق تېپىپ قالغانىدۇق، مەرھۇم بېگىمنىڭ يۈز-خاتىرىسى، ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن، تەلپىمىزنى رەت قىلمىغايلا دەپ تۇرۇۋالدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بولسا... ئاڭلىغىنىم راستمىدۇ؟ پەرىزىم توغرىمىدۇ؟ «ئون يىللىق قاماق»!؟... ئاكامنىغۇ ھاجى ئاتىمىزغا چاتقان، مېنى كىمگە چاتار؟ قانداق جىنايى بەتناملارنى چاپلار؟ ھەر نېمە قىلسا قىلىدۇ. بۇ جاھاندا ۋاپا يوق، ئەمەلداردا يۈز!...

ئىسلامبەگ ئاخىر بىر قارارغا كەلدى: ئوغۇل، كۈيئوغۇللىرىم قابىل، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدۇ، ئۇلاردىن خاتىرجەممەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، غەپلەت ياستۇقىغا باش

قويۇپ، ئەجەل سائىتىمنى كۈتۈپ يېتىۋېرەمدىمەن؟ ياق! سەل ياخشىلانغاندىن كېيىنلا ھەم تىجارەت، ھەم زىيارەت يولىغا ماڭىمەن. يۇرت كېزىمەن، شەھەرمۇشەھەر ئايلىنىمەن. خۇدا نېسىپ قىلسا، مەككە مۇنەۋۋەرىنى تاۋاب قىلىمەن. مەرھۇم ئاتا ـ ئانام بىلەن شېھىت كەتكەن ئاكام ئۈچۈنمۇ تاۋاپ قىلىمەن. تۇر تېغىغا چىقىپ، ئىبلىسقا تاش ئاتىمەن، ئادەم سۈرەتلىك ئىبلىسلارغىمۇ تاش ئاتىمەن! مەن قايتىپ كەلگۈچە، ھاكىمنىمۇ نەس باسار، تۈلكىنىمۇ يەر يۇتار!...

«ئىسلامبەگ خۇدانىڭ كەئبىسىنى تاۋاپ قىلغىلى كېتىپتۇ!» ــ بامدات نامىزى ۋاقتىدا تارقالغان بۇ خەۋەر، چاشكا ۋاقتىغا كەلگەندە «قېچىپتۇ» غا ئۆزگەرگەنىدى. مانا ئەمدى «ئەجەل خەۋىرىنى ئاڭلاپ قاپتىكەن، ئۆلەر تىرىلىشىگە قارىماي تىكىۋېتىپتۇ!» دېگەن دەرىجىگە كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر جۈمە نامىزىدىن يېنىش ئالدىدا تۇراتتى. مەنسۇر تۈلكە ئورنىدىن تۇردى، ئەھلى جامائەتكە تەكەببۇرانە نەزەر سالدى. بىرنەچچە خۇشامەتچى ئۇنىڭ قولتۇقىغا كىرىشكە ئالدىراۋاتاتتى:

ــ ئىسلام... ئىسلام قاچقۇنمۇ قۇيرۇقىنى تىكىۋېتىپتۇ. بېگىم، ئەمدى ئۆزلىرى...

ــ ھاكىم ئاللىرىنىڭ سىرداش دوستى ئەمەسمۇ سىلى؟

— ھاكىم ئاللىرىمۇ، بەگ بولۇشقا مۇناسىپ كىشى — سىلى - ئۆزلىرى دەپ پىچىرلىغانغۇ دەيمەن؟

— بېگىم، پۈتۈن ئەل - جامائەت نامىدىن ھاكىمغا تەلەپنامە سۇنايلى. بار ۋەسىلىمىز كەتسىمۇ مەيلى. يۇرتىمىزغا بەگ، يۇرت ئەھلىگە باشپاناھ بولغايلا.

— خوپ، ئەل - جامائەتنىڭ تەلەپ - ئارزۇسى شۇ بولسا، — دېدى مەنسۇر تۈلكە بەگ بولۇشقا قىزىقمايۋاتقاندەك قىياپەتتە، — تەلەپنامە يازسىڭلار، يېزىۋېرىڭلار. قاچقۇن بەگنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى تولۇق تىركەشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار - ھە!

— ئەلۋەتتە، — دېدى خۇشامەتچىلەر، — ئۆزلىرى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ھاكىمنىڭ ئالدىغا چاپىمىز. تەلەپنامىمىز بىلەن سوۋغىمىزنى كۆرىدىغانلا بولسا...

كۆپنى كۆرگەن مويسىپىتلار، يۇرت كەزگەن ھۈنەرۋەن-كاسىپلار ئېچىنىش ۋە ھەسرەت ئىچىدە پىچىرلاشماقتا ئىدى:

— ياخشىنىڭ نەسلى ئىدى، خېلى تۈزۈك بەگ ئىدى.

— بەزى يۇرت بەگلىرىدىن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنەتتى.

— ئاشۇ بېخىل تۈلكىنىڭ قولىغا قالارمىزمۇ ئەمدى؟

— نېمىدەپ پىچىرلىغان بولاتتى ئۇ ھارامزادە؟

راست، ئۇ زادى نېمىدەپ پىچىرلىغان؟

— ھاكىم ئاللىرى، ئۆزلىرىگە مۇنچە كاتتا زىيا-پەت بېرىشىدىكى مەقسەت - مۇددىئا مۇشۇ يۇرتنىڭ

بەگلىكىنى تەلەپ قىلىش ئىدى، — دېگەنىدى مەنسۇر تۆلكە.
شۇ تاپتا ئۇ قەھر - غەزەپكە تولىمۇ موھتاج ئىدى.
مۇشۇ قەھر - غەزەپ چاقمىقى ئارقىلىق كۆيدۈرىدىغىنى
ۋە ئېرىشىدىغىنى ئۆزىگە ئايان ئىدى. ھاكىمچۇ؟
ئۇ مۇنداق دېگەنىدى:
— ھۇ، خوتۇن تالاق!

1987 - يىل يانۋار. قەشقەر.

# قوش مەسچىت

## 1

بوۋا، مۆھتەرەم بوۋا، سەن ئېيتىپ بەرگەن چۆچەك - رىۋايەتلەر نەقەدەر ئاجايىپ - غارايىپ ۋە قىزىقارلىق ئىدى - ھە؟ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە يېتىپ بارالايدىغان ئۇچار گىلەم، ئۇچار دۇلدۇللار، خاسىيەتلىك جاھاننامە ئەينەكلەر، «ئېچىلىڭ داستىخىنىم» دەپ بولغۇچە تۈرلۈك - تۈمەن نازۇ نېمەتلەرگە تولۇپ تۇرىدىغان خىسلەتلىك داستىخانلار، بەتنىيەتلەرنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىغان سىرلىق توقماقلار... بوۋا، بىر كەچقۇرۇنلۇقى ماڭا مۇنداق بىر چۆچەك ئېيتىپ بەرگەنىدىڭ:

ئىشقى سەۋدايىغا مۇپتىلا بولغان ئارزۇلۇق شاھزادە ۋىسال يولىغا راۋان بوپتۇ. گىياھ ئۈنمەس چۆل، قۇش قونماس تاغلاردىن ئۆتۈپتۇ. قاراقچىلارغا ئۇچراپ، ئەسلى - ۋەسلىدىن ئايرىلىپتۇ. ئاخىر بىگانە بىر مەملىكەتنىڭ مەركىزى شەھىرى ئەتراپىدا ئوتۇنچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئادەم گۆشىدە مانتا ئېتىپ ساتىدىغان مانتىپەز -

نىڭ قاپقىنىغا دەسسەپ، ئۇنىڭ يوشۇرۇن زىندىنىغا چۈشۈپ قاپتۇ. قارىسا، نەچچە ئونلىغان شور پېشانە يىگىت لەر ئىڭراپ ياتقۇدەك. ئايپالتىلىق بەتتەيۇمت جاللاتلار كىرگەن هامان «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز، مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز» دەپ بىر - بىرىنى ئىتتىرىشۋاتقۇدەك. كۆڭۈللەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئورۇقمۇ، سېمىزمۇ تۈگەپ كېتىشۋاتقۇدەك...

قىزىقىپ ئاڭلىغىنىم، جاۋابسىز سوئال، تەشۋىشلىك خىياللار تورى ئىچىدە ئۇخلاپ قالغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. چۈش كۆرۈپتۇمەن: ئاشۇ قورقۇنچلۇق قاراڭغۇ زىنداندا تۇرغۇدەكمەن. ئايپالتا كۆتۈرگەن بەتتەيۇمت جاللاتلار كىرىپ: «سېمىزلىرىڭ بۇياققا ئۆتۈش!» دەپ ۋارقىرىغۇدەك. ئېچىرقاپ كەتكەن چىلبۆرە كىرىۋالغان چوڭ قوتاندىكى قوي پادىسىدەك بىچارە ھالغا چۈشكەن بىئەقىل تۇتقۇنلار «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز» دەپ بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىۋاتقۇدەك. ئىتتەرگەنلەرمۇ، تىرەجىگەنلەرمۇ بارا - بارا تۈگەپ، نۆۋەت ماڭا كەلگەنىمىش. «سەن ھەممىدىن كىچىك ۋە ھەممىدىن ئورۇق بولساڭمۇ، — دەپ سۆرەۋاتقانىمىش ئۇلار، — بىرقانچە قاسقان مانتىغا يارايسەن، يۈر!» تىرەجەپ تۇرۇۋالغۇدەكمەن، ئۇلار سۆرىيەلمىگۇدەك. ئاخىر ئۇلار: «بوپتۇ، مۇشۇ يەردىلا جېنىنى ئالايلى!» دەپ ئايپالتىنى ئېگىز كۆتۈرگۈدەك...

— بوۋا!... بويىنۇڭنى شۇنداق قۇچاقلىۋاپتۇمەنكى، تىنالماي قاپسەن.

— بالام، نېمە بولدۇڭ؟ مەن بار، قورقما! — دېدىڭ ئىسسىق باغرىڭغا مەھكەم بېسىپ.

ئېغىز - بۇرۇنلىرىمنى قورقاق بېسىپ كەتتى. نەچچە كۆنلەرگىچە قىزىپ، جۆيلۈپ چىقتىم. بۇ چۆچەك بىلەن چۈش زادىلا ئېسىمدىن چىقمىدى. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە يەتكەندە كۆپرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم: «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز» دەپ بىر - بىرىنى ئەجەل گىردابىغا ئىتتىرىدىغانلار ئەينى زامانلاردىلا بولۇپ ئۆتكەنمۇ؟ ھازىر تۈگەپ كەتتىمۇ؟ بىزنىڭ كوچىدا يوقمۇ؟...

مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كوچامغا نەزەر سالاتتىم.

2

كوچىمىز — ئورغاقسىمان ئاي شەكىللىك خالتا كوچا. ھازىر «قوش مەسچىت» دېمىسە ھېچكىم بىلمەيدىغان بۇ كوچىمىزنىڭ ئەسلى نامى «ئايكوچا» ئىكەن. شۇنداقمۇ، بوۋا؟

19 جۈپ دەرۋازا بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان بۇ خالتا كوچىمىزدا كۆلمى، قۇرۇلۇش نۇسخىسى، مۇنار - گۈمبەزلىرىنىڭ ئېگىزلىكىدىن تارتىپ، ئىچكى - تاشقى نەقىشلىرىگىچە ئوپئوخشاش ئىككى مەسچىت بار. سىرىدىن تارتىپ، پىرامىداسىمان قالپاقلىق مىخلىرىغىچە تامامەن ئوخشىشىدىغان ئىككى دەرۋازىمۇ بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرىدۇ. ئىككى مەزىن بىرلا ۋاقىتتا ئەزان ئېيتىدۇ. قارىمۇقارشى ئىككى دەرۋازىدىن تەڭ چىققان ئىككى مۇسۇلمان بىر - بىرىگە سالام بېرىشمەيدۇ، تىنچ - ئامانلىق سوراشمايدۇ. ئوڭ ياقتىن چىققىنى ئوڭ ياقتىكى، سول

ياقتىن چىققىنى سول ياقتىكى مەسچىتكە راۋان بولىدۇ. ھېيت - ئايەم كۈنلىرى ئىككى ياقنىڭ جامائىتى ئىككى توپ بولۇپ، چوڭ جامەگە قاراپ ماڭىدۇ. بىر - بىرىنىڭكىگە ھېيتلىمايدۇ. قۇدا - باجا بولۇشمايدۇ. بۇ تەرەپتىكىلەر مېيىت ئۇزىتىۋاتسا، ئۇ تەرەپتىكىلەر توي نەغمىسى چېلىۋېرىدۇ. ئىككى ياقتىكى بالىلارنىڭ ئۆزئارا دوست - ئاداش بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. بۇ تەرەپتىكى بالىلارنىڭ لەگلىكى ئۇ تەرەپ بوشلۇقىدا پەيدا بولغان ھامان شۇ تەرەپ بالىلىرىنىڭ تاش - چالمىلىرى زەربىسىدىن ئۆتمەتۆشۈك بولماي قالمايدۇ. ئۇ تەرەپتىكى كەپتەرۋازلار بۇ تەرەپتىكىلەرنىڭ كەپتىرىنى تۇتۇۋالغان ھامان قانات - قۇيرۇقلىرىنى يۇلۇپ - يۇڭداپ ئاسمانغا ئاتىدۇ. بۇياقتىن - ئۇياققا ئۆتۈپ قالغان خوراز - مېكىيانلارنىڭ ھەرقانداقى ئۆز كاتىكىگە قايتىپ كېتەلمەيدۇ. باشقا كوچىلارنىڭ ئۈستىگە قانچىلىگەن كۆتۈرمە ئۆيلەر سېلىنغان. بىزنىڭكىدە بىرىمۇ يوق. ئىككى تەرەپ ئىناق بولمىسا، بىر - بىرىگە يول قويمىسا، كۆتۈرمە ئۆي سالغىلى بولمايدىكەن. شۇنداقمۇ، بوۋا؟

ئىككى تەرەپتىكى خوتۇن خەقلەر ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى قارشى تەرەپ خوتۇنلىرىنىڭ غەيۋەت - شىكايىتىنى قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ. كىر سۇيى، يۇندىلار قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ بوسۇغا، تام تۈۋىلىرىگە تۆكۈلىدۇ. كىر سۇلىرى قۇرۇپ ياكى توڭلاپ كېتىدۇكى، جېدەل - ماجىرا قۇرىمايدۇ، توڭلىمايدۇ.

ئاڭلىسام ئىككى ياقتىكىلەرنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان

تارتقان دەرد ـ مۇشەققەت، ئازاب ـ كۈلپەتلىرىمۇ بىر ـ بىرىنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن. «تۇڭگان يېغىلىقى» ۋاقتىدا باشقا كوچىلارنىڭ ھەممىسىگە مۇستەھكەم دەرۋازىلار بېكىتىلىپتۇ. بىزنىڭ كوچىدىكى ئىككى تەرەپ پۈتۈنلەي تۇشەلمەپتۇ، بىر دەرۋازىدىن كىرىپ چىقىشنى راۋا كۆرمەپتۇ. قوراللىق چېرىكلەر توسالغۇسىز بېسىپ كىرىشۈپتۇ. بۇلايدىغانىنى بۇلاپ، بۇلغايدىغانىنى بۇلغاۋېرىپتۇ. ئىككى تەرەپ ئاچچىق ساۋاق ئالماپتۇ. پۇشايمان قىلماپتۇ. شۇڭ شىسەي، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا بىر ـ بىرىنى چېقىشتۇرۇپتۇ، تۇتۇپ بېرىشىۋېرىپتۇ. نەتىجىدە ھەر ئىككى تەرەپتىن ھەپسىگە ئېلىنغان، قەتل قىلىنغانلار تەڭ نىسبەتتە دېگۈدەك بوپتۇ. مانا ھازىر «ئۆچكە، بەشكە قارشى ھەرىكەت» ۋاقتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى غەزەپ بىلەن سۆكۈشمەكتە، پاش قىلىشماقتا:

— ئۇ — ئوغرى!

— ئۇ — ئۆزى تويسىمۇ، كۆزى تويمايدىغان ئەڭ چوڭ باج ئوغرىسى!

— ئۇ — يىرتقۇچ يولۋاس!

— ئۇ — ئەشەددىي يولۋاس!

گويا ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشمەكتە:

— مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز!

— ئۇ سېمىز، مەن ئورۇق...

سەۋر ـ تاقەت قىلالمىدىم، بەرداشلىق بېرەلمىدىم. ئاخىر ساڭا مۇراجىئەت قىلدىم:

— بوۋا، ئوبدان بوۋا، كوچا ـ مەھەللىمىزنىڭ بىر

ئەسرلىك تارىخى ساڭا بەش قولدەك ئايان. ئېيتقىنا، كوچىمىزدىكلەر ئەزەلدىن مۇشۇنداق نائىناقمىدى؟ نەچچە يىل ئالدىدا سورىسامغۇ، سەن تېخى كىچىك، تېگى - تەكتىگە يېتەلمەيسەن دېدىڭ. چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالدىمغۇ مانا. ئەمدىغۇ ئېيتىپ بېرەرسەن؟ بوۋا، نېمانچە خىيالغا چۆكۈپ كېتىدىغانسەن؟ مۇنچە تەقەززا قىلمىغىنا!

— ماقۇل، بالام، — دېدىڭ لەۋزىمنى يەردە قويماي، — هازىر سەن كىچىك بالا ئەمەس، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيسەن، گەپ - سۆزۈمنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتەلەيسەن، زېهنىڭ بىلەن ئاڭلا، سۆزلەپ بېرەي:

3

دۇرۇس، كوچىمىزنىڭ ئەسلى نامى «ئايكوچا» ئىدى، ئايدەك يورۇق، يىللىق كوچا ئىدى. قان - قېرىندا شلىق مۇهەببىتى تاش - كېسەك، تام - تورۇسلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن ئىناق كوچا ئىدى؛ زوهۇرىدىن هاكىمبەگ دەك كاتتا زاتنىڭ ئىزى، موللا سادىق ئەئلەمئاخۇنۇم، ئابدۇرەهىم نازارى قاتارلىق پىر - ئۇستازلارنىڭ نەزەرى چۈشكەن خىسلەتلىك كوچا ئىدى! ياسىن داموللا هاجىم هەزرەتلىرى ئاخىرەتكە سەپەر قىلغاندىن كېيىن (ياتقان يېرى جەننەتتىن بولغاي، ئىلاها ئامىن) ئارىمىز بۇزۇلدى، بىر مەسچىت ئىككى بولدى، «ئايكوچا» دېگەن تەۋەررۇك نام «قوش مەسچىت» كە ئۆزگەردى. ئاغرىق - ئاداۋەت، بالايى - قازا باشلاندى!

مەرھۇم ئىمامىمىز ياسىن داموللا ھاجىم ھەزرەتلىرى ئاتاق - ئابرويلۇق مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى. پۇل - مال، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنىڭمۇ ھەددى - ھېسابى يوق ئىدى. ھەقتائالا ئۇنىڭغا بىر جۈپ قوشكېزەك ئوغۇل ئاتا قىلغان. چوڭىنىڭ ئىسمى ھەسەن، كىچىكىنىڭ ھۈسەيىن ئىدى. بوي - ئىسكەت، رەڭ - چىراي، خۇلق - مىجەز جەھەتتىمۇ ئايرىۋالغۇسىز ھالدا ئوخشاشلىقى بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۆگەندى، بىلىم تاپتى، يۇرت كەزدى، سودىگەرچىلىكنىڭ تىلىنى بىلدى، پۇل تاپتى. ئىمامىمىز ئۇشتۇمتۇت يېتىپ قالدى. ئوغۇللارغا خەت - خەۋەر ئەۋەتىلدى. ھۈسەيىن يېقىنراق بىر شەھەردە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن بۇرۇنراق كەلگەنىدى، دەرھال تويىنى قىلىپ، ئاتىلىق قەرزىدىن خالاس بولدى. ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئاكىسى ھەسەن قارىم كەلدى. ئىمامىمىز ئۇنىڭ تويىنى قىلىپ قويغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ناماز بامداتتىن بۇرۇن ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى. كوچىمىز ئابرويلۇق ئىمامىدىن ئايرىلدى، ئاقىل، مېھرىبان، دۇئاگۆي ئاتىسىدىن ئايرىلدى. بىز ئەھلى جامائەت ياراملىق بىر ئىمامغا موھتاج ئىدۇق. مەرھۇم ئىمامىمىزنىڭ قوشكېزەك ئوغۇللىرىغا تىكىلدۇق. ھەر ئىككىسى بىلىملىك، خۇش پېئىل، ئەخلاق - پەزىلەتلىك ئەھلى سودىگەر يىگىتلەر ئىدى. قايسىسىنى تاللاش كېرەك؟ قائىدە - يوسۇن بويىچە بىز ئاكىسىنى تاللىدۇق. شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ تەستىق مۆھرىنىمۇ ئالدۇق. ھەممىمىز خاتىرجەم بولدۇق، بۇرۇنقىدەكلا بىر مەسچىتكە جەم بولدۇق.

خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ قۇشكېزەكلەرنىڭ رەپىقىلىرىمۇ قۇشكېزەك ئاچا - سىڭىللار ئىكەن. ئاچىسى ئالتۇنخېنىم بۇرۇن ياتلىق قىلىنىپ ھۆسەينقارىمنىڭ، سىڭلىسى تىللاخېنىم كېيىن ياتلىق قىلىنىپ، ھەسەنقارىمنىڭ نىكاھىغا ئۆتۈپتۇ. خوتۇنلىرىمىزنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇلار چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ھەرقانداق ساھىبجامالاردىن گۈزەل، جەننەت ھۆرلىرىدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن. ھۆسن - جامالدا كامالەتكە يەتكەن، باي، دۆلەتمەن قۇشكېزەك يىگىتلەر بىلەن تەڭداشسىز گۈزەل قۇشكېزەك پەرىزاتلار كوچىمىزنىڭ ئابرويى، شان - شەرىپى ئىدى. بىز ئۇلار بىلەن پەخىرلىنەتتۇق، ماختىناتتۇق. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ قان - قېرىنداش قۇشكېزەكلەرگە كۆز تەگدى، كوچىمىزغا كۆز تەگدى! بىرلىك - ئىناقلىق ئاپتىپى بىلەن يورۇپ، ئىنساني مېھىر - مۇھەببەت ھارارىتى بىلەن ئىللىنىپ تۇرىدىغان «ئايكوچا»مىز نائىناقلىق ئىس - تۈتەكلىرى ئاستىدا ئۆچ - ئاداۋەت جۇدۇنلىرى كېزىپ يۈرگەن قاراڭغۇ، سوغۇق «قوش مەسچىت كوچىسى»غا ئايلىنىپ قالدى!

ۋالىي، ھاكىم، بەگ قاتارلىق چوڭ ئەمەلدارلار، قازىئاخۇنۇم، مۇدەررىسئاخۇنۇم ئۇنۋانلىق كاتتا زاتلار ياكى ئاتاقلىق بايلار بولمىغان مەھەللىلەردىكى توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغلارنىڭ ھەممىسىدە شۇ مەھەللىنىڭ ئىمامىنى تۆرگە باشلاش ئاتام زامانىسىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە - يوسۇن. بىزمۇ ھەسەن ئىمامنى تۆرگە باشلايتتۇق، ئىنىسى ھۆسەينقارىم

ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالاتتى. خوتۇن خەقلەرنىڭ ئولتۇ- رۇشىدا ئەھۋال باشقىچە بوپتۇ. ئالتۇنخېنىم: «مەن ئاچا، سېنىڭ يۇقىرى تەرىپىڭدە ئولتۇرۇشۇم كېرەك» دېسە، تىللاخېنىم: «مەن ئاكىنىڭ رەپىقىسى، ئىمامنىڭ رەپىقىسى، ئۆيىنىڭ تۆرى مېنىڭ!» دەيدىكەن. بۇلارنىڭ تالاش- تارتىش، جېدەل - ماجىرالىرى تۈپەيلىدىن ھەرقانداق توي ھازىغا ئايلىنىدىغان بولدى. بىز — ئەھلى جامائەت ئاكا - ئۇكا قوشكېزەكلەرگە مۇراجىئەت قىلدۇق:

— ئىككى خېنىم ئوتتۇرىسىدىكى ئاغرىق - ئاداۋەتنىڭ ئاقىۋىتىدىن تەشۋىشلەنمەكتىمىز. قان - قېرىنداشلىق رىشتى- نى يېڭىباشتىن تۇتاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىناق، بىزنى خاتىر- جەم قىلىشقايلا.

ئاڭلىساق، ئاكا - ئۇكىلار مۇنداق پۈتۈشۈپتۇ: «ئەر جامائەت سورۇنلىرىنىڭ ھەرقاندىقىدا يۇقىرى ئورۇن ئاكىغا، مەزلۇم خەقلەر سورۇنلىرىنىڭ ھەرقاندىقىدا يۇقىرى ئورۇن ئاچىغا مەنسۇپ!»

— مەن ئاكىنىڭ رەپىقىسى، ئىمامئاخۇنۇمنىڭ رەپىقىسى، — دەپ تەكرارلاپتۇ تىللاخېنىم، — يۇقىرى ئورۇن - مەرتىۋە مېنىڭ!

— مەن ئاچا، — دېگەن سۆزدە چىڭ تۇرۇپتۇ ئالتۇنخېنىم، — ئورنۇمنى تارتۇۋېلىشقا ھەرگىز يول قويمايمەن!

ئاكا - ئۇكىلار ئۆز رەپىقىلىرىنى تولىمۇ قەدىرلەيدى- كەن، ئەتىۋارلايدىكەن. ئۇلار ئارزۇلۇق رەپىقىلىرىنى قايىل قىلالماپتۇ. زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىۋېرىپتۇ. مەسچىتنىڭ

بېقىنندىكى ئۆيدە توي بولغان كۈنى بۇ ئاچا ـ سىڭىللار يەنە تۆر تالىشىپ قاپتۇ. تۆرلۈك نازۇ نېمەت، شېرىنلىك لەر بىلەن تولغان داستىخان ئۈستىگە بىر ـ بىرىنى بېسىشىپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى تاتىلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇشۇپتۇ. تىل ـ ئاھانەت، يىغا ـ زار، قىيا ـ چىيا كوچىنى بىر ئاپتۇ. مەسچىتكە كىرىۋېتىپ، ئۆز رەپىقىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغان ئىمامئاخۇنۇم ئىختىيارسىز ھالدا بۇ يەرگە كىرىپ قاپتۇ. قارىسا، باش ـ كۆزلىرى قىممەت باھالىق يىپەك رومال ئىچىدە قالغان ئىككى ئايال بىر ـ بىرىنىڭ چېچىنى مەھكەم سىقىملاشقان ھالدا پومىداقلىشىۋاتقۇدەك. ئۇلارنىڭ بوي ـ تۇرقى ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن، بەس ـ بەس بىلەن كىيىشىۋالغان كىيىملىرىمۇ ئوخشاش ئىكەن.

— تۆر ئورنۇڭدىن! — دەپ گەجگىسىدىن يۇلۇۋاپتۇ ئىمامئاخۇنۇم، — ھۇ، بىنومۇس ئالۋاستى! — شۇ سۆز بىلەن بىر كاچات سالپتۇ.

— ھا ـ ھا ـ ھا!... — گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ تىللاخېنىم، — تۆر تالاشقىنىڭغا تويە، بىنومۇس ئالۋاستى!

ئالتۇنخېنىم ئاغزىنى سىيلىغانىكەن، ئاپئاق ئالقىنى قىپقىزىل قانغا بويىلىپتۇ. ئۆز ئۆمرىدە مەرھۇم ئاتا ـ ئانىسىدىن ياكى ئېرىدىن ئازار يەپ باقمىغان خېنىم بۇ ئىزا ـ كۈلپەتكە بەرداشلىق بېرەلمەپتۇ ـ دە:

— ھۇ، خوتۇنىنىڭ تامبىلىغا سەجدە قىلىدىغان مۇناپىق! — دېگىنىچە، بىر پىيالە رىشالىنى قەھىر ـ غەزەپ بىلەن ئېتىپتۇ. ئىمامنىڭ قاڭشىرى يېرىلىپتۇ. يۈز ـ كۆز-

لىرى ئاپئاق رىشاله بىلەن قىپقىزىل قان ئارىلاشمىسىغا كۆمۈلۈپتۇ.

كۈن ــ تۈنلەر ئاغرىق ــ ئاداۋەت ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. نائىناقلىق ئۈششۈكى قوشكېزەك ئاكا ــ ئۇكىلار يۈرىكىدىكى قان ــ قېرىنداشلىق هارارىتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىش خەۋپى قاش ــ كىرپىك ئارىلىقىدا تۇراتتى. بىز بۇلارنى ئەپلەشتۈرۈش ــ ياراشتۇرۇش يولىغا قەدەم قويدۇق.

— خوتۇنىنى تالاق قىلىۋەتسۇن! — دەپ شەرت قويدى ئاكىسى، — شۇ چاغدىلا مەن ئۇ ئالۋاستىنىڭ ماڭا قىلغان هاقارىتىنى ئەستىن چىقىرىمەن. ئۇكامنى بۇرۇنقىدەكلا قەدىرلەيمەن.

— خوتۇنىنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتمىگۈچە، — دېگەن شەرتنى قويدى ئۇكىسىمۇ، — مەن ئۇنىڭ خوتۇنۇمنى هاقارەت قىلغان، ئۇرۇپ بىر تال ئېزىق چىشىنى سۇندۇرۇۋەتكەن گۇناهىدىن كېچەلمەيمەن!

ياراشتۇرۇش يولىدا تاشلانغان قەدەم، سىڭدۈرۈلگەن ئەجىرلەر زايە كەتتى. پىتنە ــ پاسات كۆپەيدى، زىددىيەت كۈنسېرى چوڭقۇرلاشتى. ئىناق قوشنا ــ هەقەمسايىلەرمۇ چەك ــ چېكى كۆرۈنمەس تالاش ــ تارتىش چۆلىدە قويۇندەك پىرقىراشقا باشلىدى. بىر قىسىملار ئالتۇنخېنىمنىڭ، بىر قىسىملار تىللاخېنىمنىڭ تەرىپىنى ئالدى. هەر كىم ئۆزى هىمايە قىلغان تەرەپنىڭكىنى توغرا دېدى. پىتنە ــ پاسات ئارقىلىق جان باقىدىغان ناجىنس، نائەهلىلەرمۇ چىقىپ قالدى. ئۇلار ئاكا ــ ئۇكا، ئاچا ــ سىڭىللار ئوتتۇرىـ

سىدا كېچە ـ كۈندۈز گەپ تۇشۇپ، ئوت ئۈستىگە ياغ
چېچىشتى. بەزىلەر ھەۋەسىنقارىمنىڭ ھۇجرىسىغا خۇپىيانە
كىرىپ: «سىلى ئاكىلىرىدىن چوڭ، سىمىز تۇغۇلغان. باشلى-
رىمۇ ئاكىلىرىنىڭكىدىن يوغانراق ئىدى. ئاكا بولۇشقا
ھەسەنقارىم ئەمەس، دەل ئۆزلىرى مۇناسىپ» دەپ
قۇتراتقۇلۇق قىلسا، تىللاخېنىمنىڭ يېنىغا ئوغرىلىقچە
كىرىپ: «بۇرۇن تۇغۇلغىنى ئاچىلىرى ئەمەس، دەل ئۆزلىرى
ئىكەنلا، كىندىك ئانا بىر كېچە ـ كۈندۈز كىرىپىك قاقماي
تەۋەللۇت ئۈستىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇيقۇسىزلىق ئىچىدە
گاڭگىراپ قېلىپ، ئىككىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويغانىكەن»
دەپ ئوت قۇيرۇقلۇق قىپتۇ. بەزىلەر ئالتۇنخېنىمغا
ئەقىل ئۆگىتىپتۇ: «ئەرلىرى ھەۋەسىنقارىم سودىگەرچىلىك
قىلىمەن دەپ يول ئازابى ــ گۆر ئازابى تارتسا، سىلى
ئۆزلىرى تەنھالىق، تەشنالىق دەردىنى تارتىتىلا. ھەسەن-
قارىم بولسا، شەھەردىن چىقماي تىجارەت قىلىپ، مۇشەق-
قەتسىز ھالاۋەت كۆرىدۇ. توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم،
نەزىر ـ چىراغلاردىن كېلىدىغان تاپاۋەتمۇ ئاز ئەمەس.
ۋەخپىلەرنىڭ كىرىمىچۇ تېخى! قۇربان ھېيتتا پۈتۈن
كوچىمىزدا قۇربانلىق قىلىنغان قويلارنىڭ تېرە ـ ئۈچەي،
كاللا ـ پاقالچاقلىرى شۇ ئۆيگە قاراپ ئاقىدۇ. تىللاخاننى
يوغىناتقان ئاشۇ پايدا ـ تاپاۋەت ئەمەسمۇ؟ ئەرلىرى
ھەۋەسىنقارىمۇ ئەھلى ئىلىم، قارىي قۇرئان كىشى. ھەر-
قانداق جامە ئىماملىقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. ئاكىسى-
دىن ئوبدانراق قۇرئان تىلاۋەت قىلالايدۇ، تەپسىر
ئېيتالايدۇ. ئاكىسى بىلەن چىرايلىقچە پۈتۈشۈپ نۆۋەت

بىلەن ئىمانلىق قىلسا بولامدۇ؟ ئاكىسى بىر ئاي ئىمام
بولسا، ئۇكىسى بىر ئاي، بۇ يىل ئاكىسى ئىمام بولسا،
كېلەر يىل ئۇكىسى...»

بۇ مەسلىھەت ئالتۇنخېنىمغا يېقىپ قاپتۇ، ئېرىنىمۇ
قايىل قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمانلىق دەۋاسى باشلاندى.
بىر قىسىملار ھۆسەيىنقارىمنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ
مەھكىمە شەرئىگە بارسا، بىر قىسىملار ھەسەنقارىمنىڭ
ئۆمۈرلۈك ئىمام بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ بېرىشتى. ھەر
تەرەپ ئۆزى ھىمايە قىلغان كىشىنىڭ خىسلەت ـ
پەزىلەتلىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۆزى رەت قىلغان
كىشىنىڭ ئېۋەن ـ نۇقسانلىرىنى كۆپتۈرۈشتى. شەرئىەت بۇ
دەۋانى ھەل قىلىشقا چارىسىز قالدى. دوتەي ـ ئامباللارمۇ
ئامال قىلالمىدى. ئۆز قولىغۇچىلىرىنىڭ تەلىپى ۋە ئالتۇن
خېنىمنىڭ تەقەززاسى بويىچە، ھۆسەيىنقارىم ئاخىر
ئۈرۈمچىگە راۋان بولدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھەسەن
قارىممۇ دەرھال ئاتلىنىپ، ھۆسەيىنقارىمدىن بىر كۈن
كېيىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ ـــ نىقابلىق يالماۋۇز
ياڭ جاڭجۈنىڭ قۇمۇل خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مەشھۇر سەر-
كەردىسى تۆمۈر خەلىپىنى قەتل قىلغان كۈنىنىڭ ئەتىسى
ئىكەن. ئۇ غەربىي دىيار خەلقىنى مەڭگۈ مەھكۇملۇقتا
قالدۇرۇشنىڭ چارە ـ تەدبىرى ھەققىدە قالتىس بىر كىتاب
يېزىشقا كىرىشىپ، يۇڭ قەلەم بىلەن مۇنۇلارنى يېزىۋاتقان
چاغ ئىكەن: «...بۇ خەلقىنىڭ دىنى بىر، خۇداسى بىر،
پەيغەمبىرى بىر، كەئبىسى بىر، مەزھىپى بىر، تىلى بىر،
بۇ ئالتە بىرلىك ئۈستىگە دىل بىرلىكى ـــ زىچ ئىتتىپاق

لىق قېتىلىدىغانلا بولسا، تۇگەشكىنىم شۇ، تەختى - بەختىمنىڭ گۇمران بولغىنى شۇ!...»

— ئوغلۇم، ئاڭلاۋاتامسەن؟ ئۇ، ئۆز ھۆكۈمىنى مۇنداق شەرھلەۋاتقانىكەن: «دىل بىرلىكى — تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى، باي - باياشاتلىقنىڭ ئۇلى، بىلىم — مەرىپەتكە ئىنتىلىش، ئويغىنىش، ئۆز - ئۆزىنى تونۇۋېلىشنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ «بىرلىك» تىن ئارتۇقراق خەۋپ - خەتەر يوق ماڭا!...»

ھۆسەيىنقارىم دەل مۇشۇنداق پەيتتە ياك جاڭجۇننىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. جاڭجۇن ھۆسەيىنقارىم ئىنئام قىلغان 100 دانە تىللانى ئاپتۇ، ئەرزىگە قۇلاق ساپتۇ ۋە خىيال سۈرۈپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا ھەسەنقارىممۇ كىرىپ كەپتۇ - دە، 100 دانە تىللانى ئالدىغا قويۇپتۇ، ئەرزىنى بايان ئەيلەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. جاۋاب كۈتۈپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

— ئويلىشىپ باقاي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جاڭجۇن.

ئاكا - ئۇكىلار بىر - بىرىگە تۇيدۇرماستىن ئوقۇشۇپ - سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ «ئويلىشىپ باقاي» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىۋاپتۇ. ئاكىسى 120 تىللا ئىنئام قىلغان بولسا، ئۇكىسى 150، ئىككى يۈزنى ئىنئام قىلىۋېرىپتۇ. ھەسەنقارىم ئاكىلىق ئورنى تۈپەيلىدىن بۇ دەۋادا ئۇتتۇرۇۋالىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كېتىپ، ئىنئام يوللاشتا ھۆسەيىنقارىمغا يېتىشەلمىگەن بولسا كېرەك، شۇڭلاشقا ياك جاڭجۇن:

— سەنمۇ مەسچىت سال، ئىمام بول! — دەپ بۇيرۇپتۇ ھۇسەيىنقارىمغا، — سىنىڭ قوللىغۇچىلىرىڭنىڭ ئەجدادى تەرىپىدىن مەسچىتكە ۋەخپە قىلىنغان دۇكان - ساراي، يەر - زىمىنلارغا سەن ئىگىدارچىلىق قىل! ھەسەنقارىمىمۇ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەسلىدىكى مەسچىتكە ئىمام بولىۋەر. سىنىڭ قوللىغۇچىلىرىڭنىڭ ئەجدادى تەرىپىدىن مەسچىتكە ۋەخپە قىلىنغان دۇكان - ساراي، يەر - زىمىنلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋەر!

دەۋادا ئۇتقان، غەلىبە خۇشاللىقىغا چۆمۈلگەن ھۇسەيىنقارىم ئۆز ئىچىدە مۇنداق قارارغا كەپتۇ: شۇنداق بىر جامە سالدۇرايكى، نامىم ئەلگە تارالسۇن، شۆھرىتىم كۆككە يەتسۇن. كونا مەسچىت بويىۇن قىسىپ بىر چەتتە قالسۇن!...

ھەسەنقارىم بۇنى بىلىۋالغاندەكلا سوراپتۇ:

— جاڭجۇن ئالىلىرى، قۇرۇلغۇسى مەسچىتنىڭ يەر كۆلىمى، شەكىل - نۇسخىسى...

— كونا مەسچىت بىلەن ئوپئوخشاش، — دەپ جاكارلاپتۇ جاڭجۇن، — بىرقەدەم كەڭ - تار، بىر غېرىچ ئېگىز - پەس بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. گۈل - نەقىشلىرىدىن تارتىپ، سىر - بوياقلىرىغىچە ئوپئوخشاش بولۇشى كېرەك!...

بىلدىڭمۇ، ئوغلۇم؟ «قوش مەسچىت» نىڭ تارىخى ئەنە شۇ! ئايدەك يورۇق، باھاردەك يىلىلىق كوچىمىزنىڭ تۇماندەك تۇتۇق، جۇدۇن پەسىلدەك سوغۇق كوچىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى ئەنە شۇ!

# 4

جىنىم بوۋا، ئاخىرەتكە سەپەر قىلغىنىڭغا چارەك ئەسىر بولغان بۈگۈنكى كۈندە مەن ئايرىلغىنىمغا شۇنچە يىللار بولغان يۇرتۇمغا قاراپ كېتىۋاتىمەن، نۇرانە چېھرىڭ ۋە ئوتلۇق نەپەسلىرىڭ بىلەن يىللىپ تۇرىدىغان كوچامغا قاراپ كېتىۋاتىمەن. يېقىنلاشقانسېرى سېغىنىش ـ ئىنتىزارلىق ئوتلىرىم لاۋۇلدىماقتا، تەشۋىش ـ ئەندىشىلىرىم كۆچەيمەكتە: ئاھ، مېنىڭ كوچام، قانلىق تارىخىي سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ھەسرەت ـ نادامەتلىك كوچام! تىنچ، ئىتتىپاقلىق باھارىنىڭ ئارامبەخش ئاپتىپىدا يورۇپ يىللىغانسەنمۇ ياكى ئۆز ھالىتىڭچە تۇرۇۋەرگەنسەنمۇ؟ سۈبھى — سەھەر ۋاقتىدا قارىمۇقارشى ئىككى دەرۋازىدىن تەڭ چىققان ئىككى مۇسۇلماننىڭ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» نى بەجا كەلتۈرۈپ، بىر مەسچىتكە قاراپ دوستانە قەدەم تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرەرمەنمۇ ياكى ئەينى زامانلاردىكىدەك «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز» دەپ بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىۋاتقان نادانلارنىمۇ؟ ھۆرمەتلىك يېگى ئىمامىمىز بىر مەسچىتكە جەم بولغان ئەھلى جامائەتتىن: «ئىنسانىنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشىغا سەۋەب نېمىدۇر؟» دەپ سورىسا، پۈتۈن جامائەت: «ئىككى نەرسىدۇر: بىرى، جاھىللىق ۋە نادانلىق؛ ئىككىنچىسى، تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر» دەپ جاۋاب بەرسە؛ «ئىززەت ـ ئابروي، قۇۋۋەت نېمە

بىلەن بولۇر؟» دېگەن ھامان: «بىلىم ـ مەرىپەت، ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر»① دەپ يەكدىللىك بىلەن جاۋاب بەرسە، خۇشاللىقتىن يۈرەكلىرىم يېرىلىپ كەتمەسمىدى؟ سېنىڭچۇ، بوۋا؟ بوش، بىكار قالغان يەنە بىر مەسچىتنىڭ كۆز گۆھەرلىرىمىز، ئۈمىد يۇلتۇزلىرىمىز ئۈچۈن ئارامبەخش باغچە، يەسلى قىلىپ بېرىلگەنلىكىنى كۆرسەمچۇ؟ ئۇ چاغدا مەن غەمكىن قەبرەڭنى مەھكەم قۇچاقلاپ، بار ئاۋازىم بىلەن خىتاب قىلماسمىدىم:

— بوۋا، جېنىم بوۋا، خاتىرجەم بول، ئارزۇ ـ مۇرادىڭ گۈل ـ چېچەك ئاچتى!

1986 - يىل، يانۋار، قەشقەر.

① سوئال ـ جاۋابلار «ئاقائىد زۆرۈرىيە» دىن ئېلىندى.

# مەن ئۆلگەن كۈنى

كەرەملىك خۇدا ئۆز كارامىتى بىلەن جىسمىم قەپىزىگە سېلىپ قويغان جان ئىسىملىك روھىي سۇمۇرغىنى ئەزرائىل ئاتلىق نۆكىرىنىڭ قولى ئارقىلىق ئەرش مۇئەللەققە ئاچىقىپ كەتتى.

تەختىراۋاندا ياتىمەن. ئىسسىق سۇ بىلەن قايتا - قايتىلاپ يۇيۇلۇپ، پۈتۈن بەدىنىمدىكى كىر - ئىللەتلەردىن بىر يولىلا ئادا - جۇدا بولدۇم. ئۆز ئىچىمدە تەكرارلايتتىم: «بۇ دۇنيادىكى ئىككى يۈزلىمچى ئىغۋاگەرلەرنىڭ ھەسەتخورلۇق نەشتىرى بىلەن جاراھەتلەنگەن قەلبىمدىكى داغلاردىنمۇ بىر يولىلا ئادا - جۇدا بولۇپ كەتسەم نېمە بولاتتى!»

كۆيۈملۈك رەپىقەم بىلەن سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىمنىڭ ئاھۇپەريادىغا ئاق كۆڭۈل، سەممىي دوست - دىلكەشلىرىم بىلەن خالىس نىيەت ئىخلاسمەنلىرىمنىڭ مۇسىبەتلىك يىغا - زارى قوشۇلدى. پىغانلىق نىدالار، ئەلەملىك كۆز ياشلار سوۋۇغان ۋۇجۇدۇمنى يېڭىباشتىن ئىسسىتماقتا ئىدى. تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ ئىسسىق

تۆشەكتە يېتىپ بىر پارچە مۇزنى قۇچاقلاپ سالغاندەك سەسكىنىپ كەتتىم. ئۇ: «سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن ئۆلسەم بولماسمىدى، ئاھ، قىيامەتلىك دوستۇم!...» دەپ بىر ھازا نالە ـ پەرياد ئۇرغاندىن كېيىن يىغىرنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلىغان ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن مەرسىيىسىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«......
يۈرتدىشىم ئىدىڭ،
سىردىشىم ئىدىڭ،
ھەم ساۋاقدىشىم،
تەگتۇش، زامانداش.
جان دوستۇم ئىدىڭ،
جان دوستۇڭ ئىدىم،
قايغۇ ـ ئەلەمدە
ئېگىلدى بۇ باش.
ئىككى تەن ئىدۇق
ئەمما بىر يۈرەك،
بېرەي بۇ دەردكە
قانداقمۇ چىداش؟
زۇلۇم ئەمەسمۇ،
ئۆلۈم ئەمەسمۇ،
سەندىن ئايرىلىپ،
يېگانە ياشاش؟
......»

بۇ مەرسىيىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن تەسىرلىنىپ كەتكەن چوڭ ئوغلۇم مەزكۇرنىڭ بېلىگە ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن قارىلىق باغلاۋاتقىنىدا، ئەھلى جامائەت ئىچىدىكى بىر قىسىم ساددا كىشىلەرنىڭ ئۇنى «مەرھۇمنىڭ قىيامەتلىك دوستى» دەپ ئىززەتلەشكە باشلىغانلىقىنى كۆڭۈل كۆزۈم ئارقىلىق كۆرگەن چېغىمدا، تۇرمۇش تەسىراتلىرىم ۋە ئىچكى سىرىمنى رەپىقەم، پەرزەنتلىرىم ياكى ئەڭ يېقىن بۇرادەرلىرىمنىڭ بىرەرسىگە ئېيتىپ قويۇشقا ئۈلگۈرمەيلا قازا تاپقىنىمغا تولىمۇ پۇشايمان قىلدىم. دەل شۇ چاغدا يېڭىدىن كىرگەن بىرەيلەننىڭ ھەيرانلىق ئىچىدە سورىغان سوئالى ئاڭلاندى:

— ئەپەندىم، بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىشقا قانداقمۇ پېتىنغانسىز؟ پاھ، قارىلىق باغلىۋاپسىزغۇ تېخى؟!

— بۇرادەر ئەزىز، مېنى تازا تونۇمىسىڭىز كېرەك، — دەپ باشلاندى يەنە بىر ئاۋاز. بۇ ھېلىقى مەرسىيىچىنىڭ ئاۋازى ئىدى، — مەرھۇم بىلەن ئەسرا بولمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمىسىڭىز كېرەك. ئۆززۈمنى تونۇشتۇرسام، مەن تۆھپىكار مەرھۇمنىڭ قىيامەتلىك دوستى بولىمەن!

— شۇنداق - شۇنداق، — دەپ غۇلغۇلا قىلىشتى ئەھلى جامائەت، — بۇ كىشىنىڭ ئوقۇغان مەرسىيىسىنى بىر ئاڭلىغان بولسىڭىز...

— ئەي ئەھلى جامائەت، بۇ ئادەم رەھمەتلىكنىڭ جان دوستى ئەمەس، بەلكى بىردىنبىر ھەسەتخورى ئىدى. ئۇنىڭ ساختا مەرسىيىسىگە ئالدانماڭلار!

بۇ يەنىلا يېڭىدىن كىرگەن ھېلىقى كىشىنىڭ ئاۋازى ئىدى. «بارىكاللا! — دېدىم ئىچىمدە، — ئەجەب لىللا گەپ قىلدىڭ، بۇرادەر!»

— ئەي، قارا تىل كاززاپ! — داۋاملاشتى بايىقى قۇدرەتلىك ئاۋاز، — مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئۈستىدىن قانداق تۆھمەت - ئىغۋا تېرىغانلىقىڭنى، ئۇنى كىم - كىملەرگە قانداق چاقچانلىقىڭنى كىم بىلمەيدۇ!؟

«بارىكاللا! — دېدىم مەن يەنە بىر قېتىم، — ھايات بولسام، ئاغزىڭغا ناۋات سالماسمىدىم!»

— بولدىلا، — دەپ باشلاندى يەنە بىر ئاۋاز سالا قىلغان ئاھاڭدا. — ھاياتلىقىدا قەدرىگە يەتمىگەن بولسا، ئۆلگەندىن كېيىن پۇشايمان قىلىۋاتماسمىدۇ؟ ئەپۇچانراق بولايلى. ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات.

— ھايات ۋاقتىدا تىنچ - ئاراملىق بەرمەي يېغىرىنى كولاپ، ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھەممىدىن بەكرەك ھازا تۇتۇشتىن مەقسەت — مەرھۇمنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسى بىلەن يۈكسەك ئابروي - ئىناۋىتىگە تەڭ شېرىك بولۇۋېلىش! — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى قۇدرەتلىك ئاۋازلىق كىشى، — قولىدىن تۈزۈككىنە ئىش كەلمەيدىغان بەزى مۇتتەھەملەر ۋاپات بولۇپ كەتكەن تالانت ئىگىلىرى بىلەن يۇرتداش، ساۋاقداش، زاماندىش بولغانلىقى بىلەن ماختىنىپ، ئۇنى جان بېقىشىنىڭ دەسمايىسى، يۇقىرىغا يامىشىشنىڭ شوتىسى، باشقىلارنى ئۇرۇپ يىقىتىشنىڭ سىرلىق كالتىكى قىلىپ كېلىشىۋاتمامدۇ؟ مەرھۇمنىڭ تەۋەررۇك چېكىت - پەشلىرى ئاستىغا نەيرەڭۋازلىق پىشاڭىنى

سىلىپ، خالىغانچە يۆتكەۋاتامدۇ؟ بۇنىڭ بىلەن مەرھۇمنىڭ رەقىبلىرىنى رەپىق سورۇنىغا تىزىپ، تارىخنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋاتامدۇ؟!...

مەن بۇ ئادالەت پەرىشتىسىنىڭ سۆزىگە ئىچ - ئىچىدىن قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن - تەھسىن ئوقۇۋاتاتتىم. ئۇنىڭغىچە ساختا مەرسىيەچىنىڭ ماڭا قىلغان خىتابى ئاڭلىنىپ قالدى:

— دوستۇم، جېنىم دوستۇم، قىيامەتلىك بۇرادىرىم، كۆزۈڭنى بىر ئاچساڭچۇ، ئورنۇڭدىن تۇرساڭچۇ! ھاياتلىقىڭدا ساڭا قانچىلىك ياخشىلىق قىلغانلىقىمنى، سېنىڭ ھەربىر ئىجادىي مۇۋەپپەقىيىتىڭگە قانچىلىك قان - تەر سىڭدۈرگەنلىكىمنى ئەھلى جامائەت ئالدىدا بىر - بىرلەپ بايان قىلىۋەتسەڭچۇ!

سەۋر - تاقەت رىشتەم قات - قېتىدىن ئۈزۈلدى.

— ئەي خۇدا، كەرىملىك خۇدا! — دەپ مۇراجىئەت قىلدىم مەن، — ماڭا يەنە مەلۇم مۇددەت جان ئاتا قىلغىن. ھېچ بولمىسا مۇشۇ تۈگۈننى يېشىۋېتىپ كېلىشىمگە ئىجازەت بەر!

ساخاۋەتلىك خۇدا تەلىپىمنى ئىجابەت قىلدى. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۇ، مېيىتقا ئايلاندى. دېمىسىمۇ، مېنىڭ ئورنۇمدىن تۇرغانلىقىم ئۇنىڭ ئۆلگىنى ئىدى.

1982 - يىلى ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

## تۇغماسلار

قوشنىمىزنىڭ ئايالى تەۋەللۇت قىلغانىنىڭ ئەتىسى بىرقانچە تۇغماس خوتۇن يوقلاپ كىرىپتۇ.

— ۋاي خۇدايىمەي، يەنە ئوغۇل ئىكەنغۇ! — دەپتۇ بىرى بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ ھەسەتخورلۇق بىلەن.

— بېشىنىڭ يوغانلىقىنى! — دەپتۇ ئىككىنچىسى كۆرەلمەسلىك ئوغىسى چىرايىغا تەپكەن ھالدا، — نېمانچە چاچلىق بالا بۇ؟ بەئەينى بۆرىنىڭ ئۆزى!

ئۈچىنچى خوتۇن ئۆز ھەمراھلىرىغا مۇراجىئەت قىپتۇ:

— قاراڭلار، كۆزىنىڭ يۇمۇقلۇقىنى؛ ياكى قېشى يوق، ياكى كىرپىكى! يۈزىنىڭ قىزىللىقىنى دېمەمسىلەر تېخى، بەئەينى مايمۇن!

باشقىچە بىر ئېۋەن تاپالماي قالغان تۆتىنچى تۇغماس ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ «كۆزى يوق ئىكەن» دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بوۋاقنىڭ بۇرنىنى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن چىمىڭ بېسىپ تۇرۇپ:

— بۇرنىمۇ پۇچۇق ئىكەنغۇ تېخى؛ قاراڭلار، بەئەينى بۆجەن! — دەپتۇ.

تەۋەللۇت قىلغۇچىنىڭ قورسىقى كۆپۈپ، زەردىسى قايناپ:

— ئۇنداق بولسا، ئوچاقىلا دەپنە قىلىۋېتىپ تۇگىشەيمۇ؟ — دەپتىكەن، توت تۇغماس تەگلا ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— ئۇنداق قىلغۇچە، ماگىلا بېرىۋېتىڭ!

— خۇدا ھەققى، ماگا بېرىۋېتىڭ، ئۆزۈم چوڭ قىلىۋالاي!

— ماگا بېرىۋېتىڭ!...

— پاك ئەجرىم بىلەن ئۆزۈم چوڭ قىلىۋالامچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئانا.

— ئۇنداقتا، ھە - ھە، ئۇنداقتا...، — دەپ كېكەچلىشىپ قالغان تۇغماسلارنىڭ بىرسىنىڭ ئاغزىدىن، — يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشى ناتايىن، — دېگەن سۆز چىقىپ كېتىپتۇ.

— ئەي، ھاياتلىق ئالىمىدىن ئىزسىز، نامۇنىشانسىز غايىب بولۇش قىسمىتىگە مەھكۇم بولغان ھەسەتخور تۇغماسلار، — دەپ خىتاب قىپتۇ سەۋر - تاقىتى تۈگىگەن، قەھر - غەزىپى پەلەككە يەتكەن ئانا، — بىر تەۋەللۇت ئازابىنى باشتىن كەچۈرۈپ بېقىپىراق بىلدىرلىساڭلارچۇ!

1983 - يىل ئىيۇن. قەشقەر.

## مۇھەررىر بىلەن تەنقىدچى

زىراپىدەك ئۇزۇن بويۇن تەنقىدچى مەلۇم ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىگە كىردى ـ دە، بويىنى ماسلاشمىغان يۇمۇق كۆزىنى چىمىلدىتىپ، ھەر تەرەپكە نەزەر تاشلىدى:

— بۆلۈمدىكى ئادەملەر نەگە كەتكەندۇ؟ بىر تالانتلىق تەنقىدچى، يەنى، زامانىمىزنىڭ بىلىنىسكىسى ئالاھىدە قەدەم تەشرىپ قىلسا، مەرھەمەت، يۇمشاق ئورۇندۇققا كىلىنىڭ، دەيدىغان كىشى يوقا؟ خەپ!...

تەنقىدچىنىڭ بويۇن تومۇرلىرى سۇغا چىلانغان جاڭدۇدەك كۆپۈپ كەتكەنىدى. دىمى كىسىلدى بولغاي، بىر ئورۇندۇققا يىنىنى قويۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ مىنۇت ـ سىكۇنتىنىمۇ بوش ئۆتكۈزۈۋەتكۈسى كەلمەيتتى. «ۋاقىت — ئالتۇندىن قىممەت، — دىدى چەيزەرەڭ كالپۇكلىرىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىدىرلىتىپ، — مەن بىكار ئولتۇرماسلىقىم كىرەك.»

بىر توپ قەغەز دۆۋىسىگە كۆزى چۈشتى. «بىرەر ئوبزورغا لايىق نىمە چىقىپ قالسا، ئەجەب ئەمەس.» ئۇ، ۋاراقلاشقا باشلىدى: «باھار لىرىكىسى»، «كۆكلەم قوشاقلىرى»، «ئەتىياز نەزملىرى»، «كاككۇك ناۋاسى»، «قارلىغاچ پەرۋازى»... ھەممىسى كونا گەپلەر، ئىسسىتقان ئاشتەك تەمى

قالمىغان گەپلەر!... «تەگرىتاغقا خىتاب»، «ئاق بۇلۇتقا مەدھىيە»؟ ۋاھ، ئاجايىپ يېڭى تېمىلارغۇ بۇ؟!... ئۇنىڭگەن چىغ تۇۋىدە تۇغۇلغان توشقاننى كۆرۈپ قالغان ھاماقەتتەك خۇش بولۇپ كەتكەن تەنقىدچىمىز ئاجايىپ زوق - ئىشتىياق بىلەن دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدى:

تەگرى!...
تاغ!
ئاھ!؟
تەك...
رى!...
تاغ؟!
دەس
كۆتۈرۈپ!
تىرناقتا
سېنى
ئېتىۋەتسەم
مىڭ
چاقىرىم!
تۇمەن!...
مىڭ
چاقىرىم؟
يىراققا
يىراققا سېنى!!!...

«تەگرىتاغقا خىتاب» دېگەن دەبدەبىلىك ماۋزۇ

ئوڭ قولىدا، سول قولىدا جامى مەي،
مەي جامىدىن ئۇرغۇپ تۇرار مەي تېشىپ.

بولسامكى مەن ئاسماندىكى ئاق بۇلۇت،
قىلىپ ئۆتسەم ئالەم ئارا سەيلە مەن.
ئاي — چولپانغا — مېنىڭ بىر جۈپ گۈلۈمگە،
تەقدىم ئەتسەم باغرىمدىكى مەيىنى مەن.»

«پاھ! — دەۋەتتى تەنقىدچى ئاپئاق بۇلۇت قولىدىكى ئالتۇن جامدىن هاياتلىق كەۋسىرى ئىچكەندەك جانلىنىپ، — نېمىدېگەن ئۇلۇغۋار ئىدىيە؟ نېمىدېگەن ئالىيجاناب پىكىر! مەزكۇر ئىككى كۇپلېتتا مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن چەكسىز ئوبرازلىق تەپەككۇر جەۋھىرى ئۈچۈن قانچە ئون بەتلىك مەدھىيە يېزىش مۇمكىن؟...»

— سالام، ھۆرمەتلىك تەنقىدچى ئەپەندى! — شۇ سۆز بىلەن تەڭ كىرىپ كەلگەن ئاق - سېرىق يۈزلۈك مۇھەررىر ئەپەندى مۇلايىملىق بىلەن قول ئۇزارتتى.

— بۇ ئاجايىپ مىسرالار بۇ يەرگە قاچان قەدەم تەشرىپ قىلغان؟ — دەپ سورىدى تەنقىدچى ئەپەندى ئالدىراپ.

— ئون ئايدىن، بەلكى، 40 ھەپتىدىن ئاشقاندۇ.
— نېمە ئۈچۈن شۇ چاغقىچە ئېلان قىلمايسىلەر؟ مۇشۇنداق يېڭى، ئىجادىي پىكىرلىك ئۆتكۈر لىرىكىلارنى باستۇرۇپ قويساڭلار...

— بۇ بىر تالاي نەرسىلەر ئىكەن، — دەپ ئىزاھات بەردى مۇھەررىر ئەپەندى تەھرىرلىك سىياھىدەك قىزىرىپ

كەتكەن كۆزلىرىنى ۋاراقتىن ئۈزمەي، — تۈزۈكرەكىدىن ئىككىسى ئالدىنقى سانلارغا بېرىلدى.

— بۇنىڭدىنمۇ ياخشىسى بارمىكىن تېخى؟ — تەنقىدچىمىز ھاياجىنىنى باسالماي قالدى، — پوئېزىيىمىزنىڭ يېڭى چولپىنى تۇغۇلۇپتۇ - دە!... قاراڭ، نېمىدېگەن ئاجايىپ مىسرالار بۇ؟ «دەس كۆتۈرۈپ تىرناقتا سېنى...»

— راست، ھەقىقەتەن «ئاجايىپ مىسرالار»! — دېدى مۇھەررىر ئەپەندى چەكسىز ئەپسۇسلىنىش بىلەن، — خەلقىمىزنىڭ بۇ مۇقەددەس تېغىنى — شان - شەرىپى ۋە ئىپتىخارىنى، تۈمەنمىڭ چاقىرىم يىراقتا ئېتىۋېتىش توغرىسىدا پو ئېتىشتىنمۇ ئارتۇقراق «ئاجايىپ - غارايىپچىلىق» بولامدۇ بۇ ئالەمدە؟ — تىنالماي قالغان تەنقىدچىمىزنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشقا كىرىشتى، — ئۆز ئانا تىلىنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىدىن بىخەۋەر شائىرىمىزنىڭ سىزگە يېقىپ كەتكەن ئىككىنچى شېئىرىغا كۆچەيلى. ئۇنىڭ مەدھىيىلەۋاتقىنى — ئاق بۇلۇت، ئۆز ۋۇجۇدىدا بىر تامچىمۇ يامغۇر ھاسىل بولمىغان ئاق بۇلۇت؛ ئاپتۇر بۇ يەردە، ئۆز خەلقىغە قىلچە نەپ بەرمەي، ئاق بۇلۇتتەك لەيلەپ يۈرۈش ئىدىيىسىنى ئاشكارىلاۋاتامدۇ - قانداق؟

— كىمنىڭ يازغان بىر نېمىسى بۇ؟!

— بۇ — بۆلۈممىزنىڭ مەخپىيەتلىكى.

— مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىۋەتكەن بولساڭلار، كېلىشتۈرۈپكىنە بىر ئەدىبىنى بېرىپ قويىدىكەنمەن. ئىسست!...

1984 - يىل سېنتەبىر. قەشقەر

# سۆگەل

## 1

— باشلىق، ھېلىقى كىتابنى كۆرۈپ بولغانسىز؟
— قايسى كىتابنى؟
— ئالدىنقى ئايدا مەن سىزگە ئەكىرىپ بەرگەن سەھنە كىتابىنىچۇ؟
— ماڭا بەرگىنىڭىز سەھنە كىتابى ئەمەس، دىرامىغۇ؟
— مۇنچە ئەجەبلىنىپ كەتمەڭ. دىراما بىلەن سەھنە كىتابى، ماھىيەتتە، بىر گەپ.
— مۇنداق دەڭ.
— كۆرۈپ بولغانسىز؟
— ھازىر يىللىق خىزمەتنىڭ قۇيرۇقىنى ئۈزىدىغان، نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ساقلانغان مەسىلە، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەيدىغان چاغ. ئىش ئالدىراش، ۋاقىت قىس. كىتاب كۆرۈشكە كىمنىڭ چولىسى؟

ھە، كىرىك. بۈگۈنكى گېزىتىمۇ؟ يەنە قانداق يالغانلارنى يازدىكىنە؟ «بىر ساغلىق ئوغۇل بالا تۇغقان» ھە؟ قويىمۇ بوۋاق تۇغامدۇ؟ بۇنىڭدىن ئارتۇق يالغانچىلىق بولامدۇ بۇ دۇنيادا؟

— باشلىق، جاھان دېگەندە...

— قارىڭا، مانا بۇ خاتىرەمگە بىر قارىڭا! «سوۋېت ئىتتىپاقىدا 1919 - يىلى ئۇخلاپ قالغان بىر ئايال 1942 - يىلى ئويغانغان؛ 1953 - يىلى ئۇخلاپ قالغان بىر يىگىت 1973 - يىلى ئويغانغان.» كۆردىڭىزمۇ؟ ئەمدى بۇ يەرگە قاراڭ: «ھىندىستاندا ئۈچ ياشلىق قىز كۆزەينەكلىك يىلاننى چىشلەپ ئۆلتۈرگەن»، «بىر ئايالنىڭ كۆكرەك بوشلۇقىدىن ئىككى كىلوگىرام تاش ئېلىنغان.» ئېيتىڭا، يىلانمۇ كۆزەينەك تاقامدۇ؟ مانا، سىزمۇ كۈلۈۋاتىسىز. بۇ ھەقىقەتەن كۈلكىلىك گەپ. كۆزەينەك تاقاشنى بىلگەن يىلان ئۈچ ياشلىق بالىغا، يەنە كېلىپ، قىز بالىغا بوزەك بولامدۇ؟ ئىككى كىلوگىرام دېگەن تۆت جىڭ، شۇنداقمۇ؟ مۇنچىۋالا تاشنى بىر خوتۇن قانداق يەپ بولىدۇ؟

— يېمىگەن بولاتتى.

شۇنداق، كىممۇ تاش يەيدۇ دەيسىز؟ ئەقىل - ھوشىدىن ئايرىلغان بىر ساراڭ تاش يېۋالغانمۇ بولسۇن. دوختۇرلار خەۋەر تېپىپ، ئوپېراتسىيە قىلىپ بولغۇچە ئۆلمەي قالمايدۇ - دە! بىر - بىرلەپ پۈتۈپ قويدۇم، ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە، ئۇ كاززاپلارنىڭ ئەدىبىنى شۇنداق بېرىمەنكى...

— باشلىق، ئۆز گېپىمىزگە كەلسەكچۇ.

— سەل - پەل تەخىر قىلىڭ. تېلېۋىزوردا نېمە بارلىقىغا بىر قارىۋېتەي. «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە...» ھەر كۈنى شۇ خەۋەر، نېمانداق تۈگىمەيدىغان خەۋەردۇ ئۇ؟ «ھايۋانات دۇنياسى — يىگىناغۇچ.» شۇمۇ گەپمۇ؟ يىگىناغۇچ، ئاغمىخان، قارلىغاچ، شەپەرەڭ، كېپىنەككە ئوخشاش چەرەندە - پەرەندىلەرنى سۈرەتكە ئېلىپ، لېنتىنى ئىسراپ قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ سېسىق ھۆپۈپنىمۇ «پايدىلىق قۇش» دېيىشىدۇ تېخى! گەپ - سۆز قىلماي كۆرۈپ، ئاڭلاپ بېرىۋېرىدىغان بولساق، ئاق قۇشقاچنىمۇ «پايدىلىق قۇش» دېيىشتىن يانمايدۇ ئۇلار. بىزچۇ، ئەينى زاماندا بۇ زىيانداشقا قارشى نەچچە كېچە - كۈندۈز ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ...

— باشلىق!

— يەنە ئازراق سەۋر قىلىڭ. «قىرىق باشلىق دېۋىنىڭ قوش قۇيرۇقلۇق ئالۋاستىغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى»، ۋاھ، بۇ ئاجايىپ ئىكەنغۇ؟ دىۋە دېگەن يەتتە باشلىق بولىدىغان، ئوتتۇز — ئوتتۇز ئۈچ بېشى ئارتۇقكىنە بۇنىڭ؟ قوش قۇيرۇقلۇق ئالۋاستى قانداق بولىدىغاندۇ؟ چوكان - سېكىلەكنىڭ قۇيرۇقىدەك...

— باشلىق، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. سۆھبىتىمىزنى سەھنە كىتابى تەرەپكە بۇرىساق.

— دېدىمغۇ؟ ئالدىراش ۋاقىت ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ...، قارىمامسىز، قىرىشقاندەك بۇ تېلېفوننىڭ... ۋەي-ۋەي، ھە - مەن شۇ. ۋاھ، سىلى - ئۆزلىرىمۇ؟ كېلىن خېنىم ئامان - ئېسەن يەڭگىۋاپتۇ - ھە؟ مۇبارەك بولسۇن،

مۇبارەك بولسۇن! ئۇنچىلىك قىلىمامدىغان. بىزنىڭكىلەر ئەتە-ئۆگۈنگىچە يەنە بىر قېتىم يوقلاپ كېلىش تەييارلىقىدا يۈرۈۋاتىدۇ تېخى. نىمە؟ يەنە ئۆسەمدىكەن؟ 30%؟ هازىرلا بېرىپ ئىككى ـ ئۈچنى... ۋاھ، بەك ياخشىغۇ؟ توپ باھاسىدىنمۇ تۆۋەن ئېتىبار بېرىش باھاسىدا بولىدىغانلا بولسا، بىراقلا ئېلىۋالاي توققۇز ـ ئوننى. رەھمەت سىلىگە. رېژىسسور، ئەمدى ئۆز كېپىمىزگە كېلەيلى: ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقاي، ئاندىن كېيىن ئىشخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى، ئاندىن كېيىن مەدەنىيەت باشقارما مەسئۇللىرى.

— ئاندىن كېيىنچۇ؟

— تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىرى.

— يەنىچۇ؟

— مەسئۇل ۋالىيلار.

— كىتابنى كۆتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە ئاپارساق، ئاۋۋال مەسئۇل نازىرلارنىڭ ھەممىسى كۆرۈپ چىقسا، ئاندىن كېيىن رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەر.

— بىر ئوبدانلا گەپ قىلىۋېتىپ، كولۇۋاتىسىزغۇ؟ مەسخىرە قىلىۋاتامسىزيا؟

— مەسخىرە قىلىۋاتقىنىم يوق، ئېچىنىۋاتىمەن.

— نېمىگە؟

— ۋاقتىنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىغا!

— سىز ۋاقىت بىلەن ھېسابلاشماي، ئەستايىدىل بولۇشنى ئويلاڭ، پىكىر تۇغۇلۇپ قالماسلىقنى ئويلاڭ. باھار بايرىمىغىچە بىز، ئاياللار بايرىمىغىچە باشقارما باشلىقلىرى، ياشلار بايرىمىغىچە تەشۋىقات بۆلۈم رەھبەرلىرى كۆ-

رۇپ بولالىسا، باللار بايرىمىغىچە ۋالىيلىرىمىزمۇ كۆرۈپ بولار. شۇنىڭغا قاراپ بىرنېمە دېمەمدۇق؟ ۋاھ، كىردىڭمۇ، قىزىم. قار ئۈستىدە ئويناپسەن - ھە. ئايىغىڭنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكىنىنى قارا. مە، سۈتلۈك كەمپۈت يە. ئاپاڭ چاقىرىۋاتامدۇ، قىزىم؟ ئۇ نەدە قالدى؟ ماقۇل، يۈر، ئاپئېقىم...

— باشلىق، جاۋاب بېرىۋەتسىڭىز: ئۇنىڭغىچە بىز نېمە ئىش قىلىمىز؟ شۇنچە ئادەم نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— گېزىت ئوقۇسۇن، ھۆججەت ئۆگەنسۇن. ئەستايىدىل ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ھازىرقى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش مۇمكىن ئەمەس. چىقىڭ، ئۆگىنىشكە تەشكىللەڭ. كېچىككەنلەرنى مىنۇت - سېكۇنتى بىلەن خاتىرىلەڭ، جەرىمانە ئېلىش خاتىرىسى ئاق قالمىسۇن!

## 2

— باشلىق، مەدەنىيەت باشقارمىسىدىكىلەر بىلەن تەشۋىقات بۆلۈمىدىكىلەر، ئەسەر تاللاش - بېكىتىش ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى، يارىغان بولسا، سەھنىلەشتۈرۈۋېرىڭلار دەپتۇ. غۇ؟ ۋالىيلىرىمىزنىڭمۇ باشقا پىكرى يوق ئىكەن.

— جاننى قىينايدىغان يېرى شۇ - دە!

— ئەمدى دەرھال تۇتۇش قىلمايدىغان بولساق...

— ئالدىرىماڭ. ھېچ بولمىغاندا، پۈتۈن ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئاتاقلىق ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى كۆرۈپ چىقسۇن. مۇۋاپىق پەيتتە بۇ يىغىننى ئاچايلى.

— «مۇۋاپىق پەيت» نېمىز قاچان؟

— 7 -، 8 - ئاي.

— نېمىشقا؟

— بۇ — ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يازلىق تەتىل ۋاقتى. يىغىنىمىزغا تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، سىياسەت ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ قاتنىششى كېرەك، ئۇلار سۆزمۇسۆز، جۈملىمۇجۈملە مۇزاكىرە قىلسۇن. ئاپتورنى بۇ يىغىنغا يېقىن يولاتماسلىق كېرەك.

— سەۋەب؟

— كۆپچىلىكنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە بىزدا كۆلىسىزغۇ؟ ئېلىك، بىر تال چېكىلىك. خۇش، گېپىمىزگە كېلەيلى: دېموكراتىك مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوتتۇرىغا چۈشكەن پىكىرلەرنى مەركەزلەشتۈرىمىز، ئەسەرنى تۈزىتىش - ئۆزگەرتىش گۇرۇپپىسى قۇرىمىز. بۇ گۇرۇپپا قۇرۇلغانلىقىنى ئاپتور مۇتلەق بىلمەسلىكى كېرەك...

— باشلىق، سىزنى مەن سەنئەت قانۇنىيەتلىرىنى ئاز - تولا چۈشىنەمدىكىن دەپ يۈرۈپتۇمەن تېخى!

— سەنئەتنى چۈشەنمەسلىك ھېچقانچە گەپ ئەمەس، سىياسەتنى چۈشەنمەسلىك چوڭ گەپ، كىشىلەرنىڭ ھايات تەقدىرىگە، سىياسىي ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ گەپ!... بىلەمسىز، «ئىستىل تۈزىتىش»، «تۆتنى ئېنىقلاش»، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قاتارلىق ھەركەتلەرنىڭ ھەممىسىدە كۆرەش - تەنقىد ئۇياقتا تۇرسۇن، بىرەر ئېغىز قاتتىق گەپ ئاڭلىماي ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم مەن. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، نەتىجە قازىنالماسلىق، يېڭىلىق يارىتالماس-

— «مۇۋاپىق پەيت» نېمىز قاچان؟

— 7 -، 8 - ئاي.

— نېمىشقا؟

— بۇ — ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يازلىق تەتىل ۋاقتى. يىغىنىمىزغا تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، سىياسەت ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ قاتنىشىشى كېرەك، ئۇلار سۆزمۇسۆز، جۈملىمۇجۈملە مۇزاكىرە قىلسۇن. ئاپتورنى بۇ يىغىنغا يېقىن يولاتماسلىق كېرەك.

— سەۋەب؟

— كۆپچىلىكنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويۇشى مۇمكىن. مېيىقىڭىزدا كۈلىسىزغۇ؟ ئىلىڭ، بىر تال چېكىڭ. خۇش، گېپىمىزگە كېلەيلى: دېموكراتىك مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوتتۇرىغا چۈشكەن پىكىرلەرنى مەركەزلەشتۈرىمىز، ئەسەرنى تۈزىتىش - ئۆزگەرتىش گۇرۇپپىسى قۇرىمىز. بۇ گۇرۇپپا قۇرۇلغانلىقىنى ئاپتور مۇتلەق بىلمەسلىكى كېرەك...

— باشلىق، سىزنى مەن سەنئەت قانۇنىيەتلىرىنى ئاز - تولا چۈشىنەمدىكىن دەپ يۈرۈپتۇمەن تېخى!

— سەنئەتنى چۈشەنمەسلىك ھېچقانچە گەپ ئەمەس، سىياسەتنى چۈشەنمەسلىك چوڭ گەپ، كىشىلەرنىڭ ھايات تەقدىرىگە، سىياسىي ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ گەپ!... بىلەمسىز، «ئىستىل تۈزىتىش»، «تۆتنى ئېنىقلاش»، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قاتارلىق ھەركەتلەرنىڭ ھەممىسىدە كۆرەش - تەنقىد ئويىقتا تۇرسۇن، بىرەر ئېغىز قاتتىق گەپ ئاڭلىماي ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم مەن. ئېسىڭىز-دە بولسۇنكى، نەتىجە قازىنالماسلىق، يېڭىلىق يارىتالماس-

لىق ھېچقانچە گەپ ئەمەس. خاتالىشىش، جاۋابكارلىققا تارتىلىش — چوڭ گەپ، ھوقۇقتىن، ھەممىدىن مەھرۇم بولۇشقا ئېلىپ بارىدىغان چوڭ گەپ!

3

— ئېيتىڭا، رېژىسسور، پۈتۈن ئىدارىدىكىلەر مەندىن بۆلەكچىلا تەپ تارتىدىغان، ئەيمىنىدىغان بولۇۋالدىيا؟ ئۇدۇل كېلىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. نېمىشقا شۇنداق؟ دەۋېرىڭ، تارتىنماڭ. تەنقىدنى ياردىمىڭىز بولسىمۇ، ئەستايىدىل ئاڭلايمەن، سەمىمىي قوبۇل قىلىمەن. ئۆچ ئېلىپ زەربە بېرىش دېگەن نېمە ئۇخلىسام چۈشۈمگىمۇ كىرمەيدۇ. ئېيتىڭا، كۆپچىلىك مېنى زادى نېمە دەيدۇ؟

— راستىمنى دەمدىمەن؟

— دەۋېرىڭ. كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ، سەمىمىي رەھبەرمەن. ئۆز ئىچىدە غۇم ساقلايدىغانلاردىن ئەمەسمەن. راستىنى دەڭ. كۆپچىلىك مېنى زادى نېمە دەيدۇ؟

— سۆگەل دەيدۇ.

— سۆگەل؟

— ھەئە، ئىدارىمىزگە چاپلاشقان يامان سۈپەتلىك سۆگەل.

— كىم؟ ھە، كىم شۇنداق دەيدۇ؟ ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن قوشۇپ، بىر - بىرلەپ دەڭ. يانچۇق دەپتىرىممۇ ئالدىمدا تۇرۇپتۇ، دەۋېرىڭ!

— ئۇلارنىڭ قايسىبىرىنى دەپ بولاي؟ ياخشىسى، مالىيە ئىشخانىسىغا كىرىپ، مائاش تىزىملىكىگە قاراپ يېزىۋېلىڭ!

— ھەممىسىمۇ؟

— ئۆز يېنىڭىزغا تارتقان ھېلىقى ئىككى كىشىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى.

— ھەممىسى؟ ئاھ!..

— باشلىق، نېمە بولدىڭىز؟ نېمانچە چەكچىيىپ كېتىسىز؟ نېمە كۆرۈنۈۋاتىدۇ كۆزىڭىزگە؟

— پىچاق، ئوپېراتسىيە پىچىقى!

1985 - يىل مارت، قەشقەر.

# ئەرۋاھنىڭ ئاھى

1

— ئۆلۈشۈپ باقارمىز، كۆرۈشۈپ باقارمىز، ھا ـ ھا ـ ھا!... قارىغا، كاتىپ، شۇنىمۇ ماقال دېگىلى بولامدۇ؟ گەپ دېگىلى بولامدۇ؟ ئۆلگەندىن كېيىن نېمىنى كۆرۈپ باقماقچىكىنە؟!

كاتىپىم ئۆز تەھلىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— كىمنىڭ ئۆز خەلقى قەلبىدىن قانچىلىك ئورۇن ئالغانلىقى مەزكۇرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەلۇم بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك.

— مۇنداق دەڭ؟ — مەسخىرىلىك كۈلكەمنى توختاتتىم. ئۆزۈمگە چەكسىز ئىشەنگەن، تەمەننا قويغان ھالدا پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىدىم، — ئالىي دەرىجىلىك رەھبەرمەن، نەچچە يۈزمىڭ نوپۇسلۇق كەڭ زېمىندىكى ساناقلىق كاتتا ئەربابلارنىڭ بىرىمەن. ھەرقانداق چاغدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلىرىدىكى ئاتاقلىق دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىشقا تولۇق ھوقۇقلۇقمەن. خالىسام، شەرقىي يېرىم شار، خالىسام، غەربىي يېرىم شار دوختۇر-

خانلىرىنىڭ ھەرقاندىقىدا داۋالىنىش ئىمكانىيىتىنىمۇ قولغا كەلتۈرەلەيمەن. شۇڭلاشقا مەن ئۆلمەيمەن، ئاسانلىقچە ئۆلمەيمەن. ناۋادا... ئاھ، شۇ سۆزنى تىلغا ئېلىش، شۇ كۈننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش نەقەدەر قورقۇنچلۇق — ھە؟!... بىراق، مېنىڭ ۋاپاتىم باشقىچە بولىدۇ. تىنىقىم توختىغان، كۆزۈم يۇمۇلغان ھامان سۈپسۈزۈك ئاسمان قاراڭغۇلىشىدۇ. پەلەكنىڭ ئاھ — زارى گۈلدۈرمامىغا، ھەسرەت — پىغانى چاقماققا، كۆز ياشلىرى يامغۇرغا ئايلىنىدۇ. ھىجران — جۇدالىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەگەن ئونمىڭلىغان ئىخلاسمەنلىرىم سەۋدايىلارچە چېچىنى يۇلىدۇ، ياقىسىنى يىرتىدۇ، قانچىلىگەن گېزىت سەھىپىلىرى مەرسىيە — مۇسىبەت داستانلىرى بىلەن تولىدۇ:

«ئەلۋىدا — ئەلۋىدا، مۆھتەرەم رەھبەر،
سەن ئىدىڭ جان كۆيەر، شەپقەتلىك پەدەر.
ھاياتلىق ئالىمى كۆرمىگەن تېخى،
بۇنىڭدەك قايغۇنى بۈگۈنگە قەدەر.
شۆھرىتىڭ، شەپقىتىڭ ھامان ئەستەدۇر،
ۋۇجۇدۇڭ زېمىندا، روھىڭ ئەرشتەدۇر...»

شۇ تەرىقىدىكى ماتەم ناخشىلىرىنى بار ئاۋازى بىلەن ياڭرىتىپ، ئاسمان — زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتكەن سان — ساناقسىز ساداقەتمەنلىرىم جىنازامنى يەلكىسىدە ئەمەس، بېشىدا كۆتۈرىدۇ. بىر ئەسىرلىك تارىخقا گۇۋاھ بولغۇچى بوۋاي — مومايلارمۇ ھاڭ — تاڭ قېلىشىدۇ

مۇنداق دەپ: «كۆزىمىز ئېچىلغان، چىشىمىز چىققاندىن بۇيان كۆرۈپ باقمىغانىمىز مۇنداق سەلتەنەتلىك ئۆلۈمنى!»

ئۇچۇپ چۈشكەن ياكى ئۈنۈپ چىققانلىقىنى بىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم ئىدىم. چۈنكى، كۆز ئالدىمدا ئەزرائىل تۇراتتى. ئۇ، قولىنى ئۇزارتتى، ئالقىنىنى ئاچتى:

— ئامانەتنى تاپشۇر!

چەكچەيگەن بويىچىلا قالدىم. ئۇ، ئالقىنىنى يۇمدى:

— ئەمدى سەن ئەرۋاھ! — دېدى - دە، نەگىدۇر غايىب بولدى.

تىرىكلىكىمدە مەن «ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن روھى ئەرشكە چىقىپ كېتىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم. بىراق، ھازىر مەن ئەرشكە چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىمايتتىم. مۇسىبەتتار خەلقنىڭ باش ئۈستىدە لەرزان ئۇچۇپ يۈرۈپ، داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمىنى قانغۇچە تاماشا قىلماقچىدىم. ئۇنىلغان مۇنبەردىن ياڭرىغان تەزىينامىلەردىكى يۈكسەك باھانى ئاڭلاپ يېڭىباشتىن روھلانماقچى، يۈزلىگەن گۈل چەمبىرەكلەرگە يېزىلغان دەبدەبىلىك مەرسىينامىلەرنى بىر - بىرلەپ ئوقۇپ، چەكسىز ھۇزۇرلانماقچىدىم.

ئۇچۇشقا ئۇرۇنۇپ باقتىم، سەكرەشكىمۇ مادارىم يەتمىدى. ئاھ، نېمە كارامەت بۇ؟ مەن نېمىشقا مۇنچە جانسىز، زەئىپ؟...

تېلېفون جىرىڭلىدى، جىرىڭلاۋەردى. مەن بايىلا خىزمەتكە بۇيرۇۋەتكەن كاتىپىم كىرىپ غۇدۇراشقا باشلىدى: بۇتتەك ئولتۇرغۇچە، ئېلىۋەرسە بولمامدىغاندۇ؟ شۇنىمۇ قولىغا ئېلىپ بېرەمدىمەن ئەمدى؟ باشلىق، سىزگە

تېلېفون!... قولىنى ئۈزىتىپ قويايمۇ دېمەيدۇيا؟ بيۇروكراتلىقنى!... بوپتۇ، تۇتقۇزۇپ قوياي. ھە؟ قولى نېمانچە سوغۇق؟ چەكچىيىپلا قاپتۇغۇ؟ باشلىق!... تىنىقىمۇ توختاپ كېتىپتۇ. تومۇرىچۇ؟ توختاپتۇ، يۈرىكىمۇ شۇنداق. ئۆلگەن ئوخشىمامدۇ؟ ئۆلۈپتۇ، راستتىنلا ئۆلۈپ قاپتۇ.

كاتىپىمنىڭ جىددىيلەشمىگىنى، ھولۇقۇپ كەتمىگىنى، «ئاھ، باشلىقىم، سۆيۈنگەن بېغىم، يۆلەنگەن تېغىم!» دەپ ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپ كەتمىگىنى، سېخىي قوللىرىمنى مەڭزىگە يېقىپ، كۆزلىرىگە سۈرتمىگىنى بىر ئەلەم قىلسا، شۇنچە خاتىرجەملىك بىلەن «ئۆلۈپ قاپتۇ» دېگىنى مىڭ ئەلەم قىلدى. «مەڭگۈ كۆز يۇمۇپتۇ»، «ئەبەدىي ئۇيقۇغا كېتىپتۇ»، «خۇدانىڭ دەرگاھىغا راۋان بوپتۇ» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ بىرەرى تېپىلماسمىدى ئۇنىڭغا؟

كاتىپىم تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى:

— ۋەي - ۋەي، باشلىقنى دەمسىز؟ ئۇ، ئۆلدى، مەڭگۈ ئۆلدى!

چاك - چېكىمدىن بۆسۈلۈپ كەتكىلى تاس - تاماس قالدىم: دەۋاتقان گېپىگىنى قارا! كۆرىسەن، كۆرسەن تېخى! سان - ساناقسىز ساداقەتمەنلىرىم «باشلىق ئۆلمىدى، مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ!» دەپ دەبدەبىلىك تەزىيە نۇتقى سۆزلەيدۇ ھېلى!...

كاتىپىم خەۋەر قىلدى، ئىشخانام ئادەملەر بىلەن تولدى. ئەپسۇسكى، ھېچقايسىسى «ئاھ!» دەپ ھەسرەتلىك ئىدا قىلمايدۇ، كۆز ياش تۆكمەيدۇ. ئۇشتۇمتۇت مۇسىبەت خەۋىرىمنى ئاڭلاپ، دېمى سىقىلىپ، تىنالمايۋاتقانمىدۇ؟

قايغۇلۇق كۆز ياشلىرى جۇدالىق ئوتى تەپتىدىن قۇرۇپ كەتكەنىمىدۇ؟

— كېلىڭلار، كۆتۈرۈپ ئاچىقىۋېتەيلى، — دېدى كاتىپىم.

— نېمانچە ئېغىر؟ — دەپ غۇدۇرىدى بىرى.

قەدىرلىك ئۆلىمىنىڭ نەقەدەر ئېغىر بولىدىغانلىقىنى بىلمەيسەن - دە! دەپ ئۆز ئىچىمدە ماختاندىم، غۇرۇرلاندىم.

پىكاپىم بىلەن ئائىلەمگە يەتكۈزمەكچى بولۇشقانىدى، شوپۇرۇم ئۇنىمىدى:

— جەسەت توشۇش ماشىنىسى ئەمەس بۇ. نېرى تۇرۇڭلار، ماشىنىنى سېسىتماڭلار!

نېمىشقىمۇ ئەخلەت توشۇشقا ئورۇنلاشتۇرمىغان بولاتتىم ئۇنى! دەپ ئەپسۇسلىنىپ تۇرسام، كاتىپىم سۆزلەپ قالدى:

— باشلىقىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلغىن، مۇنچە تەرسالىق قىلما!

— بۈگۈن - ئەتىگىچە يېڭى باشلىق كەلمەي قالماي-دۇ. ئۇ، پىكاپىقا چىقار - چىقماي تۇرۇپلا، نېمە توشۇغان؟ غەلىتە پۇرايدۇغۇ؟ دەپ قالسا، مەن نېمە دەيمەن؟ كونا باشلىقنىڭ كاتىپى مېنى جەسەت توشۇشقا مەجبۇر قىلغانى-دى دەپ جاۋاب بەرسەم مەيلىمۇ؟

كاتىپىمنىڭ زۇۋانى تۇتۇلدى:

— بولدى، بولدى، قارا ماشىنا بىلەن يۆتكەيلى! — دېدى ئۇ ئالاقزادىلىك ئىچىدە كېكەچلەپ.

يۈيۈشتى، سەسكىنىپ تۇرۇپ يۈيۈشتى. جىنازىغا
ئېلىشتى. بېشىدا ئەمەس، يەلكىسىدە كۆتۈرىدىغان ئادەممۇ
چىقمىدى. «ھەممەيلەن كاتتا مۇراسىم تەييارلىقى بىلەن
ئالدىراش بولسا كېرەك. ئۆزۈم ئىزدەپ باقاي. ئالدى
بىلەن كىمنى تاپاي؟» ئەڭ ساداقەتمەن چاپارمەنلىرىمدىن
ئىككىسى ئېسىمگە كەلدى. ئۇلار بۇ دەھشەتلىك شۇم
خەۋەردىن ۋاقىپ بولغانمىدۇ؟ مەندەك مېھىر - شەپقەتلىك
باشپاناھىدىن بىمەھەل ئايرىلىپ قالغان بۇ بىچارىلەر
قانچىلىك ھەسرەت - نادامەت قوينىدا تىپىرلاۋاتقاندۇ؟...
مەن — قاناتسىز ئەرۋاھ — ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، تەرلەپ-
پىشىپ، بىرىنچى چاپارمىنىمنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. قارىسام،
ئىككىسى شۇ يەردە بەخىرامان سۆزلىشىۋېتىپتۇ:
— يېڭى باشلىقنى كونا باشلىقنىڭ خىزمىتىدىن
قۇسۇر تاپمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ساداقەتمەنلىرىنى
چەتكە قاقمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ جىنازىسى ئەترا-
پىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگىنىمىزنى بولغۇسى باشلىق
كۆرۈپ قالىدىغانلا بولسا، كۈنىمىز تەس، ھالىمىز خاراب،
بەختىمىز قاراڭغۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، يېڭى خەيرخاھىمىزنىڭ
كىملىكىنى تىك - تىڭلاشقا كىرىشكىنىمىز، ئۇنىڭغا
يېقىنلىشىش ئامالىنى تاپقاچ تۇرغىنىمىز تۈزۈك.
تەرجىمە قىلىنغان بىر كىتابتىن «دەرەخ يىقىلسا،
مايمۇن تۇزۇپتۇ» دېگەن جۈملىنى ئوقۇغانلىقىم ئېسىمگە
كەلدى. «ئەي ھارامزادە مايمۇنلار! — دەپ خىتاب قىلدىم
ئۆز ئىچىمدە، — مېنى يىقىلدى دېيىشىۋاتامسەن تېخى؟
سەن قېچىشقان، توزۇپ كېتىشكەن بولساڭ، ماڭا يېقىنلى-

شىشنى ئۆزى ئۈچۈن ئالىي شان - شەرەپ بىلىدىغانلار كۆرمىگ!...»

قايتىپ كەلسەم، ناتونۇش تۆت كىشى جىنازام بىلەن ھەپىلىشىۋېتىپتۇ. بىرى، «نېمانچە ئېغىر نېمە بۇ؟» دېسە؛ يەنە بىرى، «گۇناھى ئېغىرنىڭ جەسىتىمۇ ئېغىر بولىدۇ» دەۋاتىدۇ. مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەتتىمۇ بۇ ياۋايىلار!

2

كاتتا جامە ھېيت قۇربان نامىزى ۋاقتىدىكىدىنمۇ بەكرەك ئاۋاتلىشىپ كەتكەن. ھەسرەتلىك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋاتقان، كۆز يېشىنى سۈرتىۋاتقان ئونىمىگلىغان ئادەملەر يىغلىدىلىك بىلەن دېيىشمەكتە: «يۇرتىمىزنىڭ بىباھا گۆھىرى ئىدى»، «ئەجدادىمىزنىڭ پەخرى، ئەۋلادىمىزنىڭ غۇرۇرى ئىدى»، «ئۆز ئادىمىمىز ئىدى»...

ئىچ - ئىچىمدىن ماختىنىدىم ۋە تەئەججۇپلەندىم: ھەر نەرسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق نەرخ - باھاسى بولىدۇ، گۆھەرنىڭمۇ شۇنداق. لېكىن مەن ئوت چاچىدىغان گۆھەر، كۆيدۈرۈشكە تېگىشلىك دەپ قارىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان يېگانە خىسلەتلىك گۆھەر. شۇڭلاشقا «بىباھا» دېگەن سۈپەت ماڭا مۇناسىپ. شۇ سۈپەت تۈپەيلىدىن «پەخىر - غۇرۇرى» بولۇشقىمۇ مۇناسىپمەن. بىراق «ئادەم» دېگىنى نېمىسى؟ يەنە كېلىپ، «ئۆز ئادەم» - ھە؟

مېيىت نامىزى ئوقۇلىدىغان جايدا يەنە بىر جىنازا

تۇرۇپتۇ. مەن بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆلگەن، مەندىن بۇرۇن جامەگە كىرىۋالغان، تەپ تارتماستىن مەن بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇۋالغان قايسى تېجىمەلدۇ ئۇ؟ ماڭا قىلىنغان دۇئا - تىلاۋەتكە تەڭ شېرىك بولۇۋالماقچىمكەن - دە؟ شان - شۆھرىتىم سايىسىدە جەننەتكە كىرىۋېلىش قەستىدىمۇ بولار تېخى!

جىنازا ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن بىر ئەرۋاھقا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ، قاناتلىق، شۇنچە تېمەن، روھلۇق ئىدى. قىزغىنىش، ھەسەت ئىچىدە سورىدىم:

— ئېيت، ساڭا مۇنچە كۈچ - قۇۋۋەت، ئۇچقۇر قانات بەخش ئەيلىگەن كىم؟

ئۇ، مەغرۇرانە جاۋاب بەردى:

— خەلقنىڭ سۆيگۈ - ئىخلاسى، خالىس دۇئاسى!

— سەن زادى كىمنىڭ روھ - ئەرۋاھى؟

— ...نىڭ!

— ھە؟ شۇنىڭ روھ - ئەرۋاھىمۇ سەن؟ — مەن ئۇنى تونۇيتتىم. خەلقنىڭ تەلىپى، دەۋرنىڭ تەقەززاسى، سىياسەتنىڭ بېسىمى، يۇقىرىنىڭ ھەيدەكچىلىكى بولمىغان بولسا، بىز ئۇنىڭ نامىنى ئۆمۈرۋايەت ئەسلىگە كەلتۈرمىگەن، كىشىلىك ھوقۇقىدىن مەڭگۈ مەھرۇم قىلغان بولاتتۇق. بىر كۈنى ئۇ، ئۆز پۇلى، قان - قېرىنداش، يار - يۆلەكداشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن تىببىي تېخنىكوم قۇرماقچى بولۇپ ئالدىمغا كىرىپتۇ. تەپ تارتماي، تەكەللۇپ قىلماي، ئىسىم - فامىلەمنى ئاتاپلا مەقسەت - مۇددىئايىنى ئىزھار قىلىۋاتامدۇ! قائىدە - يوسۇن

بىلمەيدىغان مۇنداق كەدەنكەشلەرگە قانداق جاۋاب بېرىشنى ئوبدان بىلمەن ـ دە! قايتىدىن كېلىپ، يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشنى نومۇس دەپ بىلگەن بۇ تەكەببۇر كەدەنكەش بوگۈن شان ـ شۆھرىتىم سايىسىدە...

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ھېلىقى ئەرۋاھ، — ئۆلتۈرسە قېنى، توغرىسا تېنى، قايناتسا سۈيى قوشۇلمايدۇ ئىككىمىز بىلەن!

— جۆيلىمە! — دەپ ۋارقىرىدىم مەن، — ئۇ قانچىلىك نېمە ئىدى؟ ماڭا ئوخشاش دۆلەت ـ سائادەت، ھوزۇر ـ ھالاۋەت ئىچىدە ئۆتكەنمىدى ئۇ؟ يازغىنى بار ـ يوق بىرقانچە كىتابچۇ؟ شۇنچىلىك تەس ئىشمىدى كىتاب يېزىش دېگەن؟ 30 نەچچە ھەرپنى ئۇيان ـ بۇيان تولغىسا، بىر ـ بىرىگە ئۇلىسا ـ چاتسا، پۈتۈۋەرمەمدۇ نى ـ نى كىتابلار؟ شۇنچە يىللاردىن بۇيانقى دەيدەبىلىك نۇتۇق ـ يولىيورۇقلىرىمنى كاتىپىمغا رەتلىتىپ قويغان بولسام، نەچچە توم بولماسمىدى؟ ئەپسۇسكى، مەن ئۇنداق ئابرۇيپەرەسلىك، شۆھرەتپەرەسلىكنى خالىمىغان، قەلەم ھەققى دېگەن نېمىگە زادىلا قىزىقمىغان ـ دە!

ناماز ئاخىرلاشتى. ئېغىر جىسمىم بايىقىدىنمۇ بەتتەررەك غۇدۇراشلار ئىچىدە كۆمۈر توزۇندىلىرى توزۇپ تۇرغان قارا ماشىنىغا چىقىرىلدى. قورقۇنچلۇق گۆرىستانغا قاراپ كېتىۋاتىمەن. داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمىم قېنى؟ ھەسرەتلىك تەزىينامىلەر قېنى؟ مەن تەسەۋۋۇر قىلغان سان ـ ساناقسىز گۈل چەمبىرەكلەر قېنى؟ ئالدىمدا بىرنەچچە پىكاپ، ئارقامدىچۇ؟ نېمە ئىش بۇ؟ ئىنس ـ جىن كۆرۈلمەيدۇيا؟

ئاۋۇ دوقمۇشتا تۇرغان ئىككى مويسىپىت بىرنېمە دېيىشىۋاتىدۇغۇ؟ پەرزلەت ۋە مۆجىزىلىرىم توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتقاندۇ بەلكى، قېنى، بىر ئاڭلاپ باقاي. «بىزنىڭ ئەزەرىمىزدە ئالىقاچان ئۆلۈپ بولغانىدى، پەرلىكىگە ئەمدى مىڭىپتۇ ـ دە!...» ياق، بۇ مەن توغرۇلۇق گەپ ئەمەس. ھەددى ئەمەس مەن توغرۇلۇق مۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىشقا!... مېنىڭ مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئىخلاسمەنلىرىم قېنى؟ ساداقەتمەنلىرىم قېنى؟ ھەسرىتىمدە تولا يىغلاپ، ھالسىزلىنىپ كېتىپ، جىنازامغا يېتىشىپ ماڭالمايۋاتقان بولسا كېرەك. سەل ـ پەل تەخىر قىلاي، جىسمىم كېتىۋەرسۇن، مەن ئۇلار بىلەن بىللە ماڭاي...

ئەنە، ئۇلار كەلدى، دېڭىزدەك تەۋرىنىۋەتكەن ھازىدارلار قوشۇنى يېتىشلاپ كەلدى. ئەپسۇسكى، بۇ دولقۇن ئۈستىدە باشقا بىر ئاق يەلكەن لەڭ ئۈزەتتى. ئاھ!... بۇ — بايىقى جىنازا ئىدى. كىشىلەر ئۇنى يەلكىسىدە ئەمەس، بېشىدا كۆتۈرۈۋاپتۇ!

چوڭ يول — دېڭىز، كوچا ـ كوچا، رەستە ـ رەستىلەر بۇ دېڭىزغا قاراپ ئېقىۋاتقان تارام ـ تازام ئېقىنلار ئىدى. ئاق يەلكەننى چەكسىز سۆيۈنۈش ئىلكىدە بۆشۈك تەۋرىتىۋاتقان مېھرىبان ئانىدەك لەرزان تەۋرىتىۋاتقان بۇ دېڭىز تىنىمسىز شاۋقۇن سالاتتى. بۇ شاۋقۇن ئانا ئەللىيدەك پاك، سەمىمىي ۋە يالقۇنلۇق ئىدى. ئۇ، خەلقنىڭ يۈرەك سۆزى، سۆيگۈ ئىخلاسى ۋە باھاسى ئىدى، «يۇرتىمىزنىڭ بىباھا گۆھىرى، ئەجدادىمىزنىڭ

يەخرى، ئەۋلادىمىزنىڭ غۇرۇرى، ئۆز كىشىمىز — ئۆز ئادىمىمىز...»

— ھە؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئەمەس، ئۇنىڭغا تەئەللۇق ئىكەن - دە؟ — دېدىم مەن تېخىمۇ ماغدۇرسىز- لىنىپ. ھېلىقى ئەرۋاھ باش ئۇستىمدىن ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ سوراپ قالدى:

— «ئۆلۈشۈپ باقارمىز، كۆرۈشۈپ باقارمىز، دېگەن ماقالنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتتىڭمۇ ئەمدى؟

— ئاھ! —... ئاشپەز ئوچىقى ئەتراپىدا يانپىشىغا يېرىندا تەگكەن ئىگىسىز كۈچۈكتەك تولغىنىپ كەتتىم.

1987 - يىل يانۋار. قەشقەر.

# ئەسكى چاپان

## 1

تاڭ ئالدىدا ياغقان ئۆتكۈنچى يامغۇر يۇيۇپ ئۆتكەن ياپيېشىل تال يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئاققان نۇر ئېقىنلىرى نۇرىمان ئانىنىڭ ئاق، سۈزۈك چېھرىسىدە جىلۋىلەنمەكتە ئىدى. قوش تۈۋرۈكلۈك پېشايۋان ئاستىدىكى كونا گىلەم سېلىنغان ئىنچىچامغىنا سۇپىدا تەنھا ئولتۇرغان ئاقباش ئانىنىڭ قولىدا قايچا، ئېتىكىدە پاختىلىق چاپان، چەكمەن چاپانىنىڭ قولتۇقى بىلەن پەۋىزىگە قارىغاندىلا، ئۇنىڭ ئەسلىدە كۈل رەڭ چەك-مەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. چاپانىنىڭ گەجگە تەرىپىدىن بىر سويۇم ئۇزۇنلۇقتىكى جايغا ئىككىلىك كەڭلىكتە كۈل رەڭ چەكمەن ياماق، جەينەكلىرىگە جىگەر رەڭ سىياگۇ ياماق سېلىنغان، ھەر ئىككىلا يېڭى تولىمۇ سىپتا ئۇچلانغانىدى. سەگەز ئەستىرىنىڭ دۈمبە تەرىپى سۈزۈلگەن، قولتۇق ۋە ئارقا پەشلىرىگە كۆك، قارا ياماقلار سېلىنغان بۇ چاپانىنىڭ ئىچ - تېشىدىن مەڭچىلىك داغ، چەل تاپقىلى، سېرىق سۆگەت چىۋىقى بىلەن ئۇرۇپمۇ چاڭ چىقارغىلى بىرلمايتتى.

نۇرىمان ئانىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئۆمرى ئەسكى -

تۆسكى لاتا ـ پۇتىلار بىلەن ماز توزانلىرى ئىچىدە ئۆتتى. بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ تۇرغان مەشھۇر «خانلىق مەدرىسە» بىلەن «قازان مەدرىسە» نىڭ 100 - 150 قەدەم شىمالىدىكى «ئامبارچى» دەپ ئاتالغان ئەگمە بوشلۇق بۇ ئانىنىڭ ھەپتىدە بىر كۈن تىجارەت قىلىدىغان جايى ئىدى. بۇ كونا ماللار بازىرىغا ھەر بازار كۈنى تاڭ سەھەردىلا پەيدا بولاتتى ـ دە، پاختىلىق ـ پاختىسىز، ئەستەرلىك ـ ئەستەرسىز ئەسكى ئىشتان ـ چاپان، جىلىتكە، ئىشتان ـ پايپاق قاتارلىقلارنى سېتىۋالاتتى. ئۆيىگە ئەكېتىپ، ئاۋايلاپ سۆكۈپ، ئىرىنمەي يۇيۇپ ـ تازىلاپ، تېشىنى بىر ياققا، ئەستەر، ئىچ ئەستەرلىرىنى بىر ياققا ئايرىپ قاتلايتتى. ماز ـ پاختىلىرىنى ئاتتۇراتتى. بۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭ ماشىنىچى، موزدۇز چۆپقەتلىرى ئۇدۇللۇق ئەكېتەتتى. بۇ ئىش ـ ئوقەت ئارقىلىق كېلىدىغان ئازغىنا تاپاۋەت بەش ۋاخ ناماز بىلەن 30 كۈن روزىنى قازا قىلمايدىغان بۇ جاپاكەش ئانا تۇرمۇشىنىڭ ئۇلى ئىدى.

ئېتىكىدە چاپان، ئوڭ قولىدا ئانىسىنىڭغا تەلمۈرگەن سۇڭگۇلاچ باچكىسىنىڭ ئاغزىدەك ئىچىلغان قايچا، كۆزى چاپاندا، ئوي ـ خىيالى چاپان ئىگىسىدە.

ئەنە، چاچلىرى ئۇچىدەك ئاقارغان، قاش ـ كىرپىكلىرى تۆكۈلگەن، ھاسا تاياققا يۆلىنىپ ئازانىلا دەسسەپ تۇرۇۋاتقان دومچەك بىر موماي، قولتۇقىدا ئاق داكىدا ئورالغان تۈگۈنچەك. يۈرەك بېغىشى قۇرت يېگەن چىشتەك لىڭشىپ قالغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ موماي شۇنچە مىڭ ـ مىڭ ئادەملەر قاينىمىنى قانداق يېرىپ چى

قالىغاندۇ؟ ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى نۇرىمان ئانىغا تىكىلىمەكتە، تەلمۈرمەكتە.

— كەلسىلە، ئانا، بۇ ياققا ئۆتسىلە. تىنىقلىرى جايىغا چۈشۈۋالسۇن، يىردەم ئولتۇرسىلا. ھە، مانا بۇ چاپان ئۈستىدە.

نۇرىمان ئانىنىڭ يۆلىشى بىلەن يېڭىلا سېتىۋېلىنغان ئەسكى چاپان ئۈستىدىن جاي ئالغان موماي ھېلىقى بوغجۇمىسىنى گويا ئارزۇلۇق نەۋرىسىنى قۇچاقلىۋالغاندەك كۆكسىگە تېڭىپ ئولتۇراتتى.

— ئانا، نېمە ئۇ؟

موماي گويا ئۆز ھاياتىدىكى بىردىنبىر مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش - ئاشكارىلىماسلىق ھەققىدە جىددىي ئويلىنىۋاتقاندەك ئۇن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن زەئىپكىنە ئاۋاز چىقاردى:

— مەرھۇمنىڭ تەۋەررۇكى ئىدى، — ئۇ خۇددى ئارزۇلۇق نەۋرىسىنى يېشىندۇرگەندەك يەشتى، بوغجۇمىنى ئاچتى، — كۆرۈپ باقامىلا؟ — مومايىنىڭ تىترەپ تۇرغان قول بىلەن ئاچقىنى مۇشۇ چەكمەن چاپان، سۆزلىگىنى ماۋۇلار ئىدى:

— ئەسلىدە مەنمۇ شەھەرلىك، جانقورغانلىق ئىدىم. دەرۋازىمىز كۈنپېتىشقا، ئىشىك - دېرىزىلىرىمىز كۈنچىقىشقا قاراپ تۇراتتى. ئىككى ئارغامچا بويى تۆۋەندە ياپپېشىل سۆگەتلىك بۇلاق بېشى، قىشمۇ - ياز قايناپ تۇرىدىغان مارجان بۇلاق. ئاق قۇشقاچ، قارا قۇشقاچ، شاخ سانىغۇچىلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى، چەكمەن - چوتا، سەگەز - شاتمۇار سىلىقلىغۇچىلارنىڭ توقماق سادالىرى

تۆرۈلمەيتتى. ئىككى ئوغۇل، بىر قىزغا ئانا بولدۇم. ئوغۇل-لىرىم دادىسى بىللە ئاقچىلىق قىلاتتى، هارۋا چاق-لىرىغا تۆمۈر چەمبەر ياسايتتى. تېنىمىز ساق، نېنىمىز پۈتۈن، خاتىرجەم ئىدۇق. ئوغۇللىرىمىزنى ئۆيلەپ - ئوچاق-لىق، قىزىمىزنى ياتلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، خۇدا نېسىپ قىلسا، مەككە مۇنەۋۋەرىمنى تاۋاپ قىلىپ كەلسەك دەپ يۈرەتتۇق. شۇ يېغىلىق، نەس «تۆگگان يېغىلىقى!»...

جانقورغان — يەتتە - سەككىز تەرەپتىن كىرگىلى بولىدىغان كۆجۈم مەھەللە. ئۇنىڭ هەر كوچىسى ئاغزىدا مۇستەھكەم دەرۋازىلىرى بار ئىدى. بىر كۈنى سۇبهى يورۇشتىن بۇرۇنلا كوچا دەرۋازىسىنى مۇشتىلىغان، تەپكەن، ئاللىقانداق نېمىلەر بىلەن ئۇرغان سادا، قالايمىقان چۇقان-سۈرەنلەر ئاڭلاندى. ۋارقىراش - جارقىراشلارغا ئوق ئاۋازى قېتىلدى.

— بولاڭچىلار كەلدى!

— قاراقچىلار كەلدى!

هەممە ئېغىزدىن چىقىۋاتقىنى شۇ گەپ. پۈتۈن كوچا تار جىلغىدا قاراقچىغا يولۇققان كارۋان توپىدەك ئەنسىز-چىلىك ئىچىدە. بىزمۇ گاڭگىراپ قالدۇق. پۇت - قوللىرى-مىزدا جان قالمىدى. هەممىمىز تەڭ دەيتتۇق:

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، — دېدى دادىسى ئىككى ئارغامچىنى مەھكەم ئۇلاپ، — جان بولسا جاهان، ئۆي، مال - مۈلۈككە قارىماڭلار. ئوغلۇم، تۇت ئارغامچىنى! چۈش، ياردىن چۈش! — ئۇ ئارغامچىنىڭ پېشايۋان تۈۋرۈ-

تۆزۈلمەيتتى. ئىككى ئوغۇل، بىر قىزغا ئانا بولدۇم. ئوغۇللىرىم دادىسى بىللە ئاقچىلىق قىلاتتى، ھارۋا چاقلىرىغا تۆمۈر چەمبەر ياسايتتى. تېنىمىز ساق، نېنىمىز پۈتۈن، خاتىرجەم ئىدۇق. ئوغۇللىرىمىزنى ئۆيلەپ - ئوچاقلىق، قىزىمىزنى ياتلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، خۇدا نېسىپ قىلسا، مەككە مۇنەۋۋەرىنى تاۋاپ قىلىپ كەلسەك دەپ يۈرەتتۇق. شۇ يېغىلىق، دەس «تۇڭگان يېغىلىقى!»...

جانقورغان — يەتتە - سەككىز تەرەپتىن كىرگىلى بولىدىغان كۆچۈم مەھەللە. ئۇنىڭ ھەر كوچىسى ئاغزىدا مۇستەھكەم دەرۋازىلىرى بار ئىدى. بىر كۈنى سۈبھى يورۇشتىن بۇرۇنلا كوچا دەرۋازىسىنى مۇشتلىغان، تەپكەن، ئاللىقانداق نېمىلەر بىلەن ئۇرغان سادا، قالايمىقان چۇقان-سۈرەنلەر ئاڭلاندى. ۋارقىراش - جارقىراشلارغا ئوق ئاۋازى قېتىلدى.

— بۇلاڭچىلار كەلدى!

— قاراقچىلار كەلدى!

ھەممە ئېغىزدىن چىقىۋاتقىنى شۇ گەپ. پۈتۈن كوچا ئار جىلغىدا قاراقچىغا يولۇققان كارۋان توپىدەك ئەنسىزچىلىك ئىچىدە. بىزمۇ كاڭگىراپ قالدۇق. پۇت - قوللىرىمىزدا جان قالمىدى. ھەممىمىز تەڭ دەيتتۇق:

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، — دېدى دادىسى ئىككى ئارغامچىنى مەھكەم ئۇلاپ، — جان بولسا جاھان، ئۆي، مال - مۈلۈككە قارىماڭلار. ئوغلۇم، تۇت ئارغامچىنى! چۈش، ياردىن چۈش! — ئۇ ئارغامچىنىڭ پېشايۋان تۈۋرۈ-

كىگە باغلانغان ئۇچىنى چىڭ تۇتۇپ، تارتىشماقتا چۈشكەن-دىنمۇ قاتتىقراق تىرەجەپ تۇراتتى، — بالام، يەرگە دەس-سىدىڭمۇ؟ ھەببەللى، قىزىم ئەمدى سەن چۈش، چىڭ تۇت، قورقما!...

چۈشۈپ بولغان ئوغۇل - قىزلىرىمىز بىزگە قاراپ تەقەززالىق بىلەن نىدا قىلماقتا ئىدى:

— ئانا، تېزرەك!

— دادا!...

كوچىمىزدا داد - پەرياد كۆتۈرۈلدى:

— ئوت قويدى!...

— دەرۋازىغا ئوت قويدى!...

ئاچچىق ئىس - تۈتۈن جانقورغان ئاسمىنىدىكى تۇ-مانلارنى قويۇقلاشتۇرماقتا، دىماغلارنى ئېچىشتۇرماقتا ئىدى.

— چۈشۈڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى دادىسى، — ماڭا قارىماڭلار، ھە، چىڭ تۇتۇڭلار، قورقماڭلار!

بىر غېرىچ، بىر سىرىيامدىن تۆۋەنلەپ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتىم. يار تۆۋىدىكى باللىرىم «ئانا، تېزرەك - تېزرەك!» دەپ ئالدىراتسا، دادىسى يۇقىرىدا تۇرۇپ ۋارقىرايتتى:

— قورقماڭلار، قولۇڭلارنى چوڭراق يۆتكەڭلار!

— ئانا، قورقما، ئاز قالدى، مورەمگە دەسسە! — دەپ ئالدىرىماقتا ئىدى ئاكىسىنىڭ مورىسىگە دەسسەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئوغلۇم. ئىككى پۇتۇم ئۇنىڭ مورىسىگە تېگىش بىلەن تەڭ دەرۋازىمىزنىڭ قاتتىق تېپىلگەن، ئۇرۇل-غان، ئاخىر جالاقلاپ ئېچىلغانلىقى ئايان بولدى. بېسىپ كىرگەن بۇلاڭچىلارنىڭ غەلىتە كالدىرلاشلىرىنى ۋە دادىسى-

نىڭ قەھىر ـ غەزەپلىك ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق:

— ھە، كىلە، كىلىشە، ئىمانسىز قاراقچىلار!

قىزىم مېنى قولتۇقۇمدىن يۆلەپ يەرگە ئالغان پەيتتە «ئەييا!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى. شۇنداق قارىساق، بىر چېرىك تىك موللاق ئېتىپ چۈشۈۋاتامدۇ!

— قېچىڭلار!... سۆڭگۈچ بىلەن قېچىڭلار!...

بۇ دادىسى رەھمەتلىكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاۋازى بولۇپ قالدى. ھەسرەتلىك ئاھ ـ پەريادىمىزنى، قانلىق كۆز يېشىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتماقتىن باشقا ئامالىمىز يوق ئىدى. يېغىۋاتقان ئوق يامغۇرى ئاستىدا بىز ئۆزىمىزنى سېپىل ئاستىدىكى سۆڭگۈچكە ئاتتۇق...

موماينىڭ دېمى سىقىلدى، جىم بولدى. قىيانلىق ياش دەرياسى ئۇنىڭ زەئىپ ۋۇجۇدىدا، تومۇر ـ تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتاتتى. يۈز ـ كۆزلىرىدىكى تەر مونچاقلىرىنى ئاق داكا روملى بىلەن سۈرتتى، شۇ رومال ئۇچى بىلەن يۈزىنى يەلپۈدى.

— مۇشۇ يەر، — دەپ كۆرسەتتى چەكسىز قايغۇ ـ ئازابلىق ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — مۇشۇ يەرگە قىلىچ تەگكەنىكەن، — ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى بۇ چاپانىنىڭ ئىككىلىك ياماق سېلىنغان گەجگە تەرىپى ئىدى.

— بۇ ئۆي ماڭا دوزاخ كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى، — قانلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى داۋاملاشتۇردى موماي، — ئېلىشىغا سېتىپ، ئانا يۇرتۇمغا كەتتىم. ئوغۇللىرىمنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق، قىزىمنى ياتلىق قىلدىم. 11 نەۋرە كۆردۈم. قىزىم پولات ـ تۆمۈر تاۋلاش ۋاقتىدا تاغدا قازاغا ئۇچرىدى.

چوڭ ئوغلۇم داجەينى كۆرۈپ كېلىمىز دەپ كېتىپ يولدا تۈگىدى. كىچىكى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە غايىب ئوق زەربىسىدە جان ئۈزدى. ھازىر تۆت ئوغۇل نەۋرەم بار. بەش - ئالتە يىلدىن بۇيان ئۇلارنىڭ ھال - كۈنى ئاسمان - زېمىن پەرق ئېتىپ قالدى. بۇ چاپاننى كۆزگە ئىلغۇدەك ئەمەس. كېلىنلىرىم «بۇنى يېپىنىپ يېتىۋېرىپ، خەلقى - ئالەم ئالدىدا يۈزىمىزنى چۈشۈرمىسىلە» دەيدۇ. نەۋرىلىرىم «بۇ نەرسەڭنى ئەمدى تاشلىۋەت» دەپ قىستايدۇ. بېشىمغا قويۇپ ياتاي دېسەممۇ ئۇنىمايدۇ. چاڭ - توزانلىرىنى كىرپىكىم بىلەن سۈپۈرۈپ، چەللىلىرىنى كۆز يېشىم بىلەن يۇيۇپ - تازىلاپ كېلىۋاتقانلىقىمنى بىر خۇدا بىلىدۇ، بىر ئۆزۈم. بىردەم بالىخانىدىكى ئەسكى - تۈسكىلەر ئىچىدىن تاپىمەن، بىردەم چەللە - بىدىش ئۈستىدىن. بىرى تېخى يېڭى تۇغۇلغان موزايىنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويۇپتۇ!... باللىرىم، بۇ چاپاندىن مەرھۇم بوۋاڭلارنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ، موماڭلارنىڭ قېشىغا ئەزرائىلنى يېقىن يولاتمايۋاتقان مۇشۇ پۇراق دەپ ئېيتقىلى بولمىسا؛ ئۇنى يېپىنىپ ياتسام، ئۆزۈمنى ئۇنىڭ قوينىدا ياتقاندەك سېزىمەن دېگىلى تېخىمۇ بولمىسا!... بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتمىگەن نادان نېمىلەر - دە... ئالتە كۈنلۈكۈم قالدى، تىنىقىم توختىغان ھامان مەرھۇمنىڭ بۇ تەۋەررۇكى خارلىنىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. قەدىرىگە يەتكۈدەك ئادەم چىقىپ قالسا، بېرىۋېتەي دېگەنىدىم؛ تېپىلمىدى. قارىسام، چېھرى ئوچۇق، مېھرى ئىسسىق، بەش ۋاخ نامازنى تەرك ئەتمەيدىغان پەجۋاق خوتۇندەك تۇرىدىكەنىلا، كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى. بۇنى

ئۆزلىرىگە بېرىۋەتكۈم كەلدى. ئىشلەتسىلىمۇ، قەدرىگە يەتـ
كۈدەك بىر كىشىگە بېرىۋەتسىلىمۇ مەيلى...

مومايىنىڭ قانلىق سەرگۈزەشتىسى تۈپەيلىدىن قوزغالـ
غان شىددەتلىك خىيال بورانلىرى ھىجران - جۇدالىق،
داغى پەرزەنتلىك ئوتىدا كۆيۈپ ئۆرتەنگەن بىچارە نۇرىمان
ئانىنى ئاشۇ پاجىئەلىك يىللار قوينىغا ئۇچۇرۇپ كەتتى...

## 2

قاتمۇقات تاغدەك ئېغىر قارا بۇلۇتلار ئاستىدا مۈكچەيـ
گەن ھېيتگاھ مۇنارىسى دەرگىگە داۋا، رەنجىگە شىپا
تىلەپ ئۆز ئوغۇللىرىغا ئىلتىجا قىلىۋاتقان نىمجان مويسـ
پىتنى ئەسلىتەتتى. باش ئۈستىدە سىمىزلىكىدىن پەيلىرى
پارقىراپ كەتكەن قارا قاغا - ئالا قاغىلار، ئاستىدا قان
ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان تۇپراقتا بەھۇزۇر ئېغىناپ ياتقان
لالما ئىتلار... ئاھ، بۇ شۇنداق سەھەر ئىدى، ئاسمان -
زېمىن ماتەم - مۇسىبەت ئاھ - زارىغا چۆمۈلگەن پىغانلىق
سەھەر ئىدى!

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىنلا ئاتا - بالا ئىككى
قاسساپ داتلىشىپ قېلىشقا باشلىغان پىچاق، پالتىلىرىنى
بىلىگەچ ئاچچىقىنى تۆكۈشمەكتە ئىدى:

— ئەجەبمۇ قۇرىمىدى بۇ نەس يىغىلىق!

— نەگىلا قارىسا غېرىب - مىسكىن، يېتىم - يېسىر،
مەجرۇھ - مېيىپلار، ئىگىسىز مېيىتلار!...

نۇرىمان ئانا ئون - ئون ئىككى ياشلىق ئىككى قىزنى

نىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىغا ياغلىقارا چېپىۋاتاتتى. شاپتۇل مېغىزىنى قوي يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان قاپقارا مەلھەم چىرايلىق قىز - چوكانلارنىڭ گۈزەل جامالىنى جاراھەت - چاقا بېسىپ كەتكەندەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ، بىنومۇس چىرىكلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىش خەۋپىدىن ساقلاپ قېلىش رولىنى ئۆتەپمۇ قالاتتى.

دەرۋازا ئۇشتۇمتۇت ئۇرۇلدى، تېپىلدى:

— ئاچ! ئىشىكنى ئاچ!

بۇ بالايىئاپەتنىڭ بېشارىتى، ئۆلۈمنىڭ بېشارىتى ئىدى. پۈتۈن ئائىلە تەشۋىشكە چۈشتى:

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— خۇدا بەرگەن جاننى خۇدا ئالىدۇ، — دېدى قاسساپ ئۇستام چوييۇندەك قېتىپ.

— تەلەپمۇ بار، سەۋەبمۇ بار ئەمەسمۇ!

— ئانام راست ئېيتىدۇ، — دېدى ئوغلى، — بۇ ئالەم — سەۋەب ئالىمى دەيتتىڭغۇ ئۆزۈڭ؟

— بالام، — قاسساپ ئۇستام خىتاب قىلدى، — دە - تالاش بىھاجەت، سىڭلىڭنى ئال، ئۆگزە بىلەن قاچ!

يىگىت چوڭ سىڭلىسىنى قولتۇقلىغانچە، تاختا شوتىدىن تاراقلاپ چىقىپ كەتتى. جاللاتلىقى ئەلپازىدىنلا ئايان بولۇپ تۇرغان ئىككى چېرىك ھەيۋە بىلەن بېسىپ كىردى:

— قىمىرلاشما!

ئەر - خوتۇن بىلەن كىچىك قىز ئىشتىكلىك مىلتىق قورشاۋى ئاستىدا قالدى.

— ئالتۇن بارمۇ، ئالتۇن!؟
— ئاختۇرۇۋېلىشىسىلا، ئالدىنقى كۈنى كىرگەنلەر ھەممە
يەرنى ئۆكتەي - توكتەي قىلىپ...
— تولا ۋالاقلىما! — قاپلىق ئىشتىكىنى كۆكرەككە
توغرىلىدى بىرىنچىسى، — جانغا تۇرامسەن، مالغىمۇ؟!
— خۇدا ھەققى، — كېسىپ ئېيتتى ئۇستام، — بىر
مىسقال ئالتۇن، بىر سەر كۈمۈش چىقىپ قالىدىغانلا بولسا،
جېنىمىز ئالقانلىرىدا!

ئۆي - ھويلىدىكى تىندۇرۇلمىغان ئۆرەك - ئازگاللارغا
يېڭىباشتىن نەزەر سالغان چېرىك:
— بوپتۇ، ئالتۇن بولمىسا، گۆھەر بار ئىكەن، —
دېدى - دە، قىزنىڭ گەجگىسىگە چاڭگال سالدى.
— خوجام، قىزىمىز كىچىك، كېسەل...
— قارا سۇرتۇپ قويغىنىنى تېخى! ئۆت، جادۇگەر! —
جاللات جان - جەھلى بىلەن تەپتى. «ۋايجان» دەپ يېقىل-
غان ئۇرسمان ئانا چوڭقۇر ئۆرەككە قاپلىشىپ قالدى. بىنو-
مۇس چېرىك يىرتقۇچ قارا قۇشنى، قىز ئۇنىڭ چاڭگىلىغا
چۈشكەن يۇمران باچكىنى ئەسلىتەتتى. يۇمران باچكا تېپىر-
لايتتى، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان بىچارە ئاتا - ئانى-
سىغا تەلمۈرۈپ نالە قىلاتتى. قارا قۇشنىڭ دۈمۈر تىرناق-
لىرى ئۇنىڭ مەسۇم قەلبىنى داغ، ئىنسانىي غۇرۇرىنى نابۇت
قىلىش خەۋپى ئاستىدا تۇراتتى.

— ماڭ، ئۆگزىگە قاراپ باق، — دېدى ئۆز ھەمراھى-
نىڭ بۇ ئولجىغا ئەڭ شېرىك بولۇپ قېلىشىدىن قىزغانغان
چېرىك، — بىرى چىقىپ كەتكەندەك قىلىۋېدى! ساگىمۇ

بىر ئۇلجا ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئىككىنچى چىرىك ئۆچمەنلىك نەزەر بىلەن بىر قاراپ قويۇپ، تاختا شوتا تەرەپكە يۈزلەندى. بىرىنچى چىرىك نارەسىدە قىزنى ئۆپكە سۆرەيتتى، قىز كىرەجەيتتى، نالە قىلاتتى:

— دادا!... ئانا!... جېنىم ئانا!

ئەرلىك غۇرۇرى، ئاتىلىق مۇھەببىتى ياۋۇزلۇق ئۈستىدىن غالىب كەلدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى قەھر - غەزەپ يالقۇنىغا ئايلانغان ئاتا بىلەپ تاشنى يارار ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان ئۆتكۈر خەنجەرنى قولىغا ئالدى. قىساس خەنجىرى مەلئۇننىڭ قوۋۇرغىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ يۈرىكىدە توختىدى. «ئا!» دېگەن خىرقىراق ئاۋازدىن چۆچۈپ ئارقىغا قارىغان يەنە بىر قاراقچى تاختا شوتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاخىنىسىدا تۇرۇپ پەلۋىلەرچە ئوق ياغدۇردى. قاسساپ يىقىلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزمۇ يىقىلدى. ئارقىدىنلا ھېلىقى مەلئۇنمۇ قاۋاندەك بىر چىرقىراپ، دومىلاپ چۈشتى. جاللاتنىڭ ئىپلاس قېنى بىلەن بۇلغانغان ئايپالىتىنى كۆتۈرگەن قەھرلىك يىگىت تاختا شوتا ئۈستىدىن ئۆزىنى ئاتماقچىدى:

— دادا!... سىڭلىم!...

قىساسكار يىگىت قەھرىمان پىدائىيلار قوشۇنىغا كىرىپ كەتتى. كۆز - تۈنلەر ئۈمىد ۋە خۇشاللىق، تەشۋىش ۋە ئازاب ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. ھەقىقىي ئەركە لايىق سۈپەت، ۋىجدانلىق ئاتىغا مۇناسىپ پەزىلىتى بىلەن شىبەھىتلىك مەرتىۋىسىگە يەتكەن ئارسلان يۈرەك ئىدىن، تۇغما پاكلىقى بويىچە ئالەمدىن ئۆتۈپ، جەننەت ھۆرلىرى قاتارىدىن

نۇرۇن ئالغان كەنجى قىزىدىن رازى - رىزا بولۇپ يۈرگەن نۇرىمان ئانا ئەمدى شۇنداق بىر يىگىتنى تۇغۇپ، چوڭ قىلىپ، مەردانىلەر سېپىگە قوشقانلىقى بىلەن خۇشاللىناتتى، ئىپتىخارلىناتتى، قىزچاقمۇ ئۆز ئاكىسى بىلەن ماختىناتتى، پەخىرلىنەتتى. غەلىبە خەۋىرى قايسى جەڭ مەيدانىدىن كەلسە، ئوخشاشلا خۇرسەن بولاتتى، سۆيۈنەتتى.

— ئاھ، سىجاڭ! — دەپ نالە - پەرياد ئەيلىدى دەھشەتلىك شۇم خەۋەر ئاڭلىغان ئانا، — قەشقەرلىكنىڭ يار - يۆلىكى سىجاڭ، ھاياتلىق تۈۋرۈكى سىجاڭ، ئەزىز بېشىڭنى تەندىن جۇدا قىلغان قانداق ياۋۇز جاللاتتۇ؟ قاۋان ئېمىپ چوڭ بولغان قارا يۈرەك مەلئۇنمىدۇ!؟

— ئانا، ئاكام نېمە بولغاندۇ!

ئانا ئەمدى تۆمۈر سىجاڭ قوشۇنىدا تۇرۇۋاتقان يېگانە ئوغلىنىڭ تەقدىرىدىن تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى:

— بالام، غوجام بالام، كۆيۈملۈك ئاتاڭ بىلەن مېھرىبان سىڭلىڭنىڭ قان قىساسىنى ئېلىشقا بەل باغلىغانىدىڭ، جاللاتلار قىلىچى ئاستىدا جان بەرگەن ھەددى - ھېسابسىز قان - قېرىنداشلىرىڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشقا بەل باغلىغانىدىڭ، ئالدىغانلىرىڭ تېخى ئالدىڭدا ئىدى، بېشىڭغا نېمە قىسمەتلەر چۈشكەندۇ؟ تىنىقىڭ جايىدىمىدۇ؟ بىر جۈپ كۆزۈڭ مۆلدۈرلەپ تۇرۇۋاتقانمىدۇ؟...

قاپقاراڭغۇ كېچە. قەدىمىي شەھەر قايغۇ - مۇسىبەت، دىشۋارچىلىق ئىچىدە ئېغىر تىنماقتا. نۇرىمان ئانىمۇ ئاچ، ئۇسسۇز، ئۇيقۇسىز. كۆزلىرىدە نەم دىدارى قالمىغۇچە يىغلىغان بۇ ئانا، دەرمانى ئۈزۈلگۈچە ئىلتىجا قىلماقتا: «ياختا

ئىچىدە چوڭ ساقلىغۇچى خۇدا، ئۆز يولۇڭدا جەڭگە كىرگەن پالۋان يىگىتلىرىمىزگە تىنچ - ئامانلىق، نۇر - نۇسرەت ئاتا قىلغايسەن!...»

«گۇپ!» قىلغان سادا بىلەن تەڭ پۈتۈن تام - تورۇس لىڭىرلاپ كەتتى. ئانا بىلەن قىزنىڭ يۈرىكىمۇ جىغىلداپ كەتتى: سېمىرەج تامىدىن سەكرەپ ئۆگزىمىزگە چۈشكەن كىمدۇ؟! ئانا بىلەن قىز بىر - بىرىنى چىڭ قۇچاقلاشتى. تىنىقلىرى توختاپ قالغۇدەك ھالغا چۈشتى.

«گۇپ!» — ئۆي - ھويلا ئوتتۇرىسىدا سىلكىنىش - تەۋرەش ھاسىل قىلغان بۇ سادا بىر كىمنىڭ ئۆگزىدىن ھويلىغا سەكرىگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

— ئانا! — قاتتىق ئىھتىيات بىلەن تۆۋەن ئاۋازدا ئېيتىلغان بۇ ھاياجانلىق ئاۋاز ئېغىر تەشۋىش ئىسكەنجىسىدىكى ئانا بىلەن قىزنىڭ يۈرىكىنى زىلزىلىگە سالدى:

— بالام، جېنىم بالام!

— ئاكا!...

— تولىمۇ ئىنتىزار قىلدىڭ، بالام، — ئانا جىنچىراغنى يېقىنلاشتۇردى. چىراغ شولىسى يىگىت ھۆسنىنى تاڭ شەپىقىدەك قىزارتتى. ئانا بۇ نۇرلۇق ھۆسنگە تەشنالىق بىلەن تەلمۈرەتتى.

— جېنىم ئانا، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى يىگىت، — ۋەھشىي، مۇغەمبەر دۈشمەنلەر قىرغىز قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بىرلىك ئارىمىزغا بۆلگۈنچىلىك سالدى. شۇ كاۋاكتىن پايدىلىنىپ، باھادىر سەركەردىمىز تۆمۈر سىجاڭنىڭ كاللىسىنى ئالدى! قانلىق قىلىچ ئۈستىمىزدە ئويلانماقتا. جىم

تۇرساق بېشىمىزنى ئۇزىدۇ، تۇگۇلۇۋالساق يۇلۇنىمىزنى!

— نېمە قىلاي دەيسەن، ئوغلۇم؟ — تەقەززالىق بىلەن تىكىلدى ئانا.

— جان تىكىپ ئىشلىماقچىمىز، ھاجى ئاتىمىز① يېتىپ كەلگۈچە بەرداشلىق بەرمەكچىمىز!

— ھاجى ئاتىمىز كېلەرمۇ، بالام؟

— كېلىدۇ، جەزمەن يېتىپ كېلىدۇ، ئانا! بۇ قاراقچىلارنىڭ جاجىسىنى بېرىدۇ. ئەلگە ئامانلىق، يۇرتقا خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدۇ!

— سىلەر خېلى كۆپمۇ، بالام؟

— خاتىرجەم بول، ئانا، بىرىمىز ئونغا تېتىيمىز، يۈزىمىز مىڭغا!

— خۇدا سىلەرگە مەدەتكار بولغاي.

— ئىجازەت بەرگىن، جېنىم ئانا، دەرھال ئاتلىناي.

— ئالدىرىما، ئوغلۇم، ئۆز قولۇمچە بىر چەينەك چاي دەملەپ بېرەي، قازان نېنى سېلىپ بېرەي.

— ئوبدان ئانا، سەپداشلىرىم يولۇمغىلا قاراپ قالغان.

— كەل، دىدارىڭغا قېنىۋالاي، باغرىمغا تېڭىۋالاي!... ماقۇل، ئەمدى ئىجازەت بېرەي: ئىمانىڭغا سادىق بول، سەپداشلىرىڭغا سادىق بول، نامەرد قاچقۇن بولما!

— ئالدىڭدا قەسەمياد قىلاي، جېنىم ئانا!

— ئۆمۈر بويى سەن بىلەن ماختىنايلى، ئاكا.

① خوجىنىياز ھاجىم.

— خاتىرجەم بول، سىڭلىم، سىلەرنىڭ شەنىگلەرگە، ئەجدادىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرمەيمەن!
— قانداق كېتىسەن، بالام؟
— يەنە ئۆگزە بىلەن.
— دۈرۈس، بىلگەن كىشى ئۆگزە بىلەن پۈتۈن شەھەرنى ئايلىنىپ چىقالايدۇ، ئىسىت، شوتىمىزنى بۇلاپ كەتمىگەن بولسىمۇ...
— غەم قىلما ئانا، مانا بۇ تۇۋرۇك تۇرمامدۇ؟ قاراپ غىنا، ئانا! — ئۇ، چەبدەسلىك بىلەن پېشايۋان تۇۋرۇكىگە ياماشتى، ئۆگزىگە چىقتى.
— ياماشقىنىڭنى قارا! — ئانا سۆيۈندى، زوقلاندى. چىرايىدا مەمنۇنلۇق، ئىپتىخارلىق كۈلكىسى جىلۋىلەندى.
يىگىت قايرىلىپ، سىرەج تامدىن سەكرىدى. ئانا بىلەن قىز يىغلاشتىن قۇچاقلاشتى:
— ئانا!
— جېنىم قىزىم!...
ياۋۇز دۈشمەنلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان قەھرىمان خەلق پىدائىيلىرى قەشقەر خەلقىنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى، نىجات يۇلتۇزى ئىدى. ئۇلار خەلق سەركەردىسى تۆمۈر ئېلىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىش بىلەن تەڭ جاھانغا پاتماي قالغان مەلئۇنلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرماقتا، ئافزى - بۇرنىنى قان قىلماقتا ئىدى. خۇش خەۋەرلەر ئەڭ ئىچكىرى كوچىلارغىچە تارقىلىپ تۇراتتى:
— پىدائىيلىرىمىز كېچىچە جەڭ قىلىپ، بىرەر 100 چېرىكنى جەھەننەمگە ئۇزىتىپتۇ!

— گۈزەردىكى پاتقاق ئىچىدە ئون نەچچە چېرىك ياتقۇدەك، بولغان تەڭگىلەرنى ئاغزى - بۇرنىدىن ياندۇرۇۋاتقۇدەك.

— قورشاپ ھۇجۇم قىلغان چېرىكلەرنىڭ بىرىنىمۇ ئامان قويماپتۇ!

— پىدائىيلىرىمىز سېپىلنى ئىگىلەپتۇ، سىبۇ①نى ئىس كەنجىگە ئاپتۇ!

— پىدائىي قەھرىمانلىرىمىزغا ئاپىرىن!

— ئاپىرىن پىدائىي قەھرىمانلىرىمىزغا!...

قەشقەر كوچىلىرى چىلان دەرىخىنىڭ يىلتىزىدەك ھەر تەرەپكە سوزۇلغان ۋە بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. بۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئادەملەرنىڭمۇ بەزى كوچىلاردا ئېزىپ قالمايدىغىنى ئاز. خەلق پىدائىيلىرى خەلقنىڭ قىساس ئېلىش ئىرادىسىگە كۈچلۈك ئىلھام بەرگەنلىكتىن، ھەربىر كوچا بىر ئاكوپقا ئايلانغانىدى. دۈشمەنلەر بېسىپ كىرگەن ھامان سىرەج تاملار ئۆرۈلەتتى، تاش - كېسەكلەر ياغاتتى، قايناق سۇ، چۈچۈتۈلگەن ياغلار چېچىلاتتى. ھەرقايسى كوچا، ئائىلىلەردىكى سۇسىز قۇدۇقلار، ئەخلەت ئازگاللىرى دۈشمەن ئۆلۈكلىرى بىلەن تولماقتا، قورال خەلق قولىغا ئۆتمەكتە ئىدى.

دۈشمەنلەر توساتتىنلا ياۋاشلىشىپ كەتتى. قىرغىنچىلىق، بۇلاڭچىلىقنى ئۇشتۇمتۇت توختاتتى. شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋەتتى. «ئەل ئامان، يۇرت ئامان» دېگەن

---

① دېۋىزىيە شتابى.

جاكار ئاستىدا دۇكانلار ئېچىلىشقا، ئىش ـ ئوقەت ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ھەر جۈمە كۈنى سەپ ـ سەپ بولۇپ تىزىلغان نەچچە يۈز چېرىك ھېيتگاھ جامەسىدە ناماز ئوقۇيدىغان بولدى. جامە ئىچىگە قاتار ـ قاتار داشقازانلار ئېسىلىپ، ئۆلگەنلەرگە نەزىر ـ چىراغ قىلىنىدى، پاتىھە ئوقۇلدى. مەسچىت، خانىقا، جامەلەردە زاراخەتمە، مەۋلۇت شېرىپ، قۇرئان تىلاۋەتلەر باشلىنىپ كەتتى. دىن قېرىنداشلىق تەشۋىقاتى ھەممە يەرنى قاپلىماقتا ئىدى. بۇ جىمجىتلىقنىڭ قانچىلىك داۋاملىشىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ تېگىگە نېمەلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

بىر قىسىم ئاچكۆز، تەمەگەر داموللا، مۇتەئەسسىپ ئىشان ـ سوپىلار، مال ـ دۇنيا، نام ـ شۆھرەتكە ھېرىس بايلار تۆمۈر سىجاڭغا چىش ـ تىرنىقى بىلەن ئۆچ ئىدى. ئۇلار «توقسۇنلۇق بىر ھارۋىكەش پادىشاھ بولۇۋالدى» دەپ پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ يۈرەتتى. «ئۆرپ ـ ئادىتىمىزنى بۇزۇۋەتتى، قائىدە ـ يوسۇنىمىزنى ئۆزگەرتىۋەتتى، ياشلارنى يولدىن چىقىرىۋەتتى» دەپ ئېزىتقۇلۇق قىلاتتى. خۇدانىڭ مۇقەددەس كالامى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك ھەدىسلىرى ئىچىگە يۇرتۋازلىق، مىللىي بۆلگۈنچىلىك زەھەرلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەپسىر قىلاتتى. ساتقىنلىق، مۇناپىقلىق ئۇغىسى بۇزۇلداپ تۇرغان بەتبۇي كاللىسىنى گۈمبەزدەك سەللە ئىچىگە يوشۇرغان بەزى مەلئۇنلار كېچىلىرى يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىدىكى خوجايىنلىرىنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئۆمىلىسە، كۈندۈزلىرى قۇببىگە چىقىپ، ئەمىر-مەرۇپ قىلاتتى. ئۇلار تۆمۈر سىجاڭ قازاغا ئۇچرىغاندىن

كېيىن تېخىمۇ زوۋانداراز، پائالىيەتچان بولۇپ كەتكەن-
دى. مانا ئەمدى ئۇلار ما شاۋۋۇ ـ ما خۇسەن جاللاتلىرىنىڭ
ئەڭ ئۇستا گىرىمچىلىرىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئىككى قولى
قىپقىزىل قانغا بويالغان بۇ جاللاتلارنى «ئىسلامىيەتنىڭ
نىجاتچىسى، خەلقنىڭ شەپقەتچىسى» قىلىپ گىرىملەۋا-
تاتتى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە «پىدائىيلار ئەل بولغانىمىش»
دېگەن شۇم خەۋەر تارقالدى. خەلقنىڭ يۈرىكىنى ئەزگەن،
جېنىنى سىيرقىراتقان بۇ دەھشەتلىك خەۋەر نۇرىمان ئانىنى
دەرمانسىزلاندۇرغانىدى.

— ئاھ! نېمە گەپتۇ بۇ؟ راستمىدۇ؟ قاپقانغا چۈشۈپ
قالغان بولمىسۇن يەنە. يۈرگىنە قىزىم!...

راست ئۇلار ئالدانغان، قاپقانغا چۈشكەنىدى! زورا-
ۋانلىق كۈچ بىلەن بويسۇندۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن ھىيلىگەر
دۈشمەنلەر سۈلھ ئالدامچىلىقىغا كىرىشكەنىدى. ئۇلار ھىلى-
قى پەرىشتە ـ ئەۋلىيا قىياپەتلىك شەيتانلارنى «تىنچلىق
ئەلچىلىرى» قىلىپ ئەۋەتتى، ھال سوراش سوۋغىلىرى
ئىنئام قىلدى. «چېقىلماسلىق، ھايات بىخەتەرلىكىگە
دەخلى ـ تەرۇز قىلماسلىق، ئۆز ئىش ـ ئوقتى بىلەن
شۇغۇللىنىش ئەركىنلىكى بېرىش» قاتارلىقلارنى ۋەدە قىلدى.
پىدائىيلار ئىچىدە 1912 ـ يىلىدىكى قۇمۇل خەلق قوزغىلى-
ڭىغا قاتناشقان مەرھۇم ئىنقىلابچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى —
تۆمۈر خەلپە پاجىئەسى گۇۋاھچىلىرىنىڭ ھەقدالىرىمۇ بار
ئىدى. ئۇلار ئۆز سەپداشلىرىدىنى ئېچىنىشلىق تارىخىي سا-
ۋاقلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىق، دۈشمەننىڭ قاپقىنىغا دەسسەپ
سالماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. ئالدامچىلىقتىن ھېچ-

قانداق نەتىجە ھاسىل قىلالمىغان دۇشمەنلەر ئاخىر «تىنچلىق ـ خاتىرجەملىك» نەيرىڭىنى ئىشقا سالدى، قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ ـ تالاڭنىڭ توختىتىلىشى، شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ ئېچىۋېتىلىشى، ئىش ـ ئوقەتنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى ۋە دىن قېرىنداشلىق تەشۋىقاتلىرى خەلقنى بىخۇدلاشتۇرۇش، غەپلەتتە قالدۇرۇش رولىنى ئوينىماقتا ئىدى. بۇ ھال جەڭگىۋار خەلق پىدائىيلىرى سېپىگىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمىدى. بەزى ئاتا ـ ئانىلار كېچىلىرى خۇپىيانە كېلىپ ياكى خەت ئەۋەتىپ، ئۆز ئوغۇللىرىنى بۇ سەپتىن چېكىنىشكە دەۋەت قىلدى. بەزىلەر «قانىنى قان بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ، ئۆتكەنگە سالاۋات» دېسە، بەزىلەر تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دېيىشتى: «ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھېلىقى ھارۋىكەشنىڭ كاساپىتىدىن بولغانىكەن، ئەمدى بىلسەك، ما سىلىڭمۇ دىن قېرىندىشىمىز ئىكەن، ئىسلامىيەت ئىشلىرىغا كۆيۈنىدىغان ئادالەتپەرۋەر زات ئىكەن. ئەلگە ئامانلىق، خاتىرجەملىك ئاتا قىلدى، يېغىلىقتا بۇزۇلغان مەسچىت، خانىقالىرىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىك ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىنئام قىلدى. ئوغلۇم، قورالنى تاشلاپ، تىنچقىنا ئىش ـ ئوقىتىڭنى قىلغىن.»

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر سەھىرىدە پۈتۈن شەھەرگە مۇنداق پەرمان جاكارلاندى:

«بۈگۈن ئالاھىدە تەشكىللەنگەن پەۋقۇلئاددە تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچىلەر ئۈمىكى پىدائىي يىگىتلەر ئالدىغا ئەل

ئاخىرقى قېتىملىق سۆھبەتكە بارىدۇ. قورال تاشلىغان پىدا-
ئىيلارنىڭ ھەرقانداق ئارزۇ - تەلەپلىرى قانائەتلەندۈرۈ-
لىدۇ. پىدائىي يىگىتلەرنىڭ ئىختىيار قىلغان ئاتا - ئانا،
قوۋم - قېرىنداشلىرىنىڭ بىللە بېرىشى، ئۆز پەرزەنتلىرىنى
نەسىھەت بىلەن قايتۇرۇپ كېلىشى قارشى ئېلىنىدۇ.»

ما شاۋۋۇ - ما خۇسەنلەر تەرىپىدىن ئىسمى بېكىتىلگەن
ئۈچ نەپەر «مەشھۇر دىنىي زات» باشچىلىقىدىكى 30 كى-
شىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكى يولغا چىقتى. باشتىن - ئاياغ
ئاق كېيىنگە ئورالغان بۇ 30 نەپەر تىرىك مېيىتنىڭ
كۆرۈنۈشى كىشىلەر كۆڭلىگە قىيامەت تەشۋىشى سالاتتى.
تىرىك مېيىتلار قوشۇنىنىڭ ئالدىدىكى ئىككى كىشى جىگەر
رەڭ كۆن مۇقاۋىلىق غايەت چوڭ قۇرئاننى باشتىن ئېگىز
كۆتۈرگەن. يەنە ئىككى كىشى ئاق دۇخاۋا لەۋھە كۆتۈرگەن
بولۇپ، لەۋھەنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە «لائىلاھە ئىللاللاھۇ
مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» دېگەن خەت ئالتۇن رەڭ مەشۇت
بىلەن تۇۋەن تەرىپىگە «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيتۇ»
دېگەن خەت قىزىل مەشۇت بىلەن كەشتىلەنگەنىدى. ئەلچى-
لەرنىڭ ھەممىسى بىردىن قۇرئاننى كۆكسىگە تاڭغان بولۇپ،
ھەر يەتتە قەدەمدە بىر توختاپ، تەكبىر ئېيتىپ ماڭاتتى.
ئەلچىلەرنىڭ ئارقىسىدا چوڭ - كىچىك ئۈچ ساندۇق ۋە
پەۋەس مال بېسىلغان ئىككى ھارۋا، ئېسىل ئېگەر، ئۈزەڭ-
گىلەر بىلەن جابدۇقلانغان 50 نەچچە ئات، ھەربىر ئاتنى
بىردىن ئادەم يېتىلىگەن. ئاتلارنىڭ كەينىدە كوكۇلىسىدىن
تارتىپ، پۇتىنىڭ تىرنىقىغىچە يېپىلغان ئاق پەرىجە - چۈمە-
بەللىك توققۇز بوۋى، بەش - ئالتە ياشلىق ئوغۇل - قىز-

دىن ئۇن نەچچىسى، نەچچە يۈزلىگەن ياش - قېرى ئەر - ئايالالار ئۇلارنىڭ كەينىدىن مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. بۇلارنىڭ ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرى پىداﺋىيلارنىڭ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولسا، مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەگىشىپ كەلگۈچىلەر، تاماشا كۆرگۈچى بىكار تەلەپلەر ئىدى. يۇقىراچە كىيىندۇرۇلگەن قوراللىق باش كېسەرلەرنى مۇ، پۇرسەتپەرەس يانچۇقچىلارنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە. ئەلچىلەر ئۆمىكى شىمالىي سېپىلنىڭ ئۇدۇلىدىكى «لىچىڭ يامۇل»① ئالدىدا توختىدى. خەلق پىداﺋىلىرى سېپىلنىڭ دەل مۇشۇ قىسمى بىلەن غەربىي شىمال تەرىپىنى مۇستەھكەم ئىگىلەپ، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى ئۇۋىسى — سىبۇنى قاتتىق ئىسكەنجىگە ئالغانىدى. ئەلچىلەر باشلىقى سېپىلنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆگزىگە چىقىپ، ئۇزاقچە قۇرئان - تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن ئىككى قولىنى كاناي قىلىپ ۋارقىرىدى:

— ئەي ساھىبقىران يىگىتلەر، مەردانە ئوغلانلار، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئالدىڭلارغا ئەلچىلىككە كەلدۇق. ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، ئۆز ئەلچىلىرىڭلارنى چۈشۈرۈڭلار، ھەر - قانداق ئارزۇ - تەلەپلىرىڭلارنى ئورۇنداشقا مانا بىز كېپىل!

— مانا بىز كېپىل! — دەپ تەڭ ۋارقىرىدى 29 ئەلچى تۆۋەندە تۇرۇپ. ئۇلاردىن بىر - ئىككىسى ئەگىشىپ كەلگۈچى خالايىققا قاراپ دېدى:

— قېنى، توۋلاڭلار، ۋارقىراڭلار!

---

① «لىچىڭ كوچىسى» «ئەنجان كوچىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

خالايىق ئاغلىق ـ ئاڭسىز ھالدا نالە ـ پەرياد، يىغا ـ زار باشلىۋەتتى:

— بالام، چۈشكىن، جېنىم بالام، چۈشكىن!

— يۈرىكىمگە تېگىۋالاي، چۈشكىن!...

«باش ئەلچى» تېخىمۇ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى:

— ئەي ھەزرىتى ئادەم ئاتىمىز بىلەن مۆھتەرەم ھاۋا ئانىمىزنىڭ ئەزىز ئەۋلادلىرى، جانابىي روسۇلىللانىڭ ئىخلاسكار ئۈممەتلىرى، ئاڭلاۋاتامسىلەر، ھالال ئەجرىنى سىڭدۈرگەن دۇئاگۇي ئاتائىلار مۇراجىئەت قىلىۋاتىدۇ، ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلغان مېھرىبان ئانائىلار مۇراجىئەت قىلىۋاتىدۇ! «ئانا رازى — خۇدا رازى» دېگەن ھېكمەتنى ئۇنتۇپ قالماڭلار! ئاتا ـ ئانا، قوۋم — قېرىنداشلىرىڭلارنى مۇنچە تەلمۈرتمەڭلار، مۇنچە تەقەززا قىلماڭلا!... دىن قېرىنداشلىقنى ئەۋزەل، ئەل — يۇرت ئامانلىقنى ئەلا بىلىپ قورال تاشلىغان ھەربىر يىگىتكە بىر دانە كالامۇشېرىپ، بىر ئات، بىر دانە تون، ئون سەر ئالتۇن، يۈز سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىنىدۇ. ھايات بىخەتەرلىكىگە ھېچقانداق دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈلمەيدۇ، ئۆز كەسپى، ئۆز ئىش ـ ئوقىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئەركىنلىكى بىلەن تولۇق تەمىن ئېتىلىدۇ!

ھېيتگاھ جامەسىدە ئوقۇلغان ھېيت نامىزىدا ئىمام ـ ئاخۇنۇسنىڭ ئاۋازى ئۇنلىغان مەزىن ئارقىلىق جامە ئىچى ـ سىرتىدىكى ئەھلى جامائەتكە يەتكۈزۈلگەندەك، «باش ئەلچى» نىڭ ئاۋازىمۇ ئۆكزىلەرگە ئورۇنلاشقان ئاق كېپەنلىك تىرىك مېيىتلار ئارقىلىق خالايىققا يەتكۈزۈلمەكتە ئىدى. «ئون سەر ئالتۇن، 100 سەر كۈمۈش» نىڭ گېپى چىقىش بىلەن

تەڭ خالايىق ئوتتۇرىسىدا غۇلغۇلا باشلاندى؛

— «ئون سەر ئالتۇن» ئاز گەپمۇ ئۇ؟

— شۇنىڭغا قارىماي دەرىگە يولۇقتى دېگەن گەپ شۇ - دە!

— تەييار خەزىنە!

— ئۆمۈر بويى ياغ چايناپ يۈرىدىغان بولدى - دە!

— قايسى تەلەيلىكنىڭ باللىرىدۇ ئۇ؟ بىزنىڭ لاي- غەزەلىمىزە!...

— ئاھ، ئېمىشقىمۇ پىدائىي بولۇۋالمىغان بولغىيدىم!

— ھازىر قوشۇلۇۋالغىلى بولسىمۇ كاشكى!...

— مىسقاللاپ يىغىپ، جىڭلاپ چېچىۋېتىدىغان ئىشمۇ بولامدۇ؟

— ئەي، بۇ ئىشنىڭ تېگىدە نېمە سىر بارلىقىنى خۇدايىم بىلىدۇ.

— ......

پىدائىيلار تەرەپتىن تېخىچە جاۋاب يوق. «باش ئەل- چى» نىڭ داغدۇغىلىق ۋەز - نەسىھەت، شېرىن ۋەدە - ئىنئاملىرى شامال سوققان توزغاقتەك غايىب بولماقتا ئىدى. «باش ئەلچى» نىڭ كۆڭلى قورۇپ، تىلى يېرىلغۇدەك ھالغا كەلگەنىدى. ئاق پەرىجە - چۇمبەللىك توققۇز خوتۇن بىر نەچچە بالىخانىنىڭ ئۆگزىسىدە پەيدا بولدى. 10 - 15 ئۇششاق بالا ھەرقايسى سىرەج تاملار دالدىسىدىن ئورۇن ئالدى. توققۇز خوتۇن تاشنى ئېرىتكۈدەك مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن نىدا قىلىشقا باشلىدى؛

— جېنىم بالام، جاھان مۆمىنلىرىنىڭ ئانىسى خەدىچە

رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەقىقى - ھۆرمىتى ئۈچۈن قايتىپ چۈشكىن!

— ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەقىقى - ھۆرمىتى ئۈچۈن قايتىپ چۈشكىن!

— بۇۋى پاتىمەمنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن...

— ئوبدان بالام، مەندەك بىچارە ئاناڭنى ئۇنتۇپ قالما! داغى پەرزەنتلىك ئوتىغا سالما! ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولاي، قايتىپ چۈش!

— بىر كۆرۈۋالاي، دىدارىڭغا قېنىۋالاي، قايتىپ چۈشكىن!

سىرەج تاملار تۆۋىدىكى باللار تەك چۇرقىراشتى:

— ئاكا قايتىپ چۈشكىن!

— ئوبدان ئاكا، جېنىم ئاكا، قايتىپ چۈشكىن!...

پىدائىيلارنىڭ قايسىبىرلىرى بۇ ئاۋازلار ئىچىدىن ئۆز ئانىسىنىڭ، ئۆز ئۇكىسى ۋە سىڭلىسىنىڭ ئاۋازىنى تونۇغاندەك قىلغاندۇ. قايسىبىرلىرى ئۇلارنى ئۆز سەپداشلىرىنىڭ ئانىسى، مومىسى، ئۇكا - سىڭلىسى دەپ پەرەز قىلغاندۇ. قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئانا ئاۋازى، ئانا ئىلتىجاسى ئەمەسمۇ؟ مەسۇم - پاك ئىنى - سىڭىللارنىڭ تەقەززاسى ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ ئانىلار بەختى، باللار ئىستىقبالى ئۈچۈن جەڭگە كىرگەن مەردانىلەرگە تەسىر قىلماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

«باش ئەلچى» نىڭ قايتا - قايتا تەلىپى، نىقابلىق «ئانا» لارنىڭ ئىلتىجاسى، باللارنىڭ تەقەززاسى، خالايىقنىڭ چۇقان - ساداسى ئىچىدە پىدائىيلارنىڭ ئەلچىلىرى چۈشتى. «باش ئەلچى» بايىقى ۋەدىلەرنى تەكرارلاپ

ئۆتكەندىن كېيىن، ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دېدى:
— شەك - شۈبھىسىز يېتىپ كەلگۈسى روزى مەھشەر كۈنلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ، ئاخىرەتلىك تونىمىز-نى كىيىپ، ئالدىڭلارغا كېلىپ تۇرۇپتۇمىزكى، مۇبادا، قىل-غان ۋەدىمىزدىن گۇمانلىنىدىغان بولساڭلار، مانا بۇ خۇدا-نىڭ كالامى ئالدىدا قەسەم قىلىپ بېرەيلى.
— قەسەم بېرىسىز! — دەپ تەڭ ۋارقىرىدى 29 ئەلچى.

30 تىرىك مېيىت تەڭ يۈكۈندى، 30 قۇرئاننى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى:
— خۇدانىڭ كالامى ئالدىدا قەسەم بېرىمىزكى، قىلغان ۋەدىمىز يالغان بولسا، مانا مۇشۇ قۇرئانىنىڭ ئاسىيسى، ئىسلامىيەتنىڭ ئاسىيسى بولۇپ كېتەيلى، ھەر ئىككىلا ئالەمدە قارا يۈز ئىبلىسقا ئايلىنىپ كېتەيلى!
بۇ قەسەم ئالدىدا ھەرقانداق گۇمان بىھاجەت ئىدى.
— بولدۇ، سەپداشلىرىمىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ چۈشەيلى، — دېدى پېدائىيلار ئەلچىلىرى.
— ئەقلىڭلارغا بارىكاللا! — دېدى ئاق كېپەنلىك ئەلچىلەردىن بىرى ۋە خالايىققا خىتاب قىلدى، — ئامىن دەڭلار، خالايىق، پالۋان يىگىتلەر قايتىپ چۈشىدىغان بولدى، ئامىن!
پۈتۈن كوچىنى «ئامىن - ئامىن!» ساداسى قاپلىدى.
— مانا بۇ چوڭ ساندۇقتىكى قۇرئان ھەر يىگىتكە بىردىن، — دېدى پەرىشتە قىياپەتلىك باش ئەلچى، — ئاتمۇ شۇنداق، تونمۇ شۇنداق. قۇرئان بىلەن تونىنى ھازىر

ئەكتىۋىرىشكە بولىدۇ. مىلتىق بىزگە ئۆتىدۇ، ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن ئات ھەربىرىلىرىگە.

بىر ھارۋىدىكى تون بىلەن كىتابىنى ئاچىقىپ كەتكەن پىدائىيلار ئەلچىلىرى قايتىپ چۈشۈپ مۇنداق شەرت قويدى.

— مىلتىقنى تاپشۇرسىز، قىلىچ بىلەن يان قوراللىرىمىز ئۆزىمىزدە قالىدۇ.

— بولىدۇ. ما سىلىڭ ھەزرەتلىرىمۇ مىلتىق تاپشۇرسىلا كۇپايە، دېگەن.

پىدائىيلار ئەلچىلىرى يەنە چىقىپ كەتتى ۋە خېلىغىچە چۈشمىدى. ئۇلار ئىچىدە كەسكىن بەس - مۇنازىرە، تالاش - تارتىشلار باشلىنىپ كەتكەنىدى. يېڭىسار قىزىللىق ئاكا - ئۇكا پالۋان — سەئىدبەگ بىلەن بەختبەگ خوجىنىياز ھاجىم يېتىپ كەلگۈچە بەرداشلىق بېرىش تەشەببۇسىدا چىڭ تۇراتتى. ئۇلار خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قېشىغا كەتكەن ئاكىسى بەختىيارخان پالۋاننىڭ قايتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى، ھاجى ئاتىمىزنىڭ يولىغا كېچە - كۈندۈز تەلمۈرەتتى ۋە جەزمەن كېلىشىگە ئىشىنەتتى. تۆمۈر سىجاڭ بىلەن بىللە كەلگەن تۇرپان، توقسۇنلۇق ئۈچ ئەزىمەت ئاكا - ئۇكا پالۋانلارنىڭ تەشەببۇسىنى جان - دىل بىلەن قوللايتتى. قاپقانغا دەسسىمەسلىك، قورال تاشلىماسلىق پىكرىدە چىڭ تۇراتتى. ئۇزاق تالاش - تارتىشتىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن ئۇلار مۇنداق دېدى:

— ئۇنداق بولسا، ئوقلىرىڭلارنى بىزگە قالدۇرۇڭلار، بىز سېپىلدىن چۈشۈۋالغۇچە تەخىر قىلىڭلار!

سەپداشلار ئوقدانلىرىدا بارنىڭ ھەممىسىنى بەردى، قۇچاقلىشىپ، رازى - رىزالىق ئېلىشتى ۋە ئۇلار ئارغامچا ئارقىلىق سېپىلدىن چۈشۈپ بولغۇچە قوغدىدى.

مىلتىق تاپشۇرغان ھەربىر يىگىت ۋەدە قىلىنغان ئىنئاملارغا ئېرىشتى. يېپيېڭى تون كىيىپ، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى بەلبېغىغا تۈگۈشتى، ئاتقا مىنىشتى.

— مۇبارەك بولسۇن!

— دۆلىتىڭلار زىيادە بولسۇن، ئامىن!

«ئامىن!» ساداسى كۆكنى قاپلىدى. ھەربىر پىدائىينىڭ ئېتىنى بىردىن ئادەم يېتىلىگەنىدى. ئۇلار ئاق كېپەنلىك ئەلچىلەرنىڭ باشلىشى، يۈزلىگەن كىشىنىڭ ئەگىشىشى ۋە «ئامىن - ئامىن!» ساداسى ئىچىدە يولغا چىقتى. كېلىشىم بويىچە ئۇلار ھېيتگاھ سەيناسىنى بىر ئايلىنىپ، دوتەي يامۇل ئالدىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۆز يۇرت - مەھەللىلىرىگە تارقىلىپ كېتەتتى. پىدائىيلار يامۇل ئالدىغا كەلگەندە، ئۇچۇپ چۈشكەنلىكى ياكى ئۈنۈپ چىققانلىقى مەلۇم بولمىغان نەچچە يۈز قوراللىق چېرىك ئالدى - ئارقا تەرەپتىن قورشاۋغا ئالدى. جان قايغۇسىدا قالغان خالايىق ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي ھەر تەرەپكە قېچىشماقتا، يىقىلغان، چەيلەنگەنلەر داد - پەرياد قىلىشماقتا ئىدى. ئاق كېپەنلىك ئەلچىلەر، ئاق پەرىجە - چۈمبەللىك «ئانا» لارنىڭ نەگە غايىب بولغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. قاپقانغا چۈشكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا بىلگەن پىدائىيلارنىڭ بەزىلىرى يان قورالغا، بەزىلىرى قىلىچىغا قول ئۇزارتتى، ۋاقىت ئۆتكەن، پۇرسەت كەتكەن، ئات يېتىلەپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى تاپانچا

ئاغزىنى ئۆزى يېتىلەپ كېلىۋاتقان ئات ئۇستىدىكى يىگىت كۆكسىگە توغرىلاپ بولغانىدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئۆگزىلەرگە ئورنىتىلغان پىلىموتلارنىڭ قاپقارا ئېغىزلىرىمۇ پىدائىيلار يۈرىكىنى قان قىلىشقا تەييار تۇراتتى. بىر توپ ئاتلىق چېرىكلەر يامۇل دەرۋازىسىدىن ھەيۋە بىلەن چىقتى:

— ئاتتىن چۈش! قورال تاپشۇر! تونىنى سال، ئالتۇن-كۈمۈشنى تاشلا!

چاڭ-توزانغا مىلەنگەن ئالتۇنلار مۇستەبىت ھۆكۈمرانىنىڭ ھىڭگىيىپ تۇرغان سېرىق چىشىنى، كۈمۈش تەڭگىلەر ئەپيۇنكەش جاللاتنىڭ خىرۇلۇك تەلەتىنى ئەسلەتتى. بۇ نەرسىلەر گويا ئۆز كارامىتىگە ۋە سېھرىي كۈچ-قۇدرىتىگە تەمەننا قويۇۋاتقاندەك ھېجىياتتى، خەلق پىدائىيلىرىنى مەسخىرە قىلاتتى.

— رەتكە تىزىل! سانا!

رەتكە تىزىلغان پىدائىيلار ساناقنى تۈگەتتى. ئۇلار توپتوغرا 40 يىگىت ئىدى.

— ئارقىغا بۇرۇل، تۆت قەدەم ئالغا!

ئۇلار سېپىلدەك ئېگىز، ھەيۋەتلىك يامۇل تېمى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. 40 دانە مىلتىق ئۇلارنىڭ باش ئومۇرتقىسىغا توغرىلاندى.

— ئات!

40 يىگىت كېلىشىۋالغاندەكلا ئارقىغا ئۆرۈلدى، يۈزىنى قىبلە تەرەپكە، ئەزىز ئاتا-ئانا، قوۋم-قېرىنداشلىرى تەرەپكە قىلدى. گەۋدىسىنى كېرىپ، بېشىنى يۇقىرى كۆتۈردى. قىرىق جۈپ جەينەك بىر-بىرىگە كىرەلەشتى،

سەكسەن مۇشت بىردەك تىنىگۈلدى. گويا ئۇلار شىددەتلىك كەلكۈنگە يول بەرمەيۋاتقان قۇدرەتلىك ئادەم سېپىلى ئىدى!

ئانىلىق مېھرىنىڭ كۈچى بىلەن ئادەملەر كەلكۈنىنى يېرىپ چىققان نۇرىمان ئانا ئۆزىنىڭ جانىجىگەر ئوغلىنى ئىزدەيتتى، كۆز نۇرىنى ئىزدەيتتى، ئۈمىد يۇلتۇزىنى ئىزدەيتتى. ئەنە، ئەنە ئۇنى كۆردى! مېھرىبان ئانىسىنى ئىزدەۋاتقان نەۋقىران شۇڭقارىنى كۆردى، ئانىلىق قەلبىنىڭ شان - شۆھرىتىنى، ئىززەت - ئىپتىخارىنى كۆردى!

— ئات!

40 مىلتىقنىڭ قارا ئوغمۇقىدىن ئۇچۇپ چىققان 40 دانە زەھەرلىك نەشتەر 40 يۈرەككە قادالدى، پۈتۈن قەشقەر خەلقىنىڭ يۈرىكىگە قادالدى! ئوڭ قولى بىلەن سول كۆكسىنى مەھكەم تۇتقان نەۋقىران يىگىت ئۆز مېھرىبانىغا تىكىلدى. لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترىدى. بەلكى ئۇ دەۋاتقاندۇ:

— رازى بول، جېنىم ئانا، ئاق سۈتۈڭگە رازى بول، ھالال ئەجرىڭگە رازى بول! قانلىق تارىخىي ساۋاقلارنى ئەستە ساقلاپ ئاداققى نەپەسكىچە جەڭ قىلىپ شېھىت بولماي، سۆلە - سالا قاپقىنىغا دەسسىگەن گۇناھىمنى كەچۈر!...

39 ئەزىمەت ئارقا - ئارقىدىن يىقىلدى. ئەڭ ئاخىردا ئەنە شۇ يىگىت.

......

— ئاھ! نۇرىمان ئانا يىقىلدى، ئېستىكىندىكى ئەسكى چاپان ئۈستىگە دۈم يىقىلدى. قولىدىكى قايچا كۆزىگە

كىرىپ كەتكىلى تاس - تاماس قالدى.

— نۇرىمان ئانا!

— نۇرىمان ئانا!...

نۇرىمان ئانىنىڭ ئۆيى ئەسلىدە تۆت ئېغىزلىق ئىدى. بۇ ئۆي يېنىدىكى بورىچىلىق كارخانىسى قىلىۋېلىنغان كونا خانىقا بەش - ئالتە يىل ئالدىدا باللار يەسلىسى قىلىندى. ئۆز ئۆمرىدە بىر ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغۇپ، ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچىنىشلىق مۇسىبىتىدە يۈرەك - باغرى ئېزىلىپ كەتكەن بۇ ئانا يەسلى باللىرىغا تولىمۇ ئىجىل - ئامراق بولۇپ كەتكەن، ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنى ئۇلارغا ئىنئام قىلىۋەتكەنىدى. بۇ ھويلىنىڭ بىر دېرىزىسى يەسلى تەرەپتە ئىدى. «نۇرىمان ئانا!» دەپ ئۈزلۈكسىز تەكرارلانغان بۇ ئاۋاز — كىچىك چۈچۈك، قىلىقى تاتلىق يەسلى باللىرىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى، ئارزۇلۇق نەۋرىلىرىنىڭ ئىنتىزارلىق سازى ئىدى. نۇرىمان ئانا بېشىنى كۆتۈردى، سۆيۈملۈك نەۋرىلىرىگە تىكىلدى.

— يىغلىدىڭمۇ، نۇرىمان ئانا؟

— نېمە بولدۇڭ، نۇرىمان ئانا؟

— بۇياققا چىققىنا، نۇرىمان ئانا، لىڭگىرتاقتاق ئوينايلى!...

بۇ ئانىغا ئۇلار ئاجايىپ ئامراق، يەسلى تەربىيىچىلىرىمۇ ئامراق ئىدى. يەسلىگە سۇ تۇرۇبىسى بېكىتكەندە، بۇ ئۆي - ھويلىغىمۇ ھەقسىز بېكىتىپ بەرگەن، كىرئالغۇ، توك دەز - مىلىمۇ ئېلىپ بەرگەن. بۇ ئائىلىنىڭ توك پۇلى، سۇ پۇلىنى يەسلى ئۆز زىممىسىگە ئالغانىدى. نۇرىمان ئانا ھارغان -

چارچىغان، زىرىككەن، ئەلەملىك سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسلەپ قالغان چاغلاردا يەسلىگە كىرەتتى ـ دە، غەمسىز ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ تاتلىق سۆز، قىزىقارلىق ئويۇنلىرىغا قاراپ كۆڭۈل ئاچاتتى. «كەل، نۇرىمان ئانا، گۈلەكگۈچ ئۇچىمىز!» دەپ قولىدىن سۆرەيتتى بالىلار ۋە بىللە ئويناپ تەڭ خۇشال بولاتتى. بەزىدە ئۇنىسىغىنىغا قويماي ياغاچ ئاتقا مىندۈرەتتى.

بۈنى كۆرگەن يەسلى تەربىيىچىلىرى:

— نۇرىمان ئاناڭلارنى ئۇچار دۇلدۇلغا مىنگەن پەرىزات دەڭلار، دېيىشى بىلەن تەڭ ئوغۇل ـ قىزلار چۇرقىرىشىپ كېتەتتى:

— پەرىزات!

— پەرىزات!...

مانا هازىر ئاشۇ ئوماق باللار، سۆيۈملۈك نەۋرىلەر ئامراقلىق بىلەن چاقىرماقتا ئىدى.

— ماقۇل، باللىرىم، هازىرلا چىقاي، — ئۇ يېشىنى سۈرتتى، دەردىنى ئىچىگە يۇتتى، چاپاق بىلەن قايچىنى ئۆز جايىغا قويدى ـ دە، يېنىككىنە قوزغالدى.

## 3

چۆلدە يېقىنغان كارۋان گۈلخانىدەك گۈزەل كەچكى شەپەق نۇرى «كەلكۈن» نۇسخىلىق گىلەم سېلىنغان ئىشەك هارۋىسىدا كېتىۋاتقان نۇرىمان ئانىنىڭ خىيالچان چىرايىنى مەككە مۇتەۋۋەرىمىنىڭ قىزىل ياقۇتىدەك جۇلالاندۇرماقتا

ئىدى. ئارغىماقتەك ئېگىز، تولۇمدەك سېمىز قۇندۇزدەك قارا ھاڭگا قارا تۈكلۈك ئۇزۇن تۇمشۇقىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن ھالدا يېقىندىلا قاراماي پاتقۇزۇلغان تۈپتۈز يولدا بىر خىل يورغىلايتتى. ئۇنىڭ باش، بويۇن ۋە ساغرىسىغا ئېسىلغان مىس قولدۇرمىلار تىنىمسىز جىرىڭلايتتى. ھارۋىسىنىڭ ياۋىنىدە ئولتۇرغان شاپ بۇرۇتلۇق ھارۋىكەش يىگىت ئۆز جانىۋارىنىڭ يورغىسىدىن مەمنۇن ئىدى. ھەربىر ئېشەك ھارۋىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەندە بىر ماختانسا، ئات ھارۋىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەندە ئون ماختىناتتى. يېلكىسىگە ئېسىۋالغان پېرىم ئۆتكۈزگۈچ رادىئو ئارقىلىق تەلەپپەر بويىچە بېرىلىۋاتقان خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرىنى ئاڭلىغاچ، ئېشىكىگە مۇراجىئەت قىلىپ قوياتتى:

— ناخشا - ساز يولنى قىسقارتىدۇ. ئاڭلاپ مەززە قىلغاچ يورغىلا، جانىۋار!

نۇرىمان ئانا ئۆز خىيالى بىلەن، ھېلىقى چەكمەن چاپان توغرىسىدىكى ئوي - خىيال بىلەن بەند ئىدى. بۇ چاپاننى ئۇ ئاللىقاچان سۆكۈپ، يۇيۇپ - تازىلاپ، ماز - پاختىلىرىنى بىر ياقلىق قىلىپ بولغانمۇ بولاتتى. لېكىن ھەر قېتىم قولىغا قايچا ئالغاندا، ھېلىقى موماي كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. «چاڭ - توزانلىرىنى كىرپىكىم بىلەن سۈپۈرۈپ، داغ - چەللىلىرىنى كۆز يېشىم بىلەن تازىلاپ...، — دەيتتى موماي ھارارەتلىك نەپەس ئېلىپ، — قەدىرىگە يەتكۈدەك بىر كىمگە نېسىپ بولۇپ قالسا...»

نۇرىمان ئانا ئۆز مەھەللىسى ۋە تونۇش - بىلىشلىرى ئىچىدىن تۆت كىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ۋە شۇلارنىڭ

بىرىگە جىبىرىۋېتىش نىيىتىگە كەلدى، ئۇلارنىڭ بىرى ئۆز ئۆمرىنىڭ تولىسىنى پاختا - ماش تۈزانلىرى ئىچىدە ئۆت-كۈزگەن پېشقەدەم ئاتقۇچى، تەقۋادار ئادەم ئىدى. نۇرىمان ئانا سۇنغان چاپاننى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن:

— تولىمۇ سىپتا تىكىلگەن چاپان ئىكەن، — دەپ ماختاپ قويدى ۋە نۇرىمان ئانىنىڭ ئالدىغا ئاستاغىنا سۈرۈپ قويدى. بۇ، قائىدە - يوسۇنلۇق رەت قىلىش ئىدى، ئەلۋەتتە. «سەدىقە دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي، بوپتۇ، باشقا بىرىگە بېرىۋېتەرمەن.» شۇ خىيال بىلەن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ياشانغان بىر ئەپكەش بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇمۇ ئۆز ئۆمرىنىڭ تەگدىن تولىسىنى سۇ توشۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر جاپاكەش ئىدى. ئۆي - هويلىغا سۇ تۇرۇ-بىسى ئورنىتىشتىن ئىلگىرى نۇرىمان ئانىنىڭ سۈيىنى توشۇپ، ئوتۇننى يېرىپ بېرەتتى. ماز - پازلىرىنى ئاتتۇ-رۇپ كېلەتتى. ھازىر مەلۇم قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ كېچىلىك كۆزەتچىسى ئىدى.

— بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە بۇنى كىيىپ يۈرسەك قانداق تۇرار؟ — دېدى ئۇ چاپاننى قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ، — يۇيۇپ - تاراپ يەرلىكىدە قويۇۋەتسىلە ئەمدى.

ئەپكەش بىلەن خەيرلىشىپ، ئۆيى تەرەپكە كېلىۋات-قان ئانا ئۆز - ئۆزى بىلەن گەپلەشمەكتە ئىدى: شۇنچە ئىس-سىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ ئەپكەش ئۇنداق دەۋاتقان يەردە، باشقىلار نىمە دە؟ «يېڭىنى ئايىغان كونا، كېگىزنى ئايىغان بورا» دېگەن گەپنى ھەممە كىشى ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ؟ كونىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان كىشىلەر قالمىغان-

مىدۇ؟ ئاز قالدى، ناھايىتى ئاز قالدى... ئۆز مەھەللىسىدە
يېقىندىلا بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىش يادىغا كەلدى:

ئىككى نەپەر چەتئەل سودىگىرى كونا گىلەم ئىزدەپ كەپتۇ. تۇنجى قېتىم كىرگىنى سۇلايمانقارى ئىسىملىك تامچى يىگىتنىڭ ئۆيى ئىكەن. يىگىت تامغا ئېسىقلىق يېڭى گىلەملەرنى كۆرسىتىپ ماختىنىپتۇ. ئەجنەبىي سودىگەرلەر يەر بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتكەن گىلەمنى ئۆرۈپ - چۆرۈپتۇ. مىترلاپ بېقىپ ئىشارەت قىپتۇ.

— راست، بويى بەش مىتر، ئېنى ئۈچ يېرىم مىتر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سۇلايمانقارى. ئەجنەبىي سودىگەرلەر باش بارمىقىنى ھۆللەپ سول ئالقىنىغا سۈركەپتۇ. باھاسىنى سوراۋاتىدۇ دەپ چۈشەنگەن سۇلايمانقارى ئۈچ قولنى كۆرسىتىپتۇ، ئەجنەبىيلەر ئىككى قولنى كۆرسىتىپتۇ، ئىككى يېرىمىنى ئىشارەت قىپتۇ. سۇلايمانقارى باش چايقاۋەرگەندىن كېيىن گىلەمنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرۈپ چىقىپتۇ ۋە ئىككىسى ئۆزئارا سۆزلىشىۋالغاندىن كېيىن ئۈچ بولاق پۇلنى ئۇزىتىپتۇ. سۇلايمانقارىنىڭ ھەيرانلىقتىن چەكچەيگەن كۆزلىرى بارا - بارا غەزەپكە تولۇپتۇ.

— ئالماس ماتا، زورلاپ ساتار نەرسە يوق بۇ يەردە، ئالمساڭلار قېلىۋېرىدۇ، ئاش - نان دېمەيدۇ، ئېغىرىنى سالمايدۇ. نېمىشقا زاڭلىق قىلىسىلەر! ئېلىڭلار پۇلۇڭلارنى!

ئەجنەبىي سودىگەرلەر ھەيران قاپتۇ ۋە كولدۇرلىشىپتۇ. بىللە كىرگەن ھەقەمسايىلەرمۇ ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. ئەجنەبىيلەرنى رەنجىتىپ قويۇش توپەيلى بىرەر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ

تۇغۇلۇپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپتۇ. ئىككى يىلدىن بۇيان چەت ئەل تىلى كەچ كۇرسىدا ئوقۇۋاتقان شۇ مەھەللىلىك سودىگەر يىگىت — ۋارىسجاننى تېپىپ كىرىپتۇ.

— چىرايلىقچە پۇتۇشكەنىدۇق. ئۆزىچە ئاچچىقلاپ پۇللىرىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئەجنەبىلەر دولىسىنى قورۇپ.

— 300 كويغا پۇتۇشسەك، 3000 كوي تەڭلەۋاتىدۇ. ئادەم زاڭلىق قىلىپ! — دەپتۇ سۇلايمانقارى.

— 3000 يۈەنگە راست ئالامسىلەر؟

— بەرسىلا ئالىمىز، يېنىۋالمايمىز!

— ئۇنداق بولسا، مانا مەن ساتتىم، — پۇلنى ئاپتۇ ۋارىسجان، — خاتىرجەم كېتىۋەرسەڭلار بولىدۇ؛ سانىۋالسىلا، سۇلايمانقارى.

ئۇلار گىلەمنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، سۇلايمانقارى ئەسكەرتىپتۇ:

— ئېيتىپ قويسىلا، ۋارىسجان، ئەتە ئەتىگەندىلا قۇرۇلۇش ئەترىتىمىز بىلەن بىللە ناھىيىگە كېتىمەن، گىلەمنى قايتۇرۇۋېتىمدىغان ئىش بولۇپ قالسا، تاڭ سۈزۈلگۈچە قايتۇرۇپ بەرسۇن، بولمىسا ئاۋارە بولۇپ قالىدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دەپتۇ ئەجنەبىي سودىگەرلەر، — بۇنىڭ قەدرىگە سىز يەتمىگەن بىلەن بىز يېتىمىز، سىز قەدرىگە يەتكۈدەك بولغان چاغدا، 30 مىڭ يۈەنگىمۇ سېتىۋالالمايسىز!...

«شۇنداق، ئالتۇننىڭ قەدرىگە يېتىدىغان زەرگەرلەر ئاز قالدى، — دەپ ئېغىرغىنا نەپەس ئالدى نۇرسان

ئانا، — بوپتۇ، بۇ چاپاننى تۇرۇۋەرسۇن.» ئۇ، چاپاننى
قايتۇرۇپ كېلىپ، مەرەپتىكى يوتقان - كۆرپىلەر قاتارىغا
تىزىپ قويغان كۈنى يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىيالمىدى،
مومايىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىگە ئۆز بېشىدىن ئۆت-
كەن پاجىئەلىك قىسمەتلەر قوشۇلۇپ كەتتى. يۈرەك
جاراھەتلىرى يېڭىباشتىن ئېچىلدى، بىئارام قىلدى، چۈش
كۆردى. مەلئۇنلار ئوقى زەربىدىن يىقىلغان قەدىناس ئېرى،
ئارزۇلۇق قىزى، باھادىر ئوغلى... ئاھ! دەپ ئويغىنىپ
كەتتى. مۇستەھەپ قىلىپ، جاينامازغا يۈكۈندى، خۇداغا
ئىلتىجا قىلدى، مۇڭلۇق خىيال، قورقۇنچلۇق چۈش كۈندە
دېگۈدەك داۋاملىشىۋەردى. نۇرىمان ئانىنىڭ كەيپى بۇزۇلدى،
ئىشتىھاسى تۇتۇلدى، ھالسىزلاندى. مىڭ يىل ياشىغان
لوقمان ھېكىممۇ ھاياتلىق رىزقى - نېسىۋىسىدىن ئۈمىد
ئۈزمىگەنىكەن، — دېدى بىر كۈنى تاڭ سەھەردە، — مەن
نېمىشقا ئۈمىد ئۈزىدىكەنمەن؟ ئەزرائىلغا باغاق ئەۋەتكەن-
دەك ئىش قىلىپ يۈرگۈچە، ئەپكەشنىڭ دېگىنىدەك قىلسام
بولمامدۇ؟ ئۇ، قەتئىي نىيەتكە كەلدى، قايچىنى قولغا
ئالدى. تېرىنىڭ مەڭدەك يېرىنى زىدە قىلمايدىغان ئۇستا
قاسساپتەك تۈجۈپىلەپ تىغ سالدى. ئاۋايلاپ سۆكتى. تاش
ۋە ئەستىرىدىن ئايرىلغان چاپان پاختىسى يەنە بىر قەۋەت
ئىچ ئەستەر قويىنىدا تۇراتتى. تېز سۈرئەت بىلەن يىپ
سۇغۇرۇۋاتقان قايچا ئارقا پەشتىن بىر سوپامچە ئېگىزلىككە
كەلگەندە توساتتىنلا ئاستىلاپ قالدى. نېمە ئىشتۇ بۇ؟
تۆشۈك تورلىغاندەك تورلىشىپتۇيا؟ بۇ يەرمۇ، بۇ يەرمۇ
شۇنداققۇ؟ قاتتىقلا بىرنېمە تۇرىدۇغۇ؟ ھەيران قالغان

نۇرسمان ئانا قايچىنى قويۇپ، بىگىزنىنى ئىشقا سالدى. گىرەلىشىپ كەتكەن پىششىق يىپ بىر غېرىچ، بىر سويامدىن ئۈزۈلۈپ چىقىشقا باشلىدى. پاختا ئىچىگە شۇنچە مەھكەم يوشۇرۇنۇۋالغان قاتتىق نەرسە ئاخىر ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولدى، بۇ پارقىراپ تۇرغان ئالتۇن ئىدى، ئېگىز-لىكى ۋە توغرىسى تۆت تال سەرەڭگە جۇغلانمىسىچىلىك كېلىدىغان ساپ ئالتۇن ئىدى، يەنە كېلىپ، ئۇ يەر، بۇ يەردىن ئارقىمۇئارقا تېپىلغىنى بىر خىل ھەجىملىك بەش زىخچە ئالتۇن ئىدى! نۇرسمان ئانا بەك ھەيران بولۇپمۇ كەتمىدى. چۈنكى ئۇ، مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن يىېرىم ئەسىر مابەينىدە مۇنداق ئەسكى-تۈسكىلەر ئىچىدىن تالاي-تالاي قېتىم ئالتۇن-تىللا تېپىۋالغان. لېكىن بىر قېتىمدىلا مۇنچىۋالا كۆپ ئەمەس ئىدى، ساپمۇساق بىر جىلىق ئىكەن ئەمەسمۇ بۇ؟

خەلقىمىز ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيانقى يېغىلىق، قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ-تالاڭلار نەتىجىسىدە ئەزىز جېنىدىن، قان-قېرىنداشلىرىدىن، نەسىل-ئەۋلادلىرىدىن، ئەسلى-ۋەسلىسىدىن ئايرىلىپ كەتتى. ھەرقايسى دەۋرلەر-دىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار، ئۇرۇشقاق باندىتلار كاتتىۋاشلىرىنىڭ ھەممىسى ئالتۇن-گۆھەرگە تولىمۇ ئامراق، ھېرىس ئىدى. قىسقىغىنا بەش يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان چوڭ ئىستىبدات جىن شۇرېن ئۇلۇم خەۋپى ئاستىدا تۇرغاندىمۇ، 1274 سەر ئالتە يىېرىم مىسقال ئالتۇننى ئېلىپ قېچىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. قان-قېنىغا ياۋۇزلۇق سىڭىپ كەتكەن ئىككى يۈزلىمىچى

چوڭ باندىت ما جۇڭيىڭ گۇچۇڭدىكى ئۇرۇشتا چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان بىر مىليون سەر كۈمۈش بىلەن قانائەتلەنمىدى. خەلقىمىزنىڭ قىساس ئارغامچىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ، سوراق سەھنىسىگە ئاچىقىش ئالدىدا ئۇ، 28 تۆگىگە (28 تۆگىگە - ھە!؟) پەۋەس ئالتۇن بىسىپ چەت ئەلگە بەدەر قاچتى! ھەر تۆگىگە يۈكلىگىنى 1000 سەر (100 جىڭ) ئالتۇنمىدۇ ياكى 2000 سەر؟! ھېلىگەرلىكتە چېكىگە يەتكەن، جاللاتلىقتا بۆۋىلىرىدىن ئېشىپ كەتكەن قانخور شىڭ شىسەينىڭ خەلق دۈشمىنى جياڭ جيېشىغا سوۋغا قىلغىنى 50 مىڭ سەر ساپ ئالتۇن، ئۆز چۆنتىكىگە سالغىنى قانچە يۈز مىڭ سەردۇر!؟ تۈگىمەيدىكەن، ھېلىمۇ تۈگىمەيدىكەن بۇ ئالتۇن - گۆھەرلەر!

كىشىلەر ئەڭ ئاخىرقى ئالتۇن - گۆھەرلىرىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ كويىدا ئىدى. تامنىڭ ئۈلى، تۆشۈكى، جەگە ئارىلىقى، ئوچاق تېگى، دەرەخنىڭ كاۋىكى قاتارلىقلارغا تىقىپ قويۇلغان ئالتۇن ۋە ئالتۇندىن ياسالغان زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ كۆپىنچىسىدىن مەھرۇم قالغان كىشى لەر پاختىلىق چاپان ئىچىدە ساقلاشنى بىرقەدەر ئىشەنچ لىك دەپ قارىغان بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا ساپ ئالتۇن ۋە ئالتۇن جابدۇقلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇنىداق ئەسكى - تۈسكىلەر ئىچىدىن چىقىپ قالاتتى. مەككە مۇنەۋۋە رىسىنى تاۋاپ قىلىپ كېلىشنىڭ تەييارلىقى بولسا كېرەك، — دەپ پەرەز قىلدى نۇرىمان ئانا ھېلىقى مومايىنىڭ سۆزلىرىنى

يادىغا ئېلىپ، — نېمىشقا بىخەۋەردۇر بۇ ئالتۇندىن؟ بىز خەق ماختىنىشنى ياخشى كۆرىمىز، ئاغزى بوش كېلىمىز، يېغىلىق ۋاقتى ئەمەسمۇ، ھەر نېمە قىلسا ھەق. مومايـ نىڭ ئېتى نېمىدۇ؟ نەدە تۇرىدىغاندۇ؟ نۇرمان ئانا ئالقىنىدىكى ئالتۇنغا قاراپ ئويلايتتى، سوئال سورايتتى، جاۋاب بېرەتتى. كېيىنكى سوئالغىمۇ يەنىلا ئۆزى جاۋاب بەردى: جانقورغانلىق ئىدىم، ئۆيىمىزنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىـ لىرى مارجانبۇلاق تەرەپكە قاراپ تۇراتتى دېمىگەنمىدى؟ شۇ يەردىن سۇرۇشتۇرۇپ باقاي. موماي قانچە خۇش بولۇپ كېتەر؟ بۇ چاپاننى كۆزگە ئىلمىغان نەۋرە، كېلىنلىرى ھاڭ ـ تاڭ قالارمۇ؟ خىجىل بولارمۇ؟ بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ جېدەل ـ ماجىرا چىقىرارمۇ؟ مەيلى، نېمە قىلسا ئۆز ئىختىيارى. ئېغىرىمنى يەر كۆتۈرۈۋاتىدۇ، ھالال رىزقىمنى ئىگەم ئۆزى بېرىۋاتىدۇ. مەن نېمانچە قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىمەن بۇنىڭغا؟ كىشىنىڭ ھەققى سىڭەمتى ماڭا؟ «ماڭغان دەريا، ياتقان بورىيا» ئەمەسمۇ؟ ماڭاي، «بىسمىللا» دەپ بوسۇغىدىن پۇتۇمنى ئالاي.

بۇلاقبېشى — قەشقەر سېپىلى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭقۇر ئويمانلىق. موماي تەرىپلىگەن مارجان بۇلاق ھېلىمۇ جۇش ئۇرۇپ تۇرۇپتۇ. بۇك ـ باراقسان سۆگەت ئورمىنىدا قۇشقاچـ لار ھېلىمۇ سايراۋېتىپتۇ. چەكمەن ـ چوتا، سەگەز ـ ماتا سېلىقلايدىغانلار كۆرۈنمەيدۇ، توقماق ئاۋازىمۇ يوق. نۇرـ مان ئانا تىك يار ئۈستىگە ئورۇنلاشقان جانقورغان تەۋەسىدىكى ئۆيلەرگە نەزەر سالدى. ھەممىسىنىڭ پېشايۋانـ لىرى بۇلاق تەرەپكە قاراپ تۇرۇپتۇ. مومايىنىڭ قەدەم جايى

قايسدۇ؟ ئۆيمۇئۆي سۈرۈشتۈرۈپ باقـاي.

نۇرىمان ئانا شەرقتىن غەربكە سوزۇلـغان داۋانـدەك ئېگىز دۆڭدىن مىلىك تەسلىكتە چىقتى. ئازراق دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن شىمالىي كوچىغا نەزەر تاشلىدى. بۇ كوچا قىرىق بـىر پـەلەمپەيلىك راۋاقـتەك ئېگىز ئىدى، هـەر قەدەمدە بىر توختاپ، هـاسىراپ - هۆمـۈدەپ يـۈرۈپ بـۇ يەردىنمۇ چىقتى. كۆتۈرمە ئۆيلەر بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن، يىل بويى كۈن چۈشمەيدىغان بۇ كوچىـنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى دەرۋازىلارغا سەپسالدى. ئاخىـر ئۆزى قىياس قىلغان بىرىنچى دەرۋازىنى قاقتى، بەش - ئالتە ياشلاردىكى ئوماققىنا قىز ئىشىكنى ئاچتى.

— خان قىزىم، دادىلىرى بارمۇ؟

— بار،

— بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى، چاقىرىپ قويسىلا.

ئۇچقاندەك كىرىپ كەتكەن ئوماق قىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازى هويلا تەرەپتىن ئاڭلاندى:

— دادا، سىزنى بىر خوتۇن ئىزدەپ كەپتۇ!

— قانداق خوتۇن؟

— چىرايلىق قېرى خوتۇن.

— قېرى خـوتۇن؟ — تـەئەججۇپلەنگىنىچە دەرۋازا بوسۇغىسىغا يېقىنلاشقان كىشى 30 ياشلاردا ئىدى. نۇرىمان ئانا سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن سورىدى:

— خوجام، ئاتىلىرى بارمىدۇ؟

ئۆي ئىگىسىنىڭ چىرايى غەمكىن تۈس ئالدى:

— رەھمەتلىكتە نېمە ئىشلىرى بار ئىدى؟

— بىر ئىشنى سورىماقچىدىم، ئائىلىرى بارمۇ، خوجام؟
— بار، ئۆيگە كىرسىلە.
يىگىتنىڭ ئانىسىمۇ نۇرىمان ئانىغا ئوخشاش پاكىز قېرىغان ئىسسىق چىراي خوتۇن ئىدى. قائىدە بويىچە يۈز يېقىپ كۆرۈشتى، تىنچ - ئامانلىق سورىدى، سۇپىدىكى گىلەم ئۈستىگە كۆرپە سالدى. بىر پىيالە چاي سۇنغاندىن كېيىن سوئال نەزەرىدە تىكىلدى.
— خېنىم، ھەربىرلىرى بۇ ئۆينى «تۇڭگان يېغىلىقى» ۋاقتىدا شېھىت كەتكەن بىر تاقىچى ئۇستامنىڭ ئايالىدىن سېتىۋالغانمۇ؟
— يوغسۇ، مىسكەردىن سېتىۋالغان.
— مۇنداق دېسىلە، — نۇرىمان ئانا پىيالىنى داستىخان ئۈستىگە قويدى، — رەھمەت سىلىگە، — باشقا يەردىن سۈرۈشتۈرۈپ باقاي.
— ئاڭلىسام، بۇ مىسكەر تاقىچىنىڭ ئايالىدىن سېتىۋالغانىكەن.
— مۇنداق دېسىلە، خېنىم، — قوزغىلىش نىيىتىدىن يانغان نۇرىمان ئانا قايتىلاپ سورىدى، — مىسكەر ئۇستامنىڭ ئېتى، يۇرتى يادىلىرىدىمۇ، خېنىم؟
— يادىمدا - يادىمدا، ئىسمى سەيپۇللاقارىم ئىدى. مەرھۇمنىڭ يەتتە نەزىرسى، قىرىق نەزىرسى، يىل نەزىرلىرىنىڭ ھەممىسىگە چىققانمەن.
— ئۆلۈپ كەتكەن دېسىلە، خېنىم؟
— شۇنداق. ئوبدان ئادەم ئىدى ئۇ رەھمەتلىك. ئوغلىمۇ ئوبدان ئادەم بولدى، ئاڭلىسام، مەكتەپ مۇدىرى

ئىكەن دەيدۇ. ھېيىت ـ ئايەملەردە يوقلاپ تۇرىدۇ.

— ئىسمى؟...

— ئىسمى — سەيدۇللا. سەيدۇللا سەيپۇل دېسە، پۈتۈن سەمەن ـ چۆيۈنچى تەۋەسىدە تونۇمايدىغان ئادەم يوق ئىمىش، سەيدۇللا مۇدىر دېسىلىمۇ بولىدۇ.

— رەھمەت، خېنىم رەھمەت، — نۇرسىمان ئانا دۆگدىيىن چىققۇچە تارتقان جاپاسىنى ئۇنتۇغان، ھاردۇقى چىقىپ يەڭگىللەپ قالغانىدى. قايتا ـ قايتا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ خوشلاشتى. شەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسى ـ نىو بېشىغىچە پىيادە كەلدى ـ دە، ھارۋا كىرا قىلدى:

— بالام، سەمەن ـ چۆيۈنچىگە قاراپ ھەيدىسىلە.

سەيدۇللا مۇدىر راستىنلا ئوبدان ئادەم ئىكەن. ئۇنى ئۆز ئانىسىنى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. نۇرسىمان ئانىنىڭ ئىسمى ۋە ئولتۇرۇشلۇق ئورنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن باشقىچە جانلىنىپ كەتتى:

— ئىككى ئېغىز ئۆيىنى بالىلار پەسىلىگە تەقدىم قىلغان نۇرسىمان ئانا ئۆزلىرى ئەمەسمۇ؟ تۆت يىل ئالدىدا ئېچىلغان مۇنەۋۋەر يەسلى تەربىيىچىلىرى يىغىنىنىڭ پەخرىي ھەيئەت ئەزاسى ئەمەسمۇسىلە؟ كۆزۈمدىن قېرىدىممۇ نېمە، تونۇيالماي قالغىنىمنى قارىمامدىغان! «مېھرىبان ئانا» لەۋھەسىنى تاپشۇرۇۋالغان چاغلىرىدا چاۋاك چېلىۋېرىپ، ئالقانلىرىم شەلپەردەك قىزىرىپ كېتىپتىكەن. سىلىمۇ يىغلاپ سالغان، شۇنداقمۇ؟ مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇختىتىۋالالماي قالغان. ھەر كىشىنىڭ بىر ئانىسى بولىدۇ. لېكىن مېنىڭ ئۈچ ئانام

بار، ئۇچىلىسىنىڭ ئىسمى نۇرىمان ئانا، ئاخىرقى ھىسابتا، يەنىلا بىر ئانا!

50 ياشلاردىن ئاشقان خۇش تەبىئەتلىك مۇدىر تولىمۇ خۇش بولغان ۋە ھاياجانلانغانىدى. «مۇچ ئانا» سۆزىنى چەكسىز ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن شەرھلەشكە باشلىدى:

— ئۆز ئانامنىڭ ئىسمى - شەرىپىمۇ نۇرىمانىخان ئىدى، 12 يېشىمدا ئۆلۈپ كەتكەن. باشتىنراق ئېيتسام، بىزمۇ شەھەرلىك، جانقورغانلىق ئىدۇق. گومىنداڭ غالجىرلىشىپ كەتتى، تاغ ئىنقىلابىنى باستۇرىدىغان، خەلقنى قىرغىن قىلىدىغان ئوق ئېھتىياجى ئۈچۈن مىس، قوغۇشۇن يىغىشقا كىرىشتى. ئىلكىمىزدىكى مىس، تۈچ، قوغۇشۇنلارنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ كەتتى. ئۆي - جايىمىزنى سېتىپ، بۇ يەرگە كۆچۈپ چىقتۇق. ئاتا - ئانام ئارقا - ئارقىدىن قازا قىلدى. يېتىم قالدىم. ئاخىر دارىلئېيتامدىن پاناھ تاپتىم. تامىقىمىزنىڭ تايىنى يوق، كىيىملىرىمىز جۇل - جۇل، ياتاق شارائىتىمىزمۇ بەك ناچار ئىدى. زەئىپلىشىپ كەتكەنىدۇق. تەكەببۇر باي - خوجاملار، مۇتەئەسسىپ موللا - ئىشانلار نەزەرىدە بىز «دارىلئېيتام تازلىرى — ئەسكى چاپان مازلىرى» ئىدۇق. ئەزرائىل بولسا، «تاز - ماز» بولۇشىمىزغا قارىماي ئەكىتىۋېرەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىزگە قالتىس ئىگىدارچىلىق قىلدى. ھەممىمىزگە بىر قۇردىن يېڭى كىيىم تارقاتتى، تامىقىمىز ۋە ياتاق شارائىتىمىزنى بۇلەكچىلا ياخشىلىۋەتتى. كېسەللىرىمىزنى داۋالاپ ساقايتتى. كېيىن ئۇقساق، نۇرىمانىخان

بار، ئۇچىلىشىدىنىڭ ئىسمى نۇرسان ئانا، ئاخىرقى ھىسابتا، يەنىلا بىر ئانا!

50 ياشلاردىن ئاشقان خۇش تەبىئەتلىك مۇدىر تولىمۇ خۇش بولغان ۋە ھاياجانلانغانىدى. «مۇچ ئانا» سۆزىنى چەكسىز ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن شەرھلەشكە باشلىدى:

— ئۆز ئانامنىڭ ئىسمى - شەرىپىمۇ نۇرسانىخان ئىدى. 12 يېشىمدا ئۆلۈپ كەتكەن. باشتىنراق ئېيتسام، بىزمۇ شەھەرلىك، جانقورغانلىق ئىدۇق. گومىنداڭ غالجىرلىشىپ كەتتى، تاغ ئىنقىلابىنى باستۇرىدىغان، خەلقنى قىرغىن قىلىدىغان ئوق ئېھتىياجى ئۈچۈن مىس، قوغۇشۇن يۇلاڭچىلىقىغا كىرىشتى. ئىلكىمىزدىكى مىس، تۆچ، قوغۇشۇنلارنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ كەتتى، ئۆي - جايىمىزنى سېتىپ، بۇ يەرگە كۆچۈپ چىقتۇق. ئاتا - ئانام ئارقا - ئارقىدىن قازا قىلدى. يېتىم قالدىم. ئاخىر دارىلئېيتامدىن پاناھ تاپتىم. تامىقىمىزنىڭ تايىنى يوق، كىيىملىرىمىز جۇل - جۇل، ياتاق شارائىتىمىزمۇ بەك ناچار ئىدى. ۋەئېپلىشىپ كەتكەنىدۇق. تەكەببۇر باي - خوجاملار، مۇتەئەسسىپ موللا - ئىشانلار نەزەرىدە بىز «دارىلئېيتام تازلىرى — ئەسكى چاپان مازلىرى» ئىدۇق. ئەزرائىل بولسا، «تاز - ماز» بولۇشىمىزغا قارىماي ئەكىتىۋېرەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىزگە قالتىس ئىگىدارچىلىق قىلدى. ھەممىمىزگە بىر قۇردىن يېڭى كىيىم تارقاتتى، تامىقىمىز ۋە ياتاق شارائىتىمىزنى بولەكچىلا ياخشىلىدۇەتتى. كېسەللىرىمىزنى داۋالاپ ساقايتتى. كېيىن ئۇقساق، نۇرسانىخان

ئىسمىنىڭ بىر باي تۇل خوتۇن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا گۆھەر
تەقدىم قىلغان ۋە گۆھەرنىڭ پۇلىنى دارىلئىيتام باللىرىغا
خىراجەت قىلىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغانىكەن. شۇ چاغدا
مېنىڭ قورسىقىمىزۇ كۆپتەك ئىششىپ كەتكەنىدى. شۇ ئانىسـ
مىزنىڭ خەيىر - سەدىقىسى بولمىغان بولسا، ھاياتلىق
نېسىۋەم شۇ چاغدىلا ئۈزۈلگەن بولاتتى. ئۇ مېنىڭ ئىككىنچى
ئۇرنىمان ئانام، ئۈچىنچىسى ئۆزلىرى. چۈنكى سىلەمۇ
باللارنىڭ غەمخورى. كۆيۈمچان ئانىسى!...

دارىلئىيتام باللىرىغا گۆھەر تەقدىم قىلغان «باي تۇل
خوتۇن»مۇ دەل مۇشۇ ئۇرىمان ئانا ئىدى. بۇنىمۇ ئۇ، كىچىك
باللىنىڭ پاختىلىق ئىشتانىسپايىپىنقى ئىچىدىن تېپىۋالغان،
دارىلئىيتام باللىرىسىنىڭ ئېغىر ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ئاڭلاپ،
شۇلارغا تەسەررۇپ قىلىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلىپ، ئۇيغۇر
ئۇيۇشمىسىغا ئىنئام قىلغانىدى.

ئۇرىمان ئانا قەلەم بىلەن ئىزھار قىلىپ بولمىغۇدەك
ھارارەتلىك تەسرات ۋە چەكسىز ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسى
ئىچىدە خوشلاشتى، قەلبى ھاياجانغا، ھارۋىسى قوغۇن -
تاۋۇز، ئەنجۈرگە تولغان ھالدا خوشلاشتى، ئۆزئارا يوقلاپ
تۇرۇش ۋەدىلىرى ئىچىدە خوشلاشتى، سۆھبەت جەريانىدا
ئۇقتىكى، مومايىنىڭ ئىسمى — شۈكرىخان، يۇرتى «قارا-
ساقال» ئىكەن. قاراساقال — شەھەرنىڭ كۈنچىقىش
تەرىپىدىكى بىر يۇرت ئىدى. ئۇ تەرەپكە ئۆگۈنلۈكـ
كە چىقىش نىيىتىگە كەلدى: ئەتە ئەتىگەندە باللار
كەلگەن ھامان، ئاناڭلار سىلەرگە قانداق سوۋغا تەييارلاپ
قويدى، بىلەمسىلەر، دەيمەن. چۇرقىرىشىپ كېتىدۇ، ۋىچىرلـ

شىپ كېتىدۇ، تاپالمايدۇ. قاراڭلار، بۇ نېمە؟ دەيمەن. نۇرىمان ئانا، ھەممىنى بىزگە بېرەمسەن؟ دەپ ھەيران بولۇشىدۇ. ھەئە، سىلەرگە، سىلەرنىڭ تەربىيەچىلىرىڭلارغا! دەيمەن. خۇش بولىدۇ. ئەنجۈر بۈزۈلۈپ قالارمۇ؟ ئېسىم قۇرۇۇسۇن، بۇ زۆھرەخانىمنىڭ توڭلاتقۇسىغا سېلىپ قويسام مۇزدەك تۇرۇۋەرمەمدۇ؟

نۇرىمان ئانا بۈگۈن تاڭ سەھەردىلا مۇشۇ ئېشەك ھارۋىسى بىلەن يولغا چىققان، قاراساقاللىق شۈكرىخان مومايىنى ئىزدەپ يولغا چىققانىدى. ئەمدى قايتىپ كېرمەكتە، خىلمۇخىل ئوي - خىيال ئىچىدە قايتىپ كېرمەكتە.

— پەرىشتىدەك مەزلۇم ئىدى رەھمەتلىك، يەنە 100 يىل ياشايدىغاندەك تېمەن ئىدى. بىكۆيۈم نەۋرىلەرنىڭ دەردى - ئەلىمىدە...

— ئاتام زامانىسىدا بىر ساھىبجامال مەلىكىنىڭ جىنى شاھ ۋارىقى ئالدىدىكى ئاسمان - پەلەك چىنارغا ئېسىلغان ئالتۇن قەپەس ئىچىدىكى ياقۇت قۇتىدا ئىكەنمىش. بۇ مومايىنىڭ جىنى بىر ئەسكى چاپان ئىكەن. شۇ چاپاندىن ئايرىلىپلا...

— پوت - پوت مىنگەن بىر نوچى ئالدىلىرىدىن ئۇچۇپ ئۆتتىمۇ؟ شۈكرىخان مومايىنىڭ نەۋرىسى شۇ، ھەممىسىنى تىزگىنلەيدىغان چوڭ نەۋرىسى!

— كىچىكلىرىمۇ تايىنلىق. چاغاندا ئۆلىدىغان قېرى، ھازا كېيەن قېرى، دەپ تىللىشىپلا يۈرەتتى ئۇ نېمىلەرمۇ!

......

نۇرىمان ئانىنىڭ شۈكرىخان موماي ۋە ئۇنىڭ نەۋرىلىرى توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرى ئەنە شۇلار ئىدى. ئۇنىڭ

رايى قايتتى، كۆڭلى سوۋۇدى. شۇنداق بولسمۇ، نەۋرىلەرنىڭ بىرەرى بىلەن سۆزلىشىپ بېقىش ئۈمىدىدە يولنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. «ياشلىق قىلغانىكەنمىز، قەدرىگە يەتمەپتىكەنمىز» دېگەن سۆز ئاغزىدىن چىقىپ قالسىلا...

نۇرىمان ئانا يول چېتىدە زوۋانى ئۆچكەن موتسىكلىت بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان 40 نەچچە ياشلىق بىر كىشىنى ئۇچراتتى ۋە كىشىلەر ئېيتقان «نوچى شۇ» دەپ مۇئەييەنلەشتۇردى. قائىدە - يوسۇنلۇق سالام بەردى ۋە شۈكرىخان موماينى سۈرۈشتۈردى. «نوچى» زوۋان سۈرمىدى. نۇرىمان ئانا ھارۋىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە كېلىپ توۋلىدى:

— بالام، سىلىگە گەپ قىلىۋاتىمەن. شۈكرىخان موماينىڭ قاچان، قانداق ۋاپات بولغانلىقىنى سوراۋاتىمەن!

— نېمانداق ۋارقىرايدۇ بۇ خوتۇن؟! — تەلەتىنى تۈرۈپ چالۋاقىدى ئۇ، — ماز كېپەن قېرىنى نېمانچە سېغىنىپ كەتتىكىنا!

— بالام، سىلە ئۆزلىرى شۈكرىخان ئانىمىزنىڭ نېمىسى بولىلا؟

— ھېچنېمىسى! — ئەلپازى بۇزۇلغان نوچى سۆزگۈچلۈك پاپىرۇستىن بىر تال چىشلىدى، غەزەپ بىلەن چاقماق چاقتى، بىر قولىنى يانچۇقىغا سالغان ھالدا ئارقىغا قاراپ تۇرۇۋالدى. نۇرىمان ئانا ھارۋىكەشكە دېدى:

— بالام، ئېشەكنىڭ بېشىنى شەھەر تەرەپكە توغرىلىسىلا.

ھارۋىكەش ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى. نۇرىمان ئانا ھارۋىكەشكە:

— ئىشىمىز تۈگىدى، قايتىلى، — دېدى.

«سەندەك تاش يۈرەكلەرگە بېرىدىغان ئالتۇن نەدە
تۇرۇپتۇ؟! — قارا سوكنا پەلاتى ئىچىگە كىيىۋالغان تۆگە
يۇڭىدىن توقۇلغان تونچە ياقىلىق پوپايكىسىنىڭ پىششىق
يىپ بىلەن تىكىۋېتىلگەن يانچۇقىنى چىڭ سىقىملاپ تۇرۇپ
شۇنداق دەيتتى نۇرىمان ئانا، — دىن يولىدا سەدىقە
قىلىۋېتەيمۇ؟ ئىمام ئاخۇنغا بېرىۋېتەيمۇ؟»

ئىمامئاخۇنۇمغىمۇ بەرگەن. 40 نەچچە يىل ئىلگىرى
سېتىۋالغان ئەسكى - تۈسكىلەر ئىچىدىن چىقىپ قالغان ئالتە دانە
تىللانى بەرگەن. «ئىنىس - جىنغا تىنىمىسىلا» دەپ چۆنتەك-
كە سالغان ئىمامئاخۇن ھەپتە - ئون كۈندە بىر قېتىم
«ھە، بىر نېمە چىقىۋاتامدۇ؟» دەپ سوراپ تۇرىدىغان
بولۇۋالغان. ئالتە - يەتتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن تېپىۋالغان
بىر دانە تىللانى بەرسە، ئاتايىن بىر دانە تىللانى تىقىپ
قويامدۇ، نۇرىمانخان؟ غايىبنىڭ ھەققى ھارام! غېرىب-
مىسكىنلەرگە سەرپ - تەسەررۇپ قىلىمىز ئەمەسمۇ بىز؟
ئىنساپ قىلسىلا، ئىنساپ؟!» دەپ كايىغان. بىر كۈنى
ئۇزۇنلۇقى چىمچىلاقتەك، چوڭلۇقى چوكىنىڭ قويرۇق
تەرىپىدەك كېلىدىغان ئالتۇن تېپىۋېلىپ، ئىمامنىڭ دەرۋازى-
سىغا يېقىنلاشقاندا، مۇنداق بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالغان:

— رىزقىڭنى خۇدادىن تىلىمەي نېمىشقا ئىشىك قاقى-
سەن، ئەي ۋەيلۇن، دوزاخقا تۇتۇرۇق بولىدىغان مەلئۇن!؟

«غېرىب - مىسكىنلەرگە خەيرخاھلىق قىلغۇچى» ئىمامنىڭ
قوغلاۋاتقىنى قېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئەما تىلەمچى ئىدى.
نۇرىمان ئانىنىڭ رايى قايتتى. «سەندەك بىرەھىمگە
بەرگۈچە، خانىقاغا سەدىقە قىلىۋەتسەم بولمامدۇ؟» تەركى-

دۇنيالىقنى ئاغزىدىن چۇشۇرمەيدىغان ئىشان - سوپىلار ئېخىمۇ ئامراق ئىكەن بۇ پارقىراق نەرسىگە. ئايىمۇئاي كېلىپ، سۆيلەپ - سۆرۈشتۈرۈپ تۇرىدىغان بولۇۋالدى. «ئۇ دۇنيالىقىڭىزنى ئويلاڭ، - دەپ تەھدىت سېلىشتى ئېخى، - غايىبنىڭ بىر تال ھەققى مىڭ نەشتەرگە ئايلىنىپ، يۈرىكىڭىزگە سانجىلمىسۇن يەنە!»

«ئاغرىمىغان بېشىمغا ئالتە تاياق، دېگەن شۇ ئىكەن-دە؟ خەپ، بىر نەرسە تاپسام، ئۇدۇللا مەھكىمەشەرئىگە يوللاپ بەرمىسەم!» نۇردىمان ئانا شۇ نىيەتكە كەلگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە «ھەبىبۇللاقارىم بىر كومزەك ئالتۇن تېپىۋاپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى. چۈش - پېشىنغا يەتمەستىنلا كومزەك كۆپكە ئۆزگەردى، نامازشام - خۇپتەنگە يەتكەندە، ئىككى - ئۈچ كۆپكە تەرەققىي قىلدى. ھەبىبۇللاقارىمنىڭ بىر كومزەك ئالتۇن تېپىۋالغانلىقى راست ئىدى. بۇ ئالتۇن ئون نەچچە يىل مۇقەددەم سېتىۋالغان ھويلا - ئىمارەتنىڭ ئاتخانىسىنى ئاشخانىغا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى قىلدۇۋاتقاندا، ئوقۇر ئاستىدىن چىقىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ھەقدارلىرىنىڭ ھەممىسى ھەج سەپىرىدە قازاغا ئۇچراپ تۈگىگەنىدى. ھەبىبۇللاقارىم ئۇنى مەھكىمە شەرئىگە تاپشۇردى. مەھكىمە شەرئىدىكىلەر بىچارە قارىمنى ھەپتە - ئون كۈنگىچە ئاۋارە قىلدى، ھەتتا تېپىۋالغان غايىب خەزىنىنىڭ بارى شۇ ئىكەنلىكىگە قەسەم قىلدۇردى. بىر-قانچە كۈنلەردىن كېيىن دوتەي يامۇلنىڭ قوراللىق چېرىكلىرى بېسىپ كىردى. «ئاتخانىدىن ئالتۇن چىققان يەردە، مېھمانخانا - سارايلاردىن چىقماي قالامدۇ؟» دېيىشىپ،

ھەممىلا يەرنى كۆلاپ قىزدۇۋەتتى، ساپمۇساق مېھمانخانا ـ
سارايلارنى ئۆرۈپ چىقىۋەتتى. بىھۇدە چىقىم، ئاۋارىچىلىك،
بەتنام ـ ھاقارەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن قارىم ئاخىر:
«راست گەپ قىلامدىغان، سازايى! سەممىيلىك قىلامدىغان،
سازايى!» دەپ يىغلاپ كەتكەنىدى. نۇرىمان ئانا شۇنىڭدىن
بۇيان مەھكىمە شەرئىينى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتتى. كېيىنكى
يىللاردا تېپىۋالغانلىرىنى «بەشتە كاپالەت» ئائىلىلەرگە
ئىشلىتەر دېگەن ئۈمىد بىلەن ئاھالە كومىتېت مۇدىرىغا
تاپشۇرۇپ بەردى. مۇدىرمۇ ئەينى زامانلاردىكى ئىمام،
ئىشان ـ سوپىلارغا ئوخشاشلا «ئىنىس ـ جىنغا تىنماسلىق»ـ
نى جېكىلەپ چۈنتىكىگە سالدى، «نۇرىمان ئاچا، ئانچە ـ
مۇنچە ئۇچراپ تۇرۇۋاتقاندۇ ـ ھە؟ تەشكىلنى ئۇنتۇپ
قالمايلى جۇمۇ!» دەپ جېكىلەيدىغان بولۇۋالدى. كېيىنكى
كۈنلەردە ئاچچىق چاك ـ توزاندىن باشقا ھېچنېمە چىقمايـ
دىغان بولۇپ قالدى. مۇدىرمۇ مەجلىس، خالىسانە ئەمگەك،
لەخمە كولاشلارغا ھەيدەۋەردى.

مانا ئەمدى نەق ئون سەر ئالتۇن ئۆز ئالقىنىدا
تۇرۇپتۇ. ئالتۇن باھاسىنىڭ قانچىلىك ئۆرلەپ كەتكەنلىكىـ
نى ئوبدان بىلىدۇ. نېمە قىلاي؟ ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلسەم،
كىشىنىڭ تەرىتىدە ناماز ئوقۇغاندەك بولۇپ قالامدىمەن؟
ساۋابىنى شۈكرىخان مومايغا ئاتىسامچۇ؟ سالامەتـ
لىكىم شۇنىڭغا يار بېرەرمۇ ـ قانداق؟ مەسچىت قۇرۇلۇشى

ئۈچۈن تەقدىم قىلىنىۋېتەيمۇ-يا؟ ھەر مەھەللىدە ئىككى-ئۈچ مەسچىت تۇرسا...

سەيدۇللا مۇدىرنىڭ سۆزلىرى يادىغا كەلدى. «شۇ ئادەمزىنىڭ خەير-سەدىقىسى بولمىغان بولسا، ھاياتلىق نېسىۋەم شۇ چاغدىلا ئۈزۈلگەن بولاتتى...»

— نۇرىمان ئانا!

— نۇرىمان ئانا!...

نۇرىمان ئانىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئالتۇن قوڭغۇراقتەك جاراڭلىغان بۇ ئاۋاز — ئاق كۆڭۈل، سەممىي، كۆيۈمچان يەسلى باللىرىنىڭ ئاۋازى ئىدى. «مېھرىبان ئانا» دېگەن شەرەپكە مۇيەسسەر قىلغان ئارزۇلۇق نەۋرە-چەۋرىلىرىنىڭ ئۈمىدلىك ئاۋازى ئىدى. ئونلىغان جۈپ كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلمەكتە، تەلمۈرمەكتە، تەلپۈنمەكتە ئىدى. نۇرىمان ئانا تېتىكلەشتى. ھەقەمسايىلىرىنىڭ رەڭلىك تېلېۋىزورىدا كۆرگەنلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى: ئەنە، مەركىزىي شەھەرلەردىكى بەختىيار يەسلى باللىرى. ئۇلار شۇنچە كۆركەم، زامانىۋى ئويۇنچۇق ماشىنىلار بىلەن داۋانلار ئاشماقتا، دەريا-ئېقىنلار باغرىنى بېسىپ ئۆتمەكتە. خىلمۇخىل ئايروپىلانلارغا ئولتۇرۇپ، ئاسمان-پەلەككە ئۆرلىمەكتە. ئاي-يۇلتۇزلارغا قاراپ ئۆرلىمەكتە! بىزدىچۇ؟ يەنىلا شۇ قاپاق تېرەك شېخىدا ياسالغان كونا لىڭگىرتاقتاق، ئارغامچىلىرىغا ئۇلاق سېلىنغان ئىلەڭگۈچ، قۇيرۇقسىز قىرچاڭغۇ ئات، ئەبجەقى چىققان ماشىنا-تراكتور... چوڭ شەھەر باللىرىنىڭكىدەك ئويۇنچۇقلار بولىدىغان بولسا...

نۇرمان ئانا كۆككە ئۆرلەۋاتقان بەختىيار نەۋرە - چەۋرىلەرنى تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئەمەس، بەلكى كۆز ئالدىدا كۆرگەندەك بولدى. دەرد - ھەسرەتلىرى ئۇنتۇلدى، ھاردۇقى چىقتى. يۇڭ پوپايكا يانچۇقىنى چىڭ سىقىملاپ تۇرۇپ ھارۋىكەش يىگىتكە مۇراجىئەت قىلدى:

— بالام، تېزرەك!

1986 - يىل نويابىر. قەشقەر.

# مۇناپىقنىڭ ئۆلۈمى

مۇناپىقلار... ئۆزلىرىنىڭ
يالغان قەسەملىرىنى قالقان
قىلىۋالدى،... ئۇلارنىڭ قىلمىشـ
لىرى نېمىدېگەن يامان!

— «سۈرە مۇنافىقۇن» دىن.

## مۇقەددىمە

تولۇن ئاي چاربىباغلار ئارا ئۇن - تىنسىز سەيلە قىلىۋاتقان شاھ سەنەمنى ئەسلىتەتتى. ئۇ، قارا بۇلۇتلار قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. گويا خىيانەتكار ئابدۇللا شاتۇرىنىڭ ھاياسىز كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان شاھ سەنەم گۈزەل جامالىغا قارا رومال ياپتى.

مۇشۇ كېچىدە ئاقـقۇدەك ئاپئاق ئايغىر ئۈستىگە قونـ غان ئاپئاق ساقال پەرىشتە قىياپەتلىك بىر كىشى شەھەر سىرتىدىن قۇمدەرۋازا تەرەپكە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. قاسساپلارنىڭ كانارىلىرى باغلىنىدىغان جۈپ - جۈپ سېرىق سۆگەتلەر ئەتراپىدا ياتقان لالما ئىتلار قاسقاندەك سەللە ئورىۋالغان ئاق لىباسلىق بۇ زاتقا خىرىس قىلمايتتى،

قاۋىمايتتى، بەلكى ئىنتائەتمەنلىك بىلەن قۇيرۇق شىپاڭ-
شىتىپ قوياتتى. ئاق ئايغىر، تىزلىنىپ ئىمان ئېيتىش يولى
بىلەن ئىسيان قىلىچىنىڭ زەربىسىدىن ئامان قالغان قېرى
گۆرۈكەشنىڭ مەيخانىسىغا يېقىنلاشتى. مەيخانىنىڭ ئىشىك
بېشىغا ئېسىلغان ئالتە بۇرجەكلىك قىزىل پانۇس شولىسى
پەرىشتە قىياپەتلىك زاتنىڭ چېھرىدە جىلۋىلەندى. ئاشۇ
پانۇستەك قىزارغان بۇ چىرايدىن غۇرۇرلۇق كۈلكىسى
يېغىپ تۇراتتى. چۈنكى ئۇ، خاسىيەتلىك شىۋىقەدىرىگە
يولۇققانىدى، تۈگىمەس - پۈتمەس بايلىق، ئالىي ئورۇن -
مەرتىۋە، يۈكسەك شان - شەرەپكە مۇيەسسەر بولغانىدى.
ئىچ يانچۇقىدا شىنجاڭ پادىشاھى — شىڭ دۇبەن ئالىيلىرى-
نىڭ مەرھەمەتلىك تەكلىپنامىسى، باش ئۈستىدە دۆلەت
قۇشى!...

بۈگۈن ئۇ، جەننەتۇلپىردەۋستەك كاتتا بىر
باغ① دا ئۆتكۈزۈلگەن شاھانە زىياپەتكە قەدەم تەشرىپ
قىلدى. بۇ — شىڭ دۇبەن ئالىيلىرىنىڭ ئالاھىدە دىققەت-
ئېتىبارىغا ۋە ئىلتىپاتىغا نائىل بولغان مانا شۇ سەئىد-
زادىنى ئۇلۇغلىغان ئۇرۇمچىگە ئۆزىنىش زىياپىتى ئىدى. قەشقەرنىڭ
يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ۋە

① بۇ ئەسلىدە مامۇتخان بايۋەچچىنىڭ بېغى بولۇپ، كېيىن تۆمۈر
سىجاڭ سېتىۋالغان. تۆمۈر سىجاڭ سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن
كېيىن، مەزكۇر ساھىبخان ئورۇنلاشقان. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى
مەزگىلىدە مىللىي ئارمىيە 13 - شى دوختۇرخانىسى قىلىنغان
بۇ جاي ھازىر شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى
3 - شىسىنىڭ ئىلكىدە.

مۆتىۋەر بايلىرى پۈتكۈل زىياپەت جەريانىدا بۇ كىشىنى بېشىدا كۆتۈرگەندەك ئەتىۋارلىدى. ئۇنىڭ شەرىئەت ۋە تەرىقەت ھەققىدىكى مۇھاكىمە ـ بايانلىرىنى چەكسىز ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەر كەلىمە سۆزنى خۇش قەلەم نەچچە كاتىپ ئەيىنەن خاتىرىلىدى. كۆڭۈللۈك زىياپەت ئاخىرلىشىش مەزگىلىگە يېقىنلاشقانىدى، بۇ زىياپەتنىڭ ساھىبخانى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن مۇراجىئەت قىلدى:

— جانابلىرى خوجا ئەۋلادى، شەرىئەت مەھكىمىمىزنىڭ قازىسى...

— خۇش؟ — سوئال نەزەرىدە تىكىلدى سەئىدزادە.

ساھىبخان ئۆز مۇراجىئىتىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھەزرەتلىرى خاسىيەتلىك سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرۇپتۇلا. مۆھتەرەم بوۋىلىرى ھىدايىتىللا ئىشان خوجامنىڭ روھ ـ ئەرۋاھىنىڭ يار ـ مەدەتكارلىقى نەتىجىسىدە شىڭ دۇبەن ئالىيلىرى ھۇزۇرىغا ئامان ـ ئېسەن يەتكەيلا.

— ئىنشائاللا، — دېدى سەئىدزادە.

— بىزنىڭ سالام ۋە ئېھتىراملىرىمىزنى، ئىخلاس ـ ئەقىدىمىزنى ئەيىنەن يەتكۈزگەيلا.

— ئەلۋەتتە.

— دۇبەن ئالىيلىرىنىڭ چەكسىز ھىممەت ۋە ئىلتىپاتىغا مۇشەررەپ بولۇپ، ئامەت ۋە پاراغەتنىڭ ئالتۇن سۇمۇرغىنى ئۇچ قوللىرىغا قوندۇرۇپ، زەپەر ۋە نۇسرەت بىلەن قايتىپ كەلگەيلا.

— ئىنشائاللا، — تەكرارلىدى سەئىدزادە. ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ ئېچىلماقتا، ئاۋازى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

— كەمىنە شاگىرتلىرىنىڭ دىن - شەرىئەت ئەھكاملىرى ھەققىدە بىلىدىغانلىرى تولىمۇ چەكلىكتۇر. بىرمۇنچە سۈرە - ھەدىس مەزمۇنلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى توغرىسىدا سۆز ئېچىشى بەسى مۈشكۈل. بۇلارنى ھەزرەتلىرىنىڭ شېرىن لەۋزى ئارقىلىق بىلىۋېلىش - ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تولىمۇ تەشنا ۋە تەقەززا ئىدى. بىراق، سۇبھى يورۇش بىلەن تەڭلا خاسىيەتلىك سەپەرگە ئاتلىنىپ كەتسىلىرى...

— سوراۋەرسىلە، تەقسىر، — تاقەتسىزلىك بىلەن گەپنى بۆلدى مۆھتەرەم زات، — غەنىيمەت ۋاقتىمنى، ھەتتا ئەزىز ئۆمرۈمنى دىن - شەرىئەت ئەھكاملىرىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش يولىغا بەخش ئەيلىگەن كىشىمەن. ئەقىل - ئىدراك خەزىنەمدىكى ئىلمىي جاۋاھىراتلارنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا تۆكۈشكە رازىمەن. سوراۋەرسىلە، تەقسىر.

شىنجاڭ پادىشاھىنىڭ مەخسۇس تەكلىپنامىسى تۈپەيلىدىن كۆرەڭلەپ كەتكەن كاتتا زات ئۆزىنى دانىشمەن ئۇستاز، باشقىلارنى مەدرىسكە يېڭى كەلگەن سەھرالىق تالىپلار تەرزىدە ھېسابلاشقا باشلىغانىدى. ئوتتۇرىغا چۈشكەن نى - نى مۇرەككەپ سوئاللارغا ھېچقانچە ئويلانماستىنلا جاۋاب بېرىۋېرەتتى. مېھمانلار ھەربىر جاۋاب - تەبىرلەرگە قايىل بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ، «خوش، ئۇستاز»،

«خۇش، قازىئاخۇنۇم» دەپ قويۇشاتتى، ئۇشبۇ ئىززەت-ئىكرام ۋە تەكەللۇپلارنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتىش قۇدرىتىدىن مەھرۇم بولغان كاتتا زات كىبرى-تەمەننانىڭ قاناتسىز دۇلدۇلى بىلەن ئەرش قەلئەسى تامان ئۆرلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، بۇ زىياپەت ئەھلى گويا بىر ئىلاھىي مۆجىزە تۈپەيلىدىن ئوت-ھارارەتلىك دەشت-باياۋان ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، ھاياتبەخش زەمزەم قۇدۇقى يېنىغا كېلىپ قالغان تەلەيلىك سەيياھتەك راھەتلەنمەكتە، تەشنالىقى قېنىپ، ھاردۇقى چىقىپ، جەننەت ھۇزۇرىنى سۈرمەكتە ئىدى. ساھىبخان يېڭى بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— جاناب روسۇلۇللانىڭ «ھۇببۇل ۋەتەن مىنەلئىمان» يەنى، «ۋەتەن سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېگەن سۆزىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك، تەقسىر؟

— ۋەتەن — يەر-زېمىن دېمەكتۇر، — شۇنچىلىك ئاددىي مەسىلىنىمۇ چۈشىنەلمىگەن ئەربابلارغا بىر قارىۋېتىپ ئىزاھلاشقا كىرىشتى كاتتا زات، — ئەنە شۇ يەر-زېمىنغا كېچە-كۈندۈز جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈش — ۋەتەن سۆيۈش دائىرىسىگە، مېھنەت مەھسۇلىنى دىن-شەرىئەت يولىغا بەخشەندە ئەيلەش — ئىمان دائىرىسىگە تەۋەدۇر. خۇشاللىق ۋە رازى-رىزالىق بىلەن غەللە-پاراق تاپشۇرۇش، باج-خىراج تۆلەش، ئۆشرە-زاكات بېرىش، مازار-ماشايىخلارغا سەدىقە قىلىشلارنىڭ ھەممىسى ئىمان جۈملىسىدىندۇر.

— ئاقىلانە تەبىر! — ماختاپ قويدى ساھىبخان.

— ئۇشبۇ دەقىقىدە ھەربىرلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ

قويۇش ھاجەتكى، — تەئەددى ۋە غەزەپ نەشتىرىنى سانجىشقا باشلىدى ئۇلۇغ زات، — ئەزىزانە شەھىرىمىزدە، دارىلمۇئەللىمىن، دەپ نام بېرىلگەن ئەجنەبىيچە مەكتەپنىڭ قۇرۇلغىنىغا ئۈچ يىلدىن ئاشتى. «خەستىخانە» دەپ ئاتالغان ئەجنەبىيچە شىپاخانىنىڭ قۇرۇلغىنىمۇ شۇنداق. بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەخپە زېمىن، دۇككان - سارايلارنىڭ كىرىمى بىلەن تەمىن ئېتىلىۋاتىدۇ. بۇ — دىن - شەرىئەت يولىغا بەخشەندە قىلىنغان بايلىقنى جەددىتلىك، بىدئەتچىلىك يولىغا تەسەررۇپ قىلغانلىق!

— ئۇنداق بولسا، جاناب رەسۇلۇللانىڭ «بىلىم — دۇنيادا ئىززەت - ھۆرمەت ۋە ئاخىرەتتە شەرەپتۇر» دېگەن تەلىمىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك، قازىئاخۇنۇم؟

— بىلىم — خۇدانىڭ كالامىنى يادا بىلىش دېمەكتۇر. ئۇنىڭدىن غەيرىي نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان، دائىرىسىدىن مۇستەسنادۇر. قەيت قىلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، بىلىم — ھەممىگە ئەمەس، پەقەت خۇدانىڭ ئەڭ ئەزىز ئاق ئۇستىخخان بەندىلىرىگە بەخش ئېتىلگەن بايلىقتۇر.

بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ ئاغزىدىن بۇنىڭدىن باشقىچىرەك جاۋابنىڭ چىقمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان ساھىبخان:

— مۇنداق دېسىلە، قازىئاخۇنۇم، — دەپ قويىدى ۋە يېڭى سوئالغا كۆچتى، — جاناب رەسۇلۇللانىڭ «ئەلجەننەتۇ تەھتى زىلالەسسىيۇف» يەنى، «جەننەت قىلىچنىڭ سايىسى ئاستىدا» دېگەن ھۆكۈمىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك، تەقسىر؟

— دۇرۇس، جەننەت قىلىچنىڭ سايىسى ئاستىدا،

ئاللا تەرىپىدىن سەلتەنەتلىك تاجۇتەختكە مۇناسىپ كۆرۈلگەن ئالەمپاناھ شاھ - سۇلتانلارنىڭ ئەدلى - ئادالەت قىلىچىنىڭ سايىسى ئاستىدا، — غۇلىچىنى يېيىپ، داستىخاندىكى مول مەئىشەتلەرنى كۆرسەتتى ئۇ، — شىلە دۇبەن ئالىلىرىنىڭ ئەدلى - ئادالەت قىلىچىنىڭ سايىسى ئاستىدا مانا بۇ جەننەت ھالاۋىتىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقىنىمىز بۇ تەبىرىمىزنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

— ھۇ، مۇناپىق! — بۇ، قەھىر - غەزىپى قايناپ - تاشقان ساھىبخانىنىڭ ئىچكى ئاۋازى ئىدى. ئۇ، ئىختىيارسىز ھالدا يانپېشىغا قول ئۇزارتتى، لېكىن قورالىنى چىقارمىدى. ئىشەنچلىك بىر مويسىپىت تارىخچىدىن يېقىندا ئاڭلىغان بۇ ۋەقە توساتتىنلا ئۇنىڭ يادىغا كەلگەنىدى.

قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ كۆكيار رايونىغا تەۋە بولغان تىبەت - لاداغ يولىدىكى خىلۋەت جىلغىدا مانتا قازانچىلىك بىر بۇلاق، بۇلاق ئەتراپىدا بۆك - باراقسان يەتتە تۈپ قارىياغاچ بار ئىكەن، مەككە مۇنەۋۋەرىمنى تاۋاپ قىلىش سەپىرىگە ئاتلانغان ئەھلى مۆمىنلەر بىلەن تىبەت - ھىندىستان تەرەپكە ماڭغان سودىگەرلەرنىڭ مۇشۇ بۇلاق شەربىتىدىن ھۇزۇرلانمىغىنى، قارىياغاچ سايىسىدە سەگىدەپ، راھەتلەنمىگىنى يوق ئىكەن. بىر يىلى ھاجى كارۋان ئىسىملىك كارۋان يىگىت ئۆز سەپەرداشلىرى بىلەن كەچرەك يېتىپ كەپتۇ - دە، قونۇپ قاپتۇ. تاڭ - سەھەردە قارىسا، خېلى يىللاردىن بۇيان ئەسقاتقان قارا قىچىرى ئۆلۈك ياتقۇدەك. ھاجى كارۋان قاتتىق ئېچىنىپتۇ. سۆرەپ، دومىلىتىپ يۈرۈپ، بۇلاق ئەتراپىدىن خېلى يىراققا

ئاپىرىپتۇ ۋە كۆمۈشكە باشلاپتۇ. سەپەرداشلىرى ئالدىراتقىلى تۇرۇپتۇ:

— ھاجى كارۋان، يولغا چىقايلى!

— مانا ھازىر، — دەپتۇ يىگىت توپا تاشلاشتىن توختىماي.

— يولدى قىلىڭ، قۇيرۇقلۇق مازارخوجامدىن بىرنى تىكلىمەڭ يەنە!

— ئىچىلىپ قالسا، ئەتراپنى بەتبۇيلاشتۇرىدۇ، پۇختىراق كۆمۈۋېتسەي، مېكىۋېرىشسىلە، بىردەمدىلا يېتىشىۋالىمەن.

سەپەرداشلىرى نائىلاج يولۇپ كېتىپتۇ. يىگىت ئىشلەۋېرىپتۇ. تۆككەن تەر، سىڭدۈرگەن ئەجرىدىن قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، يۈز - كۆزىنى يۇيۇپتۇ. ئۈزەڭگىگە پۇتىنى ئالاي دەپ تۇرغاندا، يەنە بىر كارۋان توپى كېلىپ قاپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— يىگىت، ئاۋۇ كىمنىڭ قەبرىسى؟

ھاجى كارۋان تولىمۇ خۇش چاقچاق، قىزىقچى يىگىت ئىكەن. ئۇ، سەپەرداشلىرىنىڭ باپىقى مەسخىرىسىنى ئۇلارغا تەقدىم قىپتۇ - دە، ئېتىغا قامچا سالپتۇ:

— قۇيرۇقلۇق مازارخوجامنىڭ!

ھاجى كارۋان ئازغىنا كەم 50 يىلنى تۈرك ۋە ئەرەب يۇرتلىرىدا تىجارەت ۋە زىيارەت بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. بەيتۇلمۇقەددەسنى تېۋۋۇز قېتىم تاۋاپ قىلىش شەرپىگە مۇيەسسەر بوپتۇ. يىل ئۆتكەن، ياش كونىرىغانسىرى ئانا يۇرت پىراقىدا ئۆرتىنىدىغان بوپتۇ - دە، بىر توپ

هاجى ۋە هاجى هەرەمەيىن①لە رىبلەن بىللە ئانا يۇرتىغا راۋان بوپـتۇ. ھىبلىقى جايغا كىلىپ قـارىغۇدەك بولسا، كـاكىل لاي بىلەن سۇۋالغـان ھەشىمەتلىك گۈمـبـەز تـۇرغـۇدەك. گۈمبەز ئەتراپىغا قاتار ـ قاتار تىكلىنىپ كەتكەن رەڭگـا ـ رەڭ تۇغ ـ ئەلەملەر ئۇستىدە ئات ـ كالا، قوتاز قۇيرۇقلىرى، يەتتە تۇپ قارىياغاچ غوللىرىدىمۇ پەۋەس تۇغ ـ ئەلەم بىلەن قۇيرۇقلار. بىر ـ بىرىگـە يانـداش سىلىنغان ئالـتـە ئىغىز ھۇجرا ئالدىدىكى ئوچاقتا ئىسلىغان داشقازانـدا داشقايناق قايناۋىتىپتۇ. يىگىرمە ـ ئوتتۇزدەك قىرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال دەردمەن گۈمبەزنى قـۇچاقلاپ، نالە قىلىپ يىغلاۋىتىپتۇ.

ــ ئەرز ـ ھالىمىزنى ئول خۇداۋەندە كەرىمگە يەتكۈـ زۈپ قويسىلا، خوجام.

ــ دەردىـمىـزگـە داۋا، رەنجىمىزگـە شىپـا تىلـەپ بەرسىلە، خوجام.

ــ قانىتى سۇنغانغا قانـات، بىشىغـا كۈن چۈشكـەنـ لەرگە سايىۋەن بولسىلا، خوجام...

ھاجى كارۋان ھاڭ ـ تاڭ قاپتۇ. زەئىپلىشىپ كەتكەن بىر بوۋايدىن سوراپتۇ:

ــ قىرىندىشىم، بـۇ كىمنىڭ مازىرى؟

ــ قۇيرۇقـلۇق مـازارخـوجـامنىڭ، ــ دەپ جاۋاب بىرىپتۇ ئالاھىدە ئىتىقاد بىلەن، ــ بۇ ئۇلۇغ زات ئەسھابۇلـ كەھەب غارىدىن ئۇچۇپ كەلگەن. ئەنـە، ئاۋۇ يەتتـە تۇپ قارىـياغاچنـىڭ ئۇرۇقىنىمۇ ئەسھابۇلكەھەبتىن ئەكـىلـىپ،

① هاجى هەرەمەيىن ــ بەيتۇلمۇقەددەس بىلەن مەدىنە مۇنەۋۋەرىمنى تاۋاپ قىلغانلار.

ئۆز قولی بىلەن تىككەن. خىسلەتلىك ھاسىسىنى بىر سانجىپلا ماۋۇ شىپالىق بۇلاقنى بىنا قىلغان...

چاڭگا ساقاللىرى كىندىكىنى، پاخپايغان چاچلىرى يەلكىسىنى ياپقان بەتبەشىرە ئىككى مەخلۇق مەزكۇر «ئۇلۇغ زات» نىڭ ئاجايىپ - غارايىپ «مۆجىزە» لىرى ھەققىدە توقۇپ چىققان چۆچەك - رىۋايەتلىرىنى تەكرارلاشقا باشلاپتۇ. ئىككى - ئۈچتىن كېلىپ توپلاشقان بىچارە دەردمەنلەر بۇ ئەپسانىلەرگە ئىشىنىپ، يېڭىباشتىن تۆۋە - ئىستىغپار ئېيتقىلى تۇرۇپتۇ. ھاجى كارۋان ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە ئويلاپتۇ: «بىر ئېغىز بىھۇدە چاقچاقنىڭ مۇنچە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى تەۋەللۇت قىلىشىنى ئەسلا ئويلىمىغانىكەنمەن. ھەقىقەتنى ئاشكارىلىماي ئۆلۈپ كەتسەم، ئاخىرەتتە قانداق جاۋاب بېرىمەن؟» ئاخىر بىر قارارغا كەپتۇ، خالايىققا خىتاب قىپتۇ:

— ئەي ئالدانغان، غەپلەت پاتقىقىغا پېتىپ قالغان دىنداشلىرىم، قان - قېرىنداشلىرىم، بۇ يەرگە كۆمۈلگىنى قانداقتۇر بىر «ئۇلۇغ زات» نىڭ جەسىتى ئەمەس، ھالال بىلەن ھارام ئوتتۇرىسىدىن ئاپىرىدە بولغان بىر مەخلۇقنىڭ تاپى!

— نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن، ئەي سۈرىتى مۇبەددەل مەلئۇن! — دەپ ۋارقىرىغانچە كانىيىدىن ئاپتۇ ساقاللىق مەخلۇقتىن بىرى.

— دىنىدىن چىقتىڭ، ئىمان ئېيت، مۇناپىق! تۆۋە - ئىستىغپار ئېيت! قول - ئىلكىڭدە بارنىڭ ھەممىسىنى سەدىقە قىلىپ، گۇناھىڭنى تىلە! — دەپ دېۋەيلەپ كەپتۇ

ئىككىنچىسى. ئەتراپتىكىلەر تەڭ ئارقىراپتۇ:

— ئىمان ئېيت، قېرى جوھۇت، تۆۋە - ئىستىغپار ئېيت!

ساقاللىق مەخلۇقنىڭ چاڭگىلىدىن ئاران قۇتۇلغان ھاجى كارۋان ھەقىقەت مەيدانىدىن چېكىنمەپتۇ:

— ئۇلۇغ بەيتۇلمۇقەددەسنى توققۇز قېتىم تاۋاپ قىلغانلىقىمنىڭ ساۋابى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ يەرگە كۆمۈلگىنى ئادەم جەسىتى ئەمەس، قېچىڭلار! ئىشەنمىسەڭلار، دەرھال ئېچىپ...

— ئۇر كاززاپنى!

— ئۇر مۇناپىقنى!

— ئۆلتۈر قېرى جوھۇتنى!...

قەھر - غەزەپلىك چۇقان - سۈرەنلەر دەھشەتلىك گۈلدۈرىمىغا، ئەجەللىك مۇشت - پەشۋالار مۆلدۈرگە ئايلىنىپتۇ.

— ساراڭغا سوت يوق، ئەپۇ قىلىڭلار، بۇ ساراڭنى ئۆز ئەجىلىدە ئۆلگىلى قويۇڭلار! — دەپ يىلىنىپ - يالۋۇرۇپتۇ ئۇنىڭ سەپەرداشلىرى ۋە بىر سىقىم «تۆۋە - ئىستىغپار ئالتۇنى» تۆلىگەندىن كېيىن نىمجان ھالەتتە ياتقان ھەمراھىنى ئەكېتىپتۇ...

ساھىبخان يۇقىرىقى ۋەقە بىلەن كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ۋە ئوخشاشلىق ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەكتە ئىدى: ئۇ — «قۇيرۇقلۇق مازارخوجام»، بۇ — ساقاللىق مازارخوجام؛ ئۇ — ھارام بىلەن ھالال ئوتتۇرىسىدىن ئاپىرىدە بولغان مەخلۇق، بۇ بولسا، تېگى -

تەكتى نامەلۇم مەخلۇق؛ ئالدىنقىسى — ئۆلگەن هايۋان، كېيىنكىسى — تىنىمسىز قۇتراۋاتقان شەيتان. ئۇنىڭغا چو- قۇنىدىغان نادانلار نەچچە يۈز، بۇنىڭغا چوقۇنىدىغان غاپىللار نەچچە مىڭ. ئۇنىڭغا ئاشكارا چېقىلىشقا بولمىغا- نىدەك، بۇنىڭغىمۇ ئەلۋەتتە...

— مۇتالىئە قايىنىمىغا چۆكۈپ كېتىۋاتاملا، تەقسىر؟ تەبىرىمىزگە باشقىچە ئىنزاهات ئىزدەۋاتامىلا يە؟ — سەئىد- زادىنىڭ سوغۇق نەزەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان سوئالى ساهىبخانىمىزنىڭ قەھرلىك تەپەككۇر ئېقىمىغا سەۋر توغىنى سالغانىدى:

— شۇنداق، قازىئاخۇنۇم، — دەپ جاۋاب بەردى خۇش چىراي ئېچىپ، — يۈكسەك ئىلمىي ۋە قالتىس ئەمە- لىي تەبىرلىرىنىڭ ئارامبەخش قايىنىمىدا بەھۇزۇر راھەتلىنىۋاتىمەن.

چوڭ شىشىلىك پانار يورۇقىنى ئۆزىنىڭ قاسقان سەللىسى توسۇۋالمىغان بولسا ئىدى، بۇ سەئىدزادە كۈلۈپ تۇرغان ساهىبخانىنىڭ چىرايىدىكى كۆچلۈك مەسخىرە بىلەن سوغۇق نەپرەتنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتكەن، ئەس - ھوشىنى يوقىتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن بولاتتى. ھازىر ئۇ، تولىمۇ خاتىرجەم، خۇش، مەغرۇر ئىدى.

زىكىر - سۆھبەتاھر ۋايىسگە، ساھىبخان ۋە ئۇنىڭ مەسلەكداشلىرى كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئالدىدا تۇراتتى. ساھىبخان ئاخىرقى سوئالنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— ۋەتەن خەلقىمىزگە چىش - تىرنىقىغىچە دۈشمەن بولغان ھۆكۈمرانلارنىڭ قانلىق بوسۇغىسىنى

سەجدىگاھ قىلىۋالغان مۇناپىقلارنى قانداق قىلىش كېرەك، قازى ئاخۇنۇم؟

— پېيىنى قىرقىپ تاشلاش كېرەك!

— مەزكۇر مۇناپىق ئاشۇ ھۆكۈمرانلارنى جاناب روسۇلىللا بىلەن تەڭ - باراۋەر ئورۇنغا كۆتۈرۈپ ماختىغان بولسىچۇ؟

— تىلىنى كېسىپ تاشلاش كېرەك! — كەسكىن ھۆكۈم قىلدى، — بىتەخىر كېسىپ تاشلاش كېرەك!

— خوپ، ناھايىتى ياخشى! — ساھىبخانىنىڭ ئاۋازى تولىمۇ جاراڭلىق ئىدى، — خۇش قەلەم كاتىپلىرىمىز، تولۇق ۋە ئەينەن پۈتۈشكەنلا؟

— تولۇق ۋە ئەينەن پۈتتۇق، — تەڭ جاۋاب بەردى ئۈچ كاتىپ.

— ناھايىتى ياخشى! — دېدى ساھىبخان ۋە بىر نۇسخا زىكىر - سۆھبەت خاتىرىسىنى ئېلىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۇزارتتى، — ھۆرمەتلىك قازىئاخۇنۇم، جانابلىرى خاسىيەتلىك سەپەرگە ئاتلانغان غەنىيمەت دەمدىن تارتىپ، مۇبارەك قەدەملىرى ئەزىزانە يۇرتىمىز بوسۇغىسىغا يەتكەن خۇش ۋىسال ئەييامىغىچە بىز ئۇشبۇ تەلىملىرى بويىچە يېڭىۋاشقۇرۇپ تۇرغايمىز ۋە بۇنى زامان - زامانلارغىچە دەستۇر قىلغايمىز. بۇ بىباھا ھۆججەت جانابلىرىنىڭ ئىناۋەتلىك مۆھۈرلىرىنىڭ خاسىيىتى ئارقىلىقلا ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلغۇسىدۇر.

— ئەلۋەتتە، — پىيالە چەپچىكى ھەجىمدىكى كۈمۈش مۆھۈرىنى «پوككىدە» باستى قازىئاخۇنۇم مەغرۇر

ھالدا. گۈۋاھ بولغۇچى نەچچە كىشى بىلەن كاتىپلارمۇ دەرىجە ـ مەرتىۋىسىگە قاراپ، نۆۋەت بىلەن تامغا باستى، ئىمزا قويدى ياكى قولىنى باستى. شاھانە زىياپەت ئۇچۇق چىراي ساھىبخانىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىدىن كېيىن ئاخىرلاشتى:

— جانابلىرىغا تۇتىدىغان يوللۇق، دۇبەن ئالىلىرىغا يوللايدىغان سوۋغا ـ سالاملىرىمىز ئەتىگە ئامانەت. ناماز بامداتتىن كېيىن پۈتۈن ئەل ـ جامائەت ئالدىدا تەنتەنىلىك ئۇزىتىپ قويارمىز، ئىنشائاللا.

ئالتە بۇرجەكلىك قىزىل پانۇس شولىسى ئاستىدا قۇمدەرۋازا تەرەپكە كېتىۋاتقان بۇ ئەرباب ئەنە شۇ زىياپەت جەريانىدىكى ھۆرمەت ـ تەكەللۇپلار، ئەتىكى داغدۇغىلىق ئۇزىتىشلار ۋە يېقىن كەلگۈسىدە قولغا كېلىشى مۇقەررەر بولغان دۆلەت ـ پاراغەتلەر ھەققىدە شېرىن خىيال سۈرمەكتە ئىدى. ئېگىلىدۇ، — دەپ جەزمەنلەش تۈرەتتى ئۇ، — دۇبەن ئالىلىرىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئىلتىپاتىغا نائىل بولۇپ قايتىپ كېلىدىغانلا بولسام، ھەممىسى ئېگىلىدۇ، تىزلىنىدۇ، ئايىغىمغا باش قويىدۇ...

ئۇ، بىر يېرىم يىل ئالدىدا دۇبەن ئالىلىرى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم چاقىرتىلغان ۋە مەخسۇس كۈتۈۋېلىنغانىدى:

— چەكسىز ساداقىتىڭىز ۋە ئۆچمەس تۆھپىڭىز ئۈچۈن ئىچەيلى، — دەپ ئۆز قولى بىلەن شاراب تۇتقا- نىدى شىڭ شىسەي، — مۇنچە ئىككىلەنمەڭ، دىلىغۇلدا بولماڭ. تۆھپىكار بوۋىڭىز ھىدايىتىللا ئىشان خوجامۇ

1677 - يىلى 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دالاي لاما V نىڭ لامالىقتا ئولتۇرغان بىرىنچى كۈننى ئەسلەش ئىبادىتىگە ئىشتىراك قىلىپ، مەخسۇس لاما ھارىقى ئىچكەن. 1678 - يىلىنىڭ باش ئەتىياز پەسلىدە غالدان قۇنتەيجى ھوزۇرىدىمۇ شاراب ئىچكەن. مۆھتەرەم بوۋىڭىز بىزنىڭ نەزەرىمىزدىكى ئۇلۇغ زات ئىدى. ئۇنىڭ روھ - ئەرۋاھى خۇش بولۇپ قالسۇن، ئىچىڭ!

ئالدىدىكى ۋىنو شىشىسىدەك كۆك كۆزلۈك بۇ پادىشاھنىڭ تارىختىي بىلىم - سەۋىيىسىگە چىن دىلىدىن قايىل بولغان سەئىدزادە «مۆھتەرەم بوۋامنىڭ ئەرزىمەس تۆھپىسىگە يۈكسەك باھا بەرگەن ئالىيجانابلىقلىرى ئۈچۈن ئىچەي» دەپ بىراقلا ئىچىۋەتكەن، دورا - دەرمەكلەر بىلەن پىشۇرۇلغان شالغۇت خورازنىڭ سالپاڭ تاجىسىنى ئىشتىھا بىلەن شىمىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھازىر ھاشۇ ئۇنتۇلماس مىنۇتلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئىچ - ئىچىدىن روھلانماقتا، غۇرۇرلانماقتا ئىدى: يەنە شاراب تۇتسا، رەھمەت - ھەشقاللا دەپ ئىچىۋېرىمەن. ئالدىمغا قويۇلغان نازۇ نېمەتلەرنىڭ ھەرقانداقىنى كۆمۈش چوكىدا قىسىپ يەۋېرىمەن. كۆڭلۈمگە يۈكسەكلىرىمنىڭ ھەممىنى دەۋېرىمەن. تۇتۇرگە داۋىنىغا سىپىل سوقمىغۇچە، ئالتۇپىلاڭ، پاراكەندىچىلىك قۇرۇمايدۇ دەيمەن. ئۆتكەن قېتىم شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ قازىلىق مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلىۋەتكەن. بۇ نۆۋەت ۋالىيلىق مەرتىۋىسىنى ئىلتىپات قىلىۋەتسە...

بۇددىستلار ئۆزى ياسىۋالغان بۇتقا سەجدە قىلغاندەك، بۇ كىشىمۇ ئۆز خىيالىغا چوقۇنماقتا، ئۆزىنى ۋالىي-

لىق ئورۇندۇقىدا، بىنەلكى شاھلىق تەختىدە كۆرمەكتە ئىدى: ۋالىيلىق تامغىسى ئىلكىمگە ئۆتكەن مىنۇتتىن ئېتىبارەن...

بۇ كىشى ئالتە بۇرجەكلىك قىزىل پانۇس شولىسى ئاستىدا ئۆز چۈشىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋەرسۇن. بىز ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلگەچ تۇرايلى.

## شامگۆردىن سادا

قەشقەردە ھەر يىلى ئۈچمە پىششىقىدىن ئورۇم پەسلىگىچە ئەنئەنىۋى «تاۋاپ سەيلىسى» بولاتتى. ھەر خىل تۇغ - ئەلەملەرنى كۆتۈرگەن مىڭلىغان تاۋاپچىلار ئۆزلىرىنىڭ تۇنجى مۇسۇلمان پادىشاھى سۇتۇق بۇغراخان، ئالىپ ئارسلانخانلار مازىرىنى، سۆيۈملۈك ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرى قەبرىگاھىنى چەكسىز ئىخلاس - ئەقىدە بىلەن تاۋاپ قىلاتتى. دۇئا - تىلاۋەت، سودا - تىجارەت، بەزمە - باراۋەتلەر تەڭ قىزىيتتى. يۇرت - يۇرتتىن كەلگەن ئاشپەزلەرنىڭ قازانلىرىدا شورپىلار قاينىپ، لەگمەنلەر ئويناپ تۇراتتى. گەزمال، مىلىچ مال، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ھەرقاندىقىنى تاپقىلى بولاتتى. مەدداھلار، ئەلنەغمىچىلەر، سېھىرگىچىلەر، چېلىشچى - چامباشچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتەتتى. قەبرىگاھلار ئەتراپىغا ئونلىغان داشقازانلار ئېسىلاتتى. تاۋاپچىلار ئۆزلىرى ئەكەلگەن يېمەك - ئىچمەككە ئائىت نەرسە-

ئەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك بۇ داشقازانلارغا تۆكەتتى، تۆگە، قوتاز گۆشلىرىدىن تارتىپ توخۇ - ئۆردەكىچە، بۇغداي - گۈرۈچتىن نوقۇت - پۇرچاقىچە، سەۋزە - چامغۇردىن تارتىپ گۈلە - قاق، كىشمىش ئۈزۈمگىچە بولغان يېمەكلىكلەرنىڭ بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپقان قۇۋۋەتلىك ئەنئەنىۋى غىزا «داشقايناق» دېيىلەتتى. كىشلەر كېچە - كۈندۈز قايناپ تۇرغان داشقايناقتىن خالىغان چاغدا خالىغانچە ئىچەلەيتتى. يېمەك - ئىچمەكتىن، قونالغۇدىن غەم قىلماي، كۆڭلەرنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈپ، ئۆز يۇرتلىرىغا ئامان - ئېسەن قايتىپ كېتەتتى ۋە يازلىق ئورۇم - يىغىم ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتەتتى.

سان - ساناقسىز كىشىلەرنى ماددىي ۋە مەنىۋى زەھەر بىلەن نابۇت قىلغان ھىدايىتۇللا ئىشان خوجا ئۆزى زەھەر يەپ ئۆلۈشتىن بىر يىل بۇرۇن (1693 - يىل) قەشقەرنىڭ ھەزرەت تەۋەسىگە ئۆز مازىرىنى تىكلەتكۈزۈپ قويغانىدى. بۇ مازار بەدۆلەت ھاكىمىيىتى دەۋرىدە (1863 — 1877) يېڭىباشتىن قالتىس ھەشەمەتلىك قىلىپ ياسالدى. مازار يېنىغا كاتتا جامە بىنا قىلىندى، چوڭ كۆل چېپىلدى. دالاي لاما V تەرىپىدىن «ئاباخ خوجا» (ئوتتۇرا دەرىجىلىك لاما) ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بۇ ئىسلامىيەت ئاسىيىسىنىڭ روھ - ئەرۋاھى قايتىدىن باش كۆتۈردى. ئاللىقاچان قۇيرۇقىنى قۇم بېسىپ كەتكەن مۇرت - مۇخلىسلىرى ئەسكى كۆلا، يىرتىق جەندىلىرىنى تىكىپ - ياماپ، دات بېسىپ كەتكەن ساپايىلىرىنى سۈرتۈپ - تازىلاپ مەيدانغا چىقىشتى. «ئاباخ خوجا

جاناب روسۇلللانىڭ 27 - نەۋرىسى، ئۇنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلغۇچىلار يىرىم ھەج قىلغانلىقنىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ئەپسانىلەر ھەممىلا يەرنى قاپلىدى. «تاۋاپ سەيلىسى» دىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى پائالىيەت ئاخىر ھەزرەت تەرەپكە يۆتكىلىنىشكە، «ھەزرەت سەيلىسى» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى.

«ھەزرەت سەيلىسى داۋاملىشىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرى، سودا - تىجارەت، دۇئا - تىلاۋەتلەر بېسىققان كېچە. ئەڭ چەتتىكى پۇچۇق شامگۇر ئىچىدە بىر ئوغۇل بوۋاق تېپىپ چەكلەپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى خوتۇن كىشىنىڭ، خوتۇن كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى بېسىپ كەتتى:

— ھوي، يۈگلۈق ئېيىق، ئەمرىمگە ئالىمەن، بالىغا ئۆزۈم ئىگىدارچىلىق قىلىمەن دېگىنىڭ قېنى؟ بەرگەن ۋەدە، ئىچكەن قەسەملىرىڭ قېنى؟ توقىقۇز ئاي توقىقۇز كۈنئى قانداق ئەلەم - كۈلپەت ئىچىدە توشقۇزغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ تۇغۇپ، ئۈچ ئايلىق قىلدىم. بىرەر قېتىم يوقلاپ چىقتىڭمۇ؟ ئىگىدارچىلىق قىلدىڭمۇ؟

— بۇ — بالا ياقىدىغان يەر ئەمەس، دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغان يەر! قىلىۋاتقان ئىبادىتىمنى تاشلاپ، يېڭىشەھەرگە چىقسام بولامتى سېنى ئىزدەپ؟

— ئەي، سىڭا كۆز مايمۇن، نېمىشقا بۇرۇنراق دېمىگەن بۇ گەپنى؟ ئال بالاڭنى!

— ئەي، كونا بۇزۇق، مەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن

بۇرۇنلا قورسىقىڭغا ئۈنۈپ بولغان نېمىنى ماڭا تاڭماقچىمۇ-سەن؟ كۆتۈر قاسىقىڭنى!

— بالا مېنىڭ ئەمەس دەپ قەسەم قىلالامسەن؟ ھە، زۇۋان سۈرەلمەي قالدىڭمۇ؟ قەسەم قىلىپ باققىنا قېنى!

— قەسەم؟... قەسەم قىلساق قىلدۇق.

— ھۇ، تەخىيىنى تونۇمايدىغان ئېشەك!

— نېمە دېدىڭ؟ يەنە بىر دەپ باققىنا!

— بىر ئەمەس، مىڭ قېتىم دەيمەن: ئېشەك، ئېشەك، ئېشەك!...

— راست، مەن ئېشەك، مانا شۇنداق تېپىدىغان ئېشەك!

— ئۇرە، قارا زەڭگى، ئۇر، ئۆلتۈرۈۋەت!

— ئۆلگۈڭ كەلگەن بولسا، مانا!...

— ۋايجان!... ئادەم بارمۇ؟!...

— ئۈنۈڭنى ئۆچۈرمەيدىغان بولساڭ!...

— ئۆچۈرەي، خوجام، ۋايجان...

— مەن — قارا زەڭگى، شۇنداقمۇ؟

— ياق، ئوينىشىپ دەپ قويدۇم، خوجام.

— مەن «يۇڭلۇق ئېيىق»، «سىڭا كۆز مايمۇن» مۇ تېخى؟

— چىرايلىق خوجام، مەيدەم بېسىلىپ كەتتى، تىنالمايۋاتىمەن. مۇنچە تىزلاۋەرمىسلە ئەمدى.

— سايىدەك ئەگىشىۋالامسەن؟ رودۇپايدەك چاپلىشىۋالامسەن؟

— ياق، خوجام.

— بالا توغرۇلۇق يەنە ئېغىز ئاچامسەن؟

— ياق، مېنى قويۇۋەتسىلە، ئوبدان خوجام.

— كۆزۈمگە كۆرۈنىدىغان بولساڭ ياكى بۇ نېمەڭنىڭ تەلەتىنى كۆرسىتىدىغان بولساڭ - ھە!.. ئال بۇنى، يوقال كۆزۈمدىن!

ئەزرائىل چاڭگىلىدىن قۇتۇلغان خوتۇن ئىڭراۋاتقان بالىنى قۇچاقلىغىنىچە شامگۈردىن چىقتى، بالىنى قويۇپ، بىر پارچە كېسەكنى قولىغا ئالدى:

— ھۇ، قارا ئېشەك، بېشىڭنى چىقىرىپ باقمىنا قېنى! — دەپ ۋارقىرىدى، — ئەي سېڭا كۆز مايىمۇن، زۇۋانىڭنى چىقارمايسەنغۇ، ئۆلدۇڭمۇ؟! نەچچى بولساڭ، قولۇمدىكى تاشنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىنا! — ئايال بىردەم ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىن ئەرۋاھتەكلا غايىب بولدى.

بوۋاق توختاۋسىز قىرقىراۋاتاتتى. ئەر كىشى خېلىدىن كېيىن ئېھتىيات بىلەن بېشىنى چىقاردى. تاشلاپ قېچىپسەن - دە، ئالۋاستى! بىر يەردە ماراپ تۇرۇۋاتقانسەن تايىنلىق. پەرۋا قىلماي كېتىۋەرسەمغۇ، قولۇڭغا ئالارسەن. ئۇ، يېرىم چاڭگال ناسنى چىشى بىلەن كالپۇكى ئارىلىقىغا ئاتتى - دە، ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

«ئىڭە - ئىڭە - ئىڭە...» — بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

بوۋاق گويا ئۆمىلەپ كەلمەكتە، قىغلاپ كەلمەكتە ئىدى. خۇدادىن پەرزەنت تىلەپ، گۇمبەز - مازارلارنى قۇچاقلاپ نالە قىلىۋاتقان كىشىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. «شۇلارنىڭ بىرسىگە بېرىۋېتىپلا قۇتۇلسام بولمىدىمۇ؟» ئۇ،

ئارقىغا يانىدى، بوۋاقنى قولىغا ئالدى. «ۋاھ، خىيالى ئېغىر تۇرىدۇغۇ بۇ، ئاۋازىنىڭ يامانلىقىنى تېخى! مۇنداق بالىنى بىكارغىلا بىر ئۇۋىتەمدىمەن؟»

پاخپايغان چاچ، چاڭگا ساقال ئىچىدە 50 ياش ئەتراپىدا كۆرۈنىدىغان يوق مەيدىلىك بۇ ئادەم ئەسلىدە 20 نەچچە ياشلىق يىگىت ئىدى. كىچىكىدىنلا چېكىملىك بىلەن قىمارغا بېرىلىپ، ئوغرىلىق يولىغا ماڭغانلىقى ئۈچۈن ئۆز يۇرتداشلىرى تەرىپىدىن قانچە قېتىملاپ تۇتۇۋېلىنغان، مۇشت ـ پەشۋا ئاستىدا چەيلەنگەن ۋە ئاخىر قوغلاندى قىلىنغانىدى. ئۇ، يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك ئۇچۇپ ـ لەيلەپ يۈرۈپ، بۇ ھەشەمەتلىك گۈمبەز ئەتراپىغا چۈشۈپ قالغانىدى. دەسلەپ داشقازانلارغا ئوت قالاپ، سۇ تۇشۇدى. تۆۋەن دەرىجىلىك سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلىرىنى بەجا كەلتۈردى. كېيىنچە بىر داشقازاننىڭ چۆمۈچچىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. داشقايناق ئىچكەن ـ ئىچمىگەن تاۋاپچىلارنىڭ بىرمۇنچىسى «تۇز پۇلى، ئوتۇن پۇلى» سەدىقە قىلىپ كېتەتتى. بەزىلىرى تېخى «مەن ئۈچۈن بىر چارەك گۈرۈچ سېلىپ قويساڭلا»، «بىر ئوغلاق سويۇپ سېلىۋەتسىلە» دېگەنگە ئوخشاش تەلەپلەر بىلەن بەش ـ ئالتە سەر كۈمۈش تاشلاپ كېتەتتى. ئۇ، چاڭگىلى تولغان، ھەمىيىنى ئېغىرلاشقان ھامىيان قىمارۋاز ئۆلپەتلىرى يېنىغا شاپاشلايتتى.

ئۆتكەن يىلى «ھەزرەت سەيلىسى» مەزگىلىدە ئۇنىڭ تاپاۋىتى ئوبدان بولدى. ھېلىقى ئايال بىلەن تاسادىپىي

تونۇشۇپ قالدى. ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن يېڭىشەھەرلىك بۇ ئايال كەسپىي ھۈنەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ، خوتۇنسىراپ كەتكەن بويتاقنى ئەسىر قىلىۋالدى. 15 - 20 كېچىنى تاشلاندۇق گۇمبەز — شامگۇرلەر ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، بۇنىڭ تاپقان - تەرگەنلىرىنىڭ ھەممىنى سىيرىپ - سۈپۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، تۇشتۇمتۇتلا غايىب بولدى. قۇرسىقى ئېغىرلاشقاندىن كېيىن بازىرى كاساتلاشتى، ھال - كۈنى قىيىنلاشتى. ئاخىر بالىنىڭ دادىسىنى تاپتى ۋە يېپىشتى.

ئىگراۋاتقان بوۋاقنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان يۈكلۈق مەخلۇق ئۆز ئىچىدە چوت سوقۇشقا باشلىدى: قوچقاردەك بىر بالىنى بىكارغىلا بېرىۋېتەمدىمەن؟ پەرزەنت تەلەپ قىلىپ، مازار - گۈمبەزلەرنى قوچاقلاپ يىغلاۋاتقانلار شۇنچە كۆپ تۇرسا؟...

راست دېگەندەك، ناماز بامداتتىن كېيىنلا خېرىدار چىقتى:

— ئەسلىدە بىر سەئىدەزادە ئىدىم، ئاپئاق خوجامنىڭ 4 - نەۋرىسى ئىدىم، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى بۇ دەرۋىش، — بەدۆلەت زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى قەتلىئام، بۇلاڭ - تالاڭلار نەتىجىسىدە ھار ۋەسلىمىزدىن ئايرىلىپ قالغان.

— بالىنىڭ ئانىسىچۇ؟

— خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتكەنىدى رەھمەتلىك.

— بالىنىڭ ئېتى؟

— بالىنىڭ ئېتى، — بالىغا ئات قويۇلغان - قويۇلمىغانلىقىدىن بىخەۋەر دەرۋىش كېكەچلەپ قالدى، — ھە، بالىنىڭ ئېتى — خوجىزادە، ياق - ياق، خوجىبەگ.

يىراق سەھرادىن كەلگەن ئوتتۇرا ياشلىق مەخدۇمزادە 45 سەر كۈمۈش سانىدى - دە، بوۋاقنى ئەكەتتى. ھازىر ئاق ئايغىر ئۈستىدە بەھۇزۇر خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتقان ھۆرمەتلىك خوجا ئىشان ئەنە شۇ تاشلاندۇق بوۋاقنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

## ئارزۇلۇق ئاسراندى

خوجىبەگ — سەئىدزادىلەرگە ئىخلاس قىلىدىغان دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ بىردىنبىر ئارزۇلۇق ئوغلى بولۇپ قالدى. توققۇز ئايدا ئايىغى، ئون ئايدا راۋۇرۇس تىلى چىققان بۇ ئوغۇل، مەخدۇمزادىنىڭ نەزەرىدە، بوۋاقلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بىر كارامەت ئىگىسى ئىدى. بوۋاقنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراش، پەرۋىش قىلىش — پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسى دەپ بېكىتىلدى. ئۇنىڭ ھەرقانداق يولسىزلىق، بىشەمىلىكلىرىگە شەرتسىز يول قويۇش شەرت ئىدى. مەخدۇمزادە بۇنىڭ سۈننەت تويىنى قالتىس ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزدى. مۇشۇ يېزىدىكى دىنىي مەكتەپكە ئۆز قولى بىلەن يېتىلەپ ئاپىرىپ، خەلپىتىم ئالدىغا زەر ياقىلىق تون، زەر يوللۇق سەللە قويدى. ساۋاقداشلىرىغا بىر ئاغار ياڭاق

ئىنئام قىلدى. خوجىبەگ ئەڭ ئەتىۋار شاگىرت سۈپىتىدە مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى. دۆلەتمەن ئائىلىدە، راھەت - پاراغەت ئىچىدە ئۆسكەن ئۆز سۆزلۈك، تەرسا، جېدەلخور بالا ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنىڭ پەۋقۇلئاددە ياخشىلىقى بىلەن ھەممىگە تونۇلدى، ساۋاقداشلىرى ئىچىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. 15 ياشقا يەتكەندە ئەرەب، پارس تىللىرىنى بىرمۇنچە سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەلەيدىغان، قىسياسەن تەبىر بېرەلەيدىغان ھالغا يەتتى. سوپىزىمىنىڭ ھىدايىتۇللا ئىشان خوجا ۋەكىللىكىدىكى «ئىشقىيە» مەزھىپىگە ئىخلاس قىلىدىغان خەلپىتىم بۇ بالىنى راستىنلا خوجا ئەۋلادى دەپ بىلەتتى ۋە بۇ بالىدا «بىر خىسلەت بار» دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرىنى شەرتسىز ئورۇندايتتى. ئۆزى نەزىر - چىراغ، توي - تۆكۈنلەرگە كەتكەن كۈنلەردە خەلپە تىلىكىنى بۇنىڭغا تاپشۇراتتى. تەكەببۇر خوجىبەگ، خەلپىتىمنىڭ ئورنىغا چىققان ھامان ئىككى يېرىم غۇلاچ كەلگۈدەك ئەۋرىشىم سېرىق سۆگەت چىۋىقىنى قولغا ئالاتتى - دە، ساۋاقداشلىرىنىڭ باش - كۆزىگە ئايىماي سالاتتى. بۇ ئىشتىن تولىمۇ ھوزۇرلىناتتى. خەلپىتىم شاگىرتلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەرز - شىكايەتلىرىگە قۇلاق سالمايتتى، بەلكى ياۋاشلىق بىلەن ئىتائەت قىلىش توغرىسىدا تەنبىھ بېرەتتى. خوجىبەگ تېخىمۇ كۆرەڭلەيتتى، ھەددىدىن ئاشاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ تاياق ئۆزىدىن ئىككى - ئۈچ ياش چوڭ بولغان قاۋۇل، ئۇستىخانلىق بىر ساۋاقدىشىنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتكىلى تاس - تاماس قالدى. يۈزىدە

كۆپكۆك ئىز پەيدا قىلدى. بۇمۇ خېلى ھالىلىق ئائىلىنىڭ ئارزۇلۇق پەرزەنتى ئىدى. ئۇ، زالىم «كىچىك خەلپەت» كە قاراپ ئوقىتەك ئېتىلىدى ـ دە، بىر مۇشت بىلەن ئاغزى ـ بۇرنىنى قان قىلدى. ئاستىغا بېسىپ، ھەلقۇمىنى ئامبۇرـ دەك قىستى:

— يەنە يوغانچىلىق قىلامسەن؟ ھەددىڭدىن ئاشامسەن؟

— قويۇۋەت، گېلىمنى قويۇۋەت!

— ئاۋۋال ـ جاۋاب بەر: يەنە يوغانچىلىق قىلامـ سەن — يوق؟!

— قويۇەت دەيمەن، ھېلى پىكار...!

— مانا قويۇۋەت دېگەن! — دۇمبىسىگە مىنىۋېلىپ، مۇشتىلايتتى، نىقتايتتى، يەرگە ئۇستۇرەتتى. خوجىبەگ يىغلايتتى، زارلايتتى، بالىلار كۈلەتتى، — يەنە يوغانچىـ لىق قىلامسەن — يوق؟

— ياق، — دېيىشكە مەجبۇر بولدى خوجىبەگ.

— ئاكا دە! دەمسەن ـ دېمەمسەن؟! — بېشىنى تېخىمۇ قاتتىق نىقتىدى ئۇ.

— ئاكا، — دېدى خوجىبەگ يىغا ئارىلاش.

— ئوبدان ئاكا دە!

— ئوبدان ئاكا.

— جېنىم ئاكا دە!

— جېنىم ئاكا.

— ھەممىمىزنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەيسەن!

— ئۆمىلەي، ئوبدان ئاكا، ئۆمىلەي.

— ئاغىنىلەر ، ھەممىڭلار قاتار تۇرۇۋېلىڭلار. ھە، ئەمدى ئۆمىلە!

خوجىبەگ ئۆمىلىگەنچە ئىشىكتىن چىقىۋالدى. «خەپ، قەلەندەرلا» دەپلا ئۆزىنى تاشقىرىغا ئالدى. غەلىبە قىلغان بالا ئۆز ساۋاقداشلىرىغا مۇنداق دېدى:

— ئەسلىدە ئۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ، يۇرت - ماكانىنىڭ تايىنى يوق بىر ئاسراندى، بىر يېتىم-ئوغلاق كەلگۈدەك تەڭگىگە سېتىۋېلىنغان يېتىم-ئوغلاق! بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ئېتى يېتىم-ئوغلاق؛ كىم شۇنداق دەپ چاقىرمايدىكەن، جاجىسى مۇشت!

— يېتىم-ئوغلاق! — تەڭ ۋارقىراشتى جىمى ساۋاقداش.

خوجىبەگ ئاغزى - بۇرنىدىكى قان داغلىرىنى سۈرتمەي، كىيىم - كېچەكلىرىدىكى توپا - توزانلارنى قاقمايلا ئۆيىگە كەلدى، ئاتىسىغا ئۆزىنى ئاتتى:

— مەن زادى كىمنىڭ بالىسى، دادا؟!

— سەن مېنىڭ بالام، مېنىڭ ئۆز بالام!

مەخدۇمزادە بۇ بالىنى سېتىۋېلىپ كەلگەندىن كېيىنلا، پۈتۈن يۇرتتىكى ئەھلى جامائەتكە ئالاھىدە چاي بېرىپ، بۇ بالىنى ئۆز پەرزەنتى دەپ ئېتىراپ قىلغۇزغانىدى. ئەمدى يەنە چاي بەردى. زىياپەت جەريانىدا دەرسخانىدا تاسادىپىي ئوتتۇرىغا چىققان گەپنى يالغانغا چىقىرىۋېتىش، مۇنداق سۆزنى قايتا ئېغىزغا ئالماسلىق ھەققىدە ئۆز پەرزەنتلىرىگە پەند - نەسىھەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. زىياپەت ئەھلى ۋەدە بەردى. خەلپىتىممۇ بۇ مەسىلىنى

ساۋاقداشلارغا قايتا - قايتا چۈشەندۈرىدىغان، ۋەدە ئالدىغان بولدى.

قارغا كۆمۈلگەن جەسەت ئاللىقاچان ئىچىلىپ قالغانىدى. نەچچە يىلدىن بۇيان بوزەك قىلىنغان، ئەمدىلىكتە ئىشنىڭ ھەقىقەتىنى بىلىپ قالغان باللارنىڭ ئاغزىنى پېچەتلەش مۇمكىن بولمىدى. «يېتىم-ئوغلاق» دېگەن لەقەم ئۈستىگە «ئانىسى تاشلىۋەتكەن تەخەي»، «كوچىدا قالغان كۈچۈك»، «بالىسىنى يەيدىغان ئوغرى مۈشۈكنىڭ ئاسلىنى» قاتارلىق لەقەملەر قوشۇلۇشقا باشلىدى. ئۇششاق باللار مۇشۇ لەقەملەر بىلەن خوجىبەگنى تىرىكتۈرەتتى. خوجىبەگ ئۇلارنى چېكىندىغانلا بولسا، چوڭ باللار تەرەپ - تەرەپتىن كېلەتتى - دە، پۇخادىن چىققۇدەك سالاتتى. سۆز - چۆچەك، جېدەل - ماجىرالارنىڭ بۇ قەدەر ئۇلغىيىپ كېتىشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. مەخدۇمزادىنىڭ ئاللىقاچان تۇرمۇشلۇق بولۇپ كەتكەن بەش قىزى بىلەن كۈيئوغۇللىرىنىڭ قۇتراتقۇلۇق رولىنى سەل چاغلىغىلى بولمايتتى. چۈنكى بۇلار ياشىنىپ قالغان بۇ دۆلەتمەن زاتنىڭ يەر - زېمىن، مال - دۇنياسىغا قانداقتۇر بىر يېتىم-ئوغلاقنىڭ مىراسخور بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى، ئەلۋەتتە.

— دادام ئۆز بالام دەيدۇ، كىشىلەر بولسا... — خوجىبەگ ياش تامچىلىرى لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۆز ئۇستازىغا تىكتى، يىغلىدى، يالۋۇردى، — ئوبدان خەلپىتىم، ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا خۇش بولۇپ كېتەي، راستىنى ئېيتسىلا، ئۆز دادام كىم؟

خەلپىتىم خېلىغىچە تەڭقىسچىلىق ئىچىدە قالدى.

ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە ئابرويلۇق زات — مەخدۇمزادە، ئىككىنچى تەرەپتە بۇ زاتنىڭ مىراسخورلىرى تۇراتتى. مەخدۇمزادە: «خەلپىتىم، شاگىرتلىرىغا دېسىلە، ئوغلۇمنى خاپا قىلىدىغان ئىشلارنى دەرھال توختاتسۇن!» دېسە، مىراسخورلار: «خەلپىتىم، بالىلارنى توسىدىغان ئىشنى قىلمىسىلا، ئۇلار بۇ يېتىمئوغلاققا بىر كۈنمۇ ئارامچىلىق بەرمىسۇن!» دەپ جېكىلىمەكتە. «بۇ ھارىمى كۆزىمىزدىن يىتسە، سىلىگە ئالاھىدە ئىنئام بېرىمىز» دەپ قىزىقتۇرماقتا. «كۆزىمىزدىن يىتمەيدىكەن، پېيىنى قىرقىپ تاشلايمىز!» دەپ تەھدىت سالماقتا.

خەلپىتىم ئۇزاق ئويلاندى: مەخدۇمزادە قانچە ئابرويلۇق بولغىنى بىلەن ياشىنىپ قالدى. ماڭا ئۇزۇن مۇددەت ئەسقاتىدىغىنى يەنىلا ئۇنىڭ مىراسخورلىرى. يەنە كېلىپ، ئۇلار ئىنئام بەرمەكچى. بۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە جاۋاب بەرسەم، زىيان تارتمىغۇدەكمەن.

— بالام — خوجبەگ، راستىنى ئېيتىدىغان بولسام، سەن سەئىدزادە، خوجا ئەۋلادى.

— مەن — سەئىدزادە؟

— مۇنچە ھەيران بولۇپ كەتمىگىن، ئوغلۇم. سېنىڭ ئۆز دادىڭ بەدۆلەت قازاغا ئۇچرىغاندىن كېيىنكى بۇلاڭ-تالاڭلار نەتىجىسىدە ئاز-تولا سۈرۈپ قالغان خوجىزادە.

— دادام ھاياتمۇ؟

— رىزقى-نېسىۋىسى ئۈزۈلمىگەن بولسا...

— ئاتامنىڭ ئىسمى-شەرىپى؟

— ئېنىق بىلمەيمەن، ئوغلۇم. قىياسەن ئېيتقاندا،

سەئىدبەگ، سەئىدخوجا، سوپىبەگ، ئىشان خوجا...

— بۇلار ماڭا كۆن بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ، پېيىمدىلا يۈرۈشىدۇ.

— ئەقلىڭ جايىدا، ئۇلار ساڭا كۆن بەرمەيدۇ! ئۆز داداڭنى تېپىۋالغىنىڭ تۈزۈك.

— نەدىن ئىزدىسەم بولار، خەلپىتىم؟

— خۇدا نېسىپ قىلسا، مۆھتەرەم بوۋىلىرىڭنىڭ قەبرىگاھى ئەتراپىدىن تاپارسەن. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، بۇ تىلسىم مۇشەققەتلىك سەپەر. داداڭنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن پۇل كېرەك، يەتكەندىن كېيىنمۇ پۇل! داداڭنىڭ ھال - ئەھۋالى ئالاھىدە ياخشىدۇ. شۇنداقتىمۇ ھەممىنىڭ تۇم بىلمىسا، يولغا چىقىشقا ئالدىرىما!

بۇ مەسلىھەت ئۇنىڭغا خام قايماق بىلەن يېيىلگەن قاتلىما نانەك ياقتى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مېھمانخانا، قازناق، كارۋات - ساندۇقلارغا خۇپىيانە تىكىلىدىغان بولدى. ھەرقانچە قىلىپمۇ چوڭ ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى، چېقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. تۇساتتىن ئۇنىڭ كۆزى مېھمانخانىنىڭ شەرقىي تېمىدىكى قوزۇق ئىزلىرىغا چۈشۈپ قالدى. ئېتىۋېتىلگەن، سىيلىق سۇۋىۋېتىلگەن بۇ جايلار ئىسلاشمىغانلىقى بىلەن باشقا جايلاردىن ئاز - تولا پەرقلىنىپ تۇراتتى. مۇشۇ يەردە بىر سىر بارمۇ — قانداق؟ دەپ ئويلاپ قالدى خوجىبەگ. بۇ خىيالنىڭ ئاساسى يوق ئەمەس ئىدى: ئۇنىڭ سۈننەت تويى بولغان كۈنى تام قىشنىسىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرگەن، كارۋات - ساندۇق، مال - بىساتلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك سىيرىپ -

سوپۇرۇپ قاچقانىدى. لېكىن بۇ ئائىلە تېز پۇرسەت ئىچىدىلا ئەسلىگە كېلىۋالدى. ھەتتا بۇرۇنقىدىنمۇ ھاللىقراق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوجىبەگنىڭ مەخسۇس چاكىرى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتكەنىدى:

— قالتىس ئەقىللىق ئادەم ئىكەن جۇمۇ، كارامەت ئادەم ئىكەن! ئالتۇن - گۆھەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى تورۇس جەگىلىرىنىڭ ئارىلىقلىرىغا، ئۆي تېمىنىڭ تۆشۈكلىرىگە تىقىپ قويغانىكەن...

خوجىبەگ دەھلىز، دالانلاردىكى قوزۇق ئىزلىرىنىمۇ سەپسالدى. بۇ جايدىكى تۆشۈكلەر ئۆز ئەينى بويىچە تۇراتتى. «ھېلىقى تۆشۈكلەردە چوقۇم ئالتۇن بار» دەپ جەزملەشتۈردى ئۇ.

— ئات يوق!

— خوجا بېگىم يوق!

— ئاتنى ئوغرىلاپ قېچىپتۇ - دە، يېتىمئوغلاق.

— ئادەم بالىسى باقساڭ، ئاغزى - بۇرنۇڭنى قان ئېتەر دېگەن شۇ ئەمەسمۇ مانا!...

چۇقان - سۈرەن، تاپا - تەنىلەر باغ - ھويلىنى بىر ئالدى. بىردەمدىلا يۇرت - مەھەللىگە تارالدى.

— ئىزدەڭلار، ئىزچى - خەۋەرچى ماڭغۇزۇڭلار! — دەپ قىيقۇپلا مېھمانخانا - سارايلارغا ئالدىرىدى مەخدۇمزادە. ئالتۇن جابدۇقلار ساقلىنىدىغان تۆمۈر ساندۇق ئۆز جايىدا تۇرۇپتۇ، قۇلۇپىمۇ ساق. پىششىق خىشلار ئارىسىغا سىغداپ كىرگۈزۈۋەتكەن كېسەك ئالتۇنلارمۇ ئۆز جايىدا.

— ئاتنىن باشقىغا تەگمەپتۇ - دە. شۈكرى، بالا -

قازا شۇنىڭ بىلەن كەتكەن بولسىلا.

بەش قىزغا ئاتا بولغان، ئوغۇل پەرزەنت تەشنالىقىدا چاڭقاپ كەتكەن مەخدۇمزادە بۇ ئەقىللىق «سەئىدزادە» گە تولىمۇ ئىجىل - ئامراق بولۇپ كەتكەنىدى. قىزىق - قىزىق تېپىشماق، ھېكايە - چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. خوجبەگ يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى رامىزان ئېيىنىڭ بىر كەچقۇرۇنلۇقى سەككىز قىرلىق پېشايىۋان تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، «شىۋىقەدرى» توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنىدى:

— شىۋىقەدرى رامىزان ئېيىنىڭ شىۋىقەدرى كېچىسىدە ئاسماندىن چۈشىدىغان يورۇقلۇق ئوت. ئۇنى كۆرگەن ھەر-قانداق كىشىنىڭ شۇ دەقىقىدە قۇچاقلىۋالغان نەرسىسى ساپ ئالتۇنغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

— مۇشۇ يوغان تۈۋرۈكنى قۇچاقلىۋالسىمۇ، ئالتۇن بولۇپ قالامدۇ، دادا؟

— ئالتۇن بولىدۇ.

— ئاۋۇ چوڭ كۆپىنى قۇچاقلىۋالسىچۇ؟

— ئالتۇن بولىدۇ.

— شىۋىقەدرىنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسامزە...

— ھە، نېمىنى قۇچاقلىۋالاتتىڭ، بالام؟

— سىزنى!

مەختۇمزادە كانىيىغا قىلتىرىق تۇرۇپ قالغاندەك «غىققىدە» بولۇپ قالغان ۋە «مېنى - ھە؟» دېيەلىگەنىدى تىنىقى كېسىلگەن ھالدا.

— شۇنداق، مەخسۇم دادا، سىزنى قۇچاقلىۋالسامەن. سەن ئالتۇنغا ئايلىنىپ قالىدىغان بولساڭزە!...

مەخدۇمزادە بىر مەزگىل تەئەججۇپلەنگەن، تەشۋىشلەنگەن. كېيىنچە «گۆدەك ئەمەسىمۇ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگۈچىلىكى يوق» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بەرگەنىدى. بالا 12 ياشقا كىرگەن يىلى يەنە بىر سوراپ باققۇسى كېلىپ قالدى ۋە مۇنداق جاۋاب ئالدى:

— سىزنى قۇچاقلىۋالىمەن، مەخسۇم دادا!

مەخدۇمزادە بۇ قېتىممۇ ئۆز ـ ئۆزىگە سەۋر ـ تەسەللى بەردى. «بالىلىق يېشىغا توشقان بولسىمۇ، ئەقلى توشمىدى. شۇڭا بۇ جاۋابتىن بىئارام بولۇپ كېتىش بىھاجەت.» لېكىن بۇ جاۋاب ھەر زامان ئۇنىڭ ئەس ـ يادىدا ئىدى. باشقىلارغا دەپ بېرىپ، تەبىر ئاڭلاپ باققۇسى كېلەتتى، ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايتتى. «بەگچەكىمىز 16 ياشقا كىرىپ قالدى. بىر ئائىلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققالىغۇدەك ھالغا يەتتى، — دەپ پىكىر يۈرگۈزدى ئۆتكەن يىلى، — ئوبدان ئوقۇدى — بىلىم تاپتى، ئەقىل تاپتى، يەنە بىر سوراپ باقايچۇ.»

— ئوغلۇم، يەنە بىر دېگىنە، شۇئېقەدىرىنى كۆرۈپ قالساق...

— مەخسۇم دادا، گېپىم گەپ: سەندىن باشقا نەرسىنى قۇچاقلاپ قالسام كۆزۈم كۆرمەس، قولۇم تۇتماس بولۇپ قالسۇن!

ئاغزىڭغا تاش ـ تۇپراق! دېگەنىدى مەخدۇمزادە ئۆز ئىچىدە. ئۇ، ئۈچ قېتىملىق جاۋابىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ

پىكىر يۈرگۈزۈشكە، تەشۋىشلىنىشكە باشلىغانىدى: نىمە ئۇنداق جۆيلۈۋېرىدۇ بۇ بالا؟ ئۆزۈم تاپقان داۋاسى تېپىلماس بالا ـ قازامىدۇ بۇ؟

مەخدۇمزادە ۋەھىمىلىك ئوي ـ خىيال ئىچىدە كۆز يۇمۇپ، قەبىھ چۈشلەرنى كۆرىدىغان بولۇپ قالدى: قوتاز قۇيرۇقىدەك قاپقارا كېچە، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن قىپقىزىل يالقۇن چېچىپ تۇرغان غايەت زور قاناتلىق ئەجدىھا يەر ـ زېمىنغا قاراپ ئوقتەك شۇڭغۇيدۇ. خوجىبەگ ئۇنۇپ چىققاندەكلا پەيدا بولىدۇ ـ دە، «شۇۋىقەدرى!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە مەخدۇمزادىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالىدۇ. مەخدۇمزادە ئالتۇنغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

— ئالتۇن بۇت ـ ئالتۇن بۇت! دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ خوجىبەگ، — كۆزى گۆھەردىن، چىشى مەرۋايىتتىن، تىرناقلىرى ئالماستىن ياسالغان قالتىس بۇت بولۇپ قاپتۇ. ئەڭ ئاۋۋال كۆزىنى ئويىۋالاي، ئاندىن چىشىنى سۇغۇراي، تىرناقلىرىنى قومۇراي! — تىغلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر قۇيۇچ قەلەمنى ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىغا توغرىلايدۇ. بىر يېقى تۆگە تاپىنىغا، بىر يېقى بۈركۈت تۇمشۇقىغا ئوخشىشىدىغان يوغان بولقىسنى باشتىن ئېگىز كۆتۈرىدۇ.

— ئاھ! — ئويغىنىپ كېتىدۇ مەخدۇمزادە، — خۇدا، نىمە كارامىتىڭ بۇ؟ — دەيدۇ قارا تەر ئىچىدە. مۇنداق ئەھۋاللار نەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن كۆڭلى يېقىن بىر پېشقەدەم ئۆلىماغا ئېيتقان ۋە جاۋاب ئالغانىدى:

— چۈش دېگەن تەتۈرىگە ماڭىدۇ، — دەپ تەبىر

بەرگەنىدى پېشقەدەم ئۆلىما، ــ بۇ ئوغۇل سىلىنى بويلىرى بىلەن تەڭ ئالتۇنغا ئىگە قىلىدىكەن.

مەخدۇمزادە بۇ تەبىرگە گاھ ئىشىنەتتى، گاھ ئىشەنمەيتتى. بەزىدە ئۈمىدلىنەتتى، بەزىدە تەشۋىشلىنەتتى. ئۇ، هازىر ئەنە شۇ ئۈمىد ـ ئۈمىدسىزلىك، خاتىرجەملىك ـ دىشۋارچىلىق گىرەلىشىپ كەتكەن ئاي ـ يىللارنى ئەسلەۋاتاتتى. تۆۋە ـ ئىستىغپار ئېيتىپ، خۇداغا ئىلتىجا قىلىۋاتاتتى:

ــ ئۇ بەتبەختنى ئىز ـ دېرەكسىز غايىب قىلغىنىڭغا ئۆكۈنمەيمەن، بىر ئاتنىڭ يوقالغىنىغمۇ ئەپسۇسلانمايمەن. جېنىمغا چىرماشقان بالا ـ قازانىمۇ شۇ بەتبەخت بىلەن بىللىلا غايىب قىلغايسەن، ئىلاهىم! ــ دۇئاغا قول كۆتۈرگەن مەخدۇمزادىنىڭ كۆزى توساتتىنلا هېلىقى تۆشۈكلەرگە چۈشۈپ قالدى، ــ ئاه، بەش زىخچە ئالتۇن ــ 100 سەر ئالتۇن!...

مەخدۇمزادە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بەش قىزى بەش تەرەپتىن سەۋر ـ تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

ــ ئېگەر ـ يۈگەنلىك بىر ئات ــ باش ـ كۆزۈڭىنىڭ سەدىقىسى. مۇنچە پەرىشان بولۇپ كەتمىگىنە، دادا، ئىچىڭگە ئۇرۇپ كەتمىگىنە!

ــ بىر ئات دېگەن شۇنچە يوغان نەرسىمىدى؟ كارۋات ـ ساندۇقلارنىڭ ئامان قالغانلىقىغا شۈكرى دېسەڭچۇ، دادا!

ــ ئادەم بالىسى باقساڭ، ئاغزى ـ بۇرنۇڭنى قان ئېتەر دېگەندەك، «قان ئەتكەن» بولسا، قانداق قىلار

ئىدۇق، دادا؟ بىر ئات بىلەنلا تۈگىگەنگە شۈكرى قىل!
— ئىنچى خەۋەرچىلەر دېرىكىنى ئالالماپتۇ، بارىنى ئوغرى ئالدى، يوقىنى رەمبال، دېگەندەك ئىش قىلمايلى. ئىزدەش - سۈرۈشتۈرۈشلەرنى توختىتايلى، دادا!

يوقالغان ئالتۇن توغرۇلۇق سۆز ئېچىش مەخدۇمزادىگە تۈگىمەس تاپا - تەنە، ساقايماس باش ئاغرىقى تېپىپ بېرەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ:

— بولدى، ئىزدەشنى توختىتىڭلار، — دېدى دېمى سىقىلغان هالدا. 100 سەر ئالتۇننىڭ مېهرىدىن كەچمەك ئاسان ئەمەس. ئىزدەش يوشۇرۇن داۋاملىشاتتى، ئەلۋەتتە.

## تۈتۈلماس ئوغرى

يارىشىملىق كىچىككىنە سەللە ئورىۋالغان بەقەسەم تونلۇق خوجىبەگ مەدرىسكە كېتىۋاتقان دۆلەتمەن تالىپنى ئەسلەتتى. هېچكىم گۇمان قىلمىدى، يول توسمىدى. ئۇ، كۆندۈزى پاناهلىنىپ، كېچىسى يول مېڭىپ، ئۈچ يېرىم كۈندە قەشقەر شەهرىگە كەلدى. ئاتنى سېتىۋەتتى. ئاباخ خوجا مازىرى تەرەپكە راۋان بولدى. داشقازانلار ئەتراپىدىن، خانىقا بوسۇغىلىرىدىن ئۆز ئاتىسىنى سۈرۈشتۈردى. شەهەر تەۋەسىدىكى چوڭراق خانىقالارنىڭ هەممىسىنى كېزىپ چىقتى، سوئۇپ قالغان سەئىدزادە تىپىلمىدى. ئاتىنىڭ پۇلى ۋە پارچە - پۇرات تەڭگىلەر ئاخىرلاشقان، نۆۋەت زىخچە ئالتۇنغا كەلگەنىدى. خوجىبەگ «بۇنى ئوتتۇرىغا چىقارسام، كىشىلەر گۇمانلىنىپ قالارمۇ؟» دەپ تەشۋىشلەن-

دى. ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان «تىللا سارىيى» غا قەدەم قويغاندىن كېيىن كۆڭلى تىندى. چۈنكى، ئالتۇن سودىگەرلىرى — سەرراپلار بۇ يەردە مىسقاللاپ - سەرلەپ ئەمەس، جىڭلاپ - چارەكلەپ ئالتۇن ئېلىپ سېتىۋاتاتتى. 12 - 15 ياشلىق باللارمۇ بىر سىقىم - بىر سىقىم تىللانى شاراقلىتىپ، زىخچە ئالتۇنلارنى جىرىڭلىتىپ يۈرۈشەتتى. تەڭگە - يامبۇ دېگەن نەرسىلەر ئادەتتىكى سەرراپلارنىڭ ئالدىدا گۆلە - قاق، جىگدە - ياڭاقتەك دۆۋىلەكلىك تۇراتتى. خوجىبەگ بىر زىخچە ئالتۇننىڭ تۆتتىن بىرىنى ئۆز باھاسى بويىچە كۈمۈش تەڭگىگە تېگىشتى. بۇ تەڭگىلەرنى خىراجەت قىلىش ۋە ھەرقايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ياتقان ئىگە - چاقىسىز سوپى - دەرۋىشلەرگە سەدىقە قىلىش يولى بىلەن دادىسىنىڭ دېرىكىنى ئالماقچى بولدى ۋە ئىشقا كىرىشتى. 40 نەچچە كۈندىن بۇيان ئاشكارا - يوشۇرۇن ئىزدەش - سۈرۈشتۈرۈشلەر بىلەن ئاۋارە بولغان خوجىبەگ ئۈمىدسىزلىنىشكە، روھسىزلىنىشقا باشلىدى. «ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ - يا؟ ئېھتىمال؛ ياق، ھېچ كىشى ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكى ھەققىدە ئېغىز ئاچمىسا...» خوجىبەگ ئىرماش - چىرماش ئوي - خىياللار ئىچىدە «خانىقا كوچىسى» نىڭ ئىچكىرىسىدىكى تاشلاندۇق خانىقانىڭ ۋەيرانىسە ھۇجرىسىغا قەدەم قويدى. تام - تورۇسلىرى قاپقارا ئىسلىشىپ كەتكەن بۇ ئۆمۈچۈك ئۇۋىسىدا ئىڭراپ ياتقان بىر قېرىنى كۆردى. سەدىقە بېرىپ، دۇئاسىنى ئالدى. «كۆپنى كۆرگەن قېرى ئوخشايدۇ،

بۇلۇڭدىنمۇ بىر سوراپ باقاي» دېگەن قارارغا كەلدى:

— بوۋاي، ئۇزاقتىن بۇيان مۇشۇ خانىقادىمۇ سەن؟

— ياق، خوجام، كۆپ يىللاردىن بۇيان ئاپئاق خوجامدا ئىدىم.

— ئۇنداق بولسا، بۇنىڭدىن 17 - 18 يىل ئىلگىرى ئاپئاق خوجام مازىرى ئەتراپىدىكى داشقازانلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغان بىر سەئىدزادىنى بىلىدىكەنسەن - دە؟

— داشقازانلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان سەئىدزادە؟

— ھەئە، خوجا ئەۋلادى.

— ياق، خوجام. داشقازانلارغا سۇ توشۇپ، ئوت قالايدىغان نامرات سوپى - دەرۋىشلەر ئاز ئەمەس ئىدى. داشقازانلارغىمۇ شۇلار ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. خوجىزادىلەر نېمە ئىش قىلىدۇ داشقازان قېشىدا؟

— بوۋاي، تۈزۈكرەك ئەسلەپ باققىنا، مەن سوراۋاتقان سەئىدزادە بەدۆلەت ۋاپاتىدىن كېيىنكى بۇلاڭ - تالاڭلار نەتىجىسىدە بىرئاز سۇنۇپ قالغان.

— نېمە؟ سۇنۇپ قالغان؟ — بوۋاي بېشىنى كۆتۈردى، دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۇ يان - بۇ يانغا قارىۋالغاندىن كېيىن پەس ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى، — خوجام، راستىنى ئېيتسام، مەنمۇ بىر سەئىدزادە ئىدىم.

— ئېتىڭ نېمە؟

— ئەسلى ئېتىم، سەئىدخوجا، ھازىرقىسى سېيىت دەرۋىش.

— نېمىشقا؟

— ئۆزۈمنىڭ سەئىدزادە، ئېتىمنىڭ سەئىدخوجا ئىكەنلىكىمنى دەيدىغان بولسام، ئۆلگۈچە دۇمبالايدۇ، كۆن بەرمەيدۇ.

— كىم؟ نېمىشقا؟

— ئۆزىنى خوجا ئەۋلادى دېيىلىپ جان باقىدىغان كاززاپلار كۆپىيىپ كەتتى. قول - ئىلكىدە بارلىرى خەقنى ئىشەنىدۈرۈپ كېتەلىدى. باي بولىدى، يامبۇدا ئىشىك تاقىغۇدەك ھالغا يەتتى. قول - ئىلكىدە يوقلىرى... ئاھ، قويىملا، خوجام.

— ئۆي - ماكانىڭ، ئىگە - چاقاڭ يوقمۇ سېنىڭ؟

— قوچقاردەك بىر ئوغلۇم بولىدىغان. ئەي، شۇ غېرىبچىلىقتا...

— ئۆلۈپ كەتكەنمۇ؟

— بۇنى سوراپ نېمە قىلىدىغانلا، خوجام؟... دۆلەتمەن بىر مەخدۇمزادە تالىشىپ تۇرۇۋالدى. بەش قىزغا ئاتا بولغان، ئوغۇل پەرزەنت ۋەسلىگە زار بولغان ئېسىل-زات ئىكەن...

خوجبەگ «سەئىدزادە» دەپ تونۇپ كەلگەن ئۆز ئاتىسىنى مۇنچىلىك زەئىپلىشىپ كەتكەن قەلەندەر ھالىتىدە كۆرەرمەن دەپ ئويلىمىغانىدى. خۇنۈك بەشىرىسىنى قاتمۇ - قات مەينەتچىلىك بېسىپ كەتكەن بۇ يەكچەشمە مەخلۇقنى قانداقمۇ «دادا» دېيەلىسۇن؟ كىيىم - كېچەكلىرى ئاددىي بولسىمۇ، ئۆزى ساق، يېنى توم، مەگزىدىن قان، پېشانى-سىدىن نۇر تېمىپ تۇرغان بولسا، كاشكى!

خوجىبەگ خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. شۇنچە نۇرغۇن ئالتۇننى يوقاتقان مەخدۇمزادىنىڭ ھەرتەرەپكە ئىزچى - پايلاقچى ماڭدۇرماي قالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. تۇتۇلۇپ قالىدىغانلا بولسا، يۈزىگە قارا سۈرتۈلۈپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۇرۇلۇپ سازايى قىلىنىشى، ھەتتا چالما - كېسەك قىلىنىشى مۇقەررەر ئىدى. خوجىبەگ ھازىر پاناھلىنىدىغان جاينى بىلىدىغان تەجرىبىلىك بىر ئادەمگە موھتاج ئىدى. ئېمىشقىدۇر، كۆڭلى يەنىلا مۇشۇ ئادەمنى تارتىپ قالدى. «ئۆز ئاتام ئىككەنلىكىنى ئاشكارا قىلىدىكەنمەن، قول - ئىلكىمدىكى مال - دۇنيانىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇشۇم كېرەك. ئۇنىڭ كېيىنگە كىرىشىم، سىزىقىدىن چىقماسلىقىم شەرت. كىچىكىمدىن تارتىپ ھەممىنى بويسۇندۇرۇپ كېلىپ، ئەمدىلىكتە بىكاردىن - بىكار قاناتا - قۇيرۇقۇمنى يۇلقۇچلاپ بېرەمدىمەن؟ يەنە كېلىپ، ئاشۇ سېسىق قەلەندەرگە - ھە؟ ئۇنىڭدىن كۆرە...»

— بوۋاي، شۇنداق قىلىپ، سىزنى نېمىدەپ چاقىرىمەن؟

— سىيىت سوپى دەملا، دەرۋىش دەملا، ئۆز ئىختىيارلىرى، خوجام.

— خوپ، سىيىت دەرۋىش دەي.ماڭا قارا، سىيىت دەرۋىش!

— خۇش، خوجام.

— بېشىڭنى سىيلىسام قولۇمنى چىشلەمسەن؟ ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرامسەن؟

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، خوجام؟ ئىت چېغىمدا ئۆز

ئىگىسىنى خۇدا دەپ بىلىدۇ. مەن غېرىبقا ياخشىلىق قىلىسىلىرى، ئەلۋەتتە...

— مىدىرلىغۇچىلىك ماغدۇرۇڭ بارمۇ؟

— بولمامدىغان، خوجام، ئەمدىلا 40 نەچچە ياشقا كىرگەن تۇرسام.

راست، زىنا ئۇستىدە تۇتۇلۇپ، مۇشت - پەشۋا ئاستىدا قالغانلىقى تۈپەيلىدىن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىيان بۇ ئادەم ئەسلىدە ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان كۈچتۈڭگۈر دەرۋىش ئىدى. خوجىبەگ مۇھىم بىر ئىشنى سوراپ قالدى:

— بىرەر ھۈنىرىڭ بارمۇ؟

— ھۈنەر؟ — گاڭگىراپ قالدى دەرۋىش، — ھۈنەرۋەن كىشى مۇنداق كۈنگە قالامدۇ، خوجام؟

— ئىش ئەپلەشتۈرەلەمسەن دېمەكچىمەن.

— بۇ جەھەتتىن تامامەن خاتىرجەم بولسىلا، خوجام. ئالۋاستىغا ئوسما قويۇش، شەيتانغا نوختا تۈگۈش، جىننى ئۇسسۇلغا سېلىشلارنىڭ ھەممىسى...

— خوپ، تۇرۇپ تۇر. مەن ساڭا ئاش - تاماق، كىيىم - كېچەك ئەكىلەي. ئاندىن كېيىن ساتىراشخانىغا، ھاممامغا ئاپىراي.

— رەھمەت، ئىلتىپاتلىرىغا يۈزمىڭ رەھمەت. ئازراق ناسۋال ئالغاچ كېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىغايلا، خوجام، مانا ناسۋال قاپاق.

تويغۇنغاندىن كېيىن ماغدۇرىغا، يۇيۇنغان، كىيىنگەندىن كېيىن ئادەم سىياقىغا كىرىپ قالغان بۇ مەخلۇق

ئالغىنى كەڭ، مەرد خوجايىنىنىڭ ئىنتائەتمەن چاكىرى بولۇشقا چىن كۆڭلىدىن رازى بولدى. بۇلار ئىچكىرى بىر كوچىدىن ئىككى ئېغىز ئۆي ئىجارىسىگە ئېلىپ ئورۇنلاشتى.

خوجبەگ يەنىلا دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. بازار - رەستىلەرگە كەمدىن كەم چىقاتتى. يول يۈرگەندە، يان - يېنىغا، ئالدى - كەينىگە دىققەت قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. مەخدۇمزادىگە ياكى ئۇنىڭ تۇغقانلىرىغا، ئۆز يۇرتلۇقلارغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرگەن ھامان ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى. كېچىلىرى تىنچقىنا ئۇخلىيالمايتتى. كۆپىنچە ھاللاردا ئارغامچا - سىرتماق چۈشەپ قالاتتى. بوينىغا سېلىنغان سىرتماقتىن قۇتۇلسا، يىلاندەك يۆگىشىۋالغان ئارغامچا، ئارغامچىدىن قۇتۇلسا، سىرتماق... قارا تەرگە چۆمۈلگەن خوجبەگ ئېچىنىشلىق ئىڭراپ كېتەتتى. بۇ ھال بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن سەۋەبىنى سوراپ قالدى سىيىت دەرۋىش:

— قانداق يوچۇن دەردلىرى باردۇ، خوجام؟ كۈندۈزى خاتىرجەمسىزلىك، كېچىلىرى بىئاراملىق ئىچىدە ئۆتىۋاتقانلىقلىرىغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. كەمىنە قۇللىرىغا ئېيتسىلە، گۇمان قىلمىسىلا، كۆڭۈللىرىدىكى غەم - تەشۋىش تۈگۈنلىرىنى يېشەۋەتسىلە.

خوجبەگ ئەپچىللىك بىلەن يېڭى چۆچەك توقۇدى:

— سەئىد ئەۋلادىغا مەنسۇپ بولغان بىر ئاتىنىڭ قوشكېزەك ئوغۇللىرى ئىدۇق. بالاغەتكە يەتكۈچە، قوشماق

مېغىزدەك يېقىن ئۆتتۇق. خۇدا مېنىڭ كۆڭلۈمگە «ئاق تاغلىق» ئەجدادلىرىمنىڭ ئىشتىياقىنى سالغانىكەن، شۇلارنىڭ يولىدا ماڭدىم، ئاكام «قارا تاغلىق» لارنىڭ.

— ئەقىللىرىغە ئاپىرىن، خوجام. «قارا تاغلىق» دېگەنلەر مۆھتەرەم بوۋىمىزنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن «ئىسھاقىيە» چىلەرنىڭ دەل ئۆزى ئەمەسمۇ؟

— ئاتام «ئاق تاغلىق» لارغا ئېتىقاد قىلاتتى، مېنى قوللايتتى، بەك ئارزۇلايتتى. شۇڭلاشقا ئۆز ئىلكىدىكى ئالتۇننىڭ ھەممىسىنى ماڭا خۇپىيانە ھالدا مىراس قىلىپ بېرىۋەتكەندى، ئاكام بىلىپ قاپتۇ. مېنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىش قەستىگە چۈشۈپتۇ. يۇرتنى تاشلاپ قېچىپ چىقماقتىن باشقا ئامال بولمىدى.

— پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەنلىرى تولىمۇ ئوبدان بوپتۇ، ئالتۇن دېگەن ھاياتلىق يىلتىزى، ئامەت يۇلتۇزى ئەمەسمۇ، خوجام.

— ئۇ، قان - قېرىنداش ئەمەس، ئۆتۈپ كەتكەن قارا نىيەت زىياندا ش، ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. ئىزچى - چوماقچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ قالامدىكىن دېگەن تەشۋىشتە مەن. ئوڭۇمدىمۇ شۇ، چۈشۈمدىمۇ شۇ.

— مۇنداق دېسىلە، خوجام، — ئۇشتۇمتۇت ئېرىشكەن شەپقەتچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن تەشۋىشلەنگەن دەرۋىش بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن دېدى، — شەھىدانە خوتەنگە كېتىپ، «ئىمام جەپىرى سادىق مازىرى» دا، ياق، خوجام، خوتەنگە ئەمەس، تۇرپانغا كېتىپ، ئەسھابۇلكەھبتە بىرقانچە يىل تۇرۇپ كەلسەك قانداق؟

— ئەسھابۇلكەھبتە؟

— شۇنداق، خوجام. بىر تالاي جان - جانىۋارلار ئۆچەككە كىرمىسە، قىشتىن چىقالمايدۇ. ئۆچەكتىن بولسا، باشقىچە تۈس - قىياپەت بىلەن چىقىدۇ. ئەسھابۇلكەھب غارىغا بېرىشىمىزمۇ خۇددى شۇنداق گەپ. بىراق، بىز ئۇ يەردە تېپىنىچ ئۇخلىمايمىز.

— نېمە ئىش قىلىمىز؟

— سەيلە - زىيارەت، دۇئا - تىلاۋەت، سودا - تىجارەت، — ھەييارلىق بىلەن كۈلۈپ قويدى ئۇ.

— تىجارەت؟

— شۇنداق، خوجام. سىلى مەدداھنى كۆرگەنمۇ؟

— كۆرگەن، جەڭنامىسىمۇ ئاڭلىغان.

— ھەببەللى! مۆھتەرەم بوۋىمىز ھىدايىتۇللا ئىشان خوجاممۇ يۇرت - يۇرتتا مەدداھلىق قىلىپ، ھەددى - ھېسابسىز مال - دۇنيا تاپقان، ئىززەت - ئىناۋەت تاپقان. بۇ ھۈنەرنى بىزمۇ ئۆگىنىۋالىدىغان بولساق...

— بىزمۇ مەدداھلىق قىلامدۇق؟ — ھەيرانلىق بىلەن سورىدى خوجىبەگ.

— شۇنداق، خوجام. ھەر كۈنى مەدداھلارنىڭ جەڭنامە - رىۋايەتلىرىنى ئاڭلايمىز. كېيىن كەلسە، ئۆزىگە چاقىرىپ مەدداھلىق قىلدۇرىمىز، جىمى ھۈنەرلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆگىنىۋالىمىز. سىلى — مەدداھ، مەن «دوست» تارتىپ بەرگۈچى. بىرنەچچە ئادەم يالىنىۋالىمىز. ئۇلارمۇ «دوست» تارتىشىپ بېرىدۇ. دەسلەپ يېزا - سەھرالاردا، كېيىن شەھەرلەردە تاپاۋەت قىلىمىز. پۇل دېگەننى چويلا

بىلەن ئەمەس، تور بىلەن سۇزىمىز، تور بىلەن!
— ئاكام ئىزدەپ كېلىپ قالسىچۇ؟
— غەم قىلمىسىلا، ئۇنى شۇنداق بابلايمىزكى، — چۇشەندۇرۇشكە باشلىدى سىيىت دەرۋىش، — كارغا ياراپدىغان نوچىلاردىن بىرقانچىنى تاپىمەن. گېلى بىلەن ئىچىملىك - چېكىملىكلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغانلا بولساق، بىزنى ھەرقانداق خەۋپ - خەتەر، بالا - قازادىن ساقلايدۇ. سىلىنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئادەمنىڭ بېشى ئونمىكەن؟!
— ئەسھابۇلكەھفكە قاچان ماڭىمىز؟
— مۇشۇ تىجارەتنىڭ يولىنى بىلىۋالغاندىن كېيىنلا.
— تېزرەك يولغا چىقساق بولاتتى.
— «سەۋرنىڭ تېگى سېرىق ئالتۇن» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، خوجام؟ مۇنچە ئالدىراپ كەتمىسىلە. مەدداھلىقنى بىلمىسەك، پۇل تاپالمايمىز، يول تاپالمايمىز، ئىناۋەت تاپالمايمىز، مۇرىت - مۇخلىس توپلىيالمايمىز. مۆھتەرەم بوۋىمىز نەچچە 100 يىل ھۆكۈم سۈرگەن شۇنچە قۇدرەتلىك سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن 300 مىڭ مۇرىت توپلىغانىكەن. ئەسھابۇلكەھفكە بارغۇچە 300، قايتىپ كەلگۈچە 3000 مۇرىت توپلىيالىساق، نى - نى سوپى - ئىشانلار، ھاكىم - ئەمەلدارلار ئاياغلىرىنى تاۋاپ قىلىمىدىغان!...
دۆلەتمەن ئائىلىدە خوجايىنلىق كىبىرىسى بىلەن چوڭ بولغان خوجىبەگ ئۇزاقتىن بۇيانقى شېرىن چۈش، لەززەتلىك خىياللىرىنىڭ مېغىزىنى چېقىۋاتقاندەك خۇش

بولۇپ كەتتى. ئۇ، ھاياجانلىناتتى، ئالدىرايتتى. سىيت دەرۋىش ئۇچار قانات چاپارمەنلەردىن بىرقانچىنى ئۆز خوجايىنىغا تونۇشتۇردى. خوجىبەگ ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەركىن يۈرەلەيدىغان، ھەرقانىداق سورۇنلارغا بىمالال بارالايدىغان بولدى.

مەدداھلارنىڭ پۇل سوزۇش ھۈنىرى خوجىبەگنى ئەسىر قىلىۋالدى. مەدداھلار شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن سۆزلەيتتىكى، پۈتۈن سورۇن ئەھلىنىڭ كۆڭلىنى قانداقتۇر بىر سېھرىي كۈچ بىلەن ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالاتتى. ئۇلار دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە بولسا، ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ تىلىگەن نەرسىسىنى بەرمەسلىكنىڭ ئامالىنى قىلالمايتتى:

— ئۆز قۇدرەت - كامالى بىلەن ئالەم بىنا قىلغان، بىر سىقىم تۇپراقتىن ئادەم بىنا قىلغان ئۇلۇغ قۇدرەت ئىگىسىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن، — دەپ باشلايتتى مەدداھ، — ئۇشبۇ سورۇنغا جەم بولغان بارلىق ئەركەك زاتىنىڭ خىسلەت ۋە پەزىلىتىنى خاس كۆزى بىلەن كۆرۈپ، خاس تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ تۇرغۇچى ئۇلۇغ ھېكمەت ئىگىسىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن، پانىي ئالەمگە ئىمان بىلەن كېلىپ، باقىي ئالەمگە ئىمان بىلەن كېتىش ئارزۇ - ئىستىكىدە يانغان ئىمانى كامىل بىر يىگىتتىن بىر دانە ئون سوملۇق تىللا تىلەيمەن!

— ئامىن! — دەپ تەكشى قول كۆتۈرەتتى تۆت تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان سەككىز نەپەر دوست تارتقۇچى شېرىكى

يىغلامسىرىغان ئاۋاز بىلەن. مەدداھ سەدىقە تىلەش سۆز-
لىرىنى داۋاملاشتۇراتتى:

— خۇدا يولىدا سەدىقە قىلىنغان بۇ تىللا ئۇلۇغ
روزى مەھشەر كۈنلىرى ئالتۇن لىباسلىق سەككىز پەرىزاتقا
ئايلىنىپ، سەككىز جەننەت بوسۇغىسىدا ھازىر بولغاي.
چەكسىز ئىززەت - ئىكرام بىلەن سالام - تەزىم بەجا
كەلتۈرۈپ، خۇش نەپەسلىرىدىن ئىپار تارقىتىپ، نەزمە -
بېيىت چاچقۇسى چاچقاي.

«دوست» تارتقۇچى سەككىز ھەمشىرىكى مەرد - سېخىي
يىگىتنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن سەككىز جەننەت دەرۋازىسى
ئالدىغا چىققان سەككىز پەرىزاتقا ۋەكالىتەن نەزمە
باشلايتتى:

«ئول خۇدادۇر يەتتە ئىقلىم پادىشاھى، قازىسى،
خاس قولىدا - ئىلكىدە گۇناھ - ساۋاب تارازىسى.
تاللىغايسەن، ئەي سېخىي، سەككىز بېھىشتىن قايسىنى،
مەرد - سېخىيلارغا ئوچۇق سەككىز بېھىش دەرۋازىسى.»

سەدىقە تىلىگۈچى مەدداھ تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋاز
بىلەن داۋاملاشتۇراتتى:

— ئالتە كۈنلۈك ئالەمنىڭ راھەت - پاراغىتىگە
ھەۋەس قىلمايدىغان، مال - دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان
مەندەك بىر تەركىدۇنيا دەسمەتچىگە بىر دانە تىللا
سەدىقە قىلغان ئىمانى كامىل ئەركەك زاتى سەككىز
جەننەت ھۆرلىرى ئارىسىدا تالاش - تارتىشتا قالغاي:

ئەي يىگىت، ئالدىڭغا چىقتىم، جەننەتۇلمەئۋاغا كىر،
جەننەتۇلپىر دەۋسىگە كىر - گۈللىرى بەرناغا كىر.
ئەي يىگىت، شاھۇ سەھەر كۈتتۈم سېنى تەشنائى-زار،
جەننەتۇلرىزۋانغا كىرگىن - كەۋسەرى دەرياغا كىر...

مەدداھلار باقىي ئالەمدىكى ئازاپ - ئوقۇبەت، ۋاھەت - پاراغەتلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلگەندەك ناھايىتى ئىشەنچلىك سۆزلەيتتى. ئۇلار گويا ئەرش مۇئەللەق ئۈستىدە خۇدا بىلەن پەرىشتىلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەتلەردىن تارتىپ، يەتتە قات زېمىن ئاستىدىكى ۋەيلۇن دوزاختا كۆيۈۋاتقان گۇناھكارنىڭ داد - پەريادىغىچە ھەممىنى بىلەتتى. قازا قىلغۇچىنىڭ قايسى مالائىكە تەرىپىدىن قانداق سوراق قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەيتتى. قىسقىسى، مۇشۇ سورۇندىكى ھەرقانداق بەندىنىڭ ئاخىرەتتە كۆرىدىغان جەبىر - جاپا، ھۇزۇر - ھالاۋەتلىرى ئۇنىڭ مەزكۇر مەدداھقا بولغان ئىخلاس - ئەقىدىسىگە باغلىق ئىدى. مەدداھ ئۈزلۈكسىز سەدىقە تىلەيتتى:

«بىمارلىق ياستۇقىغا باش قويۇپ ياتقان ئاپئاق ساقال پەرىشتە سۈپەت بوۋىسىنىڭ ياكى ئاق چاچلىق پەرىزاتتەك مومىسىنىڭ ياكى قانىتىم بالام، ھاياتىم بالام، مۇرادىم بالام، ھىماتىم بالام، دەپ ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغان كۆيۈمچان دادىسى بىلەن مېھرى - شەپقەتلىك ئانىسىنىڭ لوقمان ھېكىمدەك 1000 يىل ئۆمۈر كۆرۈشىنى

تىنلەيدىغان ئىنساپ - دىيانەتلىك تۆت يىگىتتىن تۆت دانە يامبۇ...»

«سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان، سەپەرنىڭ جەبىر - جاپا، خېيىم - خەتەرلىرىنى خىيالىدىن ساقىت قىلمىغان خەير - ساخاۋەتلىك بىر ئەھلى سودىگەردىن بىر دانە ئات...»

«ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان ئامراق مەھبۇبىنىڭ تىنىچ - ئامان يەڭگىشىگە تەقەززا بولغان بىر ئەركەك زاتىدىن بەش سەر كۈمۈش...»، «جېنىدىن ئەزىز كۆرگەن يالغۇز پەرزەنتىنىڭ ئاغرىق - سىلاقسىز تۆزگە قوشۇلۇشىغا تەشنا بولغان توققۇز يىگىتتىن توققۇز دانە تون...»

«ھالال بىلەن ھارامنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىغان، ئۆمۈرلۈك جۈپتىنى نامەھرەمدىن يىراق تۇتىدىغان، ھەتتا تاجىسى بار خوراز بىلەن بىللى باغلاقلىق سۈپۈرگىدىن كۈنلەيدىغان يەتتە ئەركەكتىن يەتتە دانە بەلباغ...»

سەدىقىنىڭ باھاسىنى پەيدىنپەي تۆۋەنلىتەتتى:

— يانچۇقۇڭلارغا قول سېلىپ بېقىڭلار، — دەيتتى ئەڭ ئاخىردا، — ئاتىغىنىڭلارنىڭ ھەرقانداقى سەدىقىغە ھېساب.

تۆت كۈپپاگچىسى «ئامىن!» دەپ تۇراتتى، تۆتى يۇغان داستىخاننى تۆت تەرەپتىن تۇتۇپ، سورۇننى ئايلىناتتى. سەدىقە قىلىنغان ئالتۇن - تىللا، يامبۇ، تەڭگە، مىس داچەن، تون، بەلباغ، پىچاق، نان، تۇخۇم قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى داستىخانغا تاشلىناتتى.

بۇلارنى كۆرگەن خوجىبەگنىڭ كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ كېتەتتى. «قالتىس ھۈنەر ئىكەن! — دەيتتى ئۇ تەقەززالىق بىلەن، — بىر ئۆگىنىۋالسامزە!...»

خوجىبەگ بۇ ھۈنەرنى راسا بېرىلىپ ئۆگىنىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەھرادىن ئادەم كېلىپ قالدى، خوجىبەگنىڭ پېيىگە چۈشتى. ئۇلار ئۈچ كىشى ئىدى. خوجىبەگنىڭ ياللانمىلىرى ئۇلارنى ئۇرۇپ - مۇشتلاپ، تېپىپ - چەيلەپ، پۇتى باسماس، قولى تۇتماس ھالغا كەلتۈردى-دە، ئۆز سەھراسىغا قوغلىۋەتتى. خوجىبەگ يەنە تەشۋىشكە چۈشتى: «ھەمراھلىرىم يوق چاغدا كېلىپ قالسا قانداق قىلىمەن؟ ئۈچ ئەمەس، ئوتتۇزى كېلىپ قالسىچۇ؟...»

خوجىبەگ يار - يۆلەكچىلىرىنى كۆپەيتتى. بۇلار ئىچىدە قىزىقچى - ھەزىلكەشلەر، سېركچى - ھەييارلار، چېكەرمەنلەر، كىچىك قىمارۋازلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار خوجىبەگدەك ئالىقىنى ئوچۇق بايۋەچچىنى تاپقىنىغا خۇش، خوجىبەگ ئۆز كۈنىنى زېرىكمەسلىك ۋە تەشۋىشسىز ئۆتكۈزگىنىگە خۇش ئىدى. تىنچىق - دىمىق تۈگىمەيۋاتقان، سەپەر تەييارلىقى تازا يۈرۈشمەي تۇرۇۋاتقان كۈنلەردە بارات ئېيى كىرىپ قالدى، تۈنەك كېچىسى يېقىنلاشتى.

— تۈنەك كېچىسى يېقىنلىشىپ قالدي! — دېدي خوجىبەگنىڭ ئالىقانات بۇرادەرلىرىدىن بىرى، — ئۆز ئۆيىمىزدا يېتىپ چۈش كۆرەمدۇق ياكى يىگىتلىكىمىزگە لايىق ئىش كۆرەمدۇق؟

بۇرادەرلەر چۇقان سېلىشتى:

— ئاسمانغا ئوت ياقىمىز!
— شەھەرنى بېشىمىزغا كىيىمىز!
— ياغلىق قاپاقنى نەدىن تاپىمىز؟
— ئوغرىلايمىز! — تەڭ ۋارقىراشتى باشقىلار، — بارات ئېيىدا ئوغرىلىق قىلىش گۇناھ ئەمەس، قاپاق ئوغرىلىيالمىغانلار ئوغۇل بالا ئەمەس!

خوجبەگ سەھرادىكى چاغلىرىدا بارات ئېيى كىرىش بىلەن تەڭ مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسىنى ياغلىق قاپاق ئوغرىلاشقا سەپەرۋەر قىلاتتى. يولدىن ئۆتكەن ھارۋىكەشلەرنىڭ كىچىككىنە ياغلىق قاپاقلىرىغىمۇ ئارام بەرمەيتتى. تۈنەك كېچىسى بۇ قاپاقلارنى ئۇزۇن بادرا ئۇچىغا باغلاپ ئوت ياقاتتى-دە، مەشئەلدەك كۆتۈرۈپ، مەخسۇس قوشاقلارنى ئېيتىپ، ئۆيمۇئۆي كېزەتتى ياكى مازار-ماشايىخلار تەرەپكە راۋان بولاتتى. خوجبەگ بۇ ئويۇننىڭ تەشكىللىگۈچىسى، بالىلارنىڭ سەردارى بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى. ھازىر ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى: قاپاق ئوغرىلىيالمىغان كىشى ئوغۇل بالا ھېسابلانمايدۇ، ئابرويى تۆكۈلىدۇ. نېمە قىلىش كېرەك؟ ئۇ يان ئويلاپ-بۇ يان ئويلاپ، ئاخىر دەڭ-سارايلارنى چارلاپ بېقىش قارارىغا كەلدى. ئىككى ھەمراھىنى ئەگەشتۈرۈپ، تۆشۈك دەرۋازا سىرتىغا راۋان بولدى.

يېرىم كېچە ئىدى. خوجبەگلەر سىڭگۈچتىن كىرگەن كۈچلۈكتەك ئۆمىلەپ يۈرۈپ، كارۋان سارىيىدىكى ھارۋىلارنىڭ تېگىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيانقى بارات ئېيىدا ياغلىق قاپاقلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان

ھارۋىكەشلەر ئېھتىيات قىلغانمۇ ياكى باشقا باللار ئالدىغاچان ئوغرىلاپ بولغانمۇ، كۆزلىگەن نەرسە قولىغا چىقمىدى. خوجىبەگ تولىمۇ تىت ـ تىت بولدى. قۇرۇق قول قايتىش ئابروييدىن ئايرىلىپ قېلىش بىلەن تەڭ ئىدى. ئۇ، ھەمراھلىرىنى پايلاقچىلىقتا ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ، يەر بېغىرلاپ تىرەجەپ مېڭىپ، ئاختۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئەنە، بىر بۇلۇڭغا چۆكتۈرۈلگەن 15 ـ 20 تۆگە ئىشتىھا بىلەن پاخال يەۋېتىپتۇ. ناھايىتى سوس كولدۇرما ئاۋازى ئاڭلىنىۋېتىپتۇ. «شۇنچە ئاۋارە بولۇپ، قۇرۇق قول قايتقۇچە...» خوجىبەگ كولدۇرمىلىق تۆگە يېنىغا سۈرۈلۈپ كەلدى. چېچىلىپ كەتكەن پاخالنى يېقىنلاشتۇرۇپ قويدى. كىچىككىنە گۈل تاشتىكى ھەجىملىك بىر كولدۇرما، ئۆردەك تۇخۇمىچىلىك بىر تالاي كولدۇرما ئالقانچە كەڭلىكتىكى قوش قەۋەت تاسمىغا ئۆتكۈزۈلۈك تۇرۇپتۇ. «سېيت دەرۋىش تۆگە بىلەن سەپەر قىلمىسۇن دەۋاتقانىدى، مەن مىنگەن تۆگىنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويىدىغان بولسام...» ئۇ، تاسمىنى كېسىپ، كولدۇرمىلارنى يەكتىكىگە يۆگىدى. ھەمراھلىرىدىن يوشۇرۇنچە ئۆمىلەپ، ساراي بوسۇغىسىدىن چىقىۋالدى ـ دە، يول قاسىنقىدىكى باراقسان سۆگەتلەر سايىسى قويىنىغا سىڭىپ كەتتى.

ھارغان ـ چارچىغان، ئۇيقۇسىز قالغان خوجىبەگ چاشكا ۋاقتى بىلەن ئويغاندى. ياستۇقى ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغان كولدۇرمىلارنى ساناشقا باشلىدى. ئۆردەك تۇخۇمى چوڭلۇقىدىكى كولدۇرمىلار 40 ئىدى. ھەربىرىنىڭ ۋەزنى

بىر سەر ـ بىر يىبىردىم سەردىن كەم ئەمەس ئىدى. بىر قاداق ئېغىرلىقتىكى چوڭ كولدۇرمىنىڭ سىرتى تۆمۈردەك، ئىچى مىستەك قىلاتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ياڭاق چوڭلۇقىدىكى تېشى بۆلەكچىلا پارقىراپ تۇراتتى. خوجىبەگ ئويلاپ قالدى: «تۇچمىدۇ ياكى مىسمىدۇ؟» چوڭ كولدۇرمىنىڭ ئىچىگە، كىچىك كولدۇرمىلارنىڭ پارقىراق تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سەپسالدى. تۇساتتىنلا «ئالتۇنمىدۇ؟» دېگەن گۇمان تۇغۇلدى ـ دە، جىددىيلەشتى. ئۆز ئىلكىدىكى زىخچە ئالتۇنلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقتى، چىشلەپ كۆردى، چېكىپ باقتى. ئاخىر ھۆكۈم چىقاردى: ئالتۇن ئىكەن، جىق ئالتۇن!

خوجىبەگنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى: كولدۇرما دېگەننىمۇ ئالتۇندىن ياسامدۇ؟ شۇنچىۋالا ئالتۇننى تۆگىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويغان قانداق ھاماقەتتۇ ئۇ؟

ياش خوجايىنغا ناشتىلىق ئەكىرگەن سىيىت دەرۋىش ھەيرانلىق بىلەن سورىدى:

— ۋاھ، بۇ كولدۇرمىلار نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان نەدە ئىدى، خوجام؟

— پىنھان جايغا يوشۇرۇپ قويغانىدىم، كېچىچە ئەكەلدىم.

— قالتىس كولدۇرمىلار ئىكەن. سىلى مىنىدىغان تۆگىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىدىغان بولساقىزە!...— سائاپ، سىيلاپ بېقىپ سورىدى، — بوۋىلىرىدىن قالغان تەۋەررۇك ئىكەن ـ دە؟

— شۇنداق.

— تۇچمۇ، مىسمۇ؟
— ئۆزۈڭ دەپ باققىنا، نېمىدەك تۇرىدۇ؟
— مۆھتەرەم بوۋىلىرىدىن مىراس قالغىنىغا قارىغاندا...
— ھە، نېمىدەك تۇرىدۇ؟
دەرۋىش توغرىدىن - توغرا جاۋاب بېرىش ئورنىغا بىر ۋەقەنى بايان قىلدى:
— تۇچ، مىس كولدۇرما دەپ سېتىۋالغىنى مۇشۇنداق كولدۇرما چىقىپ قېلىپ باي بولۇپ كەتكەن كولدۇرمىچىلار، تۆمۈر - تەسەكچىلەر ئاز ئەمەس. يارباغ دەرۋازىسى تەرەپ-
تە ھارۋا جابدۇقلىرىنى ساتىدىغان بىر كىشى بولىدىغان. دۇكىنىدا ئېگەر - يۈگەن، نوختىدىن تارتىپ ئۈزۈن - قىس-
قا قامچا، چوڭ - كىچىك كولدۇرمىلارنىڭ ھەممىسى بو-
لىدىغان. خېرىدار بىلەن چىقىشالمايدىغان تەرسا، توڭ ئا-
دەم ئىدى. سودىسى يۈرۈشمەي، سېرىقتال تۇرمۇش كەچۈ-
رىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. مانا ھازىر پۈتۈن يار-
باغ تەۋەسىدە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان باي يوق. ئاڭلى-
ساق، بۇ ئادەم مۇشۇنداق غايىپ خەزىنىگە ئۇچراپ قال-
غانىكەن. ھەيران بولمىسىلا، خوجام، يۇرتىمىز ئەزەلدىن ئالتۇن - گۆھەرنىڭ كانى ئىكەن. شاھ - سۇلتانلىرىمىز-
نىڭ لىگەن - پەتنۇسلىرىدىن تارتىپ، چىنە - قوشۇقلىرى-
غىچە، ئۆتۈكىنىڭ ناھالىدىن تارتىپ، ئاتلىرىنىڭ تاقىسى-

غىچە ھەممىسى ئالتۇندىن بولغانىكەن. ئات ـ تۆگىلەرنىڭ يۈگەن ـ چۇلتۇكلىرى، چوڭ ـ كىچىك كولدۇرمىلىرىمۇ ئالـ تۇندىن بولىدۇ ـ دە، ئەلۋەتتە. زامانىلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ نەرسىلەر قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، ئاخىر ئالتۇن بىـ لەن مىسنىڭ پەرقىنى ئايرىيالمايدىغان نادانلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ قالىدۇ ـ دە، بىشىغا كۈن چۈشكەن ھامان ئېلىشىغا ساتىدۇ ياكى ئات ـ تۆگىلەرنىڭ بويىنىدا قويىۋېرىدۇ.

بۇ تەھلىلگە قايىل بولغان خوجىبەگ مەغرۇرانە سوئال قويىدى:

— مۆھتەرەم بوۋىمىزمۇ پادىشاھ بولغان ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، 19 يىل پادىشاھ بولغان، يۇرت سورىغان!

— شەھەر قىلغاندا تۆگىگە مىنگەن؟

— ئەلۋەتتە.

— مۇشۇ كولدۇرمىلارنى ئۆزى مىنگەن تۆگىگە ئاسقان؟

— بۇنىڭدا شەك يوق.

— دىمەك، بوۋىمىزنىڭ بۇ تەۋەررۇكىنىڭ ساپ ئالـ تۇن ئىكەنلىكىدىمۇ شەك يوق.

— شۇنداق، خوجام. بۇ تەۋەررۇك ــ ھەزرەتلىرىنىڭ شەك ـ شۈبھىسىز سەئىدزادە ئىكەنلىكلىرىنىڭ روشەن دەـ لىلى، شاھىتى! ئەسھابۇلكەھفكە يېرىم يولىمىزدا قالـ غىنى ئەسقاتىدىغان بولدى ـ دە، بۇ تەۋەررۇكلار!

# ئالتۇن كولدۇرمىلىق ئىشان

ئۇچقۇر ئاتلارغا مىنگەن بىر توپ «سودىگەر» لەر دەڭ ـ سارايلارغا چۈشۈر ـ چۈشمەي تۇرۇپلا «خۇش خەۋەر» يەتكۈزۈشكە باشلايتتى:

— ئالتۇن كولدۇرمىلىق ئىشان كېلىۋاتىدۇ!

— جاناب روسۇلۇللانىڭ 32 ـ نەۋرىسى — خوجا ئىشان خوجام كېلىۋاتىدۇ!

— بۇ ئۇلۇغ زات قوش گۇمبەز دېگەن يۇرتتا بىرلا «سۈپ» دەپ، 40 يىللىق ئەمانىڭ كۆزىنى ئېچىۋېتىپتۇ.

— بەشتوغراق دېگەن مەھەللىدە بۇ ئۇلۇغ زات راستلاپ بەرگەن دېمىدىنى ئىچكەن يەتتە بىمار سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ.

— كالتە قۇيرۇق دېگەن يۇرتتا ساپساق بىر نائەھلى بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ كارامىتىگە ئىشەنمەيتىكەن، شۇ كېچىسى ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ قاپتۇ. ئەھلى جامائەت قارىغۇدەك بولسا، ئۇ بەتبەختنىڭ ھەلقۇمىدا ئەزرائىل تىرنىقىنىڭ ئىزى تۇرغۇدەك.

— بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ نەزەرىگە يولۇققانلار نۇسرەت تاپىدۇ، غەزىپىگە يولۇققانلار دۇئايىبەتكە كېتىدۇ. بۇ زاتنىڭ مۇبارەك دىدارىنى كۆرگەن ۋە ئىجابەتلىك دۇئاسىنى ئالغاندىن بۇيان سەپىرىمىز بىخەتەر بولماقتا، سودىمىزغا بەرىكەت ياغماقتا. سىلەرمۇ دۇئاسىنى ئېلىۋېلىشقا ئالدىراڭلار، بىخۇدلۇق قىلىپ، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماڭلار. بىزمۇ بۇ يۇرتتا بىرقانچە كۈن تۇرۇپ، شۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ دۇئاسىنى يەنە بىر قېتىم ئېلىۋالغاندىن كېيىن يولغا چىقماقچىمىز.

— تونۇيالماي قالماڭلار. بۇ نەۋقىران ئۇلۇغ زات مىنگەن نار تۆگىنىڭ بوينىدا ئالتۇن كولدۇرما بار. بۇ كولدۇرما — ھەزرىتى ئاپئاق خوجامدىن مىراس قالغان تەۋەررۇك!

......

«ئەسھابۇلكەھەب غارى» — تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ تۇيۇق يېزىسى تەۋەسىدىكى غار. موللا موسا بىننى موللا ئەيسا خوجا سايرامى (1836 — 1917) غا ئوخشاش مەشھۇر تارىخچىلىرىمىز تەرىپىدىن «ئەسھابۇلكەھەب تۇيۇقتا دەپ ئېتىقاد قىلىش توغرا ئەمەس، مۇنداق ئېتىقاد قىلغۇچىلار بولسا، خۇددى فىرئەۋن، نەمرۇد، ھامان، قارون ۋە ئۇلاردىن باشقا كاپىرلارغا ئوخشاشلا دوزاختا كىرىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىنغان بۇ جاينىڭ قايسى تارىخىي دەۋردە قانداق سەۋەب بىلەن «ئەسھابۇلكەھەب» ئاتىلىپ قالغانلىقى ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس ئىدى. ھەر خىل سىياسىي سۇيىقەستچىلەر، دىنىي نەيرەڭۋازلار تەرىپىدىن «يېرىم بەيتۇلمۇقەددەس» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋېتىلگەن بۇ جاي — ئەقىل چىرىغى ئۆچۈرۈۋېتىلگەن نادان خەلقنىڭ مۇقەددەس تاۋاپگاھى ئىدى. قاتمۇ قات كۈلپەت تاغلىرى ئاستىدا يەنچىلگەن جاپاكەش خەلق پۈتۈن يىللىق مېھنەت ھوسۇلىنىڭ كۆپ قىسمىنى سەدىقە قىلىش بەدىلىگە بۇ غارنى بېسىپ ياتقان «ئەسھابۇلكەھەب» ئىسىملىك ئۇلۇغ زاتتىن خەيرخاھلىق، باشپاناھلىق، نىجاتلىق تىلەيتتى. بۇ يەرنىڭ تەييارتاپ شەيخ، ھارامزادە چىراغچىلىرى — بىچارە خەلقنىڭ پىغانلىق ياشلىرىدىن ھاسىل بولغان قانلىق دېڭىزدا بەھۇزۇر يايراپ، سەمرىپ كەتكەن يىرتقۇچ لەھەڭلەرنىڭ دەل ئۆزى ئىدى! ئۇلار ئىسلامىيەتتىن

ئۆلگىرى بىر - بىرىدىن سەت — بەتتەيۋەت لاي بۇت،
تاش بۇت، تۆمۈر بۇتلارغا ماكان بولۇپ كەلگەن بۇ كى-
چىككىنە غارنى خۇدانىڭ كالامىدا زىكرى قىلىنغان «ئەس-
ھابۇلكەھەب غارى» قىلىپ زىننەتلەش ئۈچۈن ھەر كۈنى
ھەر خىل ئەپسانىلەرنى توقۇپ چىقىشاتتى. بۇ جاينىڭ
ھەقىقىي سىرىنى مۇكەممەل ئىلمىي دەلىللەر بىلەن ئېچىپ
تاشلىغۇچى دانىشمەنلەرنىڭ ھاياتلىق يىلتىزىغا پالتا چا-
پاتتى. تىكلىۋېلىنغىنىغا 50 يىل توشمىغان «قۇيرۇق-
لۇق مازارخوجام» نىڭ سىرىنى ئېچىش شۇنچە ئېغىر ئا-
قىۋەتلەرنى تەۋەللۇت قىلغان يەردە، بۇ جاينىڭ ھەقىقىي
سىرى ھەققىدە سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟

بۇ يەرگە كېلىدىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ
مەقسەت - مۇددىئاسى تاۋاپ قىلىش، ساۋاب تېپىش ئىدى.
ئۇلار ئاتىغانلىرىنى سەدىقە قىلاتتى - دە، دۇئا - تىلاۋەت-
لىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىنلا، ئاز - تولا ئۈمىدلەنگەن
ھالدا كېتىپ قالاتتى. بۇ يەرنىڭ داشقاينىقلىرىنى سىغى-
نىپ كېلىدىغان گال ئاۋارىلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئۇ-
لار خالىغانچە داشقايناق ئىچىپ، ئۇدۇل كەلگەن يەردە
ئېغىناپ يېتىش بىلەن كۈننى كەچ قىلغىنىغا خۇش ئىدى.
بىزنىڭ خوجا ئىشانىنىڭ كېلىش غەرىزى بولسا، ھەممىمىز-
گە ئايان.

«ماختانغىلى يات يەر ياخشى» دېگەن گەپنى ياددا
چىڭ ساقلىغان ياش ساختىپەز قەشقەر شەھىرى تەۋەسى-
دىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۆزىنى «سەئىدزادە خوجا ئىشان»
دەپ رەسمىي جاكارلىدى. ئۇ مىنگەن نار تۆگىنىڭ بوينىغا

ئاشقان توققۇز ئەر، 13 مەزلۇم بار، بىلەمسىلەر؟
ئۆز يۇرتىغا ئەمدىلا ئاياغ باسقان بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ كارامىتىگە ھەيران قالغان سورۇن ئەھلى بىر ھازاغىچە زۇۋان سۈرەلمەي قالاتتى.
— يۇرتۇڭلاردىكى مۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ مۇنچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىلەر؟ دۇرۇس، سىلەر بىلمەيسىلەر. چۈشۈمدە زاھىر بولغان ئالامەتلەردىن قارىغاندا، يۇرتۇڭلاردىكى قەدىمىي توغراقلىقتا 1000 ياشلىق توغراقتىن بىرى بار. جىمى ھېكمەت ۋە مۆجىزە — ئەنە شۇ توغراقنىڭ قوينىدىكى ئەڭگۈشتەردە.
سورۇن ئەھلى تەۋرەپتتى. قېرى توغراق قوينىدىكى «ئەڭگۈشتەر»نى كۆرۈشكە ئالدىراپتتى.
— تەخىر قىلىڭلار، — دەپ ئاگاھلاندۇراتتى خوجا ئىشان، — بۇ ئەڭگۈشتەرنى رامىزاننىڭ 17 - كۈنى ناماز بامداتتىن بۇرۇن پاكى روزى ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرى ھېيت نامىزى مەزگىلىدە كۆرۈشكە بولىدۇ.
يۇرت كاتتىلىرىدىن بىرنەچچىسى بۇ «ئەڭگۈشتەر»نىڭ ئۆز ئىلكىدە بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بەزى كىيسەلمەن كىشىلەر ئۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن شىپاھ تېپىپ، ساقىيىپ كېتىشكە ئالدىراپتتى. بەزىلەر ئىشان خوجامنىڭ سۆزىنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلىشكە قىزىقاتتى. شۇ كېچىنى ئۇلار قېرى توغراق ئەتراپىدا تالاش - تارتىش، جېدەل - ماجىرا بىلەن ئۆتكۈزەتتى. تاپقان «ئەڭگۈشتىرى» رەڭلىرى ئۆچۈپ، ئوقۇغۇسىز ھالغا يەتكەن بىر كىتاب بولۇپ

چىقاتتى. ئۇلار ئەجەل ۋەھىمىسى ئىچىدە بۇ ۋەقەنى ئاش-
كارا قىلاتتى.

— چۈشۈمدە ئايان بولغان بېشارەتلەردىن قارىغاندا، —
تەھدىت تەلەپپۇزى ئارقىلىق ئەزرائىلنىڭ قارا كۆلەڭگىسى-
نى خەلقنىڭ كۆزىگە كۆرسىتەتتى، خوجا ئىشان، — بۇ
كىتاب — خۇدانىڭ مەرھەمىتى ئىدى. بىمەھەل، ناپاك
قول تەگكۈزۈلگەنلىكىنىڭ كاساپىتىدىن پۈتۈكلەر ئۆچۈپتۇ.
دېمەك، نۇر ۋە نۇسرەت يۇرتتىن كۆچۈپتۇ.

«گۇناھكارلار» تىزلىناتتى، ئاھ ئۇراتتى، يۇرت ئەھلى
يالۋۇراتتى:

— بىزنى بۇ ئازاب - كۈلپەتتىن خالاس ئەتسىلە،
خوجام.

خوجا ئىشاننىڭ جاۋابى بىر ئېغىزلا ئىدى:

— «سەدىقە بالانى يە، تۆۋە گۇناھنى.»

خوجا ئىشان ئىككىنچى يۇرت تەۋەسىدە ئۇيۇشتۇرغان
تۈنجى قېتىملىق مەدداھلىق سورۇنىدا باشقىچە بىر سوئالنى
ئوتتۇرىغا قوياتتى:

— ئەي غاپىللار، گۇناھكار بەندىلەر، يۇرتۇڭلاردا
ئۆلۈم - يېتىم، ئاغرىق - سىلاق نېمانچە كۆپ؟ بۇنىڭ
سەۋەبىنى بىلەمسىلەر؟

سورۇن ئەھلى بۇ گەپنىڭ راستلىقىغا ئىشىنەتتى.
لېكىن ئۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدە سۆزلەشكە ئامالسىز ئىدى:

— چۈشۈمدە ئايان بولغان بېشارەتلەرگە قارىغاندا، —
خوجا ئىشان خېلىغىچە كۆز يۇمغاندىن كېيىن داۋاملاشتۇ-
راتتى، — ھۆرمەتلىك ئىمامىڭلار ئىبلىسنىڭ قولى ئارقىلىق

كۆمۈلگەن قانداقتۇر بىر ھارام مەخلۇقنىڭ ئۇستىخىنى ئۈستىگە سەجدە قىلىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن نامىزىڭلار راۋا ئەمەس، تىلىكىڭلار ئىجابەت ئەمەس. سىلەر ئۆلۈم ـ يېتىم، ئاغرىق ـ سىلاق، بەختسىزلىكلەردىن خالىي ئەمەس.

كىشىلەر جامە مېھرابى ئاستىدىن بۆرىنىڭ ياكى ئىتنىڭ قۇيرۇقى ياكى ئېشەكنىڭ پايخىنىنى تاپاتتى. «بالا ـ قازادىن خالاس بولغان» خەلقلەر بۇ ئاجايىپ كارامەت ئىگىسىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشقا ئالدىرايتتى.

خوجا ئىشان بىر يۇرتنىڭ مەلۇم مازىرىدا خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىسلەتلىك ھاسىسى بارلىقىنى ئېيتسا، يەنە بىر يۇرتنىڭ بەلگىلىك جايىدا ھەزرىتى ئەلى مىنگەن دۇلدۇلنىڭ بىر جۈپ تاقىسى بارلىقىنى ئېيتاتتى. ئىزدەپ كەلگەن كىشىلەر راستتىنلا غەلىتە ھاسا، ئاجايىپ يوغان تاقىلارنى تاپاتتى. ئالتۇن كولدۇرمىلىق ئىشاننىڭ شان ـ شۆھرىتى كۈنسېرى ئۆسەتتى. جۇل ـ جۇل كىيىملىك يالڭاياغ قەلەندەرگە پۇچۇق نان بېرىشنى ئېغىر ئالىدىغان نى ـ نى پىخسىقلارمۇ شۆھرىتى ئالەمنى بىر ئالغان، سۆلتىنى ھارۋا تارتالمايدىغان بۇ دەبدەبىلىك تىلەمچىلەر ئالدىغا پەتنۇس ـ پەتنۇسلاپ ئاق تەڭگە تۆكۈشكە مەجبۇر ئىدى. چۈنكى، بۇ ئالدامچىلار ئۆز خوجىسىنى جەننەتكە يولخېتى كەسكۈچى پەۋقۇلئاددە تولۇق ھوقۇقلۇق پەرىشتە، ئۆزلىرىنى بولسا، جەننەتنىڭ دەرۋازىۋەنلىرى قىياپىتىدە تەسۋىرلەيتتى. جەننەتنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى بىلەن ئالداپ، دوزاخنىڭ ئازاب ـ مۇشەققەتلىرى بىلەن قورقۇتاتتى. يارامىلىق ئاتقا مىنىپ كېتىۋاتقان بىرەر سادا ئىنسانىنى

ئۇچراتقان ھامان سېيىت دەرۋىش ئۇنىڭ سورايتتى.

— مۆھتەرەم سەئىدزادە ھەزرەتلىرى، بۈگۈن كېچە چۈشلىرىدە ئايان بولغان ئالتۇن قاناتلىق دۇلدۇل مۇشۇ ئەمەسمىكىن؟

— قۇلىقىدىن تارتىپ قۇيرۇقىغىچە دەل ئۆزى شۇ!

— ئەي، مال ئىگىسى، ئاڭلىدىڭمۇ؟ — خىتاب قىلاتتى سېيىت دەرۋىش، — بۇ جانىۋار سەئىدزادە ھەزرەتلىرىنىڭ نەزىرىگە يولۇقتى. بۇ — ساڭا كەلگەن ئامەت. دەرھال سەدىقە قىلىپ، دۇئاسىنى ئال! دىلىغۇلدا بولما، ئىككىلەنمە، دۇئايىتىبەتكە كېتىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلە!

مال ئىگىسى نېمە قىلارىنى بىلمەي قالاتتى. خوجا ئىشان دۇئاغا قول كۆتۈرەتتى:

— روزى مەھشەر كۈنلىرى ئاسمان ئوتتىن، زېمىن چوغدىن بولغاندا، جاناب ئىمام ھەسەن، ئىمام ھۈسەيىنلەرنى جىسمىدىن جۇدا قىلغان كەربالا دەشتىنىڭ ئاتەشلىرى ھەلقۇمىڭدىن بوغۇپ، نەپەس ئېلىش لەززىتىدىن مەھرۇم قىلغاندا...

30 نەچچە دەرۋىش يىغىرىقىنى ۋەقە - ھادىسىلەرنى دەل مۇشۇ مىنۇتتا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، تۆۋە - ئىستىغپار قىلىشىپ تۇراتتى. خوجا ئىشان داۋاملاشتۇراتتى:

— قىلىچتىن ئۆتكۈر، قىلدىن ئىنچىكە پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئامالسىز بولۇپ تۇرغىنىڭدا، كەمىنە سەئىدزادىگە نەزىر قىلىنغان ئۇشبۇ جانىۋار سېنى تۈمەن مىڭ غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتىكى ۋەيلۇن دوزاخ تەكتىگە

چۈشۈپ كېتىش قىسمىتىدىن ئامان - ئېسەن ساقلاپ، جەننەتۇلپىردەۋسنىڭ نازۇنېمەتلىك قۇچىقىغا ئۇدۇللا ئەكىرىپ كەتكەي، ئىلاھە ئامىن!

— ئامىن - ئامىن! — دەپ تەكشى قول كۆتۈرەتتى 30 نەچچە دەرۋىش. مال ئىگىسى ئۆز جانىۋارىنى ئىختىيارسىز سەدىقە قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇنداق قىلمايدىكەن، يەتتە كۈن ئىچىدە بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىماي قالمايتتى. (خوجا ئىشانىنىڭ يوشۇرۇن قەست قىلغۇچى مەخسۇس ئادەملىرىنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلەتتى!) تىلەمچىلەر قوشۇنى يۇرت كەزگەنسېرى تولۇقلىنىپ، كېڭىيىپ، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك تۈس ئالاتتى. خوجا ئىشان دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە، سەرلەپ ئالتۇن، جىڭلاپ كۈمۈش، جۈپلەپ ئات - تۆگە ھەققىدە ئېغىز ئاچاتتى. ئالتۇن ۋە ئالتۇن جابدۇقلاردىن غەيرىي ئولجىلارنىڭ كۆپچىلىكىنى ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ، «ئەسھابۇلكەھەب غارى» ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، ئەگەشكۈچىلىرى يۈزدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. خوجا ئىشان يول بويى تاپقان - تەرگەنلىرىنىڭ بىر قىسمىنى بۇ يەرنىڭ شەيخلىرىگە سوۋغا قىلدى.

— مۆھتەرەم بوۋىڭىز ھىدايىتىللا ئىشان خوجىمۇ بۇ مۇقەددەس جاينى تاۋاپ قىلىپ كەتكەن، — خوجايىنلارچە كىبىرى بىلەن قارشى ئالدى ئۇلار، — بىر ھەزگىل زىيارەت ۋە تىلاۋەتتە بولۇشىڭىزغا ئىجازەت.

بۇ يەرنىڭ شەيخلىرى مول تەجرىبىلىك مۇغەمبەرلەردىن ئىدى. ھەرقانداق كىشىنىڭ بۇ يەردە ئىززەت - ئىنا-

ۋەت تېپىپ كېتىشىگە، ئۆز مەنپەئەتىگە تەڭ شېرىك بو-
لۇۋېلىشقا يول قويمايتتى. ئۇلار خوجا ئىشان مۇرىتلىرى
ئىچىگە ئۆز ئادەملىرىنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ
غەرەز - قەستىنى بىلىۋالدى - دە، تەقىب ئاستىغا ئالدى.
ئۆچ - ئاداۋەت ئۇلغايدى. كالتەك - چوماقلار ھەرىكەتكە
كەلدى. مۇرىت - مۇخلىسلىرىنىڭ بىر قىسمىدىن ئايرىلىپ
قالغان خوجا ئىشان قۇمۇل تەرەپكە مېڭىپ، شامەخسۇت
چىڭۋاڭنىڭ ئايىغىغا باش قويۇشقا مەجبۇر بولدى:

— ئەي، ئالەمپاناھ چىڭگاڭ ئاتا، مۆھتەرەم بوۋام
ھىدايىتىللا ئىشان خوجام ئۇشبۇ قۇمۇل دىيارىدا تۇغۇلغان،
جانابلىرىنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك ئەجدادلىرىنىڭ چەكسىز
خەيرخاھلىقى ۋە ئاتىدارچىلىقىنىڭ سايىسىدە ئۆسۈپ كاما-
لەتكە يەتكەن. شۇ مۆھتەرەم زاتنىڭ نەسلى بولمىش كەمىنە
قۇللىرىمۇ شۇنداق خەيرخاھلىق ۋە ئاتىدارچىلىققا
موھتاجدۇر.

— بىۋىڭىز ھىدايىتىللا ئىشان خوجا پۈتۈن ئۇيغۇر
ۋەتىنىنى غالدان قۇنتەيجىنىڭ ئالقىنىغا سېلىپ بېرىش
بەدىلىگە ئاپئاق خوجىلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن...

— شۇنداق، چىڭگاڭ ئاتا.

— تۆمۈر ئىسىملىك قورايلىق ياغاچچى سەلتەنەتلىك
تەختىمگە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ، ھاياتىمغا تەھدىت سېلىۋا-
تىدۇ. ئۆز ئابرويىڭىز ۋە تەسىرىڭىز ئارقىلىق پۈتۈن قۇمۇل
تەۋەسىدىكى بەش شەھەر، 12 تاغنى يېڭىباشتىن
ئالقىنىمغا كىرگۈزۈۋېلىشىمغا ياردەم بېرەلىسىڭىز...

— پۈتۈن كۈچ - قۇدرىتىم ۋە ئەقىل - پاراسىتىمنى

ئەسەرۇپ ئەيلىگەيمەن. بارلىق مۇرىت - مۇخلىسلىرىمنى بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا سەپەرۋەر قىلغايمەن، چىڭگالىڭ خوجام.

— مۇرىت - مۇخلىسلىرىڭىزنى قانچىلىك كۆپەيتسىڭىز شۇنچە ياخشى. ئۇلارنىڭ بارلىق خەج - خىراجىتى ئوردىدىن، — سېخىي ئالقىنىنى كەڭ ئېچىۋەتتى قىيىن ئەھۋالدا قالغان شامەخسۇت، — قېنى، ئىشقا كىرىشىڭ!

خوجا ئىشان «ئەسھابۇلكەھەب» قەبرىگاھىنى نەچچە يىل تاۋاپ قىلىپ، ھەددى - ھېسابسىز ساۋابقا ئېرىشكەن ئۇلۇغ زات، ئەۋلىيالىق مۇقامىغا يەتكەن سەئىدزادە سۈپىتىدە مەدداھلىق سورۇنىنى ئىگىلىدى. 70 - 80 مۇرىت ھۆكمەت ئېيتىپ، جەزە سېلىپ، ئۆز خوجىسى ئەتراپىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ بولغۇچە، نەچچە يۈز ئاڭلىغۇچى - تاماشىبىن مەيدانغا تولاتتى. مۇرىتلار ئاجايىپ - غارايىپ جەڭنامىلەرنىڭ بىرەر بۆلىكى ئاياغلىشىش بىلەن تەڭ «يائاللا، ياھەزرەت، يارەھىم، يارززاق» دەپ يىغا - زار قىلىشىپ كېتەتتى. خوجا ئىشان دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە، شاھ - سۇلتانلارغا ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنۇشنىڭ «ۋاجىپ»، قارشىلىق كۆتۈرۈشنىڭ «ئېغىر گۇناھ» ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا شەرھلەيتتى. قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قاتناشقان پەرزەنت ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى نەسىھەت ئارقىلىق تاغدىن قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ «ساۋابى» ھەققىدە گەپ ساتاتتى. ئۇنىڭ خەلق قوزغىلاڭچىلىرى ئىچىگە ئاشكارا - يوشۇرۇن ھالدا كىرگۈزگەن مۇرىت - مۇخلىسلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلار زىچ بىرلەشكەن خەلق قوزغىلاڭچى قوشۇنىنى بۆلۈش - پارچىلاش،

ئومۇميۈزلۈك سۆلھ تەلەپ قىلىش پىكىر ئېقىمى پەيدا قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش بىلەنلا قالماستىن، ئۆز خوجايىنلىرىغا مەخپىي مەلۇمات يەتكۈزۈپ تۇراتتى. پېشقەدەم يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» رومانىدا سۈرەتلەنگەن «جاھان كېزەر دەرۋىش» — خوجا ئىشاننىڭ يەكچەشمە دادىسىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى!

سەلتەنەتلىك خەلق قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرغۇزۇشتا تېگىشلىك خىزمەت كۆرسەتكەن خوجا ئىشان ئۆزى تەمە قىلغاندەك چوڭ ئىلتىپاتقا ئېرىشەلمەي قالدى:

— مالىمانچىلىقلار تۈپەيلىدىن خەزىنىمىز قۇرۇقدىلىپ قالغاچقا، سىزنى تولۇق رازى قىلالمىدىم، — دېدى شامەخسۇت چوڭ لىپاپىنى ئۇزىتىپ، — ئۇنتۇلماس تۆھپىلىرىڭىز مەكتۇپتا ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلدى. ياڭ جاڭجۈن ئالىيلىرىنىڭ شاھانە ئىلتىپاتىغا مۇشەررەپ بولغايسەن.

چەكسىز ئۈمىد ۋە چوڭ تەمە بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلگەن غوجا ئىشان كۆپ قېتىملىق ئۇرۇنۇشلاردىن كېيىن، جاللات ياڭ زېڭشىنىڭ قانلىق تاپىنىنى تاۋاپ قىلىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدى. ئۆز تۆھپەمنى قانچىلىك مۇبالىغە قىلالىسام، شۇنچە چوڭ ئىنئامغا ئېرىشىمەن دەپ خام خىيال قىلغان بۇ بەندە دېيەرلىك ئىلتىپاتقا ئېرىشەلمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى «غەلىبە مېۋىسى»گە ھېچكىمنى يېقىن يولاتمايدىغان تەكەببۇر ياڭ زېڭشىنغا ياقمىغانىدى. يوڭ قەلەم بىلەن بىرنېمىلەرنى يازدى - دە، خوجا ئىشانغا ئۇزارتتى:

— بۇنى قەشقەردىكى ما قۇشىغا تاپشۇرساڭ، كاتتا ئىنئام ئالىسەن.

خوجا ئىشان ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە، دۆلەت قۇشى كىمنىڭ بېشىغا قونسا، شۇ كىشى ئۆلكەن پادىشاھنىڭ ئاجۇتەختىگە ئىگە بولىدىغان ۋەقە تەسۋىرلەنگەن چۆچەكنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغان ۋە «شۇ دۆلەتتە بولۇپ قالسام، ئاشۇ قۇش مېنىڭ بېشىمغا قونسا...» دېگەن ئوي — خىيالدىمۇ بولغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ قولىدا ياڭ جاڭجۇن ئالىلىرىنىڭ خېتى، ياق، ئالىي ئەمر — پەرمانى تۇرۇپتۇ. دۆلەت قۇشى قونغان دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟...

## باشپاناهسىز قول

پەيشەنبە — قەشقەر شەھرىدە بازار بولىدىغان كۈن. توپ — توپ بۇلۇتلار شەھەر سېپىلى ئۈستىدە لەيلەپ يۈرەتتى. يۇرت — يۇرتتىن كەلگەن بازارچىلار بەش چوڭ دەرۋازا ئارقىلىق شەھەرگە قاراپ ئاقماقتا ئىدى. ھەزرەت تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاسمان — پەلەك چاڭ — توزان كەلگۈنى ھەممىنى ھەيران قالدۇرماقتا، تەشۋىشكە سالماقتا ئىدى:

— نېمە كارامەتتۇ بۇ؟

ئاچچىق چاڭ — توزانلار كەلگۈنى ئىچىدە شاۋقۇن — سۈرەن بىلەن كېلىۋاتقانلار خوجا ئىشان ۋە ئۇنىڭ مۇرىت — مۇخلىسلىرى ئىدى. سەپ ئالدىدا ئالتۇن كولدۇرمىلىق نار تۆگىگە مىنگەن خوجا ئىشان، ئارقىسىدا يۈز ئەللىكتەك سوپى — دەرۋىش، ھەربىر سوپى دەرۋىشنىڭ قولىدا بىر —

دىن قەپەس، قوشۇقلۇق ياكى ئۇستىگە تور يېپىلغان سېۋەت. ھەر قەپەس ـ سېۋەتتە ئون ـ ئون بەش ئاق قۇشقاچ، سوپى ـ دەرۋىشلەر بىلەن ئەگەشكۈچى ئامما ئوتتۇرىسىدا چىرايلىق بېزەلگەن ۋە ئالدى تەرىپىگە پەردە تارتىلغان ئۈچ دانە مەپە. سوپى ـ دەرۋىشلەر قەپەس ـ سېۋەتلەرنى بىردەم باشتىن ئېگىز كۆتۈرسە، بىردەم ئوڭ ـ سولغا ئايلاندۇراتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قەپەس ـ سېۋەتلەر بىلەن بىللە چۆگىلەپ جەرە سالاتتى:

ھەزرىتى تىنەي جاناب، ھۇم،
يارلىقى ئايەتكە باب، ھۇم.
بۇ ئۇلۇغ زات باشپاناھ، ھۇم،
بولمىسا ئەل ـ يۇرت خاراب، ھۇم.
بولمىسۇن ئەل بەختىگە، ھۇم،
بۇ جاناب بىمار ـ بىتاب ھۇم.
ئەيلىدۇق تەكبىر ـ دۇئا، ھۇم،
قىبلىگە ھەرئان قاراپ، ھۇم.
ھەزرىتى تىنەيگە خاس، ھۇم،
بۇ دۇئا تەكبىر، ساۋاب، ھۇم.
شۆھرىتى ھاتەم كەبى، ھۇم،
ئەل ئارا كەتسۇن تاراپ، ھۇم.
ھۇۋى ئاللا ھۇم...

ياڭزىڭشىننىڭ «ئالىي يارلىقى» نى ئېلىپ، مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، زور داغدۇغا بىلەن يولغا چىق-

قان خوجا ئىشان قەشقەرغە يېقىنلاشقاندا، توپ ـ توپ كىشىلەرنىڭ بۇ ئەزىزانە يۇرت تەۋەسىدىن قېچىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— تۇلۇمچاشقان — ما تىتەي ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، — دەپ شىكايەت قىلىشتى بۇ باشپاناھسىز سەرگەردانلار، — ھاياتلىق كېمىمىزنى تەۋەككۇل دەرياسىغا سېلىپ، رىزقى ـ نېسىۋىمىز چېچىلغان تەرەپكە قاراپ ئاقماقتىن بۆلەك ئامالىمىز قالمىدى!

ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى. ھەددىدىن زىيادە كۆپ ۋە ئېغىر ئالۋان ـ ياساق، باج ـ سېلىقلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتقان جاپاكەش خەلق ئۈستىگە موم سېتىۋېلىش مەجبۇرىيىتى تېڭىلغانىدى. موم ما تىتەينىڭ زاۋۇتىدا ئىشلەپ چىقىرىلاتتى ۋە پۈتۈن كىرىمى ئۇنىڭ چۆنتىكىگە كىرەتتى. موزدوز ـ ياماقچىدىن تارتىپ، ئاشپەز ـ ناۋاي، تۆمۈرچى ـ مىسكەرگىچە، ھەتتا ئىگە ـ چاقىسىز تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارغىچە ھەممە كىشى موم سېتىۋېلىشقا، يەنە كېلىپ، ئايمۇئاي سېتىۋېلىشقا مەجبۇر ئىدى. بۇ ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرەلمەيۋاتقان خەلقنىڭ شىللىسىگە «قوشقاچ ئالۋىنى» ئىسىملىك غەلىتە يۈك يۈكلەندى. «قوشقاچ مېگىسى جىنسىي زەئىپلىككە داۋا» دەپ ئاڭلىغان ھايۋان تەبىئەتلىك ما تىتەي ئىنسانىيەت ئالىمى ئاڭلاپ باقمىغان بۇ ئالۋاننى خەلققە تاڭغانىدى. بۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلالمىغان بىر تالاي كىشىلەرنى مال ـ بىساتىدىن، پۇت ـ قولىدىن، ھەتتا جېنىدىن جۇدا قىلغانىدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان خوجا ئىشاننىڭ ئىچ ـ ئىچىدە شەيتان قوترىدى.

بۈگۈن ما تىتەيگە بولغان ساداقىتىنى نامايىش قىلماقچى، ياڭ زىكشىنىڭ «ئالىي يارلىقى» نى تاپشۇرۇپ، ئالاھىدە ئىلتىپات ۋە ئىمتىيازغا ئېرىشمەكچىدى.

كوچىغا پاتماي قالغان سوپى - دەرۋىشلەر ئوردا ئالدى - ئەلچىخانىلارنى چاڭ - توزانغا كۆمۈۋەتكەندىن كېيىن، دوتەي يامۇل تەرەپكە قايرىلدى. نار تۆگىسىنى خىزمەتكار مۇرىتىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، كۆمۈش قەپەس كۆتۈرگەن ھالدا پىيادە كېلىۋاتقان خوجا ئىشان قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەر قورشاۋى ئاستىدىكى قارا دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، سەيناغا كىردى. ئۇنىڭ كەينىدىن قەپەس - سېۋەت كۆتۈرگەن سوپى - دەرۋىشلەر بىلەن ياسىداق ئۈچ مەپە، دەرۋىشلەر بار ئاۋازى بىلەن جەرە سېلىپ، سەۋدايىلەرچە پىرقىرىماقتا، يامۇل سەيناسىنى چاڭ - توزان قاينىمىغا غەرق قىلماقتا ئىدى. سوغۇق تەلەت، تەكەببۇر ما تىتەي ئوردا پەلەمپىيى ئۈستىدە پەيدا بولدى. قاش - قاپاق، كۆز چاناق، ساقال - بۇرۇتلىرى توپا - تۇپراق ئاستىدا قالغان ئەرۋاھسىمان بۇ ئادەملەرگە مەسخىرىلىك تىكىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ما تىتەي ھەزرەتلىرى، — سەجدە قىلغاندەك ئېگىلدى خوجا ئىشان.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ما تىتەي ھەزرەتلىرى، — جىمى دەرۋىشلەر تەڭ ئېگىلدى. قەپەس - سېۋەتلەر ئېگىز كۆتۈرۈلدى. خوجا ئىشان نەزمە باشلىدى:

ھەزرىتى تىتەي جاناب،
ھۆكمىڭىز ئايەتكە باب.

سىزنى، ئەي شەپقەتچىمىز،
قىلغىلى كەلدۇق تاۋاپ.

پۈتۈن سوپى - دەرۋىشلەر بۇ ئىمانسىزلىق ئىقرارنامىسىنىڭ ھەربىر مىسراسىغا «ھۇۋۋى ئاللا، ھۇم» نى قېتىپ، جەرە سېلىشقا باشلىدى. ئۇلار قاتتىق يەرگە پېتىپ تۇرغان تىزلىرىنى پۈتكەمەستىن ھەر يانغا تولغىناتتى، قەپەس - سېۋەتلەرنى گاھ ئېگىز كۆتۈرەتتى، گاھ ئۆز ئەتراپىدا ئايلاندۇراتتى.

— خوش، نېمە گەپ؟ — ئورۇق ئىنەكنىڭ يېلىنىدەك خالتىلىشىپ كەتكەن قاپاقلىرى ئاستىدا قالغان كىچىككىنە كۆزلىرىدىن سوغۇق نۇر تارقاتتى ما تىتەي.

— ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىخلاسمەن مۇرىت - مۇخلىسلىرىم بىلەن بىرلىكتە «ئەسھابۇلكەھف» ئارامگاھىدا ئىستىقامەتتە، شامەخسۇت چىڭگۋاڭ ئالىيلىرى بىلەن ياڭ زىڭشىن جاڭجۈن ئالىيلىرى ھۇزۇرىدا خىزمەتتە بولۇپ كەلگەنىدىم. جاناب ئالىيلىرىنىڭ مېھىر - شەپقەت ئاپتىپىدا نۇرلىنىپ تۇرغان ئەزىزانە قەشقەر دىيارىغا قەدەم قويغاندىن كېيىنلا، قوشقاچ تۇتۇش ھەققىدىكى ئەمىر - پەرمانلىرىدىن ۋاقىپ بولدۇم. چەكسىز ساداقەت ۋە شەرتسىز ئىتائەت كەمىرىنى مەھكەم باغلاپ، ئاياغلىرى ئاستىدا ئېگىلىپ تۇرغان كەمىنە قۇللىرىنىڭ ئەرزىمەس سوۋغىسىنى قوبۇل قىلغايلا، — كۈمۈش قەپەسنى ئۇنىڭ قارا سايىسى چۈشۈپ تۇرغان پەلەمپەينىڭ بىرىنچى باسقۇچىغا قويدى. جىمى قەپەس، سېۋەت، قوشۇقلۇقلار ئۈستى - ئۈستىلەپ تىزىل-

دى، — جاناب ئالىلىرىنىڭ تەن سەھەتلىكى ۋە ھۇزۇرى — بىزنىڭ بەختىمىز ۋە مۇرادىمىزدۇر. جانابلىرىنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن.... — خوجا ئىشان يادەك ئىگىلگەن بېلىنى تولغاپ، مەيلەر تەرەپكە ئىشارەت قىلدى. ھەر مەيدىن ئاق پەرىجىلەك ئىككى خوتۇن بىلەن ئوتقاشتەك قىزىل دۇردۇنغا ئورالغان بىر قىز چىقتى. ئالتە خوتۇن ئۈچ قىزنى يۆلەپ، سۆرەپ يېتىلەپ، ماتىتەيىنىڭ ئالدىغىراق ئەكەلدى.

— بۇ ئەززىمەس سوۋغىمىز جاناب ئالىلىرىغا مەزۇر بولسا...، — خوجا ئىشان نارەسىدە قىزلارنىڭ يۈزىنى بىر-بىرلەپ ئېچىشقا باشلىدى. دۇئا قىلىش، ئالداش، تەھدىت سېلىش، مەجبۇرلاش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق قولغا كىرگۈزۈۋې-لىنغان بۇ مەسۇمە دېھقان قىزلىرى ئۆزلىرىنى قانچىلىك ئېغىر قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى، ئەلۋەتتە. ئېگەكلىرى خالتىلىشىپ كەتكەن بەدرەڭ مەخلۇق-نىڭ چىرايىغا كۈلكە ياماشتى. «جانلىق سوۋغا» لارنى مەخسۇس ھۇجرىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشارىتىنى قىلىۋەت-كەندىن كېيىن سورىدى:

— خۇش، ئۆزۈڭ كىم؟ نېمە تەلىپىڭ بار؟

خوجايىننىڭ كىچىككىنە كۆزلىرىمىسىرىشىدىن چەكسىز ئۈمىدلەنگەن بۇ مالاي بىچارىلىك-ناتىۋانلىقىنى دەرھال ئۇنتۇدى:

— بۈيۈك تەڭرى ۋادىسىنى ئۆزىگە قاراتقان، پۈتۈن ئىسلامىيەت دۇنياسىغا شان-شەۋكىتىنى تاراتقان، ھەزرەت تەۋەسىدە ئاسمان-پەلەك گۈمبەزنى قوچاقلاپ ياتقان ئاپئاق

خوجا ئۇنىۋانلىق ئۇلۇغ زات ئەۋلادىدۇرمەن...

ئۇنىڭ كۆرەڭلىكى، مەمەدانلىقىنى ياقتۇرمىغان ما تىتەيىنىڭ چىرايىدا كۈلكىنىڭ ئەسىرى قالمىغانىدى. «پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلار ـ قىلماي تۇرۇپلا يوغانچىلىقىنى ئۇنىڭ!»

— مال ـ دۇنيا، مەنسەپ ـ ئەمەل دېگەنلەرگە نەزەر ـ گۈزىرىنى سالمايدىغان، پانىي دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغەتلىرىگە ھەۋەس قىلمايدىغان تەركىدۇنيا دەرۋىشمەن. مۆھتەرەم بوۋىلىرىمنىڭ مۇبارەك ئىزلىرىنى تاۋاپ قىلىپ، چىرىغىنى ياندۇرۇپ ئۆتمەكتىن غەيرىي مۇددىئايىم يوق.

— ياخشى مۇددىئا، — تەستىقلىدى ما تىتەي.

— مۇبادا، جاناب ئالىلىرى ئۆز خىزمىتىگە مۇناسىپ تاپسا ۋە مەرھەمەت قىلسا...، — تەمە خالتىسىنى ئاچتى خوجا ئىشان.

خوجا ئىشان قەشقەر تەۋەسىگە قەدەم بېسىشتىن بۇرۇنلا «ئالتۇن كولدۇرمىلىق ئىشان كېلىۋېتىپتۇ، — دەپ ئاڭلىغانىدي ما تىتەي، — مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى بىرەر مىڭغا يېتەر ئىمىش، مال ـ دۇنياسى ھەددى ـ ھېسابسىز ئىمىش.» «بىرەر مىڭ مۇرىت ـ مۇخلىس ئاز كۈچ ئەمەس، — دەپ تەشۋىشلەنگەنىدى ئۇ، — قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن بىرقانچە مىڭغا يېتىپ قالىدىغان بولسا!...» ئۇلار ھەزرەت تەۋەسىگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھېچقانچە ئەمەلىي كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكىنى بىلگەن ۋە خاتىرجەم بولغانىدى. ئۇلارنىڭ بۈگۈن سالام ـ تەزىمگە كىرىدىغانلىقىدىنمۇ خەۋەر تاپقان ۋە بىرەر مىڭ سەر ئالتۇن تەمە

قىلىغانىدى. بۈگۈنكى سوۋغىلار ئۇنىڭ نەزەرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. ئەڭ مۇھىمى، قەشقەر — قەدىمىي شەھەر، مۇزەككەپ شەھەر. بىرقانچە چوڭ دۆلەتنىڭ ئەلچىخانا، ۋەكالەتخانا، دوختۇرخانا، سودا - تىجارەت ئورگانلىرى بۇ يەردە قەد كۆتىرىپ تۇرۇپتۇ. ئاتاقلىق قەشقەر بايلىرىنىڭ ئالاقە دائىرىسى بىرنەچچە دۆلەتكە چېتىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچكى - سىرتقى تەسىرىگە، ئەمەلىي كۈچ - قۇدرىتىگە سەل قارىغان ھەرقانداق ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدار ئۇزۇن مۇددەت پۇت تىرەپ تۇرالىغان ئەمەس. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرىنى «خوجا ئەۋلادى» دەۋالغان «ئۇلۇغ زاتلار» ئاز ئەمەس. بەزىلىرىنىڭ نوپۇز - ئابرويى چوڭ، مۇرىت - مۇخلىسلىرى كۆپ، تەسىر دائىرىسى كەڭ. خوجا ئىشاندەك تېگى - تەكتى مەلۇم بولمىغان بىر شەخسكە ھوقۇق - ئىمتىياز بېرىۋېتىدىغان بولسا...

ما تىتەي سوغۇققىنا جاۋاب بەردى:

— شاھانە ئوردىدىن قەبرىگاھىنى، شاھ خىزمىتىدىن ئىستىقامەتنى ئەلا بىلىدىغان بىر تەركىدۇنيا دەرۋىش ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس جاي — يەنىلا تىلاۋەتخانىدۇر.

خوجا ئىشانىنىڭ ئەمە خالتىسىغا تاش - تۇپراق تولغانىدى، «ھۇ، قېرى قاقباش! — دەپ غۇدۇرىدى ئىچىدە، — شۇنچە ئىخلاس - ئەقىدەمگە بەرگەن جاۋابىڭ شۇمۇ تېخى؟ ياڭجاڭجۇن ئاتىلىرىنىڭ مەخسۇس مەكتۇپىنى كۆرمىگۈچە ھوشۇڭنى تاپمايدىكەنسەن - دە!»

مەخسۇس مەكتۇپ، خوجا ئىشانىنىڭ نەزەرىدە، قىنىدىن سۇغۇرۇلغان بىر قىلىچ ئىدى. بۇنى كۆرگەن ما تىتەينىڭ

يۇمۇق كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ كېتەتتى. «ئەپۇ قىلىڭ سەئىدزادە، — دەپ يالۋۇراتتى ئۇ، — شەيتىنىم سىزنى كىچىك كۆرستىپ قويۇپتۇ. خالىسىڭىز، يېنىمدا قېلىڭ، پېقىرغا باش مەسلىھەتچى بولۇڭ، ئەقىل ئۆگىتىپ تۇرۇڭ.» بىراق، بۇ «قىلىچ» نى ئۇنىڭ مەنسىتمەيدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ ئۆزىنى «مۇستەقىل خاقان» ھېسابلايدىغان تەكەببۇر ما تىنەي ھۆكۈمرانلىق تەختى تەۋرەپ قالغان ئۇرۇمچى جاڭجۇنىنىڭ بىر پارچە قۇرۇق خېتىگە پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتى، ئەلۋەتتە.

قەھرلىك چاقماق قاتمۇقات بۇلۇت كۆكسىنى يېرىپ ئۆتتى. ھەيۋەتلىك گۈلدۈرماما سادىسى ئاسمان ئۆلكىسىنىڭ بىپايان سۇ ئامبىرىنى چاك - چېكىدىن بۆسۈۋەتتى.

— كېتىۋەر، — دېدى ئالدىراپ قالغان ما تىنەي، — لازىم تېپىلغاندا چاقىرتىمەن.

ئىززەت - ئابرويى يەكسان قىلىنغان خوجا ئىشان دېمىسە بولمايدىغان مۇھىم گېپى ئەمدىلا يادىغا كەلگەندەك، ئالدىغا تەمشەلگەنىدى، ئىشىكلىك مىلتىق تۇتقان مۇھاپىزەتچىلەر توسۇۋالدى:

— يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ قايت! — ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋالغان دەرۋىشلەرگە ۋارقىرىدى، — ھەرقايسىڭنىڭ پاناھلىنىدىغان يېرىمدى بۇ؟ قايتىش!

— خوجام، يېغىۋاتقان يامغۇرنى كۆرۈۋاتقانلا؟

— پۇچۇق گۇمبەز، ئوچۇق گۆرلىرىڭنى تېپىشىۋالمامسەن تېزرەك!

يواۋاستەك ھەيۋە بىلەن ئوۋغا چىقىپ، ئېچىرقاپ هالى قالمىغان نىمجان تۈلكىدەك قايتقان خوجا ئىشان ئۇزاق تۈنلەرنى ئۇيقۇ - ئارامسىز ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. زىققا كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا يەتكەن بىماردەك ھا- سىرايتتى، تولغىناتتى، ئويلىناتتى: ئاھ، باشپاناھسىز قۇل هالىغا چۈشۈپ قالدىمغۇ مەن؟ يېقىنلاشقىلى، ئىشەنچىگە، خەيرخاھلىقىغا ئېرىشكىلى بولماسمۇ ئۇ قېرى قاقباشنىڭ؟ ساتالمىغان ئاق - قارا مۈلكلىرىدىن 2 - 3 مىڭ تۈۋاق سېتىۋالسامچۇ؟...

## سەللە ئىچىدىكى سەلىپ

زاۋال ۋاقتى. ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ھەيۋەتلىك مۇنارى ئۈستىدىكى كۈمۈش رەڭ ئاي - يۇلتۇزلار قان رەڭگىگە كىرگەن. ھەزرەت تەرەپتىن كېلىۋاتقان مىس كولدۇرمىلىق ئات هارۋا تۈمەن دەرياسىنىڭ ياغاچ كۆۋرۈكىدىن ۋە ئاۋات بازار - گۈزەردىن ئۆتۈپ، يارباغ تەرەپكە قايرىلدى. چاقىغا قالپاقسىمان تۆمۈر مىخلار قېقىلغان هارۋا كاتاڭلاردا سىلكىنمەكتە. بورانلىق دېڭىزدىكى قولۋاقتەك گاھ ئۇ يانغا، گاھ بۇ يانغا چايقالماقتا.

هارۋا ئۈستىدە ئىككى كىشى: بىرى، باش - كۆزىگە داكا يېپىلغان، قېلىن يوتقان بىلەن چۆمكۈۋېتىلگەن. هارۋا شۇنچە قاتتىق سىلكىنسىمۇ، چايقالسىمۇ ئۈن - تىن چىقارمىغىنىغا قارىغاندا، سەكرات ئازابى تارتىۋاتقان

بىزۋۋان كېسەل بولسا كېرەك: ئاق پەرىجە چۈمبەللىك يەنە بىرى ئۇنىڭ ئانىسى ياكى خوتۇنىمىكىن، مۇسىبەت تەشۋىشى ئىچىدە زۇۋانى تۇتۇلۇپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئۇن - تىنىسىز مۇكچىيىپ ئولتۇرىدۇ.

ئات هارۋا يارباغ دەرۋازىسىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، كۆنىپىيتىش تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. سول تەرەپتە سىپىل، ئوڭ تەرەپتە ئىنگلىز، پەرەڭ، هىندى، ئافغان سودىگەرلىرىنىڭ پىششىق خىشلىق رەت - رەت دۇكانلىرى. ئاق پەرىجە - چۈمبەللىك «خوتۇن» بوينىنى تولغاپ، ئۇ يان - بۇ يانغا قارىدى. يېقىن ئەتراپتا ئادەم قارىسى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن سەل - پەل ئېگىشىپ، بىهوش قىياپىتىدە ياتقان «بىمار» غا پىچىرلىدى:

— ئىنگلىز - پەرەڭ ئەلچىخانىسىدىن ئۆتتۇق.

تىلىسىز «بىمار» تىلغا كىردى:

— تېزرەك!

— ماقۇل، خوجام، — قامچىسىدىن قاس چىقاردى هارۋىكەش، — چۇ!...

بوز يورغا سۇۋادان تېرەكلىك سەمەن يولىدا بىردەم يورغىلىغاندىن كېيىن جەنۇب تەرەپكە قايرىلدى - دە، يۇمىلاقشەهەر سىپىلىگە يانداش سېلىنغان شىۋىد دوختۇرخانىسىغا يۈرۈپ كەتتى.

دوختۇرخانا سەيناسى ئادەمدىن خالىي ئەمەس ئىدى. ئاق پەرىجىلىك «خوتۇن» بىلەن هارۋىكەش باش - كۆزى چۈمكەكلىك «بىمار» نى هارۋىدىن ئاۋايلاپ چۈشۈردى ۋە قولتۇقىدىن يۆلەپ كارىدورغا ئەكىرىپ كەتتى. ئۇلار

ئۈلۈش ئىشكنى ئېھتىيات بىلەن چېكىپ، كىرىشكە ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن بوسۇغىدىن پۇتىنى ئالدى، يۈزىنى ئاچتى:
— ها - ها - ها!...، — چاقماق يوللۇق شىم - كاستۇم كىيىۋالغان پاكار، دوغىلاق كىشى بىر هازاغىچە كۈلۈپ كەتتى، — ۋاھ، قالتىسقۇ! مۇنداق ھۈنىرىمىمۇ بار دېسىلە، ئىشان خوجام؛ ئاق پەرىجە سىلىگە ئەجەب يارىشىپتىكەن، مەزىن ئاخۇنۇم!
— بىزگە تىكىلىدىغان كۆز كۆپىيىپ كەتتى. پېيمىزدە يۈرۈۋاتقانلار ئاز ئەمەس، — دېدى ئىشان خوجا يۇمشاق ئورۇنـدۇق ئۈستـدە يېكىزلۈپ ئولـتۇرغانـدىن كېيىن، — شەكىل - قىياپىتىمىزنى يېڭىلاپ تۇرماقتىن باشقا ئامال يوق.
— شۇنداق، — دەپ تەستىقلىدى كاستۇملۇق كىشى ئالىچـىپار گـالستۇكىنى تۈزەشتۈرگەچ، — ئېھـتىيات قىلـغانـنىـڭ زىـيىـنى يوق. كەڭ - كۇشادە ئولـتۇرۇشـىلا، ئۇسـسۇزلۇق ئىچـىشـىلە، — كەڭ تاپان، ئىنـچىكـە بەل رۇمكىلارغا ۋىنو تولدۇردى، — قېنى، ئىچكەچ پاراڭلىشايلى. خۇش، ئىشان خوجام، گەپ باشلىسىلا.
— قايسىبىرىنى دەپ بولاي، شىۋىد ئەپەنـدىم، قايسىبىرىنى دەپ بولاي؟ — ئاچلىق، مۇھتاجلىق ئىسكەنجىسىدە ئەجەل گىرۋىكىگە بېرىپ قالغان قېرى تىلەمچىگە ئوخشاش نالە قىلىشقا باشلىدى خوجا ئىشان، — شۇنچە كەڭ قەشقەرغە پاتمايۋاتىمەن. دەرد - ئەلەم ئىچىمگە پاتمايۋاتىدۇ! راستىنىلا كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن، شىۋىد ئەپەندىم، ساقايماس كېسەلگە!
ئۇستىخىنى قوپال، يوغان باش مەزىن يىغلامسىرىغان

ئاۋاز بىلەن ياڭۋۇرۇشقا باشلىدى:

— راست، شۇند ئەپەندىم، ئەرز - ھالىمىزنى پوپ جاثابلىرىغا يەتكۈزمىسىلە بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، ئۇلۇغ بىرىتانىيە ئەلچىسى جانابلىرىغا يەتكۈزمىسىلە بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇلار خەيرخاھلىق قىلمىسا، بېشىمىزنى سىيلىمىسا، يانتاياق بولمىسا، بىز ئۆرە بولالمايدىغاندەك تۇرىمىز!..؟

بۇلارنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى. ئالاھىدە تەييارلىق بىلەن ما تىتەي ئالدىغا كىرگەن خوجا ئىشان يۇقىرىقىدەك ئاقىۋەتكە مۇپتىلا بولغاندىن كېيىن، ئۇزاق كېچىلەرنى ئۇيقۇ - ئارامسىز ئۆتكۈزدى. ئاخىر «ئىنگىلىسگەن باشنى قىلىچ كەسمەيتۇ، يەنە بىر كىرىپ باقاي» دېگەن قارارغا كەلدى. ۋەكالىتەن سېتىپ بېرىش شەرتى بىلەن 1000 تۇۋاق ئاق - قارا مۇم ئاچىقتى. پۈتۈن سوپى - دەرۋىشلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، يۇرتمۇيۇرت ۋەز ئېيتىپ يۈرۈپ، مىڭ مۇشەققەتتە سېتىپ تۈگەتتى. بۇنىڭ پۇلىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن كىرىپ، دەرد - ئەھۋالىنى بايان قىلدى، ئىلتىپات سورىدى:

— ھەزرەت — مۆھتەرەم بوۋامنىڭ ھەشەمەتلىك مازىرى ئورۇنلاشقان مۇقەددەس تاۋاپگاھ.

— بىلمەن، — دېدى ما تىتەي قاپىقىنى ئاچماستىن، — ئاشۇ يۇرتقا تەنھا ئىگىدارچىلىق قىلسام، كىچىك خاقان بولسام دېمەكچىمۇ سەن؟

— ھەددىم ئەمەس، تىتەي ئالىلىرى، مۇرت - مۇخلىسلىرىم بىلەن تىنچلىقتا ئىستىقامەت قىلىپ، بوۋامنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ ئۆتسەملا بولىدى.

— مەن ئېيتسپ قويای، باشقىلار ساڭا چېقىلمىسۇن!
— رەھمەت ئېلتىپاتلىرىغا، ماتمتەي ئاللىرى، — خوجا ئىشان ئاز ـ تولا ئۈمىدلەنگەن، روھلانغان ھالىدا چىقىپ كەتتى.

خوجا ئىشان ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان قەشقەردە باش كۆتۈرۈپ كەلگەن «سەئىدزادە» لەرنىڭ بىسىم ـ تەھدىتىدىن يەنىلا خالاس بولالمىدى. ئۇلار ما تىتەينىڭ ھېسداشلىقىغا، بايلارنىڭ مەدەتكارلىقىغا، بىر قىسىم لوكچەكلەرنىڭ قوللىشىغا ئىگە ئىدى. ئۇلار ھەزرەت تەۋەسىگە ئۈشتۈمتۈت ھۇجۇم قىلاتتى ـ دە، خوجا ئىشاننىڭ مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ قوياتتى، داش قازانلارنى ئەكىتەتتى ياكى داشقايناق ئۈستىگە قۇم ـ تۇپراق چېچىۋېتەتتى. خوجا ئىشان ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنى تومەن دەرياسىنىڭ كۆۋرۈك ـ كىدىن ئۆتكۈزمەيتتى، شەھەرگە كىرگۈزمەيتتى. خوجا ئىشان مەدداھلىق سورۇنلىرىدا موم سېتىۋېلىشنىڭ «خاسىيىتى» ھەققىدە ۋەز ئېيتقان ۋە مۇخلىسلىرى ئارقىلىق موم سېتىشقا كىرىشكەندىن بۇيان خەلقنىڭ نەزەرىدىن تېخىمۇ چۈشۈپ كەتتى. شەھەردىكى «سەئىدزادە» لەر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى ـ دە، شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى. «خوجا ئىشان ئەسلى زاتى نامەلۇم بىر ھارامزادە، — دەپ چېقىشتۇردى ما تىتەيگە، — موم سېتىش باھانىسى بىلەن ھەر تەرەپكە قۇتراپ، مۇرىت ـ مۇخلىس كۆپەيتمەكتە. جانابلىرىغا تاقابىل تۇرماقچىمۇ — قانداق؟»

دەل مۇشۇ كۈنلەردە ئۈششاق بالىلار مۇنداق بىر قوشاقنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بولۇپ قالدى:

«قوغلاندى نە سەۋەبتىن،
تۇرپاندىكى «كەھەب» تىن؟
قايسى مەزھەپ، نەسەبتىن،
كولدۇرمىلىق ئىشانەم؟

ھەزرەتتىكى گۈمبەزدە،
يامان نىيەت ـ غەرەزدە.
قۇشقاچ باقار قەپەسدە،
كولدۇرمىلىق ئىشانەم.

مومچى تازنىڭ ھەمراھى،
پىرئون روھىي ـ ئەرۋاھى.
ۋەيلۇن دوزاخ دەرگاھى،
كولدۇرمىلىق ئىشانەم...»

«كولدۇرمىلىق ئىشان» ئاخىر تۈزىگە «چەكسىز خەيرخاھ، كۆچلۈك يار ـ يۆلەك» تاپتى. بۇ ـ شىۋىد دوختۇرخانىسى ئىدى. پېشانىسىگە قىزىل كرېست ئېسىۋالغان بۇ جاي ئادەتتىكى بىر «ئەجنەبىي دوختۇرخانىسى» ئەمەس، بەلكى ئىنگلىز ـ شىۋىد مىسسىئونېرلىرىنىڭ دىن تارقىتىش مەركىزى، ئەپيۇن سېتىش مەركىزى ئىدى. بۇ يەرگە كەلگەن بىمارلار ھەقسىز داۋالىناتتى. داۋالانغۇچىلارغا خىرىستىئان دىنىغا ئائىت كىتاب ـ كىتابچىلار، «ئىلاھىي ئانا ـ مەريەم»، «خۇدانىڭ ئوغلى ئەيسا» نىڭ رەڭلىك رەسىملىرى، مىس، كۈمۈش سەلىبلەر ـ كرېست بەلگىلىرى

«ھەدىيە» قىلىناتتى. بەزى شوخ - كەپسىز بالىلار دوختۇرخانا دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندىلا كىرېست ئېسىۋالاتتى -دە، مىسسىئونېرلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئوڭ قولىنى پېشانىسىگە ۋە ئىككى مۈرىسىگە تەگكۈزۈپ خىرىستىئانچە چوقۇناتتى. «ئوقۇيمىز، ئۇرۇغ - تۇغقان، دوست - ئاداشلىرىمىزغا بېرىمىز» دەپ تالىشىپ يۈرۈپ، بىرمۇنچە كىتاب، سەلىب «ھەدىيە» ئالاتتى. كىتابلارنى دوپپىغا پىلتە بېرىدىغانلارغا، سەلىبلەرنى مىسكەر، سەرراپلارغا سېتىپ خەجلىشەتتى. بەزى ئادەملەر مەخسۇس ئەپيۇن سودىسى ئۈچۈن كەلسە، بەزىلىرى تۈرلۈك سىياسىي مەقسەتلەر ئۈچۈن كېلەتتى. ئۇلار مۇشۇ سائەتتە خوجا ئىشان بىلەن ئەمەت مەزىننى كۈتۈۋاتقان ئالىچىپار گالستۇكلۇك دوغىلاق كىشى (ئىنگلىز — شۆۋىد تەرجىمانى، ئىشەنچلىك ئادىمى — ھەسەن شۆۋىد) ئارقىلىق ئىنگلىز ئەلچىخانىسىنىڭ باش مەسئۇلى بىلەن بىۋاستە كۆرۈشەلەيتتى، سۆزلىشەلەيتتى. خوجا ئىشاننىڭ بۈگۈنكى مۇددىئاسىمۇ ئىنگلىز باش ئەلچى بىلەن، ھېچ بولمىغاندا، بۇ يەردىكى باش دىن تارقاتقۇچى بىلەن كۆرۈشۈش ئىدى.

— بەك كەچ بولۇپ كەتتى. ئۇلۇغ برىتانىيە ئەلچىخانىسىغا بېرىپ يۈرمەيلى، — دېدى ھەسەن شۆۋىد بۇلارنىڭ بىر تالاي دەرد - ئەھۋالىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — ئازراق تەخىر قىلىشسىلا، باش مىسسىئونېر جانابلىرىنىڭ قېشىغا چىقىپ باقاي. ۋاقتى يەتسىلا...

— ماقۇل، شۆۋىد ئەپەندىم، شۇنداق قىلسىلا، — ئىشان بىلەن مەزىن ياقا - پەشلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئىشىككە تەلمۈرۈپ تۇراتتى. ھەسەن شۆۋىد 40 ياشلاردىن ئاشقان

يېشىل كۆز مىسسىئونېرنى باشلاپ كىردى، — ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋوپ ئالىلىرى، — يانتاقتا بويۇن سوزغان تۆگىدەك ئېگىلدى بۇلار. ئاندىن كېيىن خىرىستىئانچە چوقۇندى.

— كرېست؟ — بويىندىكى ئالتۇن زەنجىرلىك ئالتۇن كرېستنى ئىشارەت قىلدى چاڭگىما ساقال مىسسىئونېر. ھەسەن شۇيدىنىڭ ياردىمىنى كۈتمەستىنلا جاۋاب بەردى خوجا ئىشان:

— بار - بار، بۇ ئەڭگىۋشتەردىن ئايرىلامدىغان؟ ئەتىۋارلاپ، بېشىمىزدا كۆتۈرۈپ يۈرۈۋاتىمىز دېسىلە، بېشىمىزدا، — ھەر ئىككىسى ئالدىراشلىق بىلەن سەللىسىنى قولىغا ئالدى. تىنىپ سالىسلا غايىب بولۇپ كېتىدىغان ئاجايىپ ئەتىۋار نەرسىنى ئىزدىگەندەك ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن چۇۋۇشقا باشلىدى، — مانا! — دېدى ئۇلار كىچىككىنە تۇچ كرېستنى ئىككى ئالقىنىغا ئېلىپ، — جاناب ئالىلىرى ھەدىيە قىلغان بىباھا ئەڭگىۋشتەردىن ئايرىلامدىغان؟ شۇيد ئەپەندىم، گېپىمىزنى ئەينەن يەتكۈزگەيلا. بىزنىڭمۇ، جاناب ئالىلىرىغا ئوخشاش، بويىنىمىزغا ئېسىۋالغۇمىز بار. ئەپسۇسكى ...

— ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدي مىسسىئونېر ھەسەن شۇيدىنىڭ تەرجىمىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، — ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى، قېنى، مەرھەمەت.

قېيىن ئەھۋالدا قالغان خوجا ئىشان تۇنىجى قېتىم بۇ يەرگە كىرگەندىلا بۇ كرېستقا ئىگە بولغانىدى.

— دىندىن - دىنغا، مەزھەپتىن - مەزھەپكە ئۆتۈش

ئەجدادلىرىمىز باشتىن كەچۈرگەن نورمال ھادىسە، — دەپ چۈشەندۈرگەندى ھەسەن شۈيد ئىرمۇنچە تارىخىي مىساللار بىلەن، — ئىنگلىز - شۈيد خوجايىنلىرىمىزنىڭ ھىمايىسى ۋە ئائىدارچىلىقىغا ئېرىشمەكچى بولسىلا، ئالىي مۇراد - مەقسەتكە يەتمەكچى بولسىلا، خرىستىئانچە چوقۇنۇشلىرى، سەلىب ئېسىشلىرى شەرت. باش مىسسىئونېر ئالىيلىرى سەۋرچان جاناب. ئۇ، ھازىردىن باشلاپ چوقۇنۇش، سەلىب ئېسىشىڭىش تەلىپىنى قويمايدۇ. لېكىن بۇ يەرگە كىرگەن، مىسسىئونېر جاناب بىلەن دىدارلاشقان چاغلىرىدا چوقۇنۇشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا. سەلىبىنىڭ ئۆز يانلىرىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا. تۇمار ئىچىگە ئېلىپ ئېسىۋالسىلىمۇ مەيلى.

ئەۋلىيالىق مۇقامىغا يەتكەن بىر غوجىزادە تۇمار ئېسىۋالسا قامىلىشامدۇ؟ دوست - دۈشمەنلەر نېمە دەيدۇ؟ ياق، ئەڭ ئاقىلانە چارە تېپىش كېرەك. ئۇ، سەللە ئىچىدە سەلىب ساقلاشتىن ئىبارەت «مۆجىزە» نى كەشپ قىلغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئەنە، بۇنى كۆرگەن باش مىسسىئونېر جانابمۇ قايىللىق ۋە رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويىدى ئەمەسمۇ؟ مىسسىئونېرنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ ئالاھىدە جانلىنىپ قالغان خوجا ئىشان ماتتەي ئۇستىدىن، شەھەر ئىچىدىكى «يالغان سەئىدزادە» لەر ئۇستىدىن بىر ئالاي شىكايەت قىلدى:

— كىشىلەر، ئايرىلغانىغا ئۆلمەيمەن، ئەقىدەمگە يىغلايمەن، دەپ ئاخشا ئېيتسا، چۈشەنمەيتىكەنمەن، تېگى - تەكتىگە يەتمەيتىكەنمەن. بېشىمغا كەلگەندە بىلدىم،

چۈشەندىم، — ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ زەئىپ، قىياپىتى ئېچىنارلىق ئىدى، — ما تىتەي دېگەن نېمىگە شۇنچە ئەقىدە قىلىدىم، ئېگىلدىم، باش ئۇردۇم، قىلمىغانلىرىم قالمىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ خەلقى ئالەم ئىچىدە نۇسخىسى تېپىلماس بىۋاپا ـ نامەرد ئىكەن، قورقۇنچلۇق مەخلۇق ئىكەن!...

— چوڭقۇرراق ئويلاپ بېقىشسىلا، ما تىتەيدىن قورقۇنچلۇقراق كۈچ يوقمىدۇ بۇ يۇرتتا؟

— ھە؟ — مىسسىئونېرغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى ئىشان بىلەن مۇرىت. پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپ، پاپىروس ئىسىنى پۈۋلەۋاتقان مىسسىئونېر سوئالىنى داۋاملاشتۇردى:

— دىن تارقىتىشىمىز بىلەن كارى بولمىغان، ئەپيۇن سودىسىمىزغا چەك قويمىغان بىر ئەمەلدارنى قورقۇنچلۇق دېگىلى بولارمۇ؟ ئەقىل توختاتقان ياش ياكى ئەقىل توختاتمىغان گۆدەك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق يەرلىك پۇقرا «ھىندۇ كالا گۆشى يەمدۇ» دەپ قويىدىغانلا بولسا، ھىندى سودىگەرلىرى تەرىپىدىن ئۇرۇپ چەيلىنىدۇ، نىمچان قىلىنىدۇ.

— ئۇنداق قىلمىسا، ئەجنەبىي خوجايىنلىرىمىزغا ئارام بېرەمدىغان بۇ ياۋايىلار؟

— شۇ تاياق زەربىسىدىن ناكار بولۇپ قالغانلارنىڭ ئىگە ـ چاقا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى دەۋا قىلسا، ما تىتەي دەۋاگەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىدۇ، ئەجنەبىيگە ئاماقۇل بولىدۇ. شۇنداقمۇ؟

— ئۇنچىلىك قىلمامدىغان؟ ھەربىرلىرى ئەزىز مېھمىنىمىز ئەمەسمۇ؟

— بىز — ئەجنەبىيلەرنى شۇنچە قەدىرلەۋاتقان، شۇنچە كەڭ ھوقۇق - ئىمتىيازدىن بەھرىمەن قىلىۋاتقان ما تىتەينى قورقۇنچلۇق دەيدىغان بولساق، بىزنى يەكلەۋاتقان، چەكلەۋاتقانلارنى نېمە دېيىش كېرەك، جانابىلار؟

— ئابدۇقادىر داموللا! — دېدى خوجا ئىشان سەگەكلىشىپ.

— دەل ئۆزى شۇ! — قۇۋۋەتلىدى ئەمەت مەزىن.

— ئۇ قەيەرلىك؟

— ئاتۇشلۇق! — تەڭ جاۋاب بەردى ئىشان بىلەن مەزىن.

ئاتۇشلۇق بىر داموللا پۈتۈن قەشقەر شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ قازىلىق ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالسا، كۈندىن - كۈنگە ئىناۋەت تېپىپ كېتىۋاتسا، بۇ قورقۇنچلۇق ئەمەسمۇ؟ قەشقەرلىك بىلەن ئاتۇشلۇقنىڭ، ئەنجانلىقنىڭ بىرلىشىپ كېتىشى قورقۇنچلۇق ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ بىز — ئەجنەبىيلەرگە قارشى بىرلىك سەپكە ئۇيۇشۇۋېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك! توغرا، ما تىتەي — ئىنتايىن ئاچكۆز، تەكەببۇر، ئىقتىدارسىز، قابىلىيەتسىز مەخلۇق، كۈنى تۈگەپ، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان مەخلۇق!...

ئاي - يۇلتۇزسىز كېچە. قاسساپلارنىڭ كانارلىرى باغلىنىدىغان سۆگەتلەر ئەتراپىدا سۆڭەك تالىشىپ، بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشىۋاتقان لالما ئىتلاردىن باشقا جىمى جانلىق ئۇيقۇدا، مىس كولدۇرمىلىق بوز يورغا ھەزرەت

تەرەپكە قاراپ يورغىلىماقتا. ھارۋىنىڭ ياۋىنىغا قونۇۋالغان ئورۇق ھارۋىكەش قىزىل پۆپۈكلۈك ئۇزۇن قامچا دەستىسىنى سىقىملىغان ھالدا مۈگدىمەكتە. يەنىلا ئېغىر كېسەل قىياپىتىدە يېتىۋالغان خوجا ئىشان ئۆز دەردىگە داۋا تاپقاندەك، يۈرەك يارىلىرى بىردىنلا ساقىيىپ كەتكەندەك خۇشال. ئۇ، باش مىسسىئونېرنىڭ ما تىتەي ھەققىدىكى سۆزلىرىنى تەكرارلىماقتا، مۇلاھىزە قىلماقتا: مىسسىئونېر جاناب يالغان ئېيتمايدۇ، ما تىتەينىڭ ئەجىلى يېتىنلاپ قالغانلىقى مۇقەررەر. بۇ ئىشتا ئەجنەبىي خوجايىنلىرىمىزنىڭ رولى ۋە قولى يوقمىدۇ؟ بار، بولمايدىغان ئىش بولامدۇ؟ تەختتىن غۇلايدىغان مەخلۇقنى بىلگەن يەردە، تەختكە چىقىدىغان ئەربابنى بىلمەي قالامدۇ ئۇلار؟ بىلىشى ئېھتىمال، ياق، جەزمەن بىلىدۇ! ھۆكۈم قىلىش مۇمكىنكى، بۇ ئەرباب ئەجنەبىي خوجايىنلىرىمىزنىڭ نەزەرىگە يولۇققان زات. پېقىرنىڭ تەقدىرى ـ ئىستىقبالى ئەمدى...

باش مىسسىئونېر ئۇزاق تارىخنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا مۇسۇلمان بولغان سۇتۇق بۇغراخان پۈتۈن قاراخانىلار دۆلىتىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ بولغانىغا قەدەر سىر ساقلىغان، ئىمان ئېيتقانلىقىنى ئاشكارىلىمىغانىدى. يوشۇرۇن ھالدا كىرىست ساقلاپ يۈرگەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن ئالدىمىزدا خىجىل بولمىسىلا، قورۇنمىسىلا. ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى بولىدۇ، سەۋر قىلىسىلا، ئىشانەم.» بۇ گەپلەرنى ما تىتەينىڭ ھالاكىتى توغرىسىدا بېرىلگەن بېشارەت بىلەن چېتىپ بېقىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن جانلىنىپ كەتتى خوجا ئىشان. «سۇلتان سۇتۇق

بۇغراخانىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشىدىكى مۇددىئا نېمە؟ ما تىتەي زاۋال تاپقان مەزگىلگە قەدەر سىر ساقلىسام، سەۋر قىلسام، پېقىرغىمۇ...»؛ — ھاياجان ئىچىدە ئورنىدىن قوزغالدى ئۇ، — مەزىن ئاخۇنۇم، سەللىمىز ئىچىدە ساقلا-ۋاتقىنىمىز راستىنلا ئەگكۈشتەرمۇ - نېمە؟!...»

## ھەرىكەتچان مالاي

ما تىتەي — تۇلۇمچاشقان،
ئالۋاننى تولا چاچقان.
ئەلنى قاقشىتىپ ئاخىر،
دارغا ئېسىلىپ ياتقان!

قەست قىلدىڭ ئاۋام - خەلققە،
زۇلۇمىڭدا يۈرەك لەختە.
تويماس ئەجدىھا - تىتەي،
تويدۇڭمۇ مۇئەللەقتە!؟...

ما تىتەي دارغا ئېسىلغان، ئەزىزانە قەشقەر شادلىق تەنتەنە قاينىمىغا چۆمۈلگەن كۈن. ئۇزۇن يىللىق ئازاب، كۈلپەت جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن، قەھىر - غەزىپى چېكىگە يەتكەن، قانلىق قىساس ئوتلىرى پۈتۈن ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن جاپاكەش خەلق ئاسمان - پەلەكتە لەيلەپ تۇرغان «تۇلۇمچاشقان» غا لەنەت تاشلىرى ياغدۇرماقتا. داڭلىق

پالۋان — مەرھۇم سىيىت نوچىنىڭ ۋارىسلىرى ئۆز ئۇستازىنىڭ تەۋەررۇك راۋابىغا زەخمەك ئۇرۇپ، گاڭگۇك ئۇستازىنىڭ ئەشەددىي قاتىلىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلىمەكتە:

ئاچچىقىم بېسىلغايمۇ
تولۇمچە قىلىپ سويسام،
شۇم ئاغزىڭغا، ما تىتەي،
مومىنى ئېرىتىپ قۇيسام!

ئاق رومالىلىق ئەما تىلەمچىنىڭ ئۆزگىچە مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن ئېيتقان ناخشىسى كىشىلەرنى جەلپ قىلماقتا، چوڭقۇر ئويغا سالماقتا ئىدى:

ئەلنىڭ كۆڭلى بىر دەپتەر،
دەپتەردە ئەلەم - دەردلەر.
نەۋاقتا شىپاھ تاپقاي
قانلىق داغ - جاراھەتلەر؟...

چاچ - ساقاللىرى چارلاشقان مەدداھ جازا مەيدانىنىڭ بىر تەرىپىدە ما تىتەي ئۈستىدىن شىكايەت قىلماقتا. ئالتە غۇلاچ ئېگىزلىكتە ساڭگىلاپ تۇرغان جەسەتكە قارىغىش شۆلگەيلىرىنى چاچراتماقتا ئىدى:

— ئەي، خۇدانىڭ مۆمىنلىرى، ئەلەم چەككەن بەندىلەر، بۇ، «تولۇمچاشقان» نېمە ئۈچۈن مۇنداق پاجىئەلىك قىسمەتكە مۇپتىلا بولدى، بىلەمسىلەر؟— مەيدانىنى ھالقى-

سىمان ئۇراپ تۇرغان خالايىققا سوئال قويدى ئۇ.

— ئەلنىڭ ئاھى تۇتتى! — تەڭ جاۋاب بەردى بىر مۇنچە ئادەم. نەقىشلىك راۋاب تۇتقان قەددى - قامەتلىك بىر يىگىت خەلق توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ، — يۇقىرىقى جاۋابنى شەرھلىدى:

— بىزدە «ئاھ ئۇرارمەن - ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى؛ كۆز يېشىم دەريا بولۇپ، بىلىقلىرىم يۇتقاي سېنى» دېگەن ناخشا بار. بۇ زالىمنى جاپاكەش خەلقنىڭ ئاھى تۇتتى، ئۇستازىمىز تاشباينىڭ قىساسى، سېيىت نوچىنىڭ قىساسى، بارلىق بىگۇناھ قۇربانلارنىڭ قان قىساسى تۇتتى!

— راست! — دېدى پۈتۈن خالايىق.

— توغرا، — دەپ قوشۇلدى مەدداھ، — بۇ، تۇلۇمچاشقان ئۇلۇغ زاتلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتى، دۇئايىبەتكە كەتتى. روھ - ئەرۋاھلارنىڭ مەدەتكارلىقىدىن مەھرۇم قالدى. يۇرت ئۇلۇغلىرى — خۇدانىڭ ئەزىزلىرىدۇر. خۇدانىڭ ئەزىزلىرىنى چەتكە قاققان ھەرقانداق ھۆكۈمران روھ - ئەرۋاھلارنىڭ مەدەتكارلىقىدىن مەھرۇم بولىدۇ، قارغىشقا ئۇچرايدۇ. مانا شۇنداق پاجىئەلىك قىسمەتكە مۇپتىلا بولىدۇ! — ئالقىنى بىلەن قۇلىقىنى يېپىۋېلىپ، بار ئاۋازى بىلەن نەزمە ئوقۇشقا باشلىدى:

شۇنچە يىل تەنتەي بولۇپ دەۋران سۈرۈپسەن، مومچى تاز،
پاك نەسەپ - زاتى ئۇلۇغنى پەس كۆرۈپسەن، مومچى تاز،

روھ ـ ئەرۋاھلار غەزەپ ـ قەھرىگە تولۇپ ئاخىرى،
ئۆگزىگە ياغان گۈلە ـ قاقتەك قۇرۇپسەن، مومچى تاز!

تەۋرىمەيدۇ دەر ئىدىڭ كەلكۈندىمۇ ئورنۇڭنى سەن،
جىڭ گۆھەر، ئالتۇنغا تولدۇرغانىدىڭ قوينۇڭنى سەن،
ئەمدى كۆر ئاسمان ـ پەلەك سىرتماقتا ئۆز بوينۇڭنى سەن،
دوزىخى ۋەيلۇنغا تەخىرسىز يۈرۈپسەن، مومچى تاز!

تۆت تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان «دوست» تارتقۇچىلار ھەر مىسرادىن كېيىن ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ «دوست ـ دوست!» دېيىشسە، تۆت مىسرادىن كېيىن «ھەق دوست» دەپ تۇۋلىشاتتى سوزۇق ئاۋاز بىلەن.

قويرۇقى ئۈزۈلمەس جەڭنامىلەرنىڭ بىر قىسمىنى سۆزلەپ تۈگەتكەن، ۋەز ـ نەسىھەت، ئەمر ـ مەرۇپلىرىنى ئاياغلاشتۇرغان ۋە تىلەمچىلىك خالتىسىنى يىغىشتۇرغان مەدداھ، دوتەي يامۇل تەرەپكە راۋان بولدى. بىرقانچە يىللار ئىلگىرى تەكەببۇر ما تىتەي ئالدىدا قۇرتتەك ئۆمىلىگەن، ما تىتەينىڭ جىنسىي زەئىپلىك كېسىلىگە داۋا ئىزدەش ئۈچۈن ئۆز مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى بىلەن بىرلىكتە ئېكىنزار دالا ـ ئېتىزلارنى چەيلەپ، ئەسكى تاملىقلاردا يىقىلىپ ـ مۈدۈرۈپ قوشقاچ قوغلاپ يۈرگەن بۇ «سەئىدزادە» ئەمدى يېڭى خوجايىنى ما شاۋۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلماقچى، ئۇنىڭ بۈگۈنكى «ئۇلۇغ غەلىبىسى» نى مۇبارەكلىمەكچىدى. ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئىككى يۈزدىن ئوشۇقراق سوپى-

دەرۋىش چاك - توزان كەلكۈنى ئىچىدە چۆگىلەيتتى، پىرقىرايتتى. ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ، جەرە سالاتتى:

نەپسى بالا مومچى تاز، ھۇم،
بىزگە باقماي قىش ۋە ياز، ھۇم.
كۈنىمىزنى تەس قىلغان، ھۇم،
بەرمەي ھوقۇق - ئىمتىياز، ھۇم...

ئۇلار دوتەي يامۇل سەيناسىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ يەنە شۇنداق چۆگىلەپ، تىنىمسىز جەرە سېلىشقا باشلىدى. نەچچە يىللار ئىلگىرى توقۇپ چىققان نەزمىلىرى ئىچىدىكى «تىتەي» دېگەن سۆزنى «دوتەي» گە ئۆزگەرتكەنىدى بۇلار:

ھەزرىتى دوتەي جاناب، ھۇم،
ھۆكمىڭىز ئايەتكە باپ، ھۇم.
سىزنى، ئەي شەپقەتچىمىز، ھۇم،
قىلغىلى كەلدۇق تاۋاپ، ھۇم...

ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىققان جاھىل بۇقا، ياۋا قوتازمۇ دەسلەپكى ئاي - پەسىللەردە مۇڭگۈزىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنار ئىمىش. مافۇشىڭنىڭ ئورنىغا دەسسىگىنىگە بىرنەچچە ھەپتە بولغان ما شاۋۇمۇ «مۇڭگۈزى»نى يوشۇرماقتا. ئۆزىنى قەشقەر خەلقىنىڭ غەمگۈزارى، باشپاناھى قىلىپ كۆرسەتمەكتە ئىدى. موم سىبتۇپىلىش مەجبۇرىيىتى، قوشقاچ

ئالۋىنى قاتارلىق يۈكنى خەلقنىڭ شىللىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان بۇ «ئادالەتپەرۋەر زات» ھەر جۈمە كۈنى نەچچە 100 ئۇيغۇر - تۇڭگان ئەسكەرنىڭ قورالىق مۇھاپىزىتى ئاستىدا ھېيتگاھ جامەسىگە كېلىپ، نامازغا داخىل بولاتتى. نامازدىن كېيىن، جامە دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قىستىلىشىپ تۇرغان ھاجەتمەنلەرنىڭ قەن، ناۋات، نان قاتارلىق نەرسىلىرىنى «سۈپ» دەپلا شىپاھلىق «دېمىدە» گە ئايلاندۇرۇپ بېرەتتى. ئەسكەرلەرنىڭ قىشلىق، يازلىق ئەسكى چاپان، يېرتىق ئىشتانلىرىنى كوچىلاردىكى يېتىم - يېسىرلارغا تارقىتىپ بەردى. نەچچە يىللاردىن بۇيان ساڭ ئاستىدا بېسىلىپ تۇرۇۋېرىپ كۆكۈرۈپ كەتكەن بۇغداي - قوناقلارنى شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى. بۇ نەرسىلەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىچى - تېشىغا ئېسىلغان داش قازانلاردا پىتىقلاپ قايناپ تۇرىدىغان بولدى.

— دىنداشلىرىم، نەچچە يىللاردىن بۇيان كۆپ جاپا چەككىنىڭلار، — دېگەنىدى دوتەيلىك تەختىگە ئولتۇرغانلىقىنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن كىرگەن يۇرت كاتتىلىرىغا، — خۇدانىڭ مەرھەمىتى ۋە ھەربىيلىرىڭلارنىڭ مەدەتكارلىقى ئارقىسىدا پۈتۈن قەشقەرنى ئەدلى - ئادالەت ئاپتىپى بىلەن نۇرلىنىپ تۇرغان ھەقىقىي ئەزىزانە يۇرتقا ئايلاندۇرغايمەن، — خوجا ئىشانىنى ئايرىم قوبۇل قىلغاندا يەنە مۇنداق دېگەنىدى، — قۇمۇلدا كۆتۈرۈلگەن تۆمۈر ئىسيانىنى باستۇرۇشتا تېگىشلىك تۆھپە قوشقانلىقىڭلارنى ھۆكۈمەتكە قارشى ئۈيۈشقان كۈچلەرنى بۆلۈپ - پارچىلاپ تاشلاش جەھەتتىمۇ مول تەجرىبىگە ئىگە ئىكەنسىز. پېقىر-

غەمۇ يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولغايسىز.

ئارتۇقچە ھاياجانلىنىشتىن ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان خوجا ئىشان:

— پېقىرغا شۇنچە ئىشەنگەنلىكلىرىگە يۈزمىڭ رەھمەت، ما تىتەي ئاللىرى، — دەپ سالغان ۋە ئەجەل تەشۋىشى ئىچىدە ئۆز ئاغزىغا ئۇرۇپ كەتكەنىدى.

— كېرەك يوق، كۆنۈپ كەتكەن ئىغىز ئەمەسمۇ؟ — دېگەنىدى ما شاۋۋۇ ئەپۇچان، كەك كۆكۈل ئەرباب ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ، — مۇنچە قورقۇپ كەتمەڭ. سىز بىزگە ئەسقاتىدىغان ئادەم...

بۇ «ئەسقاتىدىغان ئادەم» ما دوتەيىنىڭ ئىشىكىگە تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرمەكتە، ئۇنىڭ شەنىگە توقۇغان يېڭى قەسىدىسىنى يادلىماقتا ئىدى:

ما تىتەيگە ئابى ئەجەل يۇتقۇزدىڭىز سىز،
بىزنى كۆلپەت دوزىخىدىن قۇتقۇزدىڭىز سىز.
دوتەي جاناب، دەۋران سۈرۈڭ مىڭ يىللار ئامان،
بىزگە تەلەي ئەگۈشتىرى تۇتقۇزدىڭىز سىز.

شۇ كېچە. سېپىلغا ياندىاش سېلىنغان شۋېد دوختۇرخانىسىنىڭ مەخپىي بۆلۈمىدە ئۈچ كىشى كەك ـ كۇشادە سۆزلەشمەكتە، ما تىتەي دارغا ئېسىلغاندىن كېيىنكى قەش

قەر ۋەزىيىتى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزمەكتە. ئۇلار ئۆت-
كەندە بىز كۆرگەن تۆت كىشىنىڭ ئۈچى — باش مىنىستو-
نىر، ھەسەن شىۋىد، خوجا ئىشان. بولۇپمۇ خوجا ئىشاننىڭ
خۇشلۇقىغا گەپ توغرا كەلمەيتتى:

— دىن تارقاتقۇچى ئۇستاز - ئەۋلىيالىق مۇقامىغا
يەتكەن ئۇلۇغ زات ئىكەن، ئاي - يىللاردىن كېيىن يۈز
بېرىدىغان ئىشلارنى ئالدىن-ئالا بىلەلەيدىكەن، —
دەيتتى كۆز ئالدىدا ئولتۇرغان باش مىنىستونىرغا كۈچۈكلى-
نىپ، — ما تىنەينىڭ ھالاكىتى ھەققىدە بەرگەن بېشارىتى
مانا بۈگۈن راست بولۇپ چىقتى. بۇ جانابىنىڭ قەشقەردىكى
«ئاساسىي خەۋپ» توغرىسىدىكى ھۆكۈمى بىلەن ما دوتەي
ئالىلىرىنىڭ گېپى بىر پەردىن چىقتى، — ما شاۋۋۇ ئۇنىڭغا
مۇنداق دېگەنىدى، — ياڭ جاڭجۈن ئالىلىرى ھەمىشە
ئۇخلىغانىنى باشقۇرماق ئاسان، دەيدىغان. بۇ سۆزنىڭ
تېگى - تەكتىگە ۋە قەدرىگە يېتىشىمىز كېرەك، خەۋەر
تېپىشىمچە، بەزى ئىسيانكارلار قانداقتۇر «ئويغىنىش
ھەرىكىتى» بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانىمىش. قەشقەرلىك بىلەن
ئاتۇشلۇق، خوتەنلىك، ھەتتا ئەنجانلىقلار ئوتتۇرىسىدا تىل
بىرلىكى ۋە دىل بىرلىكى مەۋجۇت ئىمىش. قۇمۇلدىكى
بەش شەھەر، 12 تاغدا مۆگدەپ ياتقان گادايلار
ئويغاندى. ئويۇشتى، ئاخىردا نېمە بولدى؟ قەشقەر
«ئويغىنىش - ئويۇشۇش» تىن ئىبارەت بالا - قازانىڭ
ئالدىنى ئېلىش كېرەك! — يېڭى خوجايىنىنىڭ ئالىي
ئەمر - پەرمانىنى سۈدەك يادلىۋالغان خوجا ئىشان

شۇنچە كۆتۈرەڭگۈ باشلىغان كېيىنى ھەسرەتلىك ئۇلۇغ ـ كىنچىك تىنىش بىلەن ئاخىرلاشتۇردى، ـــ ياڭ جاڭجۇن ئاللىرى ئەينى زاماندا قەشقەر بىلەن ئاتۇش ئوتتۇرىسىدىكى تۇتتۇرگە داۋىنىغا سېپىل سوقۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىكەن. ئەپسۇسكى...

باش مىسسىئونېر چۈشەندۈردى، تەسەللى بەردى، رىغبەتلەندۈردى:

ـــ تۇتتۇرگىگە سېپىل سوقۇش ياڭ جاڭجۇننىڭلا ئەمەس، ئۇلۇغ بىرىتانىيە باش ئەلچىسى جانابلىرىنىڭ ۋە بىزنىڭمۇ تەسەۋۋۇرىمىز ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ـــ XX ئەسىر، لاي ـ تۇپراق بىلەن تۇرغۇزۇلغان سېپىلنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن دەۋر. بىزگە ئەڭ ئەسقاتىدىغىنى ـــ مەنىۋى سېپىل!

بۇلار ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق پىكىرلەشتى، ۋەزىيەتنى ھەر تەرەپلىمە تەھلىل قىلىشتى. ما فۇشىڭ دارغا ئېسىلغان، ما شاۋۋۇ ھەربىي ـ مەمۇرىي خادىملارنى تەلتۆكۈس تىزگىنلەپ كېتەلمەيۋاتقان مۇشۇ پەيت ـــ دىن تارقىتىش قەدىمىزنى تېزلىتىشنىڭ ئەپلىك پەيتى، ئەپيۇن سودىسىغا كەڭ يول ئېچىۋېلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قاراشتى؛ ئەجنەبىيلەرنىڭ پائالىيەت ئەركىنلىكى ھېچقانداق دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىمايدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك، دەپ قاراشتى. ئۇلارنىڭ پىكرى يەنىلا «ئاساسىي خەۋپ» دەپ مۇقىملاشتۇرۇلغان «تۇيغىنىش ھەرىكىتى» ئۈستىگە، بۇ ھەرىكەتنىڭ ئابرويلۇق يېتەكچىسى ئابدۇقادىر

داموللا بىننى ئاپدۇۋارىس ئۈستىگە مەركەزلەشتى.

......

ھەرقايسى گەزەرملەردە تۇرۇۋاتقان ھەربىي ئاتلىرى تۇمەن دەرياسىدا سۇغىرىلاتتى. ياۋىداق ئاتقا مىنگەن ئۈچ - تۆت چېرىك بىرەر - ئىككى يۈز ياۋىداق ئاتنى تۆشۈك دەرۋازا ياكى يارباغ كۆۋرۈكى تەرەپكە قوغلايتتى. ئانچە كەڭ بولمىغان يول - رەستىلەرنى ئاچچىق چاڭ - توزان قاپ- لىمىغا غەرق قىلىۋەتكەن يۈگەنسىز بۇ ئاتلار ئالدىغا ئۇچ- رىغانلا نەرسىنى ئامان قويمايتتى. ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ تەنزىلىرى، ناۋايلارنىڭ تەۋەكلىرى، سۈت - قايماقچىلار- نىڭ تاۋاق - كومزەكلىرى، ئەپكەشلەرنىڭ سوغىلىرى، باققاللارنىڭ قوغۇن - تاۋۇزلىرى، قىزىل - سېرىق بويالغان پىششىق توخۇملار... ئات تۇياقلىرى ئاس- تىدا ئېزىلەتتى، يانچىلاتتى، لاي - پاتقاق قويىنىغا پېتىپ كېتەتتى. ئاتلارنىڭ ئارىسىدا قالغان ئاق پەرىجىلىك ئاياللار، ھاسا تاياقلىق بوۋايلار، ئۇششاق باللار جاراھەت- لىنەتتى، ھەتتا ئۆلۈملۈك ھېۋىناق بولۇپ قالاتتى. خەلق- نىڭ بۇ ھەقتىكى ئەرز - شىكايەتلىرىگە ما تىتەي قۇلاق سالمىغان. ما شاۋۇنىڭمۇ كارى بولمايۋاتاتتى.

شىلىسىگە ئېغىر يەشىكلەر يۈكلەنگەن يەتتە ھامال ئىنگلىز ئەلچىخانىسى ئورۇنلاشقان چىنەباغ تەرەپتىن يارباغ دەرۋازىسى تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ھەر قەدەمدە نەچچە ھاسىرايتتى. بىگىزدەك ئۇچلۇق پولات ھاسا تۇتۇۋالغان ئىككى ئەجنەبىي يول قاسىنقىدىكى سۇۋادان

ئېرەكلەر سايىسى ئاستىدا مەغرۇر قەدەم ئاشلىن
شاتتى. ھامماللار يارباغ دەرۋازىسى تەرەپكە
قايرىلدى. تۈمەن دەرياسى تەرەپتىن يانغان
بىرەر - ئىككى يۈز ئات تاغ كەلكۈنىدەك باستۇرۇپ
كەلدى - دە، يول چېتىدىكى كىشىلەرنىڭ يۈز - كۆز،
كىيىم - كېچەكلىرىگە، دۇكانلارنىڭ قاتلىما قاناتلىق
ئىشىكلىرىگە لاي چاچرىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. قويۇق چاڭ -
توزان سۇسلاشتى. سۇنغان ساندۇق، توپا - تۇپراق، لاي-
پاتقاق ئىچىگە مىلىنىپ ياتقان ماللىرىنى كۆرگەن ئىككى
ئەجنەبىي ئورنىدىن تۇرغان - تۇرمىغان ھامماللارغا قاراپ
ئېيىقتەك ئېتىلدى. ئۇلار جان - جەھلى بىلەن تېپەتتى،
ئۇراتتى. ئۇچلۇق پولات ھاسا بىچارە ھامماللارنىڭ باش،
يەلكىلىرىدە قانلىق ئېقىن پەيدا قىلماقتا ئىدى. قۇلىقىدىن
قان ئېقىۋاتقان قېرى ھاممال بىر تېپىك بىلەن دۈم
يىقىلدى. ئوتتۇرا ياشلىق، ئورۇقفىنا بىر ھاممال ئۇنىڭ
بېشىنى يۆلىدى. «تۆمۈر ئاكا، تۆمۈر ئاكا!» دەپ ۋارقى
رىدى. غەزەپ بىلەن ئۇرۇلغان پولات ھاسا ئۇنىڭ بېشىغا
تەگدى. يىگىتنىڭ قاڭشىرىنى بويلاپ ئاققان ئىسسىق
قان قېرى ھاممالنىڭ قېنى ئۈستىگە تامچىلىدى.
تەكەببۇر ئەجنەبىي پولات ھاسىسىنى يەنە كۆتۈردى.
مۇتتەھەملىككە، زوراۋانلىققا سۈكۈت قىلىش — مەنىۋى قۇل
لۇقنىڭ ئىپادىسى، تېز پۈكۈش — كىشىلىك غۇرۇرىنى
يوقاتقانلىق ئەمەسمۇ؟ ھاممال يىگىت مۇتتەھەم ئەجنەبىي
شىلتىغان ھاسىنى سول قولى بىلەن تۇتۇۋالدى ۋە ئالدىغا
تارتتى:

— ھۇ، ئادەمگەرچىلىكنى بىلمىگەن ھايۋان!

كۆرەڭ ئەجنەبىي يىلتىزى كېسىلگەن قاقشال توغراقتەك «گۇپپىدە» يىقىلدى. يىگىتنىڭ ئالقىنىدىكى قانلار بىرنېمىلەرنى دەپ ئىڭراپ ياتقان بۇ زوراۋاننىڭ سول قۇلىقى ئەتراپىغا كۆچكەنىدى.

— بارىكاللا، يىگىت، ياشاپ كەت!

— ئاتاڭغا رەھمەت، ۋىجدانلىق يىگىت!

— ھالى شۇنچىلىك ئىكەنغۇ بۇ ئەجنەبىي مايمۇنلارنىڭ!

ئەتراپنى چەمبەرسىمان ئورىۋالغان ھۆپپىگەرلەر، يولۇچىلار شۇنداق دەيتتى. خۇشاللىناتتى، غەزەپلىنەتتى، زەخىملەنگەن ھامال قېرىنداشلىرىنى يۆلەيتتى، ما دوتەينىڭ قۇراللىق چېرىكلىرى ھەيۋەت بىلەن باستۇرۇپ كەلگەندە قېرى ھامال نەپەسىنى توختىغان، بىر ئەجنەبىي نەگىدۇر يوقالغان، ئىڭراۋاتقان ئەجنەبىي لايغا پاتقان كاسىسىنى ئۇۋۇلاۋاتقانىدى.

— جېدەل چىقارغان قايسىڭ؟ ئەجنەبىي خوجايىنلارغا مۇشت كۆتۈرگەن قايسىڭ؟

نىمجان ئەجنەبىي دەرھال جانلاندى. ئۇچلۇق ھاسىسىنى ھامال يىگىتكە ئۇدۇل قاراتتى. چېرىكلەر قاتىل ئەجنەبىينى قولتۇقىدىن يۆلەپ، گىلەم سېلىنغان ئات ھارۋىغا چىقىرىشتى. ھامال يىگىتنىڭ قوللىرىنى چەمبەرچاس باغلاشتى - دە، دوتەي يامۇل تەرەپكە ئەكىتىشتى، چېكىدىن ئاشقان بۇ ئادالەتسىزلىكنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەر ئىختىيارسىز ھالدا مۇشت تۈگۈشتى، بۇ

ئۆز غۇرۇرى - ئىپتىخارىنى، ئىززەت - ئەتىۋارىنى جان تىكىپ قوغداش ئۈچۈن تولغۇنغان قىساسكار مۇشت ئىدى.

......

شۇ ئاخشام — نامازشام ۋاقتى. قىساسكار مۇشت، غەزەپلىك چۇقان - سۈرەنلەر قورشاۋى ئاستىدا قالغان ئىنگلىز ئەلچىخانىسىنىڭ ئارقا ئىشىكى قىيا ئېچىلدى. بىر قاناتلىق تارغىنا ئىشىكتىن قىستىلىپ چىققان بىر ئادەم ئىككى ئالقىنىنى يەرگە تىرەپ، تۆۋەنگە، يىراقلارغا نەزەر سالدى. ئىككى - ئۈچ غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتىكى بۇ زېمىن ئەسلىدە مۇنبەت شاللىق بولۇپ، تۆمەن دەرياسىغا كەلگەن كەلكۈن نەتىجىسىدە لاي - لاتقا ئاستىدا قالغانىدى. ھازىر ئۇ يەر - بۇ يەردە غۇجمەك - غۇجمەك كۆرۈنۈپ تۇرغان قارا سۆگەت، سېرىق سۆگەتتىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. ھېلىقى ئادەم ئوڭ - سولغا، سۆگەتلەر ئەتراپىغا بىر ھازا - غىچە كۆز تىككەن ۋە قۇلاق سالغاندىن كېيىن، ئىشىك تەرەپكە قاراپ قول شىلتىدى. بىر گەۋدە ئىككى بولدى. بىردەمدىن كېيىن تۆۋەنگە قاراپ سىيرىلدى. ئاق پوستەك ئۆرلەپ تۇرغان شور تۇپراققا يېتىپ قالغان پۇتلىرىنى ئەستە يۆتكەپ،زەي سۇ يىغىلىپ قالغان ئازگاللارغا يىقىلىپ - قوپۇپ، مىڭبىر مۇشەققەت ئىچىدە ئەگرى - بۈگرى يالغۇز ئاياغ يولغا چىقىۋالدى. يارباغ كۆۋرۈكىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى جەينەكسىمان بوشلۇق «سامان بازىرى» دەپ ئاتىلاتتى، خېرىدارسىز قالغان بىر ھارۋىكەش ئۆيگە قايتىشقا تەمشىلىپ تۇراتتى. ھېلىقى ئىككى ئادەم ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى - دە، «ھارۋىكەش، ھەز-

رەتـكە!» دېدى. «كافكازچە ئۆتۈك»، ئادەتتىكىچە نىل رەڭ چەكمەن تون كـىـيـگەن، لاي - پـاتقاقتا مىلەنگەن بۇ ئادەملەرگە ھـەيـرانلىـق بىلەن قاراپ قالغان ھارۋىـكەش ئالقىنىغا چۈشكەن تەڭگىنى كـۆرگەندىن كېيىن مـاقۇللۇق بىلدۈردى.

— تېزرەك! — ئۇنـىـڭ يانچۇقـىغا يەنە بىـر سەر تەڭگە تاشلىدى ئۇلار.

— چۇ، نان قېپى! — ساغـرىسىغا قـامـچـا يېگەن ئات تۈمەن دەرياسىنىڭ تۆشۈك دەرۋازا تەرەپتىكى كۆۋرۈ- كىدىن تاراقلاپ ئۆتكىنىچە، دۆڭگە قاراپ چاپتى.

......

شۇ مەزگىل. توقۇزاق دەرۋازىسى تەرەپتىن ئالدىراش كېلىۋاتقان ئىخچام سەللىلىك كىشى ئامبارچىنىڭ دوقمۇشى- دىن ئۆتتىنىڭ قايرىلدى. بىر - بىرىگە ياندىاش سېلـىنغان «قازان مەدرىس» بىلەن «خانلىق مەدرىس» ئالـدىغا كەلـ- گەندە، سەل - پەل دېمىنى ئېلىۋالدى - دە، كـونا ئوردا كوچىـسىغا راۋان بـولـدى. كۆتۈرمە ئۆيلەر بىر - بىرىگە ياندىشىپ كەتكەن بۇ كوچا دېرىزە - تۈڭلۈكسىز ھۇجرىـ دەك قاراڭغۇ ئىدى. بۇ كىشى كوچىنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى ناھايىتى ئوبدان بىلسە كېرەك، ھېچقانداق تەمتىرىمەيتتى، مۈدۈرۈپ يىقىلمايتتى. ئۇ، قـەدىمىنى ئاسـتـىلاتـمايـتتى. ئۇ، قوش قاناتلىق تونۇش دەرۋازا ئالدىغا كېلىش بىلەن تەڭ تۆمۈر ھالقىغا قول ئۇزارتتى. «جاڭ - جاڭ - جاڭ!...»

— كىم؟ — ھويلا تەرەپتىن ئوغۇل بالىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. چىراغ يورۇقى يېقىنلاشتى.

— مەن، داموللام جانابلىرى ئۆيدىمۇ؟

توغۇل بالا جاۋاب بېرىپ بولغۇچە، هويلا تەرەپتىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— موللا ساۋۇت، كىم ئىكەن؟

— قۇتلۇق هاجىم جانابلىرى! — ئوغۇلنىڭ كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازىدىن چوڭقۇر هۆرمەت ۋە ئىنتىزارلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئىشىك ئېچىلدى، — كىرسىلە، ئۇستاز.

ساقال - بۇرۇتلىرى چىرايلىق ياسىتىلغان بۇ هۆرمەت ئىگىسى ئۆز سوئالىنى تەكرارلىدى:

— داموللام جانابلىرى ئۆيدىمىكىن؟

— «لاي پەشتاق» قا كەتكەنىدى، كېلەر ۋاقتى بولۇپ قالدى. ئۆيگە كىرىپ تۇرسىلا، قۇتلۇق هاجىم، — دالاندا تۇرۇۋاتقان ئايال جاۋاب بەردى.

— رەهمەت، نائىلە خېنىم، ئالدىغا باراي، — قۇتلۇق هاجىم ئارقىغا ياندى. بەشئىبرىق كوچىسىغا راۋان بولدى. پەشتاق ۋە مۇنارلىرى خام خىشتىن ياسالغانلىقى ئۈچۈن «لايپەشتاق» دەپ ئاتالغان مەدرىس شۇ كوچىدا ئىدى.

شۇنچە ئالدىراش كىرگەن قۇتلۇق هاجىم مەدرىس سەيناسىدا «شىپپىدە» توختىدى. چۈنكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشهۇر ئالىمى، مەزكۇر ۋەتەنپەرۋەر شائىرنىڭ قەدىرلىك ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس جانابلىرىنىڭ مۇبارەك ئاۋازى جاراڭلاۋاتاتتى:

— «سۈرە هەج» — ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» ئىچىدىكى 22 - سۈرە، 78 ئايەتنىڭ بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن بۇ

سۈرەنىڭ 39 ـ ئايىتىنى ئۇنتۇك ئوقۇغۇچىلار! — بىرەر يۈز
كىشى يىغىلىدىغان تەلەپپۇز بىلەن ئەرەبچە ئوقۇشنى تۇختىـ
تىپ قالدىن كېيىن مەنىسىنى يېشىپ چۈشەندۈردى ئابدۇقادىر
داموللام، — «ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقـ
لىرى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى.
ئاللا ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر.» مانا بۇ —
خۇدانىڭ سۆزى، خۇدانىڭ ۋەدىسى. ئاللاتائالا زۇلۇمغا
ئۇچرىغان، ئېزىلگەن، خورلانغان خەلقنىڭ تەڭ قوزغىلىپ،
بىردەك ئۇيۇشۇپ، زالىملارغا قارشى ئاتلىنىشىغا ئەنە شۇنـ
داق ئىجازەت بەرگەن؛ مەلۇم كىشى ياكى مەلۇم مىللەتنىڭ
پېشانىسىگە ئەبەدىي قۇللۇق ـ مەھكۇملۇقنى پۈتۈپ قويدۇم
دېگەن ئەمەس؛ ھاقارەتكە سەۋر، ئاسارەتكە شۈكرى
قىلىڭلار دېگەن ئەمەس!...

پۈتۈن ئەقىل ـ زېھنى ۋە جان ـ دىلى بىلەن بېرىلىپ
ئاڭلاۋاتقانلار «خانلىق مەدرىس»، «قازان مەدرىس»، «ساقىـ
يە مەدرىس» «ساچ مەدرىس» قاتارلىق مەشھۇر بىلىم
يۇرتلىرىدا تەلىم ئېلىۋاتقان تالىپلار ئىچىدىكى يۈرەكلىك،
تەرەققىيپەرۋەرلەر ئىدى. ئۇلار ئابدۇقادىر داموللامغا سادا
قەتمەنلىك بىلەن ئەگىشەتتى. ئۇلارنىڭ تەسىرى يېزا ـ
سەھرالارغىچە كېڭەيمەكتە ۋە چوڭقۇرلاشماقتا ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللام بۈگۈن يارباغ دەرۋازىسى سىرتىدا
يۈز بەرگەن پاجىئەدىن خەۋەردار ئىدى. بۇ پاجىئە مۇنا
سىۋىتى بىلەن قوزغالغان ئاممىۋى قارشىلىق كۆرسىتىش
ھەرىكىتىدىنمۇ بىخەۋەر ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا ساداقەت
مەن تالىپلارنىڭ بۇ ھەقتە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب

بىرىۋاتاتتى، بۇ ئەھۋالنى ئېنىق چۈشەنگەن قۇتلۇق ھاجىم قىرلىق تۈۋرۈكلەر دالدىسى بىلەن شەپىسىز مېڭىپ، تاللىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئوچۇق ۋە ئىسسىق چېھرى بىر جۈپ قىزىل شام يورۇقىدا تېخىمۇ قىزىرىپ ۋە نۇرلىنىپ كەتكەن ئابدۇقادىر داموللام ئىلمىي نۇتۇقىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى:

— «زالىملارغا ھېچقانداق مەدەتكار يوق»، بۇ — خۇدانىڭ سۆزى، ئەپسۇسكى، خۇدانىڭ كالامىنى قولىدىن، «ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمانمەن» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بەزى «ئۇلۇغزادە» لىرىمىز مەزلۇملارغا رەقىب، زالىملارغا رەپىق بولماقتا، مەدەتكار بولماقتا!...

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ سۆزى دەل مۇشۇ يەردىلا ئۈزۈلدى.

سۆزنى ئۈزگەن — لاتا خەي كىيگەن ماۋزىرلىق چېرىك ئىدى. ئۇ، ئۇن - تىنسىز يېقىنلاپ كېلىپ:

— قازىئاخۇنۇم، ئۆزلىرىنى ما دوتەي جانابلىرى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى ۋە قوشۇمچە قىلدى، — ئات ئىشىك ئالدىدا.

— بولىدۇ، سىز چىقىپ تۇرۇڭ!

قۇتلۇق ھاجىم ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ۋە سالام بەردى.

— ھاجىم، ئۆزلىرى؟...، — ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى ئابدۇقادىر داموللام.

— جانابلىرىنى يوقلاپ كەلگەنىدىم، — قۇتلۇق ھاجىم ئاۋازىنى پەسەيتىپرەك سورىدى، — يەنە نېمىدەپ كەلگەندۇ بۇلار؟

— باش ئاغرىقىغا مۇپتىلا بولغان ئامباللىرىمىزنىڭ ھاجىتى چۈشكەن بولسا كېرەك.

ما تىنەي ئەسكەرلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان يولسىزلىقى ۋە زوراۋانلىقى كۆپىنچە ھاللاردا ئۆلۈم ھادىسىسى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. قازاغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دەۋاگەرلىرى كۆپ ۋە كۈچلۈك بولسا، تەھدىت ياكى قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىك بولىدىغان بولسا، بۇ دەۋانى سۈلھ - سالا بىلەن بىر تەرەپ قىلىش مەجبۇرىيىتى ئابرويلۇق دىنىي زاتلارغا ياكى شەرىئەت مەھكىمىسىگە يۈكلىنەتتى. ما شاۋۋۇنىڭمۇ بۈگۈنكى «ماجىرا»نى ئەنە شۇ كونا ئۇسۇل بويىچە بىر تەرەپ قىلماقچى بولغانلىقى ئېنىق ئىدى. نېمە قىلىش كېرەك؟ پۈچەك پۇلغا ئىمانىنى ساتقان بەزى موللىلارغا ئوخشاش «ھەر كىشىنىڭ تەقدىر قىسمىتى لەۋھۇلمەھپۇز① غا پۈتۈلگەندۇر. مەرھۇم قېرىنداشلارنىڭ ۋاپاتىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەستۇر؛ قازاغا رىزا بولماق — مۆمىنلىكنىڭ ئەقەللىي ئۆلچىمىدۇر» دەپ ۋەز ئېيتسۇنمۇ؟ جىنايى جاۋابكارلىقىنى خۇدانىڭ ئۈستىگە يۈكلەپ قويۇشتەك قەبىھ ۋاستە ئارقىلىق قارام قاتىلنى قوغداپ قالسۇنمۇ؟ زوراۋانلارنىڭ خالىغانچە قان تۆكۈشى، قاتىللىق قىلىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرسۇنمۇ؟!... سۆيۈملۈك ئالىمنىڭ كۆڭلىدىكى سان ناھايىتى ئېنىق ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ، قۇتلۇق ھاجىمنىڭ بۇ ھەقتە سورىغان سوئالىغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

---

① ئىنسانلارنىڭ تەقدىر - قىسمىتى پۈتۈلگەن مەخسۇس دەپتەر.

— ئاللا — زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ خەيرخاھىدۇر، قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر. ئاللا قوللىغاننى قوللاش، ئاللا ياردەم بەرگەنگە ياردەم بېرىش — ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز ۋە قەرزدۇر.

— ئەلۋەتتە.

— بەزىلەر، دەھشەتلىك زۇلۇمغا ئۇچرىغان خەلقنىڭ قەھىر - غەزەپ كەلكۈنىنى سەۋر - تاقەت ۋە شۈكۈر - قانائەتنىڭ قۇملۇق چۆلىگە سىڭدۈرۈۋېتىش كويىدا بولۇۋاتقۇدەك. بۇ كەلكۈن ھەددىدىن ئاشقان ئەجنەبىلەرنىڭ كىبىر مۇنارىنى غەرق قىلىۋېتىشى، ئەپيۇن - مەنىۋى ئەپيۇنلىرىنى لاي - لاتقا ئاستىغا كۆمۈۋېتىشى لازىم ئىدى...

......

تۇمەن دەرياسىنىڭ تۆشۈك دەرۋازا كۆۋرۈكىدىن تاراقلاپ ئۆتكەن ئات ھارۋىدىكى ئىككى كىشى ھەددىدىن زىيادە خۇش بولۇپ كەتتى، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىزدەپ تاپماقچى بولغان كىشىسى ئۈچ يۈزدىن ئوشۇقراق مۇرىت - مۇخلىسىنى ئەگەشتۈرگەن ھالدا ئالدىراش كېلىۋاتاتتى.

— بۇ مۇتتەھەملەر تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن تىنچىتىلمىسا، ئىش چوڭىيىپ كېتىدۇ، — دېدى ئەنگلىيە ئەلچىخانىسىنىڭ مەخپىي خىزمەت خادىملىرى، — سوۋېت ئەلچىخانىسىنىڭ ئادەملىرى ئۈچ پۈتلۈق ئاپپارات جازىلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىشىدۇ، تارتقان سۈرەتلىرىنى دۇنياغا تارقىتىدۇ. ئۇلۇغ برىتانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

— باش ئەلچى ئالىيلىرى خاتىرجەم بولسۇن، — خوجا ئىشان ناھايىتى ئىشەنچلىك جاۋاب بەردى، — بىزمۇ ئالاھىدە تەييارلىق بىلەن يولغا چىقتۇق.

بۇلار يارباغ دەرۋازىسىغا يېقىنلىشىش بىلەن تەڭ جەرە باشلىدى:

يېگانە ئاللا ئالەم ياراتتى،
خاكى زېمىندىن ئادەم ياراتتى.
ھەركىمگە لايىق ئۆمۈر ـ ھاياتلىق،
رىزقى ـ نېسىۋە چاچتى ـ تاراتتى...

ئەلچىخانا دەرۋازىسى ئەتراپىنى قورشىۋالغانلار مىڭغا يېقىن ئادەم ئىدى. ئۆلگۈچىنىڭ ئوغۇل پەرزەنتلىرى، ئەر ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە قىيامەتلىك دوستلىرى بۇ نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ زەربىدار گۇرۇپپىسى ئىدى. ئۇلار «قانغا قان ئالايلى!»، «قاتىلنى قانات ئاستىغا ئالغانلارغا ياخشى كۈن يوق!» دەپ تۇۋلىشاتتى، كۆپچىلىك قوشۇلاتتى. ئەلچىخانا ئىچىگە تاش ـ كېسەك ياغدۇراتتى. سوپى ـ ئىشانلارنىڭ قەدىمى يېتىش بىلەن تەڭ ھەرىكەت توختىدى، قەھر ـ غەزەپلىك چۇقان ـ سۈرەنلەر بېسىقتى. ھەتتا ئويۇن ـ تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن بىر توپ كەپسىز باللار سوپىلارنى دوراپ جەرە سېلىشقا، قەھر ـ غەزەپنى ئويۇن ـ كۈلكىگە ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى.

— ئاھ، قېرىنداشلىرىم، دۇئاگويى ئاتىسىدىن، خەيرخاھىدىن، مېھرىبانىدىن بىمەھەل ئايرىلىپ قالغان پەرزەنت

لىرىم، مۇسىبەتداشلىرىم! — غۇلىچىدىنى كەڭ ئاچقىنىچە ھازىدارلار ئالدىغا كەلدى خوجا ئىشان. — مەرھۇم — ئىمانى كامىل مۇسۇلمان ئىدى. بەش ۋاخ نامىز، 30 كۈن روزىنى قازا قىلمايدىغان تەقۋادار كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىغا چەكسىز ئېچىنغانلىقىم تۈپەيلىدىن كېچىنى كېچە دېمەي، يولىنى يىراق كۆرمەي، ھەزرىتى ئاپئاق خوجام ئارامگاھىدىن بۇ يەرگە كەلدىم.

مۇسىبەتدارلارچە تەلەپپۇز بىلەن ئېيتىلغان بۇ گەپلەر توپ ئىچىدىكى بەزى ساددا ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتىۋەتتى.

— رەھمەت، ئىشان خوجام، جاپاكەش بىر ھاممالنىڭ ۋاپاتىغا شۇنچە ئېچىنغانلىقلىرىغا مىڭ رەھمەت، — دېيىشتى ئۇلار تەسىرلەنگەن ھالدا، — غېرىبىنىڭ بېشىنى سىلىغانلارنىڭ بېشىنى خۇدايىم ئۆزى سىلايدۇ. دۆلەت-مەرتىۋىلىرى زىيادە بولۇپ كەتكەي، خوجام.

خوجا ئىشان ئەمر-مەرۇپقا كىرىشتى:

— ئات — خۇدانىڭ شېرى، تۆت چاھارىيارنىڭ بىرى — ھەزرىتى ئەلى شاھى مەردان پىرىم مىنگەن ئەزىز جانىۋار. مەزكۇرنىڭ ئۇلۇغ جۈمە كۈنىدە ئەزىز جانىۋار تۇيىقى ئاستىدا جان بەرگەنلىكى ئۇنىڭ شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر، جەننەت ئەھلى قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر... ھەركىمنىڭ ھايات-ماماتلىق قىسمىتى ئۆز پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولىدۇ. تەقدىرگە تەن بەرمەسلىك، قازاغا رىزا بولماسلىق — كۇپۇرلۇقنىڭ كاساپىتىدۇر... ئەزىز قېرىنداشلىرىم، ئەجنەبىيلەر

ئالدىدا ئۆزىمىزنى خار قىلمايلى، «ئۆلۈكنى ساتىدىكەن» دېگەن ئاھانەتكە قالمايلى. مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىكى ۋە نەزىر - چىراغلىرى ئۈچۈن كېتەرلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى پېقىر ئەكىرگەن ئەنە ئاۋۇ ھارۋىدا تەييار تۇرۇپتۇ. ۋۇجۇدى سوۋۇپ بولغۇچە يەرلىكىدە يېتىپ بولغان مېيىت بىر ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا مۇيەسسەر بولغاي. دەرھال تۇتۇش قىلىپ، بامدات نامىزىغا ئۈلگۈرتەيلى!

ئۈنۈپ چىققانىدەكلا پەيدا بولغان ئەمەت مەزىن سۆلھ - سالاغا كىرىشتى:

— ئىشان خوجام — خۇدانىڭ نەزىرىگە يولۇققان ئۇلۇغ زات. بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ لەۋزىنى يەردە قويۇش گۇناھ. خوجامنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشى بىلەن مېيىتنىڭ يۈزى تېخىمۇ يورۇق بولدى، قىممەت - ئەتىۋارى يۈكسەلدى. يۈرۈشسىلە، تېزرەك تۇتۇش قىلىپ، دەرھال يەرلىكىدە قويايلى!

بىرقانچە مويسىپىت بۇ پىكىرنى قوللىدى. قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ ئالدىنقى رېتىدىكىلەر تەۋرەنمەكتە، ئىككىلەنمەكتە ئىدى. مۇرىت - مۇخلىسلار يەنە جەرە سېلىپ مەجنۇنلارچە ئايلىنىشقا، كىشىلەرنىمۇ مەجنۇنغا ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى:

بەرھەق تۇغۇلماق، ئۆلمەكمۇ بەرھەق،
نى - نى ئۇلۇغلار تۇپراققا پاتتى.
كىم نارىزاكى تەقدىر قازاغا،
شەك - شۈبھىسىز ئۇ دوزاخقا پاتتى...

خوجا ئىشانىڭ قولىدىن بەرگىنى — ئىككى تاغار ئۇن - گۈرۈچ، 30 جىڭ سۇ يېغى، بىر كالا. قولغا كەلتۈرگىنى — جىرىڭلاپ تۇرغان ئالتۇن ئىدى. ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراقى، ئەجنەبىي خوجايىنلىرى ئالدىدىكى يۈز - ئابرويي ئىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن ئالاھىدە يوقلاپ چىققان ھەسەن شۆيد باش مىسسىئونېرنىڭ رەھمەت - تەشەككۈرىنى يەتكۈزۈپ مۇنداق دېدى:

— ئۇلۇغ برىتانىيە باش ئەلچىسى جانابلىرى بىلەن باش مىسسىئونېر جانابلىرى سىلىدىن تولىمۇ مىننەتدار. ئۇلار ئۆزلىرىنى قالتىس ئەقىل - ئىدراكلىق، چارە - تەدبىرلىك زات ئىكەن دەپ ماختاشتى. جانابلىرىنىڭ دەرىجە ۋە مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەققىدە ما دوتەيگە تەكلىپ بەرمەكچى. جېدەل - ماجىرانى تىنچىتىش، قىبرى ھامىلىنىڭ جەسىتىنى يەرلىكىدە قويۇش جەريانىدا چەككەن جاپا، تارتقان چىقىملىرى ھېسابىغا مانا بۇ ئالتۇننى ئىنئام قىلدى!

ئالقىنىغا چۈشكەن تۆت قىرلىق قۇيما ئالتۇننىڭ ئۇن سەردىن كەم ئەمەسلىكىنى پەملىگەن خوجا ئىشان قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى:

— رەھمەت، خەير - ساخاۋەتلىك خوجايىنلىرىمىزنىڭ ئالىي ھىممىتىگە يۈزمىڭ رەھمەت. ھۆرمەتلىك ھەسەن ئەپەندىم، خوجايىنلىرىمىزغا يەتكۈزۈپ قويسىلا: ئەقىل - ئىدراك يولتۈزىنى، نۇسرەت ۋە شۆھرەت ئەگكۈشتىرىنى، — سەللىسى ئىچىدىكى كىرىستىنى ئېھتىيات بىلەن سىلاپ قويدى ئۇ، — ئۆز قولى بىلەن تەقدىم قىلغان ئىلتى

يات ئىگىسىنىڭ سادىق قۇلىمەن، ھەرقانداق ۋەزىپە ـ تاپشۇرۇقلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا تەييارمەن!

دوتەي ما شاۋۇ ئەجنەبىي خوجايىنلارنىڭ «تەكلىپى» بىلەن ئاپئاق خوجا مازىرىنىڭ جىمى ۋەخپىلىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلىشتەك ئالىي ھوقۇقنى خوجا ئىشانغا ئىنئام قىلىۋەتتى. پۈتۈن ناھىيە ـ شەھەرلەردىكى نەچچە مىڭ مو ۋەخپە يەر، يۈزلىگەن دۇكان ـ سارايلارنىڭ كىرىمى ھېچقانداق دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىماستىنلا ئۇنىڭ چۆنتىكىگە كىرىدىغان بولدى. بۇ ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ يەر ـ زېمىن، باغ ـ ھويلا، دۇكان ـ سارايلارنى ئىجارىگە ئالغۇچى ھەرقانداق شەخس خوجا ئىشانغا «قول بېرىشى» (مۇرىت ـ مۇخلىس بولۇشى) شەرت ئىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىۋەتتى!

......

تۈن قانچە قاراڭغۇ بولسا، ئوغرى ـ قاراقچىلار شۇنچە قۇترايدۇ. ئوغرى ـ قاراقچىلار قانچە قۇترىسا، خەلقمۇ شۇنچە سەگەكلىشىدۇ، بىرلىشىدۇ، ئۇيۇشىدۇ. قەشقەردىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولماقتا ئىدى.

قىساسكار خەلقنىڭ ئۆتكەن قېتىمقى غەزەپ كەلكۈنى «تەقدىر» توغىنى بىلەن توسۇلۇپ، «شۈكۈر ـ قانائەت» باياۋىنىغا باشلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئەجنەبىيلەرنىڭ خورىكى ئۆسۈپ كەتتى. دىن تارقىتىش قەدىمىنى تېزلەتتى. دوختۇرخانىسى ئىچىدىلا ئەمەس، ھەرقايسى تىجارەت ئورۇنلىرىدىمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا كىتاب ـ كىتابچە، تەش-

ۋسقاپ ۋەرەقلىرىنى تارقىتىدىغان ھالەتكە يەتتى. شۇ كۈنـ لەردە بىر ئەجنەبىي سودىگەرنىڭ ئەپيۇن يەشىكلىرى ئارتىلـ غان 40 قېيىقسىرى قىزىل دەرياسىنىڭ ياغاچ كۆۋرۈكىدىن بىمالال ئۆتۈپ، سىپىلنىڭ سىرتىنى بويلاپ مېڭىپ، شىۋىد دوختۇرخانىسى① ئىچىگە كىرىپ كەتتى!...

ئابدۇقادىر داموللام بىئارام بولماقتا، قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى بىئارام بولماقتا، ۋەتەنپەرۋەر سودىگەرلەر، ئىمانى كامىل دىنىي زاتلار ۋە پۈتۈن قەشقەر خەلقى بىئارام بولماقتا ئىدى.

— ما دوتەيگە گەپ قىلسىلا، قازىئاخۇنۇم، — سالامـ دىن كېيىنلا شۇنداق دېيىشتى ۋىجدانلىق بايلار، ئابرويـ لۇق ئۆلىمالار، يۇرت مۆتىۋەرلىرى، — ما دوتەيمۇ بىر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، دىنىمىزنىڭ پاكلىقىنى قوغدىسۇن، ئۆز دىنداشلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىسۇن. ئەجنەـ بىيلەرنىڭ دىن تارقىتىشىنى چەكلىسۇن، ئەپيۇن سودىسىنى چەكلىسۇن!

ئابدۇقادىر داموللام بۇ گەپلەرنى دېمىسىگەن ئەمەس، بەلكى قايتا ـ قايتىلاپ دېگەن ۋە مۇنداق جاۋاب ئالغانىدى:

— مەن — كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەمـ مەن، ھۆرىيەتپەرۋەر زاتمەن. كىشىلەر ئەيساغا چوقۇنامدۇـ

① ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك قورالىق بۆلۈم ئورۇنلاشقان جاي.

مۇساغىمۇ، ئەپيۇن چېكەمدۇ ـ نەشىمۇ، ئۆز ئىختىيارى، ئۆز ئەركىنلىكى!...

ئاخشام — ناماز خۇپتەندىن كېيىن تارقىلىشقا باشلىغان خەۋەر بامدات ۋاقتىغىچە پۈتۈن شەھەرنىڭ بۇلۇڭ ـ بۇرجەكلىرىگىچە يېتىپ بارغانىدى:

— يەنە ئەپيۇن كەپتۇ!

— 40 قېچىردا ئەپيۇن كەپتۇ! — «خانلىق مەدرىس»تە شۇ گەپ، «قازان مەدرىس»، «ساقىيە مەدرىس»، «ساچ مەدرىس»، «لايىپەشتاق» مەدرىستىمۇ شۇ گەپ؛ تىللا سارىيى، پىچاق سارىيى، ياغاچ سارىيىدا شۇ گەپ، ئەنجان رەستە، قاراغۇ رەستە، ئۆرەۋۇ ئالدى ـ ئەلچىخانىلاردىمۇ شۇ گەپ ئىدى:

— بىرىۋاتقىنى ئوغا ـ زەھەر، ئېلىۋاتقىنى ئالتۇن ـ گۆھەر! — دەيتتى كىشىلەر قەھىر ـ غەزىپىنى باسالماي، — نېمانچە بوزەك قىلىشىدۇ بىزنى ئۇ ئورا كۆز مايمۇنلار!

ئۇشبۇ سائەتتە «لايىپەشتاق» مەدرىسىنىڭ ئىچكىرى ھۇجرىسىدا يەتتە كىشى جىددىي ۋە ئەستايىدىل سۆزلەشمەكتە، قەشقەرنىڭ تەقدىرى — ئىستىقبالى ھەققىدە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تەھلىل يۈرگۈزمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى، ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس جانابلىرى؛ يەنە بىرى، قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى ئىدى.

— ئەجنەبىيلەرنىڭ ئەكىلىۋاتقىنى يىلان بىلەن چايان، ئەكېتىۋاتقىنى قان بىلەن جان! بۇ — خەلقىنىڭ سۆزى، خەلقنىڭ باھاسى. زۇلۇم ـ كۈلپەت جىنىدىن ئۆت-

كەن، سەۋز - تاقىتى چېكىگە يەتكەن خەلققە ئىجاتلىق يولى كۆرسىتىپ بېرىش — باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز، — ئابدۇقادىر داموللامنىڭ سۆزى قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىق ئالتە كىشىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئىگە ئىدى. ئۇلار پۈتۈن قەشقەر خەلقىنى ئويغىتىش، زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، قۇدرەتلىك خەلق نامايىشى ئۇيۇشتۇرۇش ھەققىدە كېڭىشىۋاتقانىدى.

— ما دوتەيىنى ئەپيۇن كۆيدۈرۈشكە مەجبۇرلاش، چەت ئەل مىسسىئونېرلىرى ۋە ئەپيۇن سودىگەرلىرىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا مەجبۇرلاش كېرەك! شۇنداق قىلغاندىلا، ھەددىدىن ئاشقان ئەجنەبىلەرنىڭ ھەيۋىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغىلى، ۋەتەننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە مىللەتنىڭ غۇرۇر - ئىپتىخارىنى قوغدىغىلى بولىدۇ، — بۇ — يەتتە كىشىلىك كېڭەشنىڭ قارارى ئىدى.

ھېيتگاھ — دولقۇنلۇق دېڭىز، ھەرقايسى كوچىلار — شاۋقۇنلۇق ئېقىن ئىدى. سىپىلنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى بارلىق دۇكان - سارايلار تاقالغان، سودا - تىجارەت توختىغانىدى. تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، يايمىچى - تىجارەتچىلەر، ھەتتا «تىللا سارىيى» تەۋەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن سەرراپلار، ئەنجان رەستىسىدە نامى چىققان ھەتتالار، ئابرويلۇق دىنىي زاتلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرىمۇ شۇ قاينامدا ئىدى. كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق تالىپلار غەزەپلىك مۇشتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرايتتى، نەچچە مىڭ ئادەم بىردەك قوشۇلاتتى:

— ئەجنەبىيلەرنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرايلى!

— قارشى تۇرايلى!

— ئەپيۇن سودىسىغا قارشى تۇرايلى!

— دىن تارقىتىشىغا قارشى تۇرايلى!...

بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقان قۇدرەتلىك ئېقىمىن دوتەي يامۇل تەرەپكە قاراپ ئاقتى ۋە يامۇل دەرۋازىسى ئالدىدا شىددەتلىك شاۋقۇن كۆتۈردى:

— چەت ئەل مىسسىئونېرلىرىنى قوغلاپ چىقىرايلى!

— چەت ئەل ئەپيۇن سودىگەرلىرىنى قوغلاپ چىقىرايلى!

— يەرلىك ئەپيۇن بېدىكلىرىنى قاتتىق جازالايلى!

— ئەپيۇن كۆيدۈرەيلى!...

خەلقنىڭ قەھر قىيانىدىن قورقۇپ كەتكەن ماشاۋۇ يامۇل مۇھاپىزىتىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىۋەتكەن ۋە مۆكۈۋالغانىدى.

— ما دوتەي ئالىيلىرى بۇ يەردە ئەمەس، يىغىشەھەر-دە، — دەپ جاۋاب بەردى يامۇل خادىملىرى، — ھەر-بىرىڭلارنىڭ تەلىپىگە بىز جاۋاب بېرەلمەيمىز. ما دوتەي ئالىيلىرىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، قايسى دىن، قايسى مەزھەپتە بولۇش، نېمىنى چېكىش ۋە ئىچىش، نېمىنى چەكمەسلىك ۋە ئىچمەسلىك — ھەر كىمنىڭ ئۆز ئىختىيارى، ئۆز ئەركىنلىكى!

— ئەپيۇن كۆيدۈرەيلى! — بۇ سادا گۈلدۈرماممىدەك ياڭىرىدى.

— ئەجنەبىيلەرنىڭ بارلىق زەھەرلىرىنى ئۆرتەپ تاشلايلى!

— ئۆرتەپ تاشلايلى! — شاۋقۇنلۇق ئېقىن ئاق ئوردا مەھەللىسىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، قومدەرۋازا سىرتىغا راۋان بولدى.

......

شۇ مەزگىل. قارا تەرگىسە چۆمگەن ئىككى دەرۋىش خوجا ئىشانىنىڭ پىنھان ھۇجرىسىدا كېكەچلىمەكتە. پىلىنماقتا:

— تىلىم - تىلىم قۇرۇپ - قۇرۇپ كەتتى. بىر يۇتۇم...

— جېنىڭ قۇرۇپ كەتسۇن، ئىلاھىم! جاۋاب بەر: سەپ ئىچىدە ئابدۇقادىر داموللا بارمۇ — يوق؟

— يوق.

— قۇتلۇق شەۋقىچۇ؟

— يوق.

— يوق - ھە؟!

— نۆزەمبىللا.

— مېنىڭ ئىش، ئەمدى پۈتۈن «شەربەت كۆل» نى دەم تارتىشسا كىمۇ مەيلىڭ!

كۆلگە ئۆزىنى ئاتقۇدەك ھالغا كەلگەن بۇ ئادەملەر خوجا ئىشانىنىڭ «كۆز - قۇلاق» لىرى ئىدى. ئۇلار بۈگۈن جۈمە نامىزىدىن كېيىنلا باشلانغان سەلتەنەتلىك خەلق نامايىشىنىڭ بىر قىسىم ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىپ تۈگەت كەنىدى. ئۇلار نامايىشچىلار قوشۇنى دوتەي يامۇل تەرەپكە راۋان بولغاندىلا، بۇياققا قاراپ چېپىشقان، باشقا «كۆز - قۇلاق» لار تېخىچە يېتىپ كېلەلمىگەنىدى. «دوتەي يامۇل غا قاراپ ماڭغىنىغا قارىغاندا، — جىددىيلىك ئىچىدە خىيال سۈرەتتى خوجا ئىشان، — ما دوتەي ئالىلىرىنى پاراكەندە

قىلدۇ، يولسىز تەلەپلىرىنى ئورۇنداشقا مەجبۇرلايدۇ. كۆن-
مىسە، ياموُل ئەتراپىنى قورشاپ بېتىشىدۇ. دوتەي ئالىد-
رىغا، بەلكى تىل - ئاھانەتمۇ ياغدۇرىشار. ئاجايىپ بىر
پەيتتە ئەسقاتىدىغان بولدۇم - دە!...» ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى
جىددىيلىك تۇيغۇسىنى ئىنتىقام تەمەسى ئىگىلىدى. ئۇ، يال-
غۇز سېدە سايىسىگە كۆمۈلگەن تار ھويلىغا چىقتى. دېھقان،
ھۈنەرۋەن، لېۋكچەك - قىمارۋاز قىياپىتىدە ياسانغان 20
نەچچە دەرۋىش بۇيرۇق كۈتۈپ ئولتۇراتتى. بۇلارنىڭ ۋەزى-
پىسى نامايىشچىلار قوشۇنىنى ئورۇش - چېقىش، بۇلاش -
تالاش يولىغا سۆرەپ كىرىش، «توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرى-
لاش» ئىدى.

— تەييارلىق پۈتتىمۇ؟

— پۈتتى! — قوينىدىن تاش - توقماق، يەڭ ئىچى-
دىن چوماق، قونچىدىن پىچاق ئېلىشتى ئۇلار.

— ئاتلىنىڭلار!

خوجا ئىشان ئۆز ئىچىدە چوت سوقاتتى: «چاتاق چىق-
ماي قالمايدۇ، قان تۆكۈلمەي قالمايدۇ. ئابدۇقادىر داموللا،
سەن ئۆزۈڭنى ھەرقانچە يوشۇرساڭمۇ، جاۋابكارلىقتىن قۇ-
تۇلالمايسەن! مەھكىمە شەرىئەتنىڭ كۈمۈش مۆھۈرىنى
ساقلاپ قالالمايسەن! ئەمدى ئۇ...» ئۇ ئالقىنىنى سىيلاپ
قويدى. كۈمۈش مۆھۈرنى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇچۇپ كېلى-
ۋاتقان ھەددى - ھېسابسىز بايلىقنى كۆرۈۋاتقاندەك ھۇزۇر-
لاندى. سەيناغا چىقتى. تەييار ھالەتتە تۇرغان ئۈچ يۈز-
دەك مۇرىتنى كۆزدىن كەچۈردى. بايىقى «كۆز - قۇلاق»لار
سەپ ئالدىدا ئولتۇرۇشاتتى.

— ھەممەيلەن ئاڭلىسۇن، يەنە بىر دېگىنە! — بىرىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ سورىدى خوجا ئىشان، — جېدەلخور ئىسيانچىلار كىملەر؟

— شەھەرلىكلەر - سەھرالىقلار.

بەش دەرۋازىلىق سېپىلنىڭ سىرتى، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، سەھرا ھېسابلىناتتى. ئۆمۈرلۈك جاپا - مۇشەققەت ئۇچۇن يارالغان بۇ سەھرالىقلارنىڭ نامايىشچىلار سېپىگە قاتنىشىشى خوجا ئىشاننى ئەجەبلەندۈرەتتى، تېرىكتۈرەتتى.

— يەنىچۇ؟ — تەنە - تەئەددى بىلەن سوئال قويدى ئۇ.

— ئاتۇشلۇقلار!

— يەنىچۇ؟

— خوتەنلىكلەر، ئەنجانلىقلار!

— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — ھەممىگە بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن ئەمر - مەرۇپ قىلىشقا كىرىشتى، — خۇدا ئىنسانلارنى بىر - بىرلەپ ياراتقان. ئېتىزلىققا دان چاچقاندەك، ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ ھەممە يېرىگە تاراتقان. نېمە ئۇچۇن ئۇلار جەم بولۇۋالىدۇ؟ بىرلىشىۋالىدۇ؟ پېقىر كۆرگەن ۋە بېسقتۇرۇشقا ئىشتىراك قىلغان قوزغىلىدىكى چوڭ توپىلاڭ — مانا شۇنداق بىرلىشىۋېلىشنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۈگۈن ئاتۇشلۇقلار، ياركەنت - خوتەنلىكلەر، ھەتتا ئەنجانلىقلار بىرلىشىۋېلىپ، بىزنىڭ ئەزىزانە قەشقىرىمىزنى ئاپەت ۋە ھالاكەت غارىغا ئىتتىرمەكچى! قەشقەر — قەشقەرلىكنىڭ قەشقىرى! ئاتۇشلۇقلار ئاتۇشقا، خوتەنلىكلەر خوتەنگە، ئەنجانلىقلار ئەنجانغا كېتىشى شەرت!

......

هەرقانداق كىشىنىڭ ئەپيۇن ۋە مەنىۋى ئەپيۇندىن باشقا نەرسىگە قول تەگكۈزۈشىگە قەتئىي يول قويمىغان قۇدرەتلىك ۋە تەرتىپ - ئىنتىزاملىق نامايىشچىلار قوشۇنى ئەپيۇن يەشىكلىرى بىلەن تولغان هارۋىلارنى ئالدىغا سالغان هالدا قۇمدەرۋازا تەرەپتىن كىرىۋاتاتتى. ئۇلار شىۋىد دوختۇرخانىسىنىڭ ئامبىرىدىن تاپقان مەنىۋى تاجاۋۇزچىلىق قوللانمىلىرىنىڭ هەممىسىنى شۇ جايدىلا كۆيدۈرۈۋەتكەن، بۇ ئەپيۇنلارنى بولسا، هېيتگاھ جامەسى ئالدىدا ئۆرتەپ تاشلىماقچىدى. ياڭراق شوئار سادالىرى ئۆستەڭ بويى مەهەللىسى تەۋەسىدىكى بارلىق كوچىلارنى لەرزىگە كەلتۈرمەكتە ئىدى:

— چەت ئەل دىنى تاراتقۇچىلىرى چىقىپ كەتسۇن!

— ئەپيۇن سودىگەرلىرى چىقىپ كەتسۇن!

يول ياقىسىدىكى ئۆگزىلەرگە چىقىشىۋالغان ئوغۇل - قىزلار، چوكان - جۇۋانلار، بوۋاي - مومايلار بىردەك تەنتەنە قىلماقتا، هۆرمەت چاچقۇسى چاچماقتا ئىدى:

— ئاتاڭغا رەهمەت، ئوغلانلار!

— مۇرادىڭغا يەت، ئارسلانلار!

نامايىشچىلار قوشۇنى ئۆستەڭ بويىنىڭ دوقمۇشىغا يېقىنلاشقاندا، قارشى تەرەپتىن بىر تالاي ئادەم باستۇرۇپ كەلدى. كوچىغا پاتماي قالغان بۇ بەتپەيىل مەخلۇقلار سەركىسىز پادىغا ئوخشاشاتتى. ياۋا كالىدەك مۆرەيتتى، سەهرا ئېشىكىدەك هاڭرايتتى:

— ئاتۇشلۇقلار ئاتۇشقا كەتسۇن! خوتەنلىكلەر خوتەن‐
گە كەتسۇن!...

نامايىشچىلار يەر ‐ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك
تۋۋلايتتى:

— ئويغىنايلى، بىرلىشەيلى، زىچ ئىتتىپاقلىشايلى!

يولنى توردۋالغان بەتپەيىل مەخلۇقلارنىڭ «قەشقەر ـ
قەشقەرلىكنىڭ قەشقىرى!...» دەپ ۋارقىرىغىنى ـ ۋارقىرى‐
غانىدى. جېدەل ـ ماجىرا چىقىش، قان تۆكۈلۈش خەۋپى
پەيدىنلاشماقتا ئىدى. شاپ بۇرۇتلۇق، قەددى ـ قامەتلىك
بىر يىگىت ناۋاينىڭ پەشخۇنى ئاستىغا قويىدىغان ئۇزۇن
پۇتلۇق ئورۇندۇق ئۈستىگە چىقتى ـ دە، نامايىشچىلار
تەرەپكە مۇراجىئەت قىلدى:

— مەرھۇم ئۇستازىمىز سىيىت نوچى:

> نائىناقلىق، نادانلىق —
> يوقۇملۇق كېزىك.
> ئەقلى بارلار بولمىغاي
> ئۇنىڭغا سېزىك، — دەپ قوشاق قېتىپ ئالەم‐

دىن ئۆتكەنىدى. بىزنى يەنە مۇنداق ئاگاھلاندۇرغانىدى:

> نائىناقلىق ـ نادانلىق —
> داغ ـ ھەسرەتتە قالغانلىق.
> بارسا كەلمەس بىر يولغا
> ئات ـ ھارۋىنى سالغانلىق!

— ئۇستازىمىزنىڭ ئاشۇ تەلىمىنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئەزىمەتلەر، كۆكرەك كېرىپ ئالدىغا چىقىڭلار، بۇ ياۋايىلار بىلەن بەل تۇتۇشۇپ باقايلى!

بىر - بىرىدىن قاۋۇل 30 نەچچە يىگىت سەپراس بولۇپ تىزىلدى. بېلىنى مەھكەم باغلىغان، مۇشتۇمىنى قاتتىق تۈگكەن بۇ ئەزىمەتلەر — مەرھۇم سىيىت نوچىنىڭ ئىخلاسمەن شاگىرتلىرى ئىدى. ئابدۇقادىر دامولامنىڭ كۆپ قېتىملىق سۆز - نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىغان ۋە يادىدا تۇتقان بۇ يىگىتلەر — ياۋاشنى بوزەك ئەتمەيدىغان، يامانغا يول قويمايدىغان ھەققىي نوچىلار ئىدى. نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامىغا مەسئۇل بولۇۋاتقان، خوجا ئىشان مۇرىتلىرىنىڭ «توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش» قەستىگە قەتئىي يول قويمىغانلار — دەل مۇشۇلار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرگەن بەتپەيل مەخلۇقلارنىڭ پېيى سىيرقىرىغان، زۇۋانى تۇتۇلغانىدى. غەيۇر يىگىت ئۇلارغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ئەي سەۋدايىلەر، ئېيتىشقىنا، كىم قەيەرگە كېتىشى كېرەك؟ قان - قېرىنداش، دىنداش خوتەنلىكلەر خوتەنگە، ئاتۇشلۇقلار ئاتۇشقا كېتىشى شەرت ئىكەن، ئۇنداق بولسا، دىنىمىزغا قەست قىلىۋاتقان ئەجنەبىلەرچۇ؟ مىللىمىزغا، ئىنسانىي غۇرۇرىمىزغا، جېنىمىزغا قەست قىلىۋاتقان ئەجنەبىلەرچۇ؟ ئۇلار كەتمەي تۇرىۋېرەمدۇ؟ ئەركىن يايراپ يۈرىۋېرەمدۇ؟ شىللىمىزگە مىنىۋېرەمدۇ؟ خالىغانچە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىۋېرەمدۇ!؟ — يىگىتنىڭ ھەققانىي سۆز - سوئاللىرى ئەسەبىيلەشكەن بەتپەيل مەخلۇقلارنىڭ

زۆۋانىنى پىچەتلىۋەتكەندى، — بەزى بىنومۇسلار زوراۋان ئەجنەبىيلەرنى، مېھمان، ئەزىز مېھمان، دېيىشىدۇ تېخى! غۇرۇر ــ ئىپتىخارىنى قەدىرلەيدىغان قەشقەرلىكنىڭ قايسى بىرى باغاق يېزىپتىكەن ئۇ نىمىلەرگە؟ ! ـــ يىگىت مەغرۇرانە خىتاب قىلىشقا باشلىدى، ـــ ئويغىنىش، بىرلىشىش ـــ نىجاتلىق يولى، يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىك، ئىناقسىزلىق ـــ نادانلىقنىڭ مەھسۇلى. بۆلگۈنچىلەر ـــ ئەجنەبىي ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ قامچىسى، ئارغامچىسى! ئۇلار بۇ ئارغامچا بىلەن پۇت ــ قولىمىزنى باغلايدۇ، بۇ قامچا بىلەن باش ــ كۆزىمىزنى يارىدۇ! بۆلگۈنچىلەر ـــ ئەڭ قەبىھ دۈشمىنىمىز!

— ياشىسۇن خەلقىمىزنىڭ بۈيۈك بىرلىكى!

— ياشىسۇن! — مىڭلىغان خەلقنىڭ تەكشى ساداسى گۈلدۈرمامىدەك ياڭرىدى. خوجا ئىشاننىڭ يالىلانما قوشۇنى يول بېرىشكە، ھالسىزلانغان ھالدا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

قەشقەر خەلقى مۇتتەھەم ئەجنەبىيلەرنىڭ يەشمەك ــ يەشمەك ئەپيۇنلىرىغا ئۆز قولى بىلەن ئوت ياقتى. XX ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە ئومۇمىي ئېقىمغا ئايلىنىشقا باشلىغان ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ تۇنجى مېغىزىنى چاقتى!

......

قاراڭغۇ كېچە، ھېيتگاھ جامەسى ئالدىدا ئوت يېقىلغان ئەپيۇنلار تېخىچە بۇژۇلداپ كۆيمەكتە، چەت ئەل ئەپيۇن سودىگەرلىرى بىلەن يەرلىك ئەپيۇن بېدىكلىرىنىڭ ئىچ ــ باغرى كۆيمەكتە ئىدى. بىئاراملىق، دىشۋارچىلىق

ئىچىدە تۈننى تاڭغا ئۇلىغان ئەنگلىيە باش ئەلچىسى بىلەن
شىۋىد مىسسىئونېرى مايمۇن كاسسىدەك قىزارغان كۆزلـ
رىنى يۇمغان هالدا ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇشماقتا. چىرايىنى
هارغىنلىق، ۋۇجۇدىنى زەئىپلىك چىرمىۋالغـان بۇ ئادەمـلەر
تەنهالىق ۋە جىمجىتلىقا نەقەدەر مـوهتاج ئىـدى ـ هـە!
بۇلارنىڭ پۈتۈن كۈنى «هال سوراش»، «نـاماقۇلـلۇق بىلـ
دۈرۈش» ئۈچۈن كەلگەن بايلارنى كۈتۈش ـ ئۇزىتـىش بىـ
لەن ئۆتتى. ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى هەرقايىسى دۆلەت ـ
رايونلار بىلەن ئىقتىسادىي چېتىشلىقى بولغان بـۇ بـايلار
يۈزلىگەن تۆگە ـ قېچىرلاردا مـاڭدۇرغـان قىممەت بـاهـا
ماللىرىنىڭ تەقدىرىدىن ئەندىشە قىلاتتى: «ئۇلۇغ بـرىتـا
نىيە پادىشاهى ئالىـلىرى تۈنۈگۈنكى كـۆڭۈلسىز ۋەقـەدىـن
ۋاقىپ بولغان هامان سودا مـۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋېـتىدىغـان
بولسا، ئاه، تۆگەشكىنىمىز شۇ!...» مال ـ دۇنيا ۋەسۋەسىسى
ئىچىدە هوش ـ كاللىسىدىن ئايرىلغان بۇ كاتتا بايلار ئۆز
ئورنى ۋە رولىغا يېتەرلىك باهـا بېرەلمەيتتى. ئەجنەبىـي
خوجايىنلارنىڭ بۇ زېمىندا پۇت تىرەپ تۇرالىشىدىكى هەل
قىلغۇچ ئامىللارنىڭ بىرى ــ دەل ئـۆزلـىرى ئىكەنـلىكىنـى
بىلمەيتتى. «تۈنۈگۈنكى كۆڭۈلسىز ۋەقـە بىلەن هېچـقانداق
مۇناسىۋىتىمىز يوق، چېتىشلىقىمىز يوق، باش ئەلچى جانابـ
لىرى، ــ دەپ يالۋۇراتتى، قەسەم قىلاتتى ئۇلار، ــ كۆڭلـ
مىزلى چۈشەنگەيلا، بىزگە ئىشەنگەيلا. هەربىرلىرى بىزنىڭ
ئەزىز مېهمىنىمىز، خەيرخـاهىمىز، شەپقەتچىمىز...»
چەت ئەل ئەپيۇن سودىگەرلىرى ۋە يەرلىك ئەپـيۇن
بېدىكلىرىنىڭ هال ـ ئەهۋالى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىـدى.

ئۇلار باش ئەلچى ئالدىدا ھۆكۈرەپ يىغلايتتى. «كۆيۈۋاتقىنى ئەپيۇن ئەمەس، مېنىڭ يۈرىكىم، ئاھ، يۈرىكىم!» دەپ ئۆز مەيدىسىگە مۇشتلايتتى، تامغا، تاختايلىق پولغا ئۇسۇيتتى، دەرمانسىزلىنىپ ياكى ھوشسىزلىنىپ يېتىپ كېتەتتى. مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىنلا داد ـ پەرياد كۆتۈرەتتى. پۈتۈن زىيانىنى پەرلىك ھۆكۈمەت قورال كۈچى ئارقىلىق بۇ «قەبىھ ئىسيانچىلار» دىن تۆلىتىپ ئېلىپ بەرسۇن دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇراتتى. شۇنداقلارنىڭ بىرى — ئەلچىخانىنىڭ قوبۇلخانىسىدا ئېگراپ ياتقان قارىمۇتۇق، قاڭشارلىق يىگىت ئىدى. يېقىندىلا 40 قېچىر ئەپيۇن ئەكەلگەن قالتىس باي سودىگەر دەل مۇشۇ كىشى ئىدى. (ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى مەلۇم قوشنا دۆلەتتىن كەلگەن بۇ مۇسۇلمان سودىگەر ئۆز دەۋاسىنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. ئاخىر ئۇ، قەشقەر شەھىرىنىڭ قۇمدەرۋازا رايونىغا قاراشلىق پاختا بازىرى مەھەللىسىدە ماكانلىشىپ قالدى. توپتوغرا 51 يىلنى دەۋا، ئۈمىد ۋە تەمە بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ كىشى 1985 ـ يىلىنىڭ ياز پەسلىدە ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى. تارىخنىڭ بىخەۋەر مۆمىن بەندىلەر خۇددى بىر دانىشمەن ـ ئەۋلىيانى ئۇزاتقاندەك داغدۇغىلىق ئۇزىتىپ قويغان بۇ ئۆمۈرلۈك بويتاقنىڭ روھىي قورۇنمىسۇن ئۈچۈن، نام ـ شەرىپىنى ئاشكارىلاش مۇددىئايىمىزدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كەلدى.)

......

بىر زامانلاردا كۆزىمىزگە چېلىققان ئاق پەرىجە —

چۈمبەللىك «خوتۇن» يېقىندىلا يەنە بىر نۆۋەت غىل - پالغىنا
كۆرۈنۈپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئەمەت ئىسىملىك بۇ ئادەم
ئەسلىدە بىر پوكانچى ئىدى. قاسساپلىق قىلغۇدەك قۇربىتى—
سەرمايىسى بولمىغان، قاسساپلار ۋە ھاجەتمەنلەرنىڭ مال-
چارۋىلىرىنى سويۇپ بېرىش ئارقىلىق تاپقان ئازغىنا تاپا-
ۋەت بىلەن پېرىم قەلەندەر ھالىتىدە كۈن كەچۈرىدىغان
كىشىلەر «پوكانچى» دېيىلەتتى. خوجا ئىشانغا «قول بەر-
گەن»، سەللىسى ئېچىدە سەلىب ساقلاپ يۈرگەن بۇ پوكان-
چى ھەرقانداق يامان بۇقىنى كۆتۈرۈپ يىقىتالايدىغان
كۈچتۈڭگۈر، قارام ئادەم ئىدى. قارامىلىق، تەلۋىلىك، مۇتتە-
ھەملىكى تۈپەيلىدىن بىر مەسچىتنىڭ مەزىنلىك ھوقۇقىنى
چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغانىدى. ئۆز مەھەللىسى تەۋەسىدە
بولۇپ ئۆتكەن كاتتا بىر دەۋادا ئۇ، مۇتتەھەم دەۋاگەر
تەرەپنىڭ شاھىتى ۋە يۆلەنچۈكى بولغانىدى. ئومۇمىي قىم-
مىتى 150 سەر ئالتۇنغا باراۋەر بولغان بۇ دەۋا
مۇتتەھەم دەۋاگەرنىڭ پايدىسىغا ھەل بولىدىغان بولسا،
پايدىنىڭ ئوندىن ئۈچ ئۈلۈشى بۇلارنىڭ چاڭگىلىغا كىرىپ
قالاتتى! دەۋا بۇلارنىڭ غەرەز - قەستى بويىچە يەكۈنلە-
نىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ھالقىلىق پەيتتە، ئابدۇقادىر
داموللام چەت ئەلدىكى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرغان ۋە
قەشقەر مەھكىمە شەرئىينىڭ قازىلىق مۆھۈرىنى قولىغا
ئالغانىدى. ئالقىنىغا كىرىشى مۇقەررەر بولغان 15
سەر ساپ ئالتۇن (قالغان 30 سەر ئالتۇن پەردە ئارقى-
سىدىكى قوماندان — خوجا ئىشانغا تەئەللۇق بولاتتى،
ئەلۋەتتە!) دىن قۇرۇق قالغان ۋە خەلقى ئالەم ئالدىدا

شەرمەندە بولغان بۇ قارا يۈز، ئابدۇقادىر داموللامغا چىش-تىرنىقى بىلەن ئۆچ ئىدى. خوجا ئىشاننىڭ ئۆچمەنلىكى ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۇ، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئارىلىشىشى تۈپەيلىدىن تارتقان ماددىي زىيانلىرىنىڭ ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدىكى، بۇ مەنىۋى زىياننى ئۆلسىمۇ ئۇنتۇمايتتى: خوجا ئىشان ھەمىشە ھىدايىتىللا ئىشان ئىسىملىك ئىسلامىيەت ئاسىيسىنى جاناب روسۇلىللا بىلەن تەڭ - باراۋەر ئورۇندا، ھەتتا يۇقىرىراق ئورۇندا قويۇاتتى. مۇنداق ماختاش — مەدھىيىلەشلەرنى ئۆز ئابرويىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ دەستىكىگە ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. بىر كۈنى نەچچە 100 كىشىلىك سورۇندا ھېچقانداق تەپ - تارتماستىنلا مۇنداق دېگەنىدى:

— جاناب روسۇلىللا ئۇلۇغ رامىزان ئېيىنىڭ 17 - كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلىۋاتقان خاسىيەتلىك دەمدە دۇنياغا كۆز ئېچىپ، ساپمۇساق 64 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، يەنىلا ئۇلۇغ رامىزان ئېيىنىڭ 17 - كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلىۋاتقان دەقىقىدە ئەبەدىي كۆز يۇمغان. مۆھتەرەم بوۋىمىز ھىدايىتىللا ئىشان خوجام ھەزرەتلىرى دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈنمۇ رامىزاننىڭ ئون يەتتىسى — ئۇلۇغ جۈمە، ئەبەدىي كۆز يۇمغان كۈنىمۇ يەنىلا رامىزاننىڭ ئون يەتتىسى — جۈمە؛ بۇ ئۇلۇغ زاتمۇ جاناب روسۇلىللاغا ئوخشاشلا 64 يىل ئۆمۈر سۈرگەن، بەيتۇلمۇقەددەستە تۇغۇلۇپ، بەيتۇلمۇقەددەس يولىدا قازا تاپقان...

— بەس! تىللىرىنى يىغىۋالسىلا، تەقسىر! — دەپ ئۇتتۇرىغا چىققانىدى ئابدۇقادىر داموللام، — كەلسە -

كەلمەس بىلجىرلاش — ئەقىل ئىگىسىگە مۇناسىپ ئەمەس. خەلقنى ئازدۇرۇش — ئىبلىسنىڭ كەسپى!

— ئاغزىڭلارغا بېقىپراق سۆزلىسىلە، ئاتۇشلۇق موللام، — دېگەنىدى خوجا ئىشانمۇ ئەلپازىنى بۇزۇپ، — مەن بىلگەننى ھېچكىم بىلمەيدۇ دەپ كۆرەڭلەپ كەتمىسىلە مۇنچە!

— خوش، ئۇنداق بولسا، بۇ سوئالىمغا جاۋاب بەرسىلە، تەقسىر.

— مۇنكىر - نەكىرلەرگىمۇ تەمتىرىمەي جاۋاب بەرگۈچىلىكىمىز بار، سوراۋەرسىلە قېنى!

— «جاناب رەسۇلۇللا ئۇلۇغ رامىزان ئېيىنىڭ 17 - كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلىۋاتقان خاسىيەتلىك دەمدە دۇنياغا كۆز ئاچقان» دېدىلە. شۇنداقمۇ، تەقسىر؟

— ئەلۋەتتە! — ئۆزىگە تەمەننا قويغان ھالدا جاۋاب بەردى خوجا ئىشان.

— ئۇنداقتا، جاناب رەسۇلۇللا بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىشتىن بۇرۇنلا ئىسلام دىنى مەۋجۇتمىدى؟ كىشىلەر ئەزان ئېيتىپ ناماز ئوقۇمتى، روزا تۇتامتى، تەقسىر؟

— كۇپۇرلۇق قىلمىسىلا، داموللام!

— كۇپۇرلۇق قىلىۋاتقان كىم؟ جاناب رەسۇلۇللانى ئىنكار قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن كىم؟! — جاراڭلىق، ھەققانىي سوئاللار بىلەن خوجا ئىشاننى ئوجۇقتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئەھلى جامائەتكە يېقىملىق تەلەپپۇز بىلەن چۈشەندۈرگەنىدى داموللام، — جاناب رەسۇلۇللا، قانداقتۇر، «رامىزان ئېيىنىڭ ئون يەتتىسى» دە ئەمەس، رەبىيئۇلئەۋۋەلنىڭ 9 - كۈنى بۇ ئالەمگە كۆز ئاچقان. بۇ كۈن، قانداقتۇر،

«جۇمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلىۋاتقان چاغ» ئەمەس، دۈشەنبە سەھەر ئىدى. بۇ ئالەم بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشقان كۈنمۇ رەببىيەلئەۋۋەلنىڭ 13 - كۈنى — دۈشەنبە چۈشتىن بۇرۇن. جاناب رەسۇلۇللا ھىجرىيە يىلى ھېسابىدا، 63 يىل ئۈچ كۈن، شەمسىيە يىلى ھېسابىدا، 61 يىل 84 كۈن ئۆمۈر سۈرگەن. ھىدايىتۇللا ئىشان خوجىغا كەلسەك، بۇ كىشى مىلادىنىڭ 1626 - يىلى بەيتۇلمۇقەددەستە ئەمەس، قۇمۇل شەھەر سىپىلى ئىچىدە تۇغۇلغان. 64 يىل ئەمەس، 68 يىل ئۆمۈر سۈرگەن. بەيتۇلمۇقەددەس يولىدا ئەمەس، يەكەن شەھەر سىپىلى ئىچىدە خوجا جەمەتلىرى تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. مانا بۇلار — يىمىرىلمەس پاكىتتۇر، تارىخىي ھەقىقەتتۇر! تارىخىي پاكىتلارنى خالىغانچە بۇرمىلاش، ئاستىن - ئۈستۈن قىلىش بەدىلىگە شەخسىي تاپاۋەتكە ئېرىشمەكنى كۆزلەش — ئىنسانىي خىسلەت ئەمەس، شەيتانىي قىلمىشتۇر!...

خەلقىئالەم ئالدىدا زۇۋانى تۇتۇلغان، ئابرويى تۆكۈلگەن خوجا ئىشانغا سەۋر - تەسەللى بەرگەن ۋە ئۇنىڭ ئەنتىنى ئېلىپ بېرىشنى ئەھدە قىلغان بىردىنبىر ئادەم مانا شۇ بەتپىئىل پوكانچى ئىدى. يوشۇرۇن سۈيىقەستنى كۆڭلىگە پۈككەن خوجا ئىشان ئۇنى كەمدىن كەم ئىزدەيتتى، يوشۇرۇن كۆرۈشەتتى. پۇل - پۇچەك، ئاشلىق - ئوزۇق كىرگۈزۈپ تۇراتتى. ھازىر ئۇنى بۇ ئەلچىخانىغا ئارقا يول، ئارقا ئىشىك ئارقىلىق باشلاپ كىرگەنىدى. ئوچۇق چىراي بىلەن كۈتۈۋالغان ھەسەن شىۋىد:

— باش ئەلچى جانابلىرى بىر سوتكىنى ئۈيىقۇ -

ئارامسىز ئۆتكۈزدى. ئۇ، جىمجىتلىقتا تولىمۇ موھتاج. ئازراق تەخىر قىلىشقايلا، — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتكەنچە كىرمىدى.

— باش ئەلچى ئالىيلىرىنىڭ ئارامىنى بۇزۇشقا پېتىنالمايۋاتقان بولسا كېرەك، — دېدى خوجا ئىشان خېلىدىن كېيىن، — مەيلى خوجايىنلىرىمىز قانغۇدەك ئارام ئېلىۋالسۇن. بىزمۇ ئۆز سودىمىزنى پىشۇرغاچ تۇرايلى.

قارام پوكانچى يېرىم چاڭگال ناسۋالنى ئاغزىغا ئاتقانىدى، تۈۋەن كالپۇكى سۈسەر تۇماقنىڭ قاسقىنىدەك پۇلتىيىپ چىقتى. خوجا ئىشان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— دىن تاراتقۇچى ئۇستاز سىلىنى چۈشىنىدۇ، سىلىگە ئىشىنىدۇ. باش ئەلچى جانابىقىمۇ تونۇشتۇرۇپتۇ. مەنىمۇ شۇنچە ماختىۋەتتىم دېسىلە، مەزىن ئاخۇنۇم. باش ئەلچى جاناب سىلىنى بىر كۆرۈشكە تەقەززا.

— كۆرسۇن! — دېدى مەزىن ئۆزىگە تەمەننا قويغان ھالدا.

— كۆردى، پېقىر تاللىغان ئادەمنىڭ قانداقلىقىنى كۆردى! ئالاھىدە ئىنئامىمۇ بېرىدۇ تېخى! مەندىن 300 سەر ئاق تەڭگە، باش ئەلچى جانابىتىن ئالاھىدە ئىنئام؛ تويلىرى بولۇپ كېتىدىغان بولدى، مەزىن ئاخۇنۇم، قوش تويلىرى! — ئاۋازىنى پەسەيتتى خوجا ئىشان، — مەزىن ئاخۇنۇم، ئالىمادىس...

— «ئالىمادىس؟» — جىددىي تىكىلدى مەزىن.

— مەزكۇر كونا رەقىبلىرىنى خۇدانىڭ دەرگاھىغا ھاديالسىز ئۇزىتىۋېتىشلىرىگە ئىشەنچىم كامىل. بىراق، ھەر

ئېھتىمالغا قارشى...، — خوجا ئىشان تىلىنى چاپىناشقا باشلىدى.
— مېنى مۇنچە تىت - تىت قىلماي، دەۋەرسلە، خوجام.
— ئالىمادىس، ئۆزلىرى ئاشكارا بولۇپ قالىدىغان بولسىلا...
— خاتىرجەم بولسىلا، جىن - شەيتانىغىمۇ سايەمنى كۆرسەتمەيمەن، قۇيرۇقۇمنى تۇتقۇزمايمەن!
— دېگەنلىرىدەك بولار، ئەلۋەتتە. ئالىمادىس، مەن دېگەندەك بولۇپ قالسچۇ؟
— جانابلىرى بار، خوجايىنلىرىمىز بار، نېمىدىن قورقاتتىم؟
— سەۋەبىنى سوراپ، قىيىن - قىستاققا ئالسچۇ؟
— زۇۋان سۈرمەي تۇرۇۋالسام نېمە قىلالايتتى؟
خوجا ئىشان كۆز يۇمۇپ، بىرھازاغىچە خىيال سۈرگەندىن كېيىن:
— تاپتىم، بىر ئەقىل تاپتىم! — دېدى تەلۋىلەرچە خۇشاللىق بىلەن، — ئەنت ئىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم، دېگەن سۆزدە تاقا مىخىدەك چىڭ تۇرىدىغان بولسىلا...
— «ئەنت ئىلىش»؟ — ئەجەبلىنىش بىلەن تىكىلدى مەزىن.
— ئۇ كىشى ماڭا، — تۇمشۇقىنى مەزىننىڭ قۇلىقىغا ياقتى، — چېپىلغانىدى، ئەرلىك نومۇسۇمنى يۇيۇش ئۈچۈن...
— تۇفى! — مەزىننىڭ ئاغزىدىن چىققان ناسۋال ئا-

رىلاش خەپرۇك ۋاپا كىرسلىگە يولۇققان توخۇنىڭ سۇيۇق گەندىسىگىلا ئوخشىشاتتى، — نېمە دەۋاتىلا خوجام؟ — چاڭگا ساقىلىغا چاپلىشىپ قالغان ناسىۋال يۇقۇندىسىنى غەزەپ بىلەن سۈرتتى ئۇ، — يەتتە باشلىق دېۋىنى ئېتىپ ئۇرغۇدەك كۈچى بار مەلدەك بىر ئادەم 64 ياشلىق قىرىنىڭ خورلىشىغا ئۇچراپتۇ دېسە، كىم ئىشىنىدۇ؟ بۇشۇكتىكى بوۋاقمۇ ئىشەنمەس بۇ گەپكە!

— ھەممە يەرگە تارقىتىۋەتسەك، ئۇمۇ دېسە، بۇمۇ دېسە...

— خوجام، مەن سىلىگە قول بەردىم، ئەگەشتىم. بۇ ئىشقىمۇ ئىرادە باغلىدىم. مەن دېمىگەن شۇ گەپ قالغانمىدى ئەمدى؟! «خاۋارىچ، جوھۇت، مۇناپىق، قاتىل» دېگەندەك ئاھانەتلەرنى كۆتۈرۈپ كەتكۈچىلىكىم بار. «ئەر سۈرەتلىك خوتۇن» دېگەن گەپنى بولسا... ياق، خوجام، ياق! قاۋان نامىنى ئېلىپ، ۋەيلۇن دوزاختا كۆيۈشكە رازىمەنكى، مېكىجىن ئاتىلىپ، جەننەتۇل - پىردەۋىسدە يۈرۈشكە رازى ئەمەسمەن! ...

مەزىن سۆزىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلگۇرۇپ كىرگەن ھەسەن شۇۋىد ھەيرانلىق بىلەن سوئال قويدى:

— «رازى ئەمەس؟» بەللى!! «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ» دېگەن شۇ ئىكەن - دە؟ يۈرەكلىرى پوكۇلداۋاتامدۇ؟ تېپىشلىگەن تۇلۇمدەك بوشاپ كەتمىسىلە، مەزىن ئاخۇنۇم!

— ئاتام مېنى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان، ئوغۇل بالىنىڭ شۇمىكىنى سېلىپ چوڭ قىلغان!

مۇزدەك سوغۇق، چوبۇندەك قاتتىق جاۋاب ھەسەن

شىۋىدنى ئۇكۇلاپسىز ئەھۋالدا قالدۇرغانىدى. خوجا ئىشاننىڭ ئەۋرىشىم تىلى بۇ قاتمال ھالەتنى دەرھال يۇمشاتتى:

— بەس، ئوينىشىپ دەپ قويغان كىچىككىنە گەپكە مۇنچە تەنە - تەئەددى قىلىشىپ كەتمەيلى، مەزىن ئاخۇنۇم. خۇش، ھەسەن ئەپەندىم، باش ئەلچى جانابلىرىنىڭ ۋاقتى؟...

— ھەربىرلىرىنىڭ يولىغا قاراپلا قالدى، قېنى، مەرھەمەت قىلىشسىلا.

— مانا - مانا، ئىشىمىزنىڭ ئوڭ كەلگىنى شۇ! ياقا - پەشلىرىنى تۈزەشتۈرسىلە، مەزىن ئاخۇنۇم، چىرايلىرىنى ئاچسىلا. ھەببەللى، يۈرسىلە ئەمدى، — ئۇلار ھەسەن شىۋىدنىڭ ئارقىسىدىن يورغىلاشتى.

بىرقانچە كۈن - تۈنلەردىن كېيىن، قەشقەر خەلقى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىسنىڭ چەت ئەل ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان بىر مىللىي مۇناپىق تەرىپىدىن قەتل قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. كېچىسى ئادەم ئۆلتۈرۈپ، كۈندۈزى ھازا تۇتۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن قېرى مەككار خوجا ئىشان ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە مېيىت ئۈزىتىۋاتقان ئونمىڭلىغان ھازىدارلارنىڭ ئالدىنقى رېتىدە ئىدى. بېشىدىن - ئايىغىچە ماتەم لىباسىغا ئورالغان ۋە ئارىلاپ - ئارىلاپ «ئاھ، قېرىنىدىشىم!» دەپ نىدا قىلىپ قويۇۋاتقان بۇ «ھازىدار» شەخسنىڭ ئەڭ قەبىھ جىنايەتكار باش قاتىل ئىكەنلىكىنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرەلىسۇن؟!...

# ئاق لىباسلىق شەيتان

مىش، مىش، مىش،
ھاجى ئاتام كېلىۋاتىمىش،
شەھەر ـ قەلئە ئېلىۋاتىمىش،
ئەلنىڭ بەختى كۈلۈۋاتىمىش...

1931 - يىلى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئىسيانكار قۇمۇل دىيارىنىڭ شوپۇل تاغلىق رايونى ئىنتىقام زۇلپىقارىنى قىنىدىن سۇغاردى. تۇنجى قېتىمدىلا مۇستەبىت جىن شۇرېننىڭ بىر تۇغقىنى، چېكىدىن ئاشقان زومىگەر — جاڭ گوخۇانىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلغان بۇ زۇلپىقار — تىز پۈكمەس خەلقىمىز ئارزۇ ـ ئىرادىسىنىڭ سىمۋولى ئىدى. بۇ زۇلپىقار 1912 - يىلى تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدا قوزغالغان سەلتەنەتلىك خەلق قوزغىلىڭىنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن پېشقەدەم ئىنقىلابچى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قولىدا چاقناۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىلھامبەخش شولىسى ئاسمان ـ پەلەك خانتەڭرى چوققىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، جاپاكەش جەنۇب خەلقىنىڭ سولغۇن كۆڭلىنى يورۇتماقتا ئىدى. كىشىلەر غەلىبە خەۋەرلىرىگە تەشنا، جەڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياق ئاۋازىغا تەقەززا ئىدى. ئىككى يىل، مانا شۇنداق تەشنالىق ۋە تەقەززالىق ئىچىدە، يۈكسەك ئۈمىد، چەكسىز ئىنتىزارلىق ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى!

١

1933 - يىلىنىڭ باھارى — نىجاتلىق ئۈمىدى بىلەن تولغان خاسىيەتلىك باھار باشلاندى! جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان جەڭ كارۋانلىرىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرلەر بۇ يىلقى «نورۇز قوشاقلىرى»غا يېڭى مەزمۇن بەخش ئەتتى. باللارنىڭ «قارا - قارا قۇشلارىم» ماۋزۇلۇق ناخشىلىق ئويۇنىغا يېڭى مەزمۇن بەخش ئەتتى. مەھكەم قول تۇتۇشۇپ، قايىنام شەكلىدە پىرقىراۋاتقان توپ - توپ سەبىي باللار ئەنە شۇ قوشاقنى جاراڭلىتاتتى.

قوندۇزدەك قارا ئايغىرنى ئىككى مۇرتىغا يېتىلىتىپ كېلىۋاتقان خوجا ئىشان بۇ قوشاقنى بۈگۈن بەش يەردە ئاڭلىدى. بەش دانە تىكەن بېقىنىغا پاتقاندەك ئازابلاندى، بىئارام بولدى. قورغان تەۋەسىدىن سېتىۋالغان كاتتا باغ - ھويلىسىغا قاراپ كېتىۋاتقان بۇ ئەرباب ئاچچىق خىيال پاتقىقىدا تىپىرلىماقتا ئىدى: خەلق ئارىسىدا «قازىنىڭنىڭ قايىنىشىغا باق، بالاڭنىڭ ئويىنىشىغا» دېگەن سۆز بار. بۇ شۇم ئېغىز تەنتەكلەرنىڭ ئويۇنىغا بىپەرۋالىق قىلغىلى بولارمۇ؟ خوجىنىياز ھاجى راستتىنلا بۇ تەرەپكە ئاتلىنىدىغان بولسا...

تۆرە يارباغ تەرەپتىن چىققان بىر توپ ئوغۇل - قىزلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى خوجا ئىشاننى چۆچۈتۈۋەتتى. سۆيۈنچە ئېلىشقا ئالدىرىغان بالا يەتكۈزمەكچى بولغان خۇش خەۋەرنى يول بويى يادلاپ ماڭغاندەك، بۇلارمۇ بىر قوشاقنى تەڭ يادلىشاتتى:

مىش - مىش - مىش،
هاجى ئاتام كېلىۋاتىمىش،
شەھەر - قەلئە ئېلىۋاتىمىش.
ئىقبالىمىز يولىغا
ئالتۇن كۆۋرۈك سېلىۋاتىمىش...

— خوتۇن تالاقلار! — سەبىي گۆدەكلەر ئۈستىگە قارغىش مۆلدۈرى ياغدۇردى خوجا ئىشان، — تىللىقىغا كۆيدۈرگە چىقسۇن، ئىلاھىم! — ئۇ، كۆۋرۈككە يېقىنلاشتى. ئۇلغايغان تۈمەن دەريا سۈيى بۆلەكچىلا كۈچلۈك شاۋقۇنلىماقتا، گويا ھېلىقى بالىلارنىڭ جاراڭلىق قوشاقلىرىغا تەڭكەش بولماقتا ئىدى. سان - ساناقسىز قارلىغاچ دولقۇن ئۈستىدە ئەركىن پەرۋاز قىلماقتا، تىنىمسىز ۋىچىرلىماقتا. ئۇلارنىڭ ئاۋازىمۇ، ھېلىقى قوشاقنى ئېيتىۋاتقاندەكلا يېقىملىق ۋە رىتىملىق ئىدى. خوجا ئىشان بۇ ئاۋازدىنمۇ بىزار بولدى. ئۇ: «ھەزرىتى ئاپپاق غوجا خىسلەتلىك ھاسىسىنى بىر شىلتىپلا پۈتۈن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋادىسىدىكى بۇلبۇللارنىڭ ھەممىسىنى شىمالغا قوغلىۋەتكەن» دەپ ئاڭلىغان ۋە بۇ گەپكە ئىشىنەتتى. «بۇ چەرەندە - پەرەندىلەرنىمۇ قوغلىۋەتكەن بولسىچۇ! — دەپ ھەسرەتلەندى خوجا ئىشان، — ۋىچىرلاۋېرىپ، ئىمانىمنى ئېزىقتۇردىغۇ!»

«مىش، مىش، مىش، ...» قوشاق ئوقۇۋاتقانلار — چاك تۈزىتىپ، چىپىپ كېتىۋاتقان ياۋىداق ئېشەكلەرنىڭ ساغرىسىغا قونىۋالغان دېھقان باللىرى ئىدى.

— زوۋانىڭ قۇرۇپ كەتسۇن، — خوتۇن تالاقلار! —

دېمى سىقىلغان خوجا ئىشان ئەلەم ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويدى، — بۇ يالىڭاياغ ياۋايىلار نەدىن ئۆگەنگەندۇ؟ كىم توقۇۋاتقاندۇ؟ كىم تارقىتىۋاتقاندۇ زادى؟ ما دوتەي جانابلىرى خەۋەر تاپقانمىدۇ؟ قانداق تەدبىر قوللانماقچى بولۇۋاتقاندۇ؟ قوتراتقۇلۇق قىلىۋاتقانلاردىن بىرقانچىسىنىڭ كاللىسىنى ئالمايدىغان بولسا!...

خوجا ئىشان ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى، ھاڭ - تاڭ قالغان ئىككى مۇرتىنى تەڭ تىكلىدى:

— خوجام؟...

— دوتەي يامۇلغا!

بايىلا جىددىي تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغان ما شاۋۋۇ تولىمۇ خۇشال ۋە خاتىرجەم ئىدى.

— خۇش خەۋەر، — دېدى ئۇ ئاغزى - قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا، — شىڭ زىخۇي تەختكە چىقىپتۇ، شىڭ زىخۇي!

— شىڭ زىخۇي؟ — دېدى خوجا ئىشان ھودۇقۇش ئىچىدە، — جىن شۇرېن ھەزرەتلىرىچۇ؟ بۇ زات خېيىم - خەتەرگە يولۇقمىغاندۇ؟

— ھەربىي مەسلىھەتچىلەر باشقارما مۇدىرى چېن جۇڭ بىلەن ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى لى شياۋتيەن، تاۋ مىڭيۇ قاتارلىقلار ھەربىي - سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، جىن شۇرېننى ئاغدۇرۇپ تاشلاپتۇ!

خوجا ئىشان شىڭ، لى، تاۋ دېگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمەيتتى.

— جىن شۇرېن ھەزرەتلىرى زىيان - زەخمەتكە ئۇچراپ قالمىغاندۇ؟ — دېدى ئالاقزادىلىك ئىچىدە.

— ياق، 1274 سەر ئالتە يېرىم مىسقال ساپ ئالتۇننى ئېلىپ، سوۋېت زېمىنى ئارقىلىق تيەنجىنگە بېرىۋاپتۇ.

— ئۇھ ...، — ئۆز ئاتىسىنىڭ يىراق مەزگىلگە ساق - سالامەت يەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىنمۇ بەكرەك خاتىرجەملىك بىلەن يېنىككىنە تىنىدى خوجا ئىشان، — ياڭ جاڭجۈن ئالىلىرى سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن بۇيانقى بەش يىل مابەينىدە ئەل - يۇرتنى ئەدلى - ئادالەت قىلىچى بىلەن تىنچلاندۇرۇپ كەلگەنىدى.

— شىڭ شىسەي — قالتىس قابىلىيەتلىك زات! — ھەۋەس بىلەن تونۇشتۇردى ما شاۋۋۇ، — لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ كەييۈەن ناھىيىسىدىن. ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئالىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن، ياپون تىلىغا كامىل.

— شۇنداق - شۇنداق، سۇدەك بىلىدۇ، ھەممىنى بىلىدۇ، — يېڭى پادىشاھنى قانداق ماختاش لازىملىقىنى بىلەلمىگەن خوجا ئىشان — تىلىنى چايناشقا باشلىدى.

— جياڭ جيېشىنىڭ ھەربىي قىسمىدا مەسلىھەتچى، ئۇرۇش قىلىش بۆلۈمىدە كېجاڭ بولغان. جىن شۇرېننىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن.

— شۇنداق - شۇنداق، تەكلىپ بويىچە كەلگەن، ئالاھىدە تەكلىپ بويىچە ...

— مانا ئەمدى جىن شۇرېننى قوغلىشۋەتكەنلەرنى بىر پەشۋا بىلەن يىقىتىپ، پۈتۈن تەختنى تەنھا ئىگىلەپتۇ!

— تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىش بوپتۇ!

— بىلەمسىز، خوجىنىياز ھاجى دېگەن تۆمۈر خەلپە

قوزغىلىشقى ۋاقتىدىلا ياڭ جاڭجۇن ئالىلىرىنىڭ دامىغا چۈشمىگەن.

— شۇنداق، ئەل بولۇشقا ئۇنىماي، ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ، تاغقا چىقىپ كەتكەن.

— كېيىن مەككىنى تاۋاپ قىلدى. بىر مۇنچە مەملىكەتلەردە زىيارەتتە بولدى. كۆپنى كۆردى. ئىشنىڭ يولىنى، تەدبىرىنى بىلىۋالدى.

— ئۇ تۇتاشتۇرغان كىچىككىنە ئوت مانا ئەمدى چوڭ يانغىنغا ئايلاندى!

— بۇ يانغىننى ئۆچۈرۈش جىن شۇرېننىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. شىڭ زىخۇينىڭ تەختكە چىققىنى ناھايىتى ئوبدان بولدى. غەم - تەشۋىشتىن خالاس بولدۇم، كۆڭلۈم ئىز - جايىغا چۈشتى.

— مۇنداق دېسىلە، مادوتەي ئالىلىرى، — غەم - تەشۋىش جۇدۇنلىرى ئىچىدە توڭلاشقا باشلىغان ۋۇجۇدى ئىللىماقتا ئىدى. ئۇ، چوڭ - كىچىكلەر ئاغزىدىن ئاڭلىغان بېيىت - قوشاقلار ۋە ھەرخىل گەپ - سۆزلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمدى تامامەن خاتىرجەم بولغانلىقىنى قايتا - قايتا ئىزھار قىلدى، — شىڭ زىخۇي ئالىلىرىغا نامە يوللايدىغان بولسىلا، كەمىنە قۇللىرىنىڭ ئىسمىنىمۇ قېتىپ قويغايلا، دوتەي ئالىلىرى، ئۇ ئاتىمىزنى مەن چىن قەلبىمدىن ھىمايە قىلىمەن، ئۆمۈر بويى خىزمىتىدە بولۇشقا تەييارمەن!

— ئورۇنلۇق تەلەپ، — دېدى ماشاۋۋۇ، — «12 - ئاپرېل — سىياسىي ئۆزگىرىشى»نى قىزغىن قوللىغان ھەر

ساھە ئەرباپلىرى ئىسمىلىكىنىڭ بىرىنچى رېتىگە تىزىپ يوللايمەن.

— ئالىي ھىممەتلىرىگە يۈزمىڭ رەھمەت، خەيرخاھ ئاتا! — يەرگىچە ئېگىلگەن پېتى ئارقىچە مېڭىپ، ئىشىك-تىن چىقىپ كېتىۋاتقان خوجا ئىشاننى چاقىردى ما شاۋۋۇ:

— سەل - پەل تەخىر قىلىڭ، خوجا.

— خوش، دوتەي ئالىلىرى، خىزمەت بارمىكىن؟ — بوتقا چوقۇنغان راھىپتەك تىزلاندى ئۇ.

— مۇرىتلىرىڭىز ئىچىدە قومۇللۇق، تۇرپان - توقسۇن-لۇقلار بار - ھە؟

— بار - بار، قومۇللۇقتىن ئۇچى بار. يەنە كېلىپ، بىرى خوجنىياز ھاجى بىلەن بىر يۇرتلۇق — تاراتىيلىق؛ تۇرپان - توقسۇنلۇقتىن توققۇزى بار.

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى! بۈگۈندىن باشلاپ ئايرىم ھۇجرىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇڭ، ئالاھىدە كۈتۈڭ.

— خوش، دوتەي ئالىلىرى.

— ئۇلار يەرلىك تىل تەلەپپۇزىنى تېزلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرسۇن!

— خوش، دوتەي ئالىلىرى، — دېدى خوجا ئىشان سەۋەبىنى سوراشقا پېتىنالماي.

— چىقىڭ، دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇڭ!

— خوش، ئورۇنلاشتۇراي، دەرھال ئورۇنلاشتۇراي.

......

ئېتىز - ئېرىقلار ساپسېرىق كاككۈك گۈلىگە، باغ - ۋارانلار رەڭگا رەڭ چېچەكلەرگە پۈركەنگەن چاغ. نىجات-

لىق ۋەسلىگە تەشنا بولغان يۈزمىڭلىغان خەلقنىڭ كۆڭ-
لىدىمۇ ئۈمىد چىچەكلىرى بەرق ئۇرۇپ ئېچىلماقتا.

قۇمۇل خەلق ئىنقىلابىنىڭ ئىلھامى بىلەن كارۋانلار باشلىقى تۆمۈر پالۋاننىڭ يېتەكچىلىكىدە قوزغالغان تۇرپان - توقسۇن كۆرەشچىلىرى جەنۇبقا قاراپ غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىپ، قەشقەر تەۋەسىگە قەدەم قويدى. ئەجەل ۋەھىمىسى ئىچىدە قالغان جىن شۇجى (ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق دىۋىزىيە باشلىقى، جىن شۇرېننىڭ 4 - ئۇكىسى) دورا يەپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. دوتەيلىك ھەم سىجاڭلىقتىن ئىبارەت قوش مەنسەپكە ئېرىشكەن ما شاۋۇ-نىڭ ئالدىنقى سەپ — مارالبېشىغا ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولماقتا. 40 نەچچە كۈنگە سوزۇلغان شىددەتلىك ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمىگەن تۈەنجاڭ ياڭ چىكمىن، لى دېرۇڭ قاتارلىقلار، ئاقساق - چولاق ھالدا قېچىپ كەلمەكتە، داد - پەرياد كۆتۈرمەكتە: «ئۇلارغا تەڭ كەلگىلى بولمىدى. ئەسكەرلىرى-مىزنىڭ جەسەتلىرى چۆل - جەزىرىلەردە قالدى!...»

دەل شۇ كۈنلەردە ما شاۋۇنىڭ سۇغۇن① چازىدا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلىرى لىيەنجاڭ ئۇسمان ئېلى يېتەكچى-لىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇز يىڭجاڭى چېڭ تۇڭلىڭنى ۋە ئۇنىڭ سادىق قولچوماقلىرىنى بىر كېچىدىلا ئۇجۇقتۇ-رۇپ، 400 تال مىلتىقنى قولغا چۈشۈرگەن بۇ ئەزىمەتلەر

① سۇغۇن — ئاتۇشتىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان تار جىلغىنىڭ ئاغزىغا جايلاشقان مۇھىم چازا.

تۆمۈر سىجاك تەرىپىدىن تەقدىم قىلىنغان جەك بايرىقىنى كۆكتە جەۋلان قىلدۇرغان ھالدا ئاتقۇشقا يېتىپ كەلدى. بايراق ئۈستىگە يېزىلغان «فى سەبىلىللا» (خالىس پىدائى) دېگەن خەت ـــ سان ـ ساناقسىز نەۋقىرانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا ئىدى. ئاستىن ئاتۇش ـ ئۈستۈن ئاتۇش ياشلىرى شۇ بايراق ئاستىغا توپلانماقتا؛ بەشكېرەم، قورغان، سەمەن، دۆلەتباغ ... ياشلىرى ئاتۇش تەرەپكە ئاقماقتا؛ ئاشلىق ـ ئوزۇق، بېدە ـ بوغۇز يۈكلەنگەن ئات، كالا، ئېشەك ھارۋىلىرى شۇ تەرەپكە راۋان بولماقتا ئىدى. تۇتۇرگە داۋىنىدا بولۇپ ئۆتكەن تۇنجى قېتىملىق سوقۇشتا ئەجەللىك زەربىگە يولۇققان ما شاۋۇ چېرىكلىرىنىڭ ئىمجان قىياپىتىنى كۆرگەن كىشىلەر ئىچ ـ ئىچىدىن كۈلمەكتە، بىر ـ بىرىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزمەكتە، پىدائىي ئوغلانلارنىڭ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلماقتا ئىدى.

ئىشتىھاسى تۇتۇلغان، چاچقۇنلۇق كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان خوجا ئىشاننىڭ كۈن ـ تۈنلىرى تىت ـ تىتچىلىق، بىئاراملىق ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىتىۋەتكەن «كۆز ـ قۇلاق»لىرىنى خەۋەر يەتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلاتتى.

ـــ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىڭنىڭ ھەممىنى ئېيت! ـــ دەپ قىستايتتى ئۇ، ـــ راستىنى يوشۇرماي، يالغانىنى قوشماي، ئەينەن سۆزلە!

«كۆز ـ قۇلاق»لار يالغان سۆزلەشكە پېتىنالمايتتى، راستىنى ئېيتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. راست ـ يالغان سۆزلىگەنىنىڭ ھېچبىرى تىل ـ ئاھانەتتىن قۇتۇلالمايتتى.

— خوجام!...، — دېگىنىچە يىقىلدى ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كىرگەن «كۆز - قۇلاق»تىن بىرى، — ئۇسمان قىرغىز شەھەرگە ھۇجۇم قىلغۇدەك!

— نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن، خوتۇن تالاق! — غەزەپ بىلەن بىر كاچات سالدى خوجا ئىشان.

— يالغان سۆزلىگەن بولسام، تىلىم قۇرۇپ كەتسۇن! ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا قارا يۈز بولۇپ كېتەي! — ئۇتتەك قىزارغان سەگزىنى سىيلاپ تۇرۇپ قەسەم قىلدى «كۆز - قۇلاق».

— قاچان ھۇجۇم قىلغۇدەك؟ — خوجا ئىشاننىڭ ئاۋازى تىترىمەكتە ئىدى.

— بۈگۈن كېچىدە!

— ھە!؟ — دەرمانسىزلىنىپ، «لاسسىدە» ئولتۇرۇپ قالدى. ئەكسىچە قويۇلغان پېتى تۇرغان بىر تەخسە لەگمەن دۈم كۆمتۈرۈلدى، — كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ قانداق بىلدىڭ؟ — دېدى بىر ھازادىن كېيىن.

— ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ. بەش دەرۋازىنىڭ ھەممىسى تاقىلىپتۇ، سېپىل ئۈستىدىكى ئەسكەرلەر ئۈۋىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىدىنمۇ كۆپ!

— ياستۇقنى يۆلەپ قوي، يەنە بىرنى. ئۇھ...، بولدى، چىقىپ كېتىۋەر، — قوش ياستۇقنى ئوڭ قولتۇقىغا قىسقان ھالدا پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىدى، — تۆمۈر ھارۋىكەش بۇنىڭغا شەھەرگە تەگمەي تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغان ئىكەنمىشقۇ؟ نېمىشقا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىغاندۇ بۇ

قىرغىز؟ شەھەرگە تەنھا ئىگىدارچىلىق قىلغۇسى بار ئىكەن-دە؟ ئەمدى بىر قىرغىزنىڭ قولىغا قالارمۇ بۇ شەھەر؟...

ئوسمان ئېلىنىڭ تۆمۈر سىجاڭ بىلەن پەيزىۋاتتا كۆرۈشكەن ۋاقتى — 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىدى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ: «قەشقەر شەھىرىدە ئادەم كۆپ، ئۇرۇش بولۇپ قالسا، كۆپ ئادەم قىرىلىپ كېتىدۇ. مۇمكىن قەدەر ئۇرۇش قىلماي، تىنچلىق بىلەن كىرگىنىمىز تۈزۈك» دېگەنلىكى، ئوسمان ئېلىنىڭمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلغانلىقى راست ئىدى. لېكىن ئوسمان ئېلىنىڭ پالۋانلىرى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا، تېز غەلىبە قىلىشقا ئالدىرايتتى. ئۇلار تۆمۈر سىجاڭنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان ماجەنساڭغا ئىشەنمەيتتى، ما شاۋۇننىڭ ما جەنساڭ بىلەن بىرلىشىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭلاشقا «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش» قارارىغا كەلگەنىدى.

خوجا ئىشان كىرپىك قاقماي تاڭنى ئاتقۇزدى. قورغان تەۋەسىدىكى مۇشۇ باغنىڭ بوسۇغىسىدىن تارتىپ، دوتەي يامۇل ئالدىغىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان «كۆز-قۇلاق»لار ئۈزمەي خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇراتتى:

— ئوسمان قىرغىزنىڭ 1500 دىن ئوشۇقراق ئاتلىق-پىيادە قوشۇنى يارباغ كۆۋرۈكىدىن ئۆتتى! پالتا، قىلىچ، كالتەك-چوماق كۆتۈرگەن ئىككى-ئۈچ يۈزدەك ئادەم قوزغىلاڭچىلارغا قېتىلدى. سېپىل سىرتىدىكى يېزا-مەھەللىلەردىن كەلگەن بىرەر مىڭغا يېقىن ئادەم ئۇلارغا غەلىبە-نۇسرەت تىلىمەكتە. ھەممىلا يەردە «ئامىن-ئامىن!» ساداسى...

— ما دوتەي ئەسكەرلىرى سېپىل ئۈستىدە قارشىلىق

كۆرسىتىۋاتىدۇ. «ئەيىا!» دەپ چىرقىرىغان ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىۋاتىدۇ.

— توپىلاڭچىلار يارباغ دەرۋازىسىغا ئوت قويىدى!

— تۆشۈك دەرۋازىسىغا ئوت قويىدى!

— بىسىپ كىردى، توپىلاڭچىلار شەھەرگە بېسىپ كىردى! ئوردا ئالدىدىكى قازىخانىغا كىرىۋالغان 200 مۇسۇلمان ئەسكەر قورالسىزلاندۇرۇلدى، ئىختىيار قىلغانلىرى توپىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلۇپ كەتتى!

— «يۇمىلاقشەھەر» قەلئەسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى، پۈتۈن قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنىڭ ھەممىسى شۇلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى!

— دوتەي يامۇلدىن باشقا ھەممە يەر ئىسيانچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولدى. پۈتۈن شەھەر «ئامىن!» ساداسى ئىچىدە!...

خوجا ئىشان ئەمر قىلدى:

— ھەزرەت تەۋەسسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە يەتكۈزۈڭلار: ناماز بامداتتىن بۇرۇن يارباغ دەرۋازىسى ئالدىغا ھازىر بولسۇن. ھە، بۇنى ئالغاچ چىقىپ كەت، ھەممەيلەن تولۇق يادلاپ كىرسۇن!

— لەببەي، خوجام! — بىر چاپارمەن مىنگەن قاراشەھەر ئېتى ئاپئاق غوجا مازىرى تەرەپكە قاراپ ئۇچتى.

خوجا ئىشاننىڭ چىرايىدا پەرىشانلىق، ۋۇجۇدىدا ماغدۇرسىزلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى. بىر پىيالە قايماق بىلەن يېرىم قاتلىمىنى بەخۇدلۇك سوقۇۋەتكەندىن كېيىن

ۋاۋۋرۋس كيسندى، تىكلىمە ئەيىنەككە قاراپ ئۆزىنى تۈزەشتۈردى:

— ئات تەييار بولدىمۇ؟

— تەييار بولدى، خوجام.

— يۈرۈڭلار!

ئات يېتىلىگۈچى ۋە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تەئەججۇپلىنەتتى: «ئۇزاقتىن بۇيان شۇنچە بىئارام بولۇپ يۈرگەن خوجامنىڭ بۈگۈن مۇنچە خاتىرجەم، خۇشال بولۇپ كېتىشىدىكى سەۋەب نېمىدۇ؟»

تۆت يۈزگە يېقىن مۇرىت ـ مۇخلىس يارباغ دەرۋازىسى ئالدىغا ئۇيۇلۇپ بولغانىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن تەرىپىدىن يېقىلغان ئوت تۈتىشىپ بولغۇچە، شەھەر ئىچىدىكى پىدا-كارلار تەرىپىدىن ئېچىۋېتىلگەن بۇ دەرۋازا ھېلىمۇ داغدام ئوچۇق ئىدى. ئەنجان رەستە ھەرقاچانقىدەكلا پاكىز، ھاۋالىق ئىدى. رەستىنىڭ غەربىي قاسىنىقىدىكى ئېرىق سۈيى تىنىمسىز شاۋقۇنلايتتى. تەكشى بويى تارتقان سۆۋادان تېرەكلەرنىڭ كۈمۈش يوپۇرماقلىرى سەھەر سەلكىنىدە يېقىم-لىق شىۋىرلايتتى. خوجا ئىشان ھېيتگاھ جامەسى ئالدىغا كەلگەندە، بامدات نامىزى ئوقۇلۇپ تۈگىگەن، ئەھلى جامائەت قايتىپ چىقىۋاتقانىدى. خوجا ئىشان مۇرىت ـ مۇخلىسلار سېپىنىڭ ئالدىنقى رېتىدە كېلىۋاتقانلارغا قاراپ باش لىڭ-شىتتى. بىردىنلا جەرە ـ ساما باشلاندى:

بۈگۈن ئايەم مۇبارەك، ھۇم،
قۇتلۇق قەدەم مۇبارەك، ھۇم.

پەھلىۋانلار كۆتۈرگەن، ھۇم،
غالىب ئەلەم مۇبارەك، ھۇم.
ھۇۋى ئاللا، ھۇم...
«فى سەبىلىللا» خېتى، ھۇم،
بۇ ئەلەمنىڭ شۆھرىتى، ھۇم،
ئۆسسۇن، يەنە ئۇلغايسۇن، ھۇم،
بۇ قوشۇننىڭ قۇدرىتى، ھۇم،
ھۇۋى ئاللا، ھۇم...

سوپى - دەرۋىشلەر ھېيتگاھ مەيدانىنى يەتتە نۆۋەت ئايلىنىپ بولغۇچە، چەرە - ساما سالغۇچىلار سانى مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئېيتىۋاتقىنى نىجاتلىق ۋەسلىگە تەشنا بولغان يۈزمىڭلىغان خەلقنىڭ يۈرەك سۆزى ئىدى. كىشىلەر قەھرىمان قوزغىلاڭچى قوشۇنغا ئېيتماقچى بولغان رەھمەت - ھەشقالىلىسىنى پەقەت مۇشۇ قوشاقنى ھاياجان بىلەن ئوقۇپ، تەرلەپ - پىشىپ ساما سېلىش ئارقىلىقلا ئىپادىلىيەلەيتتى. چەرە - ساما سالغۇچىلار ئۆستەڭبويى مەھەللىسى بىلەن يومىلاق شەھەر كۆلى ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، قەلئە دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندا، ئۈچ - تۆت مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇنغا ئايلىنىپ قالغانىدى. خوجا ئىشان ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى. ئۆز تەدبىرىنىڭ ئۇنۇمى توغرىسىدا خىيال سۈرەتتى: ئوسمان ئېلىشنىڭ غەلىبىسىگە ئەڭ دەسلەپ ئەڭ قىزغىن تەنتەنە قىلغان كىشى كىم؟ نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۇلاردىن ھال سوراش، ئۇلارغا رەھمەت - ئاپىرىن ئېيتىشقا تەشكىللىگەن ئىقتىدار ئىگىسى

گىم؟ پېقىرنىڭ بۇ ئەجرى ۋە ئەقىدىسى بەدىلىگە قولغا كەلتۈرىدىغىنى نېمە؟ ئىشەنچ، ئەلۋەتتە!

......

گۈلدۈرماما — چاقماقلىق كېچە سالقىن شامالىلىق سۈبھىگە ئورۇن بوشاتقانىدى. نامازشام ۋاقتىدىن بامدات مەزگىلىگىچە ياغقان يامغۇر سۈيىنى ئۆز قوينىغا سىڭدۈرۈپ بولغان ئىسسىق تۇپراقتىن سۇسقىنا هور كۆتۈرۈلەتتى. يول بويىدىكى قاپاق تېرەك، سۆۋادان تېرەك، قارا سۆگەت، سېرىق سۆگەت يوپۇرماقلىرى ئۈستىدىكى يامغۇر تامچىلىرى سىماپتەك لىغىرلايتتى. كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ سەلدەك ئېقىۋاتقانلاردىن بىرىنىڭ يەلكىسى تېگىپ كەتكەن هامان ئۈجمە تۆكۈلگەندەك تۆكۈلەتتى. دەرەخنى لىڭشىتقۇچىنى ئەيىبلەيدىغان، هەتتا ئۇنىڭغا قاراپ قويىدىغان كىشى يوق ئىدى. تۆشۈكدەرۋازىغا تۇتىشىدىغان كوچىلارنىڭ هەممىسىدە ئالدىراش ئادەملەر، بىر - بىرىدىن ئىتتىك تاشلىنىۋاتقان قەدەملەر.

دەرۋازا سىرتىدىكىلەر تۈمەن دەرياسىنى بويلاپ شەرققە ئىلگىرىلىمەكتە، داۋاندەك ئېگىز دۆڭ ئۈستىگە ئۆرلىمەكتە، دۆلەتباغ، ئاراباغ① تەرەپلەرگە ئۇمتۇلماقتا. چۈنكى بۈگۈن (1933 - يىلى 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى) خەلق داهىسى خوجىنىياز هاجىمنىڭ يېقىن سەپدىشى، ئىشەنچلىك ۋەكىلى — تۆمۈر سىجاڭ كەلمەكچى، ئەركىنلىك جەڭچىلىرى كەلمەكچى!

① ئاراباغ — يېڭىشەھەر تەۋەسىدىكى گۈزەل، كۆركەم مەھەللە، ئەينى زاماندىكى مۇھىم ئۆتەڭ.

تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئارام ئېلىپ ئۆتتۈشى ئۈچۈن ئالاھىدە راسلانغان چېدىر ئەتراپىدا تۇرۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق. ئۆگزە ـ ئۆگزىدىكى قىز ـ ئاياللار، تېرەك شاخلىرىدىكى ئوغۇل بالىلارنىڭ كۆپلىكىچۇ تېخى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا تەرەپكە ـــ تۆمۈر سىجاڭنىڭ يولىغا كۆز تىكمەكتە، تەلپۈنمەكتە. قانچىلىگەن كىشىلەر كالا، قوي ـ قوزا يېتىلىۋاپتۇ. «ئەپسۇسلىنارلىق ئىش، تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش! ـــ ھەسەتخورلۇق ئوغىسى مىلىك يېرىدىن تېشىپ چىقىۋاتقان خوجا ئىشان غۇدۇرىماقتا ئىدى، ـــ شۇنچە ئۇلۇغ مازار ـ ماشايىخلارغا سەدىقە ـ نەزىر قىلىشقا كۆزى قىيمىغان سەرخىل ماللىرىنى بىر توپىلاڭچى ھارۋىكەشنىڭ شەرىپىگە قۇربانلىق قىلماقچى بولۇشقىنى نېمىسى؟ شۇنچىۋالا مالنى ھارام قىلىشىدىغان بولدى ـ دە، ئىمانى سۇسلىشىپ كەتكەن بۇ خۇتۇن تالاقلار! ـــ خوجا ئىشان ئەندىكىپ كەتتى، ـــ ئېشىمغا چىقىپ كەتكەنمىدۇ ئاۋازىم؟... شۈكرى، ھەركىم ئۆز يولى، ئۆز ئويى بىلەن بەند ئىكەن. ناغرا ـ سۇناي، داپ ـ دۇمباقلار ساداسى ئاسمان ـ زېمىننى لەرزىگە سالىپتۇ. تەشۋىش بىھاجەت... ھە؟ ئوسمان قىرغىزنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ شۇنچە ئۇزاپ كەتكەنمىدۇ؟ ئىككىسىنىڭ قانداق كۆرۈشىدىغانلىقىنى دېمەسسەم نېمە قىلاتتىم مۇنچە ئاۋارە بولۇپ؟... چۇۋا» ساغرىسىغا قامچا يېگەن ئات يولۇچىلار سېپىنى ۋە مىس رەڭلىك دولقۇن ياساپ ئېقىۋاتقان قىزىل دەرياسى باغرىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئاراباغقا يەتتى.

ئارامبەخش باھار شامىلى «فى سەبىلىللا» دېگەن

خەت يېزىلغان بايراقنى تىنىمسىز لەپىلدەتمەكتە. ئالتۇن قوياش گويا جىمى نۇر ۋە هارارىتىنى شۇ بايراق ئۈستىگە تۆكمەكتە. ئوسمان تۇەنجاڭ يىراقلارغا تىكىلمەكتە. تىكىلگەنچە بويى ئۆسمەكتە، بويىنى ئۈزارماقتا. ئۇ يېتەكلەپ چىققان 400 جەڭچىسى ئۆز سەركەردىسىگە ئوخشاشلا ئىنتىزارلىق ئىچىدە. ئاتاقلىق باي - بايۋەچچىلەر، مەشهۇر موللا - ئۆلىمالار، هەرقايسى يۇرت ۋە هەرساهە مۆتىۋەرلىرى، هۈنەرۋەن - كاسىپلار، دېھقانلار تۆمۈر سىجاڭنىڭ يولىغا كۆز تىكمەكتە.

«تۆمۈر بىلەن ئوسمان قانداقراق كۆرۈشەركىن؟» خوجا ئىشانىنىڭ ئويلايدىغىنى پەقەت شۇ ئەدى.

— كەلدى!... — ئاسمان - پەلەك سوۋادان تىرەكنىڭ ئەڭ ئۇچىغا قونۇۋالغان ئوغۇل بار ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى.

— كەلدى! — تەڭ ۋارقىراشتى تىرەك، سۆگەتلەرگە يامىشىۋالغان بالىلار، — تۆمۈر سىجاڭ كەلدى!

كاناي - سۇناي، داپ - دۇمباق ساداسى كۆككە كۆتۈرۈلدى. ئوقتەك ئۇچۇپ كېلىۋاتقىنى — بىر ئاتلىق يىگىت ئىدى.

— راست، كەپتۇ! — ئوسمان تۇەنجاڭ ئۆز خەۋەرچىسىنى يىراقتىن تونۇپلا ئاتتىن چۈشتى. ئۇ، چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، تەرتىپ - ئىنتىزاملىق قوشۇن ئۆز سېپى بويىچە ئىلگىرىلىمەكتە. هەر ساهە كىشىلىرى يورغىلىماقتا، خوجا ئىشان پايپاسلىماقتا: «ئىككىسى قانداقراق كۆرۈشەركىن؟»

— ئەنە، كەلدى!

— بىرىنچى بولۇپ ئاتتىن چۈشكەن كىشى — شۇ!

تۆمۈر بىلەن ئوسمان ھىجران - جۇدالىق دەردىنى ئۇزۇن يىل تارتقان قان - قېرىنداشلاردەك مەھكەم قۇچاقلاشتى، ئىككى قوشۇن مەھكەم قۇچاقلاشتى. ئىككى ئېقىن بىر ئەزىم دەريانى ھاسىل قىلدى!

— ئامىن!

— ئامىن!...

«رەھمەت - بارىكاللا»، «ياشىسۇن - كامال تاپسۇن» «ئۇررا!» قاتارلىق مەدھىيە، چاقىرىق - خىتابلارنىڭ ھەيۋىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بۇ «ئامىن» ساداسى ئاسمان - زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرمەكتە ئىدى.

— قىزىق ئىش، — دېدى ئوسماننىڭ ئوڭ قولىنى ئىككى ئالقىنىدا سىقىپ تۇرۇپ، — مېنىڭ ئېتىم — تۆمۈر ئېلى، سېنىڭ — ئوسمان ئېلى، خۇددى بىر ئاتىنىڭ بالىسىدەك.

— دېمىسىمۇ، بىر ئاتىنىڭ بالىسى ئەمەسمۇ بىز، تۆمۈر ئاكا؟

— يارايسەن، ئۇكام!

— ئاكا! — بۇلار قايتىدىن قۇچاقلاشتى، بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتتى. كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغان سان - ساناقسىز كىشىلەر ئىختىيارسىز قول كۆتۈردى:

— ئامىن، قان - قېرىنداشلار ئىناقلىقىغا كۆز تەگمىسۇن، ئىلاھا ئامىن!

......

شۇ كېچە. ھېيتگاھ جامە پەشتىقىدا ناغرا - سۇناي

سادىسى، تۆمۈر سىجاقنىڭ ئورۇنلاشقان قۇمدەرۋازا سىرتىدىكى ھەشەمەتلىك باغ ئالدىدا ناغرا ــ سۇناي سادىسى، ھەممە جايدا شادلىق ناۋاسى...

دېرىزە، تۈڭلۈكسىز كىچىككىنە تىلاۋەتخانىسىغا بېكىنىۋالغان خوجا ئىشان ئىككى ئالقىنى بىلەن قۇلىقىنى مەھكەم ئېتىۋالغىنىچە، كىرپىدەك تۈگۈلۈپ ياتماقتا. سۇنايچىلار گويا ئۇنىڭ قۇلىقىغا پۈۋلىمەكتە، ناغرا ــ دۇمباقچىلار ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئۇرماقتا، يۈرەك بېغىشىغا ئۇرماقتا! كۆز ئالدىدا چۈشتىن بۇرۇنقى ئاجايىپ كۆرۈنۈش ــ ئىككى پالۋاننىڭ قۇچاقلىشىشى. گويا يۈكسەك ئىككى قىيا بىر ــ بىرىگە قۇشۇلۇپ كەتمەكتە، قىيا ئۈستىگە ياغمىشىش قەستىدە بولۇۋاتقان چوڭ يىلان ئەجەل ۋەھىمىسى ئىچىدە تىپىرلىماقتا. كىچىككىنە يوچۇق ئىزدىمەكتە: ئاھ، قاچانغىچە داۋاملىشار بۇ قۇچاقلىشىش!؟...

ــ خوجام، ئىشان خوجام! بۇ ئاۋاز گويا قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈۋاتقان بۇ ئادەمنى چۆچۈتۈپ ئويغىتىۋەتكەنىدى.

ــ ھە، نېمە دەيسەن؟! ــ دېدى جۆيلۈگەندەك.

ــ بىر قەلەندەر جانابلىرىنى ئىزدەپ كەپتۇ.

ــ قەلەندەر؟!

ــ ئىمان ئېيتقان ھېلىقى...

ــ قوغلا ئۇ خوتۇن تالاقنى!

ــ ساغرىسىغا تەپسەممۇ كەتكىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ!

ــ نېمە دېدىڭ؟ ئىشىكنى ئىتتەر، كىرسۇن سۆزلە، ئالدىمغا كىرسۇن! خوش، نېمە تەلىپى بار ئىكەن ئۇ قەلەندەرنىڭ؟

— بىلىمەن، خوجام. چۈشتە ئېشىپ قالغان ئاشنى بەرسەم يېمىدى، نان بەرسەم ئالمىدى. كەچكىسىگە مۇشتلىسامىمۇ، تەپسەممۇ كەتمەيۋاتىدۇ. «سەندە خوجا مەندە گەپ» دېگىنى دېگەن.

— «گەپ»؟ — خوجا ئىشان ئويلىنىپ قالدى، — ئەجدادىدىن مىراس قالغان ياكى تېپىۋالغان قىممەت باھا بىر نېمىنى ئەكەلگەن بولمىسۇن يەنە. بىر مۇنچە ھاللاردا، ئەڭ ياخشى سوۋغىلار مۇشۇنداق جۇلدۇر كېپەنلەردىن چىقىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟ — مال - دۇنيا تەمەسى ئېسىلزادىلىك كىبىر - تەمەنناسى ئۈستىدىن غالىب كەلدى، — چاقىر، ھويلىغا كىرسۇن. مانا، مەنمۇ ماڭدىم.

جىنچىراغ كۆتۈرگەن خىزمەتكار دەرۋىشنىڭ باشلىشى بىلەن پېشايۋان تۈۋرۈكى يېنىغا كەلگەن بۇ دىۋانىنىڭ قەشقەردە پەيدا بولۇپ، غايىب بولۇپ يۈرگىنىگە ئىككى يىلدىن ئاشقانىدى. بېشىدا يېشىل تاۋارسەللە، ئۈچىسىدا پاختىلىق ئۇزۇن قارا نىمچا، قولىدا ئەجدىھا باشلىق ئەگرى - دوناي ھاسا. ھاسىغا بولسا، يەتتە - سەككىز خىل تاۋار لېنتا ئېسىلغان، يەلكىسىدە ئالا خۇرجۇن. ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغىنى «لا يىلاخە يىللاللاخو مۇخەممەدۇڭ رېسۇلىللا». خەلق ئارىسىدا، ئىمان ئېيتقان كۇپپارغا خەيرخاھلىق قىلىشنىڭ «خاسىيىتى ئۇلۇغ، ساۋابى چوڭ» دېگەن ئەقىدە بولغانلىقى ئۈچۈن نى - نى پېخسىق - بېخىل ئادەملەرمۇ بۇ «دىۋانە»گە ئالاھىدە سەدىقە بېرەتتى. ئۇ بولسا «بى كۇندە بى ناڭ بېدى - ما، مەندە شۇكە» دەيتتى - دە، تاپقان - تەر-

گەنلىرىنىڭ ھەممىنى دېگۈدەك ھەر خىل مېيىپ - مەجرۇھ تىلەمچىلەرگە بېرىۋېتەتتى.

— بىر كۈندە بىر نان يېسەم شۈكرى قىلىمەن دەۋاتىدۇ! — تەرجىمە قىلاتتى تونۇش تىلەمچىلەر، — غېرىب - مىسكىنلەرگە ئاجايىپ كۆيۈنىدىغان ئىنساپ - دىيانەتلىك دىۋانە بۇ!

ئۇن - تىنسىز غايىب بولۇپ كېتىپ، ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالغان چاغلىرىدا تونۇش تىلەمچىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى سوئاللىرىغا «خېتەن يىمامۇ سادىقى جاپەي مازادىما نامازى» دەپ جاۋاب بېرەتتى. بەزىدە «تۇلۇپان ئەسابۇكەبۇدىما...» دەيتتى - دە، دەرھال يۈكۈنەتتى، سەجدە قىلاتتى، دۇئا قىلغان ھالەتنى شەكىللەندۈرەتتى.

— ۋاي، خوتەندىكى ئىمام سادىق جەفەر خوجام مازىرىنى تاۋاپ قىلىپ كەپتۇ تەمەسمۇ؟ بۇ تاۋاپ قىلمىغان تۇرپاندىكى ئەسھابۇلكەھەب ئارامگاھىمۇ قالماپتۇ! — دەيتتى كىشىلەر قايىللىق بىلەن، — «ماڭغان - دەريا، ياتقان - بورىيا» دېگەن گەپ ئەجەب راستكىنا! بەش دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقىپ باقماي يېتىۋېرىپتىمىز چاچ - ساقاللىرىمىز ئاقارغۇچە!

خوجا ئىشان بۇ تىلەمچىنى نەچچە قېتىم كۆرگەن، ئۇنىڭ قولىدىكى ئەجدىھا باشلىق ھاسىغا چەكچەيگەن ھالدا تىكىلگەنىدى. ئەنە ئۇ، كۆز ئالدىدا تۇرۇپتۇ، قولىدا يەنە شۇ ھاسا. «نىمە گىپى، قانداق سوۋغىسى باركىنە؟ ئېتىشۋازلىق بولغان جايلارنىڭ بىرىدىن غايىب خەزىنە تېپىۋالغاندىمۇيا؟ ئېھتىمال، شۇنداقمۇ بولغاندۇ. مۇنچىۋالا

لەرىستى كۆچىدىكى قەلەندەرلەرگە بىرنۆۋەتكىلى بولمايدۇ-دە! ئېغىز ئاچمايدۇغۇ تېخىچە؟ بۇتتەك تۇرغىنى نېمىشقى؟ قۇرۇق قول كېلىپ قالغان بولسا، خىجالەت بولۇۋاتقاندىمۇ-يا؟ ھېچ بولمىسا، ئاشۇ ھاسىنى قويۇپ كەتمەيدىغان بولسا! ئاھ، ئەجەبھا باشلىق ھاسا، ئادەمنى خىزىرگە ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان خىسلەتلىك ھاسا!...» قەلەندەر ئاخىر ئېغىز ئاچتى، چىراغ تۇتۇپ تۇرغان دەرۋىشكە قاراپ ئېغىز ئاچتى:

— سەندە خوجا، مەندە گەپ: سەندە كېتە!

— مەن نەگە كېتەتتىم؟ سەن كەت! — دېدى دەرۋىش ئاچچىقى بىلەن.

— سەندە كېتە! — ھاسىنى شىلتىدى ۋە جىنچىراغنى يۇلۇۋالدى، — كېتە - كېتە!

خوجا ئىشان بىردەملىك تېڭىرقاشتىن كېيىن ئېسىنى يىغدى. «ئۇنىڭدىن سىر تۇتۇۋاتقىنىغا قارىغاندا، سوۋغىسىنىڭ ۋەزنى ئېغىر ئىكەن-دە؟»

— سەن كېتىۋەر، — دەرۋىشنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن تەكلىپ قىلدى، — قېنى، ئۆيگە كىرەيلى.

چىراغ كۆتۈرگەن قەلەندەر بايا بىز كۆرگەن دېرىزە-تۈڭلۈكسىز كىچىككىنە تىلاۋەتخانىغا كىردى. ئىشىكنى زەنجىرلىدى. خوجا ئىشاننى سۆر باستى:

— سەن... سەن زادى... سەن!...

— مۇنچە ھولۇقۇپ كەتمىسىلە، تەقسىر؛ قورقمىسىلا، تەشۋىشلەنمىسىلە، — شۇنچە ئېنىق ئۇيغۇر تىلى بىلەن سۆزلەيتتى ئۇ، — «ئۆلۈك دۇئاغا تويماپتۇ، تىرىك دۇنياغا»، دېگەن سۆزنى رەت قىلماسلىقلىرىغا ئىشەنچىم كامىل. مانا

بۇ 15 سەر ئالتۇن — دەسلەپكى سوۋغا! — قاپقارا پاتقاق ئىچىدىن سۇغۇرۇۋالغان بىر جۈپ لاتا خىيى بىلەنلا ئەيتىللا يىپكەنداز ئۈستىدە بەخىرامان ئولتۇردى، — نېمانچە ھەيران بولۇپ كېتىلا، تەقسىر؟ بۇ پېقىرنىڭ ئىلتىپاتى ئەمەس، بىراۋنىڭ سوۋغىسى.

— «بىراۋنىڭ»؟

— بۇ — سىر، ئۇزاققىچە ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان سىر. كەلسىلە، ئولتۇرسىلا، يۈزتۇرا سۆزلىشەيلى. ھەببەللى!

— خوش؟

— سىلى - ئۆزلىرى تۆمۈر خەلىپە توپىلىغىنى باستۇ-رۇشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ئۇلۇغ زات. ئابدۇقادىر داموللىنى ئۇجۇقتۇرۇپ...

— ياق - ياق، ئۇ كىشىنىڭ ۋاپاتى بىلەن پېقىر-نىڭ، — سەللىسى ئاستىدىن ئىنقىۋاتقان تەرىنى سۈرتتى. ئۇ، — پېقىرنىڭ ھېچقانداق...

— بۇ تۆھپىلىرى ئەرھۇم ياكى جاكجۇن ئالىلىرىنىڭ دەپتىرىدىن شىنى دۇبەن جانابلىرىنىڭ خاتىرىسىگە ئەينەن كۆچۈرۈلگەن.

— نېمە؟ — تېخىمۇ چەكچەيدى، — سىلى، سىلى - ئۆزلىرى؟

— «قەلەندەر» — مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، گەپنى يۆتكىدى، — تۆمۈرنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئاراباغقىچە چىققىلا، شۇنداقمۇ؟

— نېمە ئىلاج؟

— «ئاكا - ئۇكا» قۇچاقلاشتى، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— كىيىنچۇ؟

— ئىككىسى قايتا قوچاقلاشقان ھامان كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كېتىپ... راستىمنى ئېيتسام، قانداق سۆز - ھەرىكەتنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەرمەن.

— شۇنداق، سىلە بىخەۋەر، پېقىر بولسا، تولۇق خەۋەردار!

— ھە؟!

— قورۇق تەخسىدىن بىرنى ئەكەلسىلە.

— قورۇق تەخسە؟

— ھەئە، — غاڭزىغا ئاچچىق تاماكا تولدۇردى «قەلەندەر» — بۇنىڭ كۆلىنى قاققىلى.

جىنچىراغ بىلەن غاڭزىدىن تەڭ چىققان ئاچچىق ئىس - تۈتۈن كىچىككىنە تىلاۋەتخانىنى بۇلۇتتەك قاپلىدى. «قەلەندەر» سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— «ئاكا - ئۇكا» قوچاقلاشقاندىن كېيىنكى ئەھۋال زادى قانداق؟ قۇلاق سالسىلا ئىشان خوجام.

— قۇلىقىم سىلىدە، — ئىشانئەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى ئىشان.

— ئۇلار ئاراباغدىن دۆلەتباغقا راۋان بولدى. ئوسمان شەھەرنى قانداق ئالغانلىقىنى زوق - ھەۋەس بىلەن سۆزلىدى. تۆمۈر جىمجىت قۇلاق سالدى. ئاخىر «ئىككى كۈن تەخىر قىلىشقا بولماسمىدى؟» دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— ئوسمانچۇ؟

— گەپ - سۆز قىلمىدى. جەزمەنلەشتۈرۈش كېرەككى، بۇ — قايىل بولماسلىق، ھەتتا نارازىلىقنىڭ ئىپادىسى!

— شۇنداق دېگىلى بولارمۇ؟ ئوسمان قىرغىزنىڭ تۆمۈر ھارۋىكەشكە بولغان ئىخلاس - ئەقىدىسى بەك كۈچلۈكتەك قىلاتتى.

— ئوسمان قىرغىز سۇغۇن چازىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈشتىن بۇرۇن مەخپىي ۋەكىللىرى ئارقىلىق تۆمۈرگە خەت ئەۋەتكەن. خېتىدە: «سىلى — ئاتا، بىز — بالا؛ بىز سىلى ئارقىلىق خوجىنىياز ھاجىمغا بەيئەت قىلىمىز» دېگەن.

—خەۋىرىم بار، ئوسماننىڭ ئۆزى دەپ بەرگەن.

— تۆمۈر پەيزىئاۋاتقا كەلگەن چاغدا، ئوسمان سالام - تەزىمگە بارغان. تۆمۈر ئۇنىڭغا «شەھەرگە تەگمەي تۇرۇڭلار» دېگەن.

— راست، شۇنداق دېگەنىكەن.

— ئوسمان ئىسمىلىك بۇ «بالا» نېمە ئۈچۈن تۆمۈر ئاتلىق «ئاتىسى» نىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدۇ؟ مۇنداق «بەڭباش بالا» نى قايسى «ئاتا» ياخشى كۆرىدۇ؟ يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئوسمان — شەھەر ئالغان پالۋان، تۆمۈر — تەييار تەختكە چىققان پادىشاھ.

— بىراق، ئوسمان مۇنداق قارىمايدىكەن. تۆمۈر سىجاڭ مارالبېشى — تۇمشۇقتىكى 40 نەچچە كۈنلۈك قاتتىق جەڭ ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقاتمىغان بولسا، شەھەر ئالالىشىم قىيىن ئىدى، دەيدۇ.

— ئۇيغۇرلاردا، چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ، دېگەن ماقال بارغۇ؟ بىرىنىڭ ئىشەنچى سۇسلاشسا، ئىككىنچىسىنىڭ

ئىخلاس - ئەقىدىسى سۇسلاشماي قالارمۇ؟ خۇش، ئەمدى يېڭى مەسىلىگە كۆچەيلى: سىلى - ئۆزلىرى ئوسمانىنىڭ غەلىبىسىنى مەدھىيىلىگەن نەزمىلىرىدە «فى سەبىلىللا خىپتى- بۇ ئەلەمنىڭ شۆھرىتى» دەپ يازغان.

خوجا ئىشان ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى:

— شۇنچىلىك ئىنچىكە يەرلىرىگىچە بىلىدىكەنلا - ھە؟ ئۇ نەزمىنى پېقىر مەقسەتلىك ھالدا شۇنداق تۈزگەن.

— بۇنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتكۈچىلىكىم بار. تۆمۈر- نىڭ ئالدىغا مۇرىت - مۇخلىسلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقمىغانلىق- لىرىنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلگۈچىلىكىم بار.

— خىزىرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇمەن - دە، خىزىرنىڭ!

— ياق، قەلەندەر ئالدىدا، — دېدى ھىجىيىپ، — ئىشان خوجام، ما دوتەيىنىڭ ئۆتكەنكى يولىيورۇقى يادىلىرى- دىن چىقمىغاندۇ - ھە؟

— ئاتامنىڭ ۋەسىيىتىنى ئۇنتۇسام - ئۇنتۇغايمەنكى،... خاتىرجەم بولسىلا، قۇمۇللۇق، تۇرپان - توقسۇنلۇق مۇرىت - مۇخلىسلىرىم تەييار ھالەتتە.

— ياخشى! بۇ ئىككى شۇڭقارنى بىر - بىرىنىڭ كۆزىنى چوقۇيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن...، — ئىك- كىسىنىڭ تىنىقى تېخىمۇ يېقىنلىششقا، سۆھبىتى يەنىمۇ چوڭقۇرلىششقا باشلىدى.

......

تۆمۈر سىجاڭغا «ھەمكارلىشۋاتقان» ما جەنساڭ قوشۇنى ئىككى كۈندىن كېيىن يېتىپ كەلدى. يېڭى مىلتىق، يېڭى كىيىملىك بۇ قوشۇن 300 ئاتلىقتىن تەشكىل تاپقانىدى. تۆمۈر سىجاڭ 200 ئەسكەر بىلەن، ئوسمان تۇەنجاڭمۇ

200 ئەسكەر بىلەن دۆلەتباغقىچە چىقتى. تۆمۈر سىجاڭـ نىڭ ئالدىغا ۋەكىل چىقارمىغان ما شاۋۋۇ، ما جەنساڭـنىڭ ئالدىغا ئالاھىدە ۋەكىل چىقارغانىدى. ما شاۋۋۇ ۋەكىلىـ نىڭ ما جەنساڭ بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ كېتىشى ئوسمان تۇەنجاڭنى غەلىتە ھېس ـ تۇيغۇغا سالدى. ئۇ: «قارىسىلا، تۆمۈر سىجاڭ» دېگەنىدى، تۆمۈر سىجاڭ: «ھېچ گەپ يوق، قېرىنداش ئەمەسمۇ؟» دەپ جاۋاب بەردى. ما جەنساڭ ـ ماشاۋۋۇ قوشۇنلىرى دوتەي يامۇل بىلەن ئامبال يامۇلغا ۋە يامۇل ئالدىدىكى ساراي بىلەن بۇتخانا ئارقىسىدىكى مالىيە ئىدارىسى قاتارلىقلارغا ئورۇنلاشتى. ئوسمان تۇەنجاڭ تېخىمۇ ھەيران بولدى:

— تۆمۈر سىجاڭ! — دېدى ئاگاھلاندۇرۇش تەرىقىسىـ دە، — ما شاۋۋۇ بىلەن ما جەنساڭ بىرلىشىۋالىدىغان بولسا...

— تۆمۈر تېخى ھايات، سەن خاتىرجەم بولغىن.

ئوسمان تۇەنجاڭ ئوي ـ خىيال ئىچىدە گەزەرمىگە ـــ يۇملاق شەھەر قەلئەسىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۇنۇگۈنـ دىن بۇيان ئويلايدىغىنى مۇنۇ ئىدى: «ھالسىزلانغان، چۇشـ كۈنلەشكەن 200 ئەسكەر بىلەنلا قالغان ئۆلۈمتۈك قېرى ئەمدى... ئىسسىت بىر ھۇجۇم بىلەنلا ئېلىۋەتكەن بولسامچۇ!...»

— تۇەنجاڭ، خوجا ئىشان تەزىمگە كەپتۇ!

خىيالىدىن ئويغانغان تۇەنجاڭ ھەربىيچە سالام بېرىپ، تىك تۇرغان خەۋەرچى يىگىتكە قاراپ بىر دەقىقە تۇرۇۋالـ غاندىن كېيىن ئىجازەت بەردى:

— كىرسۇن.

— خوپ! — يىگىت چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا خوجا ئىشان كىردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئۇسمان باتۇر ھەزرەتلىرى، ھارماي - ئاچماي قايتىپ كىرىشكەنلا؟ خەۋەر تېپىشىمچە، مازىخۇي① دوتەي يامۇلغا ئورۇنلىشىپتۇ. ما شاۋۇ بىلەن ئالاھازەل بىر - ئىككى سائەتتەك قۇچاقلىشىپ كەتكەنمىش. ما شاۋۇ «تولىمۇ قىيىن كۈنگە قالغانىدىم، دەل ۋاقتىدا كەلدىڭ؛ جېنىمغا جان، تېنىمگە دەرمان قوشۇلدى!» دەپ يىغلاپ كەتكەنمىش...

— مۇنداق دېسىلە، — ئۇنىڭ ئىككىلا جەينىكى تىزىدا، ئىككىلا قولى چېكىسىدە ئىدى. بۇ قوللار سىكۇنتسىرى چىڭىۋاتقان ئامبۇرنى ئەسلەتتى. خوجا ئىشان دەل پەيتىدە كىرگەنلىكىدىن ۋە سۆزىنىڭ دەرھاللا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن مەمنۇن ئىدى. ئۇ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىش تەييارلىقىدا تۇرغاندا، پەتنۇس كۆتۈرگەن جەگچى يىگىت بوسۇغىدىن ئاتلىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— ھە، كىرىۋەرسىلە، خوجام، كىرىۋەرسىلە، — ئىشتىك ئورنىدىن تۇرۇپ پەتنۇسنى ئالدى، — چاينى ئۆزۈم قۇياي، قايتىۋەرسىلە، خوجام. پالۋان، قىزىققىنا بىر پىيالە چاي ئىچسىلە، دورا - دەرمەكلىرى راسا تەگشەلگەندەك تۇرىدۇ. ھەببەللى! — ئۇنىڭ ئاغزى خۇسۇمەت تومسىنىڭ قاپقىقى ئىدى. بۇ قاپقاق يەنە ئېچىلدى. ئۆچ - ئاداۋەت لاتقىلىرى

---

① مازىخۇي — ماجەنساڭ.

لۈمشىپ ئېقىشقا باشلىدى، — سىلى - ئۆزلىرى، «بىر ھۇجۇم بىلەنلا شەھەر ئالالىغانلىقىمنى تۆمۈر سىجاڭنىڭ مارالبېشى - تۇمشۇقتىكى چوڭ غەلىبىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ» دېگەن گەپنى تەكرار - تەكرار ئېيتتىڭلا، يەنە بىر تەرەپنى نېمە ئۈچۈن ئېغىزغا ئالمايلا، پالۋان؟ سىلى - ئۆزلىرى سۈرگۈن چازىدا ئىسيان كۆتۈرۈپ، ماشاۋۇۋنىڭ بىر قانىتىنى سۇندۇرمىغان بولسىلا، مارالبېشى - تۇمشۇقتىكى جەڭدە يۈتۈپ چىققالىشى مۇمكىنمىدى تۆمۈر سىجاڭنىڭ؟ بۇ ئەمەلىي پاكىتنى نېمە ئۈچۈن ئېيتىراپ قىلمايدۇ ئۇ كىشى؟ پەيزىئاۋاتقا يېتىپ كەلگەندە، سالام - تەزىمگە باردىلا، شەھەرگە يېقىنلاپ كەلگەندە، ئاراباغقىچە ئالدىغا چىقتىلا. «ئاتام - ئاكام» دەپ ھۆرمەت قىلدىلا، يول قويدىلا. ئىخلاس - ئەقىدىلىرىگە لايىقىراق جاۋاب بەرسە بولمامدۇ؟ قان تۆكۈش، قۇربان بېرىشلەردىن قورقماي شەھەر ئېلىپ، تازىلاپ، ھەممىنى تەل قىلىپ تۇرغان سىلىدەك بىر ساداقەتمەن پالۋانغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلامدۇ؟ «ئىككى كۈن تەخىر قىلساڭلار بولماسمىدى؟» دەپ دوق قىلغىنى نېمىسى ئۇنىڭ؟ بۈگۈن يەنە...

ئوسمان تۇەنجاڭ بېشىنى كۆتۈردى. مويسىپىت «ناتىق»قا ئاستىن نەزەر سالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ئىشان خوجام ھەزرەتلىرى، پېقىرنى شۇنچە ياخشى كۆرگەن، قەدىرلىگەنلىكلىرىگە يۈزمىڭ رەھمەت.

— ئۆز نىجاتچىسىنى قەدىرلىمىگەن ناداننى ئادەم دېگىلى بولامدۇ، پالۋان؟

— ھەزرەتلىرى — پېشقەدەم ئۆلىما، يۇرت مۆتىۋەرى،

بىزنىڭ دۇئاگۇي ئاتىمىز، — سەممىيەت بىلەن مۇراجىئەت قىلدى، — ئاقىل ئاتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى — ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلاشتۇرۇش. دۇئاگۇي ئاتىمىز ئورنىدا تۇرۇۋاتقان جانابلىرىدەك بىر ئۇلۇغ زاتنىڭ ۋەزىپىسىمۇ ئۇنىڭدىن باشقىچە بولمىسا كېرەك. گېپىم توغرىمۇ، ئىشان خوجام؟

— توغرا - توغرا، — دېدى ئىشان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈشكە تىرىشىپ.

— قان - قېرىنداشلارچە ئىناقلىقىمىزنىڭ كۈندىن - كۈنگە مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرغايلا ۋە شۇ يولدا ماڭغايلا.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، — ئۇ، يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدى. ئوسمان تۆۋەنجاڭنىڭ كۆزى يۇمۇلغان ۋە قوشۇمىسى تۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىچكى تىلىنى ئىشقا سالدى، — ئىشەنچ ۋە ساداقەت بۆشۈكىدە شېرىن چۈش كۆرۈپ يېتىۋەر، ئىسيانچى قىرغىز!...

يۇمىلاق شەھەر قەلئەسىنىڭ قوش قەۋەت قارا دەرۋازىسىدىن چىققان قارا ئايغىر ئۆز ئوقۇرى جايلاشقان شىمال تەرەپكە قاراپ يورغىلىغانىدى، خوجايىنى ئۇنىڭ تىزگىنىنى تارتتى:

— تۆمۈر سىجاڭ بېغىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەمسەن؟ كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ يورغىلا، جانىۋار! — ئات ئۈستىدىكى زات تۆمۈر سىجاڭغا ئېيتماقچى بولغانلىرىنى يادلاشقا كىرىشتى، — ئوسمان تۆۋەنجاڭ نېمە ئۈچۈن جانابلىرىنىڭ پەرمانى بويىچە ئىش قىلماي، شەھەر ئىلىشقا ئالدىراپ

كېتىدۇ؟ شەھەرنى ئېلىش جەريانىدا بىرمۇنچە قان تۆكۈلدى، قۇربان بېرىلدى. جانابىلىرى يېتىپ كەلگۈچە تەخىر قىلغان بولسا، مۇنداق بىھۇدە چىقىم بولمايتتى ئەمەسمۇ؟ قۇدرەتلىك ۋە غالىب قوشۇنلىرىنىڭ قارىسى كۆرۈنگەن ھامان بەش دەرۋازىنى داغدام ئېچىۋەتمەسمىدى ما دوتەي دېگەن توخۇ يۈرەك؟ مۇنداق بولۇشىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئوسمان تۇەنجاڭ-مۇ ئوبدان بىلەتتىغۇ؟ شەھەر ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنى كۆرسەتمەكچىمۇ؟ جانابىلىرى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرماق-چىمۇ؟... كىمنىڭ ئەسكىرىنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش — جانابىلىرىنىڭ ئىشى. ما شاۋۋۇ - ما جەنساڭ ئەسكەرلىرىنىڭ دوتەي يامۇلىنىڭ ئىچى - تېشىدا تۇرۇشىنى سىلى - ئۆزلى-رى قارار قىلغان ئەمەسمۇ؟ بۇ دانا قارارغا نارازى بولۇش-قا نېمە ھەققى ئۇنىڭ؟ ھەربىر قارار، ئەمر - پەرمانلىرىنى ئۇنىڭ ماقۇللۇقى ۋە تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش شەرتمىكىن؟ تۆمۈر سىجاڭ جانابىلىرى، ئۇنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسىنىڭ تېگى - تەكتىنى تەھلىل قىلىپ كۆرگەيلا...

تۆمۈر سىجاڭنىڭ مۇئامىلىسى، جاۋابى، تەۋسىيىسىمۇ ئوسمان تۇەنجاڭنىڭكىدىن پەرقلەنمىدى. ئوسمان تۇەنجاڭ-نىڭ سوغۇن چازىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بەردى. «مېنىڭ مارالبېشى - تۇمشۇق ئۇرۇشىدا غەلىبە قازىنىشىمغا ئالاھىدە ياردەم بەردى» دەپ ماختىدى. ئاخىر-دا. قان - قېرىنداش ئىككى سەركەردە بىلەن قان - قېرىنداش ئىككى قوشۇننىڭ بىرلىك - ئىناقلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرۇشىنى تەۋسىيە قىلدى.

......

ئەجدىھا باشلىق ھاسا تۇتقان «قەلەندەر» ھالقىلىق پەيتلەردە يوقلاپ تۇراتتى. بۇلار ئىككى سەركەردىنىڭ ئەھۋالى ۋە روھىي ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەھلىل قىلاتتى.

— بىزدە «يەتتە چى قېلىنلىقتىكى مۇز بىر كۈندىلا توڭلىمايدۇ» دېگەن ماقال بار، — دېدى «قەلەندەر» خوجا ئىشاننى رىغبەتلەندۈرۈپ، — قەلئە بىلەن باغ ئوتتۇرىسىغا تۆككەن تەرلىرى مېۋە بەرمەي قالمايدۇ.

— بىخ سۇرۇشكە باشلىدى! — دېدى خوجا ئىشان غۇرۇرلانغان ھالدا.

— قايسى تەرەپتە؟

— باغ تەرەپتە! — خوجا ئىشان تەپسىلىي بايان قىلدى.

خوجا ئىشان، تۆمۈر سىجاڭ قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى تاڭ - سەھەردىلا تۇرپان - توقسۇنلۇق مۇرىتلىرىنى يەتتىنى ئەگەشتۈرگەن ھالدا سالام - تەزىمگە كىردى. ھۆرمەت - تەكەللۇپ سۆزلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇلارنى تونۇشتۇردى:

— بۇلار — سەركەردە ئالىيلىرىنىڭ ئۆز يۇرتداشلىرى، چەكسىز ساداقەتمەن كىشىلىرى. نەچچە ئايدىن بۇيان، كەمىنە قوللىرىغا ئوخشاشلا، نۇسرەتلىك يوللىرىغا مۇنتەزىر، مۇبارەك قەدەملىرىگە ئىنتىزار ئىدى. جانابلىرىنىڭ مارالبېشىغا يېتىپ كەلگەنلىكلىرى توغرىسىدىكى خۇش-خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا سەركەردە ئاتىسىزنىڭ ئالدىغا بارساق، ئايىغىنى تاۋاپ قىلساق، خىزمىتىدە بولساق، دېگەن تەلەپنى قايتا -

قايتا ئىزهار قىلىشقانىدى.

— شۇنداق، سەركەردە ئاتا! — دېدى يەتتىسى تەڭ ئېگىلىپ. خوجا ئىشان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۈگۈنمۇ ئەنە شۇنداق تەشنالىق ۋە تەقەززالىق ئىچىدە تۈننى تاڭغا ئۇلاپتۇ، تۈنجى خوراز چىللاش بىلەن تەڭلا ئالدىمغا كەپتۇ. سەركەردە ئاتىمىزنىڭ نۇرانە دىدارىنى بىر كۆرۈۋالساق...

— مۇبارەك ئاياغلىرىنى تاۋاپ قىلساق...، — تۆمۈر سىجاڭنىڭ پۇتىنى تەڭ قۇچاقلاشتى، يۈز - كۆزىگە سۈرۈشتى يەتتە مۇرىت، — سەركەردە ئاتا، خىزمەتلىرى ئۈچۈن جېنىمىز پىدا!

— نېمە قىلغىنىڭلار بۇ؟ تۇرۇڭلار، يۇرتداشلىرىم، تۇرۇڭلاردىن تۇرۇڭلار! — دېدى تۆمۈر سىجاڭ ۋە بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىۋاتقان بۇ كىشىلەرنى بىر - بىرلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى، — مېنى مۇنچە خىجىل قىلماڭلار: مەن خىزىر ئەۋلىيا ئەمەس، ھاجى ئاتىمىزنىڭ بىر ئەسكىرى، سىلەرگە ئوخشاشلا بىر بەندە.

بۇ يەتتە ئادەمنىڭ ئىزلىنىپ تۇرغىنىنى تۇرغان، «سەركەردە ئاتا، خىزمەتلىرىدە بولۇشىمىزغا ئىجازەت بەرگەيلا» دەپ يالۋۇرغىنىنى يالۋۇرغانىدى. خوجا ئىشان تونۇشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇلار، كەمىنىلىرى ئەسھابۇلكەھەب ئارامگاھىنى تاۋاپ قىلىۋاتقان مەزگىللەردە قانات ئاستىمغا كىرگەن يېتىم چۈجىلەر ئىدى. دۇنياغا تۆرەلگەندىن بۇيان ئاتا راھىتى، ئاتا لەززىتى كۆرەلمىگەن بۇ بىچارىلەرنىڭ كۆڭلىنى قايتۇر-

مىغايلا. ھەممىسىلا ئىشنىڭ ئېپىنى، بۇ شەھەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى بىلىدۇ، يۈكۈر - يېتىملىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. بىرقانچە كۈنلۈك ئۇيقۇسىزلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ...

تۆمۈر سىجاڭ پاكىز يۇيۇنغان، رەتلىك كېيىنگەن، چاچ - ساقاللىرى چىرايلىق ياسىتىلغان بۇ ساداقەتمەن يۇرتداشلىرىغا قاراپ ئويلىنىپ قالدى: بۇ شەھەرگە ئەمدىلا چۈشتۈم. ھەر ساھە، ھەر تەبىقە مۆتىۋەرلىرى بىلەن زىچ ئالاقە ئورناتمىسام بولمايدۇ. شەھەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى پىششىق بىلىدىغان مۇنداق ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ يېنىمدىراق تۇرغىنى تۈزۈك. يەنە كېلىپ، ھەممىسى ئۆز يۇرتلۇق ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ، بۇ يەتتە كىشى تۆمۈر سىجاڭنىڭ يېنىدا قالدى. ھەتتا تىلىنىڭ ئەۋرىشىملىكى، ئايىغىنىڭ ئىتتىكلىكى، ئۇيقۇسىنىڭ سەگەكلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تۆمۈر سىجاڭغىمۇ يېقىپ قالدى.

— ئېيتقىنا، خوجا ئىشان قانداقراق ئادەم؟ — دەپ سوراپتۇ ئاخشام ئۇچىسىنى تۇتۇپ قويۇۋاتقان گايىت ئىسىملىك مۇرىتتىن، — ئوسمان تۇەنجاڭ بىلەن مۇناسىۋىتى ئوبدانمۇ؟

— ئىمانى كامىل، ئابرۇيلۇق زات! — دەپ ماختاپتۇ ئۇ، — جانابلىرى تۇرپان - توقسۇندا باش كۆتۈرگەن چاغدىلا بىزگە خۇش خەۋەر يەتكۈزگەن. قۇمۇلدىن قوياش كۆتۈرۈلدى، توقسۇندىن ئاي — 15 كۈنلۈك تولۇن ئاي! دەپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ كەتكەن. ئوسمان تۇەنجاڭ

شەھەر ئالغاندىمۇ شۇنداق خۇش بولۇپ كەتكەن. نەچچە مىڭ ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ سالام ـ تەزىمگە بارغان. بىراق ئوسمان تۇەنجاڭ... سىجاڭ ئاتا، بۇ ئىشلارنى سوراپ نېمە قىلىدىغانلا؟ سۆزلىسە تىل كۆيىدۇ، سۆزلىمىسە يۈرەك.

— گايىت، سۆزلە، قورقماي، قورۇنماي سۆزلەۋەرگىن!

— ئوسمان تۇەنجاڭ شەھەر ئالغان كۈنى ئىشان خوجام ھەزرەتلىرى ناھايىتى خۇش بولۇپ كېتىپ، بىر نەزمە تۈزگەن. ئۇنى بىز — بىرقانچە يۈز ئادەم ئوسمان تۇەنجاڭنىڭ ئالدىدا تەكرار ـ تەكرار ئوقۇغان. ئوسمان تۇەنجاڭنىڭ خاپا بولۇشى ۋە ئاداۋەت ساقلىشىنى خىيالىمىزغا كەلتۈرمىگەنىكەنمىز.

— ئېيتقىنا، نېمە دەپ يېزىلغان نەزمە ئىدى ئۇ؟

— «فى سەبىلىللا خېتى — بۇ قوشۇننىڭ شۆھرىتى» دەپ.

— مۇنداق دە؟ — دەپتۇ تۆمۈر سىجاڭ.

— سىجاڭ ئاتا، — دەپتۇ گايىت خېلىدىن كېيىن، — ئوسمان تۇەنجاڭ سىلى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرامدۇ نېمە؟

— قانداق دەيسەن؟

— مازىخۇي ئالدىغا سىلى 200 ئەسكەر بىلەن چىقسىلا، ئۇمۇ 200 ئەسكەر بىلەن چىقىپتۇ. ئاڭلىسام، ئىككى مۇھاپىزەتچىسى بىلەنلا چىقماقچىكەن. سىلىنىڭ 200 ئەسكەر بىلەن چىقىدىغانلىقلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن...

— مۇنداق دە؟— دەپتۇ سىجاڭ يەنە بىر قېتىم...

خوجا ئىشاننىڭ بايانىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان «قەلەندەر» ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى:

— راست، بىخ سۇرۇپتۇ، تۆككەن تەرلىرى راستتىنلا
بىخ سۇرۇپتۇ! «مۇنداق دە؟» دېگەن سۆزنىڭ ئىككى نۆۋەت
ئېغىزدىن چىققانلىقى — خۇشاللىنارلىق نەتىجىمىز!
— شۇنداق، ئەلۋەتتە!
— ئەمدىلىكتە بىز...
تاڭ ئاتتى. خوجا ئىشان يۇمىلاقشەھەر قەلئەسىگە
راۋان بولدى. ئۇ كىرگەندە، ئەسكەرلەر تەرلەپ - پىشىپ
كەتكەن هالدا ئېتىشۋازلىق، نەيزىۋازلىق مەشقى قىلىۋا-
تاتتى. يەڭلىرىنى جەينەككىچە تۈرۈۋالغان ئوسمان تۇەن-
جاڭ يەر بېغىرلاپ ئىلگىرىلەش ئۆلگىسىنى كۆرسىتىپ
بېرىۋاتاتتى.
— قالتىس ئىش بوپتۇ! — دەپ ماختاپ كەتتى
خوجا ئىشان، — ئەزىمەتلەر مانا شۇنداق چېنىقتۇرۇلىد-
غان بولسا!...— ئوسمان تۇەنجاڭنىڭ ما شاۋۋۇ - ما جەن-
ساڭلارنى دوتەي يامۇلدىن ۋە پۈتۈن شەھەر تەۋەسىدىن
قوغلاپ چىقىرىۋېتىش مەقسىتىنىڭ بارلىقىنى ئېنىق بىلى-
دىغان بۇ كىشى گۇپپاڭچىلىققا كىرىشتى، — شەھەرنىڭ
جان تومۇرى ئۇ ئىككىسىنىڭ قولىدا تۇرسا، بىز خاتىرجەم
بولالمايدىكەنمىز. شەھەر ئاهالىسى هېلىمۇ تەشۋىش ئىچىدە
تۆمۈر سىجاڭغا ئېيتايلى دېسەك، ئۇ كىشى شۇنچە ئۇزۇن
مۇساپىنى بېسىپ، نۇرغۇن جەڭ قىلىپ، هېرىپ - ئېچىپ
ئاران كەلدى. ئەسكەرلىرى ئىچىدە ئاغرىق - سىلاق،
مېيىپ - مەجرۇهلارمۇ يوق ئەمەس. مەلۇم مەزگىل ئارام
ئالمىسىمۇ بولماس، جانابلىرىنىڭ رەهبەرلىكىدىكى بۇ ئەزى-
مەتلەر بولسا، تۇتۇرگە ئۇرۇشى بىلەن شەھەر ئېلىش ئۇرۇشى-

نىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن، غەيرىتى يۈكسەك، روھى جۇشقۇن، ئىرادىسى مۇستەھكەم. بىر ھۇجۇم بىلەنلا دوتەي يامۇلىنى ئالالىشىدا گەپ يوق. بۇ ئىش تېز پۇرسەتتە ۋۇجۇدقا چىقىدىغان بولسا، پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ كۆڭلى ئارام تاپقان بولار ئىدى، تۆمۈر سىجاڭمۇ جانابلىرىنىڭ قوماندانلىق تالانتىغا ۋە كۈچ - قۇدرىتىگە تەلتۆكۈس قايىل بولغان بولار ئىدى.

بۇ تەلەپنى ئۇ، بىرمۇنچىلىگەن شەھەر بايلىرى، ئەل - جامائەت مۆتىۋەرلىرى ئاغزى ئارقىلىقمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. ئادەتتىكى ھۈنەرۋەن - كاسىپ، سودا - سېتىقچىلار «ۋەكىللىرى» ئارقىلىقمۇ دېگۈزدى. ھۇجۇمغا ئاتلىنىش پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋاتقان ئوسمان تۈەنجاڭ ئاخىر قول ئاستىدىكى ئەسكەر باشلىقلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى - دە، تۆمۈر سىجاڭدىن ئىجازەت ئالماستىنلا ئوت ئېچىشنى قارار قىلدى.

ئۇرۇش تاڭ سەھەردە باشلاندى. ئوسمان تۈەنجاڭنىڭ يىگىتلىرى بەش تەرەپتىن تەڭ ھۇجۇمغا ئۆتتى. دوتەي يامۇل سىرتىدىكى ئورۇن ۋە ئىستىھكاملار بىر سائەت ئىچىدىلا ئىشغال قىلىندى. ياۋاشلىق بىلەن شەرتسىز قورال تاپشۇرغان چېرىكلەر ئامان قالدى، تەرسالىق قىلغانلىرى بېشىنى يېدى.

ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ يېتىپ كەلگىلى تۇرغان خەلق ئېقىنى بىردەمدىلا چوڭ كەلكۈنگە ئايلانغانىدى. بۇ كەلكۈن قۇدرەتلىك شاۋقۇنلاپ «ئامىن!.. ئامىن!...»

جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئوسمان ئېلى هايا-

جانلانماقتا، كۈچ - قۇدرەتكە تولماقتا ئىدى: تۆمۈر سىجاڭ ئۆز كۆزى بىلەن بىر كۆرسە ئىدى بۇ ھالەتنى، ئۆز قۇلىقى بىلەن بىر ئاڭلىسا ئىدى خەلق ساداسىنى!..

— تۆمۈر سىجاڭدىن بۇيرۇق: ھۇجۇم دەرھال توختىتىلسۇن!

«ئاھ، چارەك سائەت ئىچىدىلا ئىلكىمىزگە ئۆتمەسمىدى بۇ قارا چۈمۈلە ئۇۋىسى!؟ ئامال قانچە بۇيرۇق دېگەن بۇيرۇق - دە!..»

— ئۇرۇش توختىتىلسۇن!

ئېتىشۋازلىق توختىدى، شاۋقۇن تىنچىدى. ھاڭ - تاڭ قالغان ئەسكەرلەر بىلەن خالايىقنىڭ كۆڭلىدە بىرلا سوئال: نېمە ئىشتۇ بۇ؟

ئۇچار پىكاپ ئامبال يامۇل دەرۋازىسى ئالدىغا قوندى. ئىككى مۇھاپىزەتچىسى بىلەن بىللە يېتىپ كەلگەن تۆمۈر سىجاڭنىڭ بىرىنچى سوئالى مۇنۇ ئىدى:

— ئوسمان تۇەنجاڭ، نېمە ئىش بۇ؟!

— تۆمۈر سىجاڭ، خەلقنىڭ ساداسىغا...

— بەس، چېكىنىڭلار!

— شەرتىمىز بار! — ئوسمان تۇەنجاڭنىڭ تەلەپپۇزىمۇ قاتتىق ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى لىيەنجاڭلارنىڭ چىرايىدىنمۇ بىر خىل جىددىيلىك ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— قېنى، شەرتىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇڭلار، — دېدى تۆمۈر سىجاڭ بىر ئاز يۇمشاپ.

— ما جەنىاڭ - ما شاۋۇ ئەسكەرلىرى شەھەردىن

چىقىپ كەتسۇن، ما شاۋۋۇنىڭ ئۆزى شەھەردە قالدۇ؛ دوتەي يامۇل ئىچىدىكى قورال - ياراغ، ئوق - دورا ۋە باشقا مەنقۇلاتلارنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرۇپ چىقىپ كېتىدۇ. يېڭىشەھەردە ساقلىنىۋاتقان قورال - ياراغلارنىڭ يېرىمىنى ئۇلار ئالىدۇ، يېرىمىنى بىز.

— شەرتىمىزگە كۆنمەيدىغان بولسا...، — ئاخىرغىچە ئۇرۇشۇش ئىرادىسىنى نامايان قىلىشتى لېيەنجاڭلار.

ما جەنساڭ - ما شاۋۋۇ چېرىكلىرىنى شەھەردىن قوغلىۋېتىش — كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى ئىكەنلىكىنى تۆمۈر سىجاڭمۇ بىلەتتى. ما جەنساڭ بىلەن زىتلىشىپ قېلىشنىمۇ خالىمايتتى.

— خوپ، مەن سۆزلىشىپ چىقاي! — تۆمۈر سىجاڭ دوتەي يامۇل تەرەپكە قاراپ دادىل قەدەم تاشلىدى.

— ئامىن! — مىڭلىغان خەلق ئۆز سەركەردىسىنىڭ تىنچ - ئامانلىقى، مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن دۇئاغا قول كۆتۈردى.

تۆمۈر سىجاڭ تۆت سائەتلىك بەس - مۇنازىرە ئۇرۇشىنى غەلىبىلىك ئاياغلاشتۇرۇپ، خەلق قوينىغا ساق - سالامەت قايتىپ كەلدى!

— شەرتىمىزنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار مۇشۇ سائەتتىن ئېتىبارەن يۆتكىلىشكە باشلايدۇ. قالغان گەپنى كەچتە دېيىشەيلى! — تۆمۈر سىجاڭنىڭ پىكاپى سۇسقىنا چاڭ كۆتۈرۈپ يۈرۈپ كەتتى.

باغدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىچكى يىغىن يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز كېپى، ئۆز مەۋقەسىدە

مەھكەم تۇرۇشتى. كەسكىن بەس - مۇنازىرە قىلىشتى، ئاچچىقلاشتى، قايناشتى. ئاخىر پەسكويىغا چۈشتى، ئىتتىپاقلىق - بىرلىكنىڭ ھەممىدىن ئەۋزەللىكىنى تەكىتلەشتى.

— ما جەنساڭنىڭ قانداق نىيەتلىكىنى ئانچە - مۇنچە بىلىمەن، — تۆمۈر سىجاڭ ئۇنىڭ خېلىدىن بۇيان تەييارغا ھەييار بولۇپ كېلىۋاتقان ھارامزادىلىكلىرىنى بىر قۇر ئەسلەپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى، — بۈگۈنمۇ يەنە ئۆزى قول قويغان كېلىشىمنىڭ سىياسىي قۇرۇماي تۇرۇپلا بىۋاپالىق، نامەردلىك، خىيانەتكارلىق قىلدى. قالدۇرۇپ كېتىشكە تېگىشلىك قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى ئوغرىلىقچە يۆتكەپ، ئاخىر تۇتۇلدى، رەسۋا بولدى! ئوسمان تۆمەنجاڭ يىگىتلىرىنىڭ سەگەكلىك بىلەن نازارەت قىلىپ، 200 تال يېڭى مىلتىق، 17 ساندۇق ئوقنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى — ئالاھىدە نەتىجە!... شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىقىمىز شەرتكى، باش قوماندانىمىز خوجىنىياز ھاجىم جانابلىرى بىلەن ما جۇڭيىڭ بىر سەپتە جەڭ قىلىۋاتىدۇ. ما جەنساڭ — ما جۇڭيىڭنىڭ ئادىمى. مۇنداق سۈركىلىش ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر داۋاملىشىۋەرگەندە بولسا، ھاجى ئاتىمىز بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ بىرلىكىگە تەسىر يېتىپ قالىدۇ، ئىنقىلابىمىزنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىگە تەسىر يېتىپ قالىدۇ... مەن مارالبېشىدىكى چېغىمدىلا ھاجى ئاتىمىزغا مەكتۇپ ئەۋەتكەن. سىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ئەندىشە قىلىۋاتقان ۋە ئالدىراۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدىمۇ يوليورۇق سورىغان، ئالاقىچىلىرىمىز يېقىن كۈنلەر ئىچىدە كېلىپ قالار. ھاجى ئاتىمىزنىڭ

يولىيورۇقى يېتىپ كەلگۈچە تەخىر قىلايلى.

......

سابىق دوتەي ما شاۋۇنىڭ ھايات بىخەتەرلىكىگە ۋە مال - مۈلكىنىڭ دەخلىسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا تۇتۇپ قىلىنغانىدى. ئۇنى نازارەت ۋە مۇھاپىزەت قىلىش مەجبۇرىيىتى ئاتاقلىق باي، باجگىر ئىبراھىم لوزۇڭ① نىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. ما شاۋۇ ئۇنىڭ سەمەندىكى بېغىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۇغەمبەر ماشاۋۇ ئىبراھىم لوزۇڭغا مۇنداق دېدى:

— ما جەنساڭ ئەسلىدە مېنى يېڭىشەھەرگە مەجبۇرىي ئاچىقىپ كېتىپ، گۆرۈ سۈپىتىدە تۇتۇپ تۇرماقچىدى. سىزنىڭ يېنىڭىزدا قالغىنىم تولىمۇ ئوبدان بولدى. بىراق، ما جەنساڭ ناھايىتى تەرسا بىرنېمە. مېنى بۇلاپ چىقىپ كېتىشكە تەۋەككۈل قىلىپ قالسا، تۆمۈر سىجاڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىسىز. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، پېقىر يۇرت سورىغان توققۇز يىل مابەينىدە ئاز بولمىغان سەۋەنلىكلەرگە يول قويۇلدى. بىر تالاي كىشىلەر ئۇۋالچىلىقتا ئۇچرىدى، سورۇلدى، خانىۋەيران بولدى. بۇنىڭغا ھازىر ناھايىتى ئېچىنىمەن، ئەپسۇسلىنىمەن. بىھۇدە ئازاب چەككەن ئاشۇ كىشىلەردىن بىرى ياكى بىرقانچىسى ئەنت ئېلىشقا بەل باغلايدىغان بولسا، مەنمۇ «ئەلھۆكمىللا» دەرمەن. لېكىن ئوغرى ما جەنساڭ بۇنى دەستەك قىلىۋېلىپ،

---

① 1937 - يىلى شاڭ شىسەي يەپ كەتكەن.

غۇۋغا كۆتۈرۈشتىن يانمايدۇ. سىزمۇ قىيىن ئەھۋالدا قېلىشىڭىز مۇمكىن. تۆمۈر سىجاڭ ئىجازەت بېرىدىغانلا بولسا، بىرەر 100 ئەسكەر ئالسىڭىز، ئەل - يۇرت تىنچلانغۇچە باغنىڭ ئىچى - سىرتىنى مۇھاپىزەت قىلسا.

بۇ تەكلىپ تۆمۈر سىجاڭنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتى.

قورال - ياراغلىرى تۆمۈر سىجاڭ تەرەپتىن بېرىلىدىغان بۇ ئەسكەرلەرنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە تەمىناتىنى ئىبراھىم لوزۇڭ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شۇنداق قىلىپ، 100 ئەسكەر بۇ باغنىڭ ئىچى - سىرتىنى قوغدايدىغان بولدى.

كۈن - تۈنلەر جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. كىرپىك قاقماي تۈننى تاڭغا ئۇلاش جەريانىدا بىرەر دۈشمەنلىك ھەرىكەتنىڭ شەپىسىنىمۇ سەزمىگەن بۇ ئەسكەرلەر زېرىكىشكە، بىخۇدلىششقا باشلىدى. تومۇز پەسلىنىڭ تىنچىق - دىمىق كۈندۈزلىرىنى مېۋىلىك - مېۋىسىز دەرەخلەر سايىسىدە ئېغىناپ يېتىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، كېچىلىرى نە - نەلىدىكى قىمار سورۇنلىرىغا چاپىدىغان بولدى. ئىبراھىم لوزۇڭ ئۆز تىجارىتى بىلەن بەند، تۆمۈر سىجاڭ «100 ئەسكەر نازارەت قىلىۋاتىدۇ» دەپ خاتىرجەم ئىدى.

ئەجدىھا باشلىق ھاسا تۇتقان «قەلەندەر» ئانچە - مۇنچە كېلىدىغان بولۇپ قالدى. قوراللىق دېھقان يىگىتلىرى ئاشقان - تاشقان نەرسىلەرنى بەرسە، ئېچىپ كېتىپتۇ، كۆكىرىپ قاپتۇ دېمەستىن ئاچكۆزلۈك بىلەن يەپ تۈگىتەتتى، «رېخمەيتى - رېخمەيتى» دەپ ئېگىلەتتى. يىگىتلەر ئىچ ئاغرىتىپ «ھەي جاڭگۇيدە، مە بۇنى يە، بۇنى» دەپ ئۇنى - بۇنى تەڭلەيتتى «جاڭگۇيدە — ما، خوجايىڭ

دەيدۇ گەپ، مەندە ئەمەسى خوجايىنىڭ» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

— جاڭگۇيدە — خوجايىن دېگەن گەپ ئىكەن، — دەپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى يىگىتلەر، — جۇلدۇر كىيىپ يۈرگەن قەلەندەرنىمۇ خوجايىن دەپ يۈرگىنىمىزنى قاراڭلار! — يىگىتلەردىن بىرى تەكلىپ بەردى، — «گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلىدۇ»، دېگەندەك، بۇنىڭ زۇۋانىنى ما دوتەي بىلىدۇ. گەپكە سېلىپ، ئانچە - مۇنچە ئىچ پۇشۇقىنى چىقارمىسۇنمۇ؟

— ما دوتەي كۆرۈشەرمۇ بۇ دىۋانە بىلەن؟

— دەپ باقمايلىمۇ؟ كۆرۈشمەيمەن دېسە، ھەيدىۋەتسەك بولمىدىمۇ؟

- ئۆزۈڭ دەپ باق ئەمىسە.

ما شاۋۋۇ رازى بولدى، ھېلىقى يىگىت بۇ «قەلەندەر»نى ما شاۋۋۇ بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قويدى. ئىككى سائەتلەردىن كېيىن قايتىپ چىققان «قەلەندەر» ھەر چامدامدا بىر قېتىم «بىسمىللايى رېخېمانو رېخىمۇ» دەيتتى.

— «بىسمىللا» دېيىشنى بىردەمدىلا ئۆگىنىۋالغىنىنى قاراڭلار! — دەپ خۇشال بولدى يىگىتلەر، — ھەي گاداي، ئانچە - مۇنچە كېلىپ تۇر جۇمۇ!

— رېخېمەيتى - رېخېمەيتى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئىبراھىم لوزۇڭ «شۇنچە يوغان دوتەيىنىڭ ئەرزىمەس بىر قەلەندەر بىلەن سۆزلىشىپ يۈرگىنى نېمىسى؟» دەپ ھەيران قالغانىدى، ما شاۋۋۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خاتىرجەم بولدى، ھەتتا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى:

— مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى بىلى-
ۋېلىشقا تەشنا ئىكەن، ئىشنى «بىسمىللا» نى ئۆگىنىشتىن
باشلىدىم. يالغۇزچىلىقتا زېرىكىپ قالغانىكەنمەن، بىردەم-
يېرىم دەم گەپكە سالدىم. خۇدانىڭ ئالدىدا ھەممە ئادەم
باراۋەر ئەمەسمۇ؟

ئىبراھىم لوزۇڭ ئويلىنىپ قالدى: «ما دوتەي — يۇرت
سوراپ ئۆتكەن كاتتا ئەرباب. مۇنداق نەزەربەندلىك تۇر-
مۇشتىن زېرىكىدۇ، سىقىلىدۇ. كەڭرەك تۇتاي، جاندىن جا-
ھاندىن بىزار بولغۇدەك ھالغا يېتىپ قالمىسۇن يەنە.»

بىر كۈنى ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا چوڭقۇر ئىچىنغان،
ئەپسۇسلانغان قىياپەتتە مۇنداق دېدى ما شاۋۋۇ:

— ياڭ زىڭشىن ئالىلىرى ھايات چېغىدىلا مەن
ھەربىي خىزمەتتىنكىلا ھۆددىسىدىن چىقىش، مەمۇرىي خىز-
مەتتىن ئىستېپا بېرىش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنغانىدىم.
قەشقەرنىڭ دوتەيلىكىگە جانابىڭىزنى كۆرسەتكەنىدىم. قال-
تىس ئابروي - ئىناۋەتلىك زات، تالانتلىق ئەرباب، سەممىي-
سادىق كىشى دەپ تونۇشتۇرغانىدىم. ئۇ كىشى ئىلتىماس
ۋە دوكلاتلىرىمنى تەستىقلاشتىن بۇرۇن ئاخىرەتكە سەپەر
قىلدى. بۇ تەلەپنى جىن شۇرېنغا يوللاي دەپ بولغۇچە،
ئۆزىنىڭ تۆتىنچى ئىنىسىنى سىلىڭلىققا تەيىنلەپ ئەۋەتتى، غىڭ
قىلالماي قالدىم. شىڭ دۇبەن ئالىلىرىغا ئېيتاي دەپ تۇر-
غىنىمدا، بۇ ئەھۋالغا دۇچ كەلدىم. دوتەيلىككە يارايدىغان
بىردىنبىر كىشى — سىز ئىدىڭىز. ئەپسۇسكى...

— ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، ما دوتەي ئالى-
لىرى، — دېدى ئىبراھىم لوزۇڭ دەككە - دۈككە ئىچىدە، —

تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆز يۇرتلۇق يېقىن بۇرادىرى يۇنۇسبەگنىڭ دوتەيلىكىنى قوللايمەن، ھىمايە قىلىمەن. دوتەيلىكتىن تەمەيىم يوق ھەم قاملاشتۇرالمايمەن. مۇنداق گەپنى ئېغىزغا ئالغۇچى بولمىغايلا، كۆڭ ئالغىلى قويغايلا. ئىبراھىم لوزۇڭ دوتەي بولۇشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، ما شاۋۋۇنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ قالدى. ئۇنىڭدىن ھال سوراشقا چىققۇچىلارنىڭ سۆز - سۆھبەتلىرىگە ھېچقانداق چەك قويمىدى.

تۆمۈر سىجاڭنىڭ ما شاۋۋۇ ھەققىدىكى سوئاللىرىغىمۇ «ئىستىقامەت بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىۋەردى.

ما شاۋۋۇنى خۇپىيانە ھالدا يوقلاپ تۇرىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. زاۋال ۋاقتىدا پەيدا بولىدىغان بۇ ئادەملەرنىڭ قايسى ۋاقىتتا ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. ئەجدىھا باشلىق ھاسا تۇتقان «قەلەندەر» كۆندۈزى چىقاتتى، ما شاۋۋۇدىن «ئۆگەنگەن» ئىسمىنى ئۈنلۈك يادلىغاچ كىرىپ كېتەتتى.

بۈگۈن ئەلنەغمىسىز، داغدۇغىسىز زىياپەت بولۇۋاتقانىدى. پاقا يوپۇرمىقى، ئېگىر ۋە سېرىق گۈللەر بىلەن ئورالغان كۆلنىڭ يان تەرىپىدىكى سەيناغا گىلەم، كۆرپە-يېكەندازلار سېلىنغان. سورۇننىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان ما شاۋۋۇ قوش ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، چىلىم تارتماقتا ئىدى. خوجا ئىشان قاتارلىق توققۇز نەپەر كاتتا زات ئۆزئارا پىچىرلاشماقتا، ئىككى - ئۈچ سائەتتىن بۇيان بولۇپ ئۆتكەن سۆز - سۆھبەتلەرنىڭ ئۆز مەنپەئىتىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەكتە ئىدى. ساھىبخان ئىبراھىم لوزۇڭ تاسادىپىي رەۋىش-

ئە جەم بولۇپ قالغان بۇ مېھمانلارنى يېيىشكە، ئىچىشكە تەكلىپ قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئالدىراش كىرگەن قورالىق مۇھاپىزەتچىدىن بىرى خەۋەر يەتكۈزدى:

— لوزۇڭ بېگىم، ئۈچ تۇڭگان ما دوتەي بىلەن كۆرۈشىمەز دەپ كەپتۇ!

ما شاۋۋۇ ئىبراھىم لوزۇڭغا سوئال نەزەرىدە تىكىلدى. باشقىلار «كىرسۇن، كۆرۈشسۇن» دېگىلى تۇردى.

— باشلاپ كىر، — دېدى ئىبراھىم لوزۇڭ ئازراق ئىككىلىنىشتىن كېيىن.

— ما دوتەي ئالىلىرى! — تەڭ يىقىلىپ، ما شاۋۋۇنىڭ پۇتىنى قۇچاقلىدى ئۈچ تۇڭگان، — بىز چىدىيالمىدۇق، بەرداشلىق بېرەلمىدۇق، بىزگە رەھىم قىلسىلا، ئاتىدارچىلىق قىلسىلا!

— تۇر ئورنۇڭدىن! — غەزەپ بىلەن بۇيرۇق قىلدى ما شاۋۋۇ، — راۋۇرۇس تۇرۇپ، يىغلىماي، پوتلاڭنى ئېقىتماي سۆزلەش! ئەسكەردەك تۇرۇشمايدۇ بۇ ھارامتاماقلار! — يىغىسىنى دەرھال توختىتىپ، بۇتتەك قېتىپ تۇرغان ئۈچىگە قاراپ دېدى، — ھە، نېمە گەپ؟ ھەربىي قائىدە بويىچە دوكلات قىل!

ئۈچ ئېغىزدىن چىققان گەپنىڭ جۇغلانمىسى مۇنداق ئىدى:

ما جەنساڭنىڭ قولىغا قالىغان بىز — ما شاۋۋۇ ئەسكەرلىرىنىڭ كۈنى تەس، ئەھۋالى ئېچىنىشلىق، ما جەنساڭ ئەسكەرلىرى ئۆزىنى خوجايىن، ھەتتا قۇتۇلدۇرغۇچى خۇدا دەپ بىلىدۇ. بىزنى قۇلدىنمۇ پەس كۆرىدۇ. كىر-قاتلىرىنى يۇغۇزىدۇ، قول-پۇتلىرىنى تۇتقۇ-

زىدۇ. چاچ - تىرناقلىرىنى ئالغۇزىدۇ، تەرەت قاچىلىرىنى تۆكتۈرىدۇ. كېچىلىرى يېزا - مەھەللىلەردىن قوي - كالا، توخۇ - ئۆردەك ئوغرىلاپ كېلىشكە مەجبۇرلايدۇ. ھەتتا قىز - ئاياللارنى بۇلاپ كېلىشكە زورلايدۇ. ئۇنىمىساق، ئۇرىدۇ، دۈمبالايدۇ. ھەتتا ئانىدىن تۇغما ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇپ، بەتقىلىقلىق قىلىدۇ! «سەنلەرنى بىز ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان، ئىشەك ئورنىدا مىنىشكىمۇ ھەققىمىز بار!» دەپ داۋراڭ سالغىنى سالغان!... بۇ كۈلپەت - ئاھانەتلەرگە چىدىيالمىغانلاردىن ئىككىسى ئۆلارغا يانغانىدى، كۆز ئالدىمىزدىلا ئېتىپ تاشلىدى. قېچىپ كەتكەن بىرىنى نەيزە سانجىپ ئۆلتۈردى! بىزنىڭ كۆرۈۋاتقىنىمىز ئىتنىڭ كۈنى!... بىزگە رەھىم قىلىسىلا، ئاتىدارچىلىق قىلىپ، ئۆز يانلىرىدا ئېلىپ قالسىلا، دوتەي ئاتا...!...

— مەن دوتەي ئەمەس، لوزۇڭ جانابلىرىنىڭ ئىختىياردىكى بىر تۇتقۇن...

— ئۇنداق دېمىسىلە، دوتەي ئالىيلىرى، تۇتقۇن بولغانلىرى نېمىسى؟ — دەپ يالۋۇرۇشتى مېھمانلار، — لوزۇڭ جانابلىرىمۇ سىلىنى تۇتقۇن قاتارىدا كۆرۈۋاتقىنى يوق. لوزۇڭ بېگىمنىڭ مېھمىنى سىلە، بىزنىڭمۇ ئەزىز مېھمىنىمىز.

«دەردمەن» ئۈچ ئەسكەر ئىبراھىم لوزۇڭغا ئىلتىجا قىلدى:

— لوزۇڭ بېگىم، خىزمەتلىرىدە بولۇشىمىزغا رۇخسەت قىلغايلا!

خوجا ئىشان ئېغىز ئاچتى:

— يەتكۈچە ئازاب - كۈلپەت چېكىپ، ئۆزلىرىدىن باشپاناھلىق تىلەپ كىرىپتۇ. ئاتىدارچىلىق قىلسىلا، لوزۇڭ بېگىم. خىزمەتلىرىنى بەجا كەلتۈرسۇن، ئەسكەر يىغىشتىلەرگە ئېتىشۋازلىق، قىلىچۋازلىقنى ئۆگەتسۇن، تۆمۈر سىجاڭ ئاڭ لىسمۇ، باشقىچە گەپ قىلماس.

— ماقۇل، تۇرۇۋەرسۇن. تۆمۈر سىجاڭغا ئۆزۈم جاۋاب قىلارمەن، — دېدى ئىبراھىم لوزۇڭ. كېلىش سەۋەبى «قەلەندەر» بىلەن ما شاۋۋدىن باشقىلارغا نامەلۇم بولغان بۇ ئۈچ «دەردمەن» تەكشى تىزلىنىپ، مىننەتدارلىق بايان قىلدى، قەسەم بەردى.

......

ئاي - يۇلتۇزسىز كېچە. قاپقارا لىباسلىق ئىككى كىشى قارا ئايغىرىغا قىامچا سالماقتا. بىر ئاتلىقنىڭ ئاستىدا خۇرجۇن باردەك قىلىدۇ. يەنە بىرىنىڭكىدە ھېچنېمە يوق، بۇلار نەدىن كەلگەندۇ؟ نەگە بارىدىغاندۇ؟ نېمانچە ئالدىرايدىغاندۇ؟ دۆلەتباغ يولى تەرەپتىن كەلگەن بۇ ئادەملەر نەزەرباغ تەرەپكە قايرىلدى، تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىرغىقىنى قاپلىغان قويۇق بونجالىق ئىچىدە غايىب بولدى. ئەنە، چىقتى، كۆۋرۈكنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى دۆڭگە چىقتى، قورغان تەرەپكە قاراپ چېپىپ كەتتى. ئىشان خوجامنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىغىنىغا قارىغاندا، ھىدايىتىللا ئىشان خوجىنىڭ روھ - ئەرۋاھىغا ئاتاپ، نەزىر-سەدىقە ئەكەلگەن ئىخلاسمەنلەر ئىكەنلىكىدە شەك يوق. خۇرجۇندىكى قىممەت باھالىق سەدىقە بۇيۇملىرىنى ئوغرى -

قارلىقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ قالمىسۇن دەپ، ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي چىپىشقانىكەن - دە؟

— نېمە بۇ؟ ئەسكى چاپان، يىرتىق تامبال كۆتۈرۈپ كېلىشكىنىڭ نېمىسى؟! — ھاياجانلىق ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، يالىڭاياغ ھالدا ئىشىك ئاچقان خوجا ئىشاننىڭ تۇنجى سوئالى شۇ ئىدى، — نېمە بۇ؟ ھە، زادى نېمە بۇ؟

قاپقارا لىباسلىق ئىككى ئادەمنىڭ تۇرۇۋاتقىنى — خوجا ئىشاننىڭ ھېلىقى تىلاۋەتخانىسى، خۇرجۇندىن چىقارغىنى — ئىككى دانە ئەسكى چاپان - ئىشتان، نەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن ئىككى جۈپ كۆن ئۆتۈك قاتارلىق نەرسىلەر ئىدى.

— بۇنىڭدىن باشقا نەرسە يوقمۇ؟

— يوق خوجام.

— خەت يوقمۇ؟

— يوق.

خوجا ئىشان ۋارقىرىدى:

— سۆزلە، خوتۇن تالاق، بۇ نەرسىلەرنى نېمە ۋەجىدىن ئەكېلىشكىنىڭنى سۆزلە!

— خوجام، قورۇپ ئۆلەي دېدۇق، كېلىمىزدى بىر نەمىدىۋالغان بولساق.

— ئۆلتۈرۈپ تۇرۇش، ئۆزۈم ئەكىرىپ بېرەي... ئىچىگە شال تىرىتۇپلىشقاندەك ئىچمۇپرىشكىنىنى! ساقال - بۇرۇتلىرىڭنى سىرتۇشمەمسەن؟ گەپ قىلىشە ئەمدى!

خوجا ئىشان، ما شاۋۇۋ بىلەن «قەلەندەر» نىڭ تەلپى بويىچە، مارالبېشى - قەشقەر ئارىلىقىدىكى مۇھىم قاتناش

تۆگۈنلىرىگە مەخسۇس پايلاقچىلار ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. قارا لىباسلىق ئىككى مەخلۇق شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. بىرىنچىسى مەغرۇرلانغان، ئۆز ئىشىغا تەمەننا قويغان هالدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئىنس - جىن توختىمايدىغان جەزىرە ئاچىلىدا يېتىشۋەردۇق - يېتىشۋەردۇق، قىلتىقسىزغا ئادەم تۆگىلى خەۋەرچى كەپتەرمۇ چۈشىدىغاندەك ئەمەس؛ ئىشان خوجامغا ئەمدى نېمە دەيمىز، قانداق جاۋاب بېرەرمىز دەپ تىت - تىت بولۇپ تۇرساق، ئۈنۈپ چىققاندەكلا پەيدا بولۇۋاتامدۇ بۇ ئىككىسى!

— ئىككىسى؟

— هەئە، مۇشۇ ئەسكى - تۆشكىلەرنىڭ ئىگىلىرى. قارىساق، بۇ يەرلىكتەك ئەمەس، تۆمۈر هارۋىكەشنىڭ ئەسكەرلىرىگىلا ئوخشىشىۋاتامدۇ؟ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، يول قاياققا؟ دېسەك. «قاشقارغا» دەۋاتامدۇ؟ شۇ، بىز كۈتۈۋالىدىغان ئەزىز مېهمان ئەنە شۇ! دېدۇق. ئىززىتىنى قىلدۇق، تەشنالىقىنى قاندۇردۇق، ئېتىنى سۇغاردۇق. قەشقەرگە سەپەر قىلىشتىكى مەقسەت - مۇددىئاسىنى سورىساق، گەپ ئۇينىتىۋاتىدۇ تېخى! بىزگە بوي بېرىدىغاندەك ئەمەس. بىرلا شەرەت قىلىۋىدىم... — سەككىز قىرلىق چويۇن چوماق بىلەن بىر ساپتىكەنمەن!...، — يەنە بىرىمۇ قاپلاندەك كۈچى بار نېمە ئىكەن، تاس - تاماس قالدى مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى!

— بويىنىغا سىرتماق سېلىپ، شۇنداق تارتىپتىكەنمەن!..

— توختا! گەپ سوراپ باقايلى دەپ توسۇۋالمىغان بولسام، ئۇنىمۇ...

— گەپ سوراشتىڭمۇ؟ نېمە دېدى؟

— سەن ما جۇڭخېڭنىڭ خەۋەرچىسى، ما جەنساڭنىڭ قېشىغا كېتىۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟ دېسەك، ما جۇڭخېڭ دېگەننى شۇنداق سەت تىللاپ كەتتىكى!...

— خەتنى چىقار دېسەك، «خەت يوق» دەيدۇ. كىمگە قانداق خەۋەر ئەكىلىۋاتىسەن؟ دېسەك، زۇۋان سۈرمەيدۇ. گەجگىسىگە تاياق تېگىۋاتسا، ئوڭ پۇتىنى قوچاقلاپ ياتىدۇ. توختا، بۇنىڭ ئوڭ پۇتىدا بىر ھېكمەت بار دېدىم. پۇتىنىڭ لېپىكىنى كۆكۈم - تالقان قىلدۇۋەتمىگۈچە، مانا بۇ بىر پاي ئۆتۈكنى سالدۇرغىلى بولمىدى دېسىلە، خوجام!

— مۇنداق - دە؟ — ئەنە شۇ بىر پاي ئۆتۈكنى قولىغا ئالدى خوجا ئىشان، — جەسەتنى نەگە يىغىشتۇردۇڭلار؟

— شامگۇر ئىچىگە.

— پەسىڭلار جايىدا. ئەمدى بەھۇزۇر ئارام ئېلىڭلار.

— رەھمەت، خوجام.

— جىندەك تەخىر قىلىڭلار.

— خوش، خوجام، — ئارقىغا يېنىشتى ئۇلار.

— ئىسمىنى بىلەلىدىڭلارمۇ؟

— ئىسمىنى؟ — بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدى ئىككىسى، — چوماق يېگىنىنىڭ ئېتىنى چاقىرىۋاتقانىنىغۇ يەنە بىرى؟ نېمە دېدى؟ تىلىمىنىڭ ئۇچىدا بار ئىدى، ئەستا!...

— تاپتىم - تاپتىم! — ئوت ھەلەكچىلىكىدە قالغان بەگگە، سەرەڭگە تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتى، — «شانىياز ئاكا!...»، «رازى پول، سالى!...»

— راست، بىرىنىڭ ئېتى شانىياز، بىرىنىڭ سالى!

— شانىياز، سالى، — دەپ تەكرارلىغاندىن كېيىن مۇغەمبەرلەرچە تىكىلدى خوجا ئىشان، — ھەپتە - ئون كۈندىن بۇيان نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولدۇڭلار؟

— ئاپئاق خوجامغا قاراشلىق ۋەخپە يەرلەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى سۈيلەش بىلەن!

— تۆگە كۆردۈڭلارمۇ؟

— نۆزەمبىللا، كۆرمىدۇق، خوجام!

— خوپ، ئەمدى چىقىڭلار، مۇشۇ دەقىقىدىن باشلاپ، گاس، گاچا، قارىغۇ سىلەر.

— شۇنداق، خوجام.

خوجا ئىشان ئىشىكنى زەنجىرلىدى. چىراغنىڭ پىلىكىنى چىقاردى. يېنىدىن ئايرىلمايدىغان سۆڭەك ساپلىق قەلەمتىرىشىنى ئالدى. بىر پاي ئۆتۈكىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ بىر ھازاغىچە كۆزەتكەندىن كېيىن چەمىنى ئاجرىتىشقا كىرىشتى. ئۇ، ھاياجانلانغان، ئالدىرىغان ۋە ھولۇققانىدى. ئاجرىغان چەم ئىتنىڭ تىلىدەك ساڭگىلاپ قالدى. «بۇ نېمە ئىش؟ قەغەز دىدارى كۆرۈنمەيدۇيا؟ پاشنا ئىچىگە سالغانمىدۇ-يا؟ توغرا، ناھال بىكى قېقىلغاندەك قىلىدۇ. پاشنا ئىچىدە بىر گەپ بار، چوقۇم بىر گەپ بار!» ناھال ئاستىغا قەلەمتىراشنىڭ ئۇچىنى كىرگۈزدى. قايرىدى، كۈچەپ قايرىدى. ئۇچى سۇنغان ۋە ئۆز يۈنىلىشى بويىچە قاتلىنىپ

گەتكەن قەلەمتىراشنىڭ ئۆتكۈر قۇيۇچ بىسى ئۇنىڭ كۆر-
سەتكۈچ بارمىقىنى قاپ ئوتتۇرىدىن ئۈزۈۋەتكىلى تاس -
تاماس قالدى. قويۇق قان دانىچىلىرى ئەسكى ئۆگزىدىن
تامچە ئۆتكەندەك توختاۋسىز تامچىلىماقتا. سول قولىنىڭ
باش بارمىقى بىلەن ئۇزاققىچە ئۇۋۇلىدى، يەنە توختايدى-
غاندەك ئەمەس. «نېمە قىلغۇلۇق ئەمدى؟ كونا قاپاقنىڭ
لېشى بولسا، باسقان هامان توختايتتى...» ئاغرىق ئازابى
ئىچىدە ئاجايىپ بىر ئەقىل تاپتى: «راست چىلىم قاپىقى
بار ئەمەسمۇ!» جىنچىراغنى كۆتۈرگىنىچە، مېهمانخانىغا چىقتى.
تەكچىگە تىزىپ قويغان چىلىم قاپىقىنى قولىغا ئالدى - دە،
تىلاۋەتخانىسىغا ياندى. نوغۇچتەك سېپى بار يۇپيۇمىلاق
بۇ نوكاي جىنچىراغ شولىسىدا مىستەك پارقىرايتتى. نو-
گاينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان تۈچ چوغدان ئالتۇن
تاجىدەك سۆلەتلىك كۆرۈنەتتى. «ئاھ چىلىم، نى - نى
سورۇنلارغا كېيىپ ۋە هۇزۇر بەخش ئەيلىگەن خىسلەتلىك
چىلىم! نى - نى ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ئاغزى تەگكەن، نەزەرى
چۈشكەن ئەتىۋار چىلىم! سېنى بۇزارمەنمۇ، سېنى ئۆز قولۇم
بىلەن چاقارمەنمۇ ئەمدى؟ ياق، كۆزۈم قىيمايدۇ، يۈرىكىم
چىدىمايدۇ... ۋاي، ۋايجان! ئەجەب ئاغرىپ كەتتى بۇ قول؟
جېنىمنى ئالامدۇ نېمە بۇ كىچىككىنە يارا؟ بولدى، جان
بولسا جاهان، ئالتۇن قاپاق بولساڭمۇ مېهرىڭدىن كەچتىم!...»
تۈچ چوغدانى ئېهتىيات بىلەن قومۇرۇۋالدى. سول قولىنىڭ
ئوتتۇرا بارمىقىنى چىلىم تۆشۈكىدىن كىرگۈزۈپ تاتىلاپ
باققانىدى، هېچنېمە چىقمىدى. چاقاي، چاقمىغۇچە بىر-
نېمە چىقىدىغاندەك ئەمەس.» كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ دەس-

سىدى. قۇرۇپ كەتكەن نوگاي پارچە - پارچە بولۇپ كەتتى. تۆشۈك ئەتراپى قىرىپ ۋە تاتىلاپ نېپىزلىتىۋېتىلگەن، ساپ تەرىپىمۇ ياغاچ بىلەن كوچىلاپ راۋانلاشتۇرۇۋېتىلگەن بۇ نوگاينىڭ ساپقا تۇتاش تەرىپىدىنلا ئاز - تولا لەش چىقتى. قەلەمتىراشنىڭ كۆتۈك ئۇچى بىلەن ئاۋايلاپ سويۇ- ۋېلىنغان يالپاق - يالپاق لەشمۇ قات - قېتىدىن كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئىشان خوجا سەللىسىنىڭ ئۇچىدىن بىر سو- يامچە يىرتىۋېلىپ، ئۈچ قاتلاپ تەييار قىلغاندىن كېيىن بىر يالپاق لەشنى يارىسى ئۈستىگە قويدى، رەخت بىلەن يۆگىدى، بارغانچە چىڭ يۆگىدى. «ياكى داۋا، ياكى شىپا... ۋاييەي - ۋايجان!...» لەش ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن كۈچلۈك نەشە زەھىرى جان - جىسمىنى ئۆرتىمەكتە، ھاياتىغا خىرىس قىلماقتا ئىدى. «ۋايجان!... تۈز باسسام بولماسمىدى. زەمچە باسسام بولماسمىدى، نۆشۈدۈر باسسام بولماسمىدى ئۇنىڭ ئورنىغا؟ ۋايجان!... قايسىڭلار ئويغاق؟...» تاشقىرىغا چىقماقچى بولدى، ئىشىك زەنجىرىگە قول ئۇزارتتى. «ۋايجان، مەن بولالمىدىم!...» بوسۇغا تۈۋىگىلا يىقىلدى...

قاپقاراڭغۇ كېچە. خىلۋەت بىر جايدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان يالغۇز شامگۆر. شامگۆر ئىچىدە ئىككى كاللەك ئالتۇن. خوجا ئىشاننىڭ قولىدا قۇيۇچ قەلەمتىراش. ئۇ، شامگۆر ئېغىزىنى كولىماقتا. خام خىش بىلەن پۇختا ئېتىلىپ، كاكىل لاي بىلەن سۇۋۇۋېتىلگەن بۇ ئېغىزنى ئاچماق نېمانچە قىيىن - ھە؟ لېكىن ئۇنىڭدا ئالتۇن بار، ئىككى كاللەك ساپ ئالتۇن! «تىلىم بىلەن يالاپ، تىرنىقىم بىلەن كولاپ بولسىمۇ ئاچمايدىغان بولسام، سەئىدزادە بولماي كېتەي!...»

دەپ قەسەمياد قىلدى ئۇ. ئاخىر ئېچىلدى، كىچىككىنە يوچۇق ئېچىلدى! ئەنە، ئالتۇن شولىسى! نېمانچە ئىسسىق، مېھىرلىك، نېمانچە سېھىرلىكتۇر بۇ ئالتۇن شولىلار؟... يوچۇق بارغانسېرى كېڭەيمەكتە. قولى پاتقۇدەك، بېشى پاتقۇدەك، گەۋدىسىمۇ بىمالال پاتقۇدەك. «جانىجان ئالتۇن، شاھى جاھان ئالتۇن، كەل، قوينۇمغا كەل، ئىلكىمگە ئۆت!...»

قانداق مۆجىزە بۇ؟ نېمە كارامەت بۇ؟ كالىلەك ئالتۇنلار ئوتقا ئايلاندى، لاۋۇلدىغان يالقۇنغا ئايلاندى! يالقۇن قوينىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقىنى نېمە؟ ئادەم، بېشىغا ئالتۇن قويبىلىق كۆمۈش دوبۇلغا، ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيگەن، قىپقىزىل نەيزە تۇتقان ئىككى ئادەم! ئۇلار ئېغىز ئاچتى. گويا دەھشەتلىك بوران گۈركىرىدى. گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى:

— ساڭا ئالتۇن كېرەكمۇ، ئەي قاتىل، مال-دۇنياغا تويمايدىغان قارا يۈرەك قاتىل!؟

— ياق-ياق، مەن بۇ يەرگە ئىستىقامەت قىلغىلى كەلگەن، — دېدى خوجا ئىشان كېكەچلەپ، — تۆۋە-ئىستىغپار قىلغىلى كەلگەن.

— جاۋاب بەر، قاتىللىق قوراللىڭنى كۆتۈرۈپ ئىستىقامەت قىلىدىغان قانداق تەقۋادار سەن؟!

— ياق، بۇ قاتىللىق قورالى ئەمەس، قەلەمتىراش؛ خۇدا بەرگەن رىزقى-نېسىۋەمنى بۆلۈپ-پارچىلاپ يېيىشكە ئىشلىتىدىغان كىچىككىنە بۇيۇم.

— قانچىلىگەن بىگۇناھ مۇسۇلماننىڭ ھاياتلىق يولىنى كېسىپ تاشلىغان ۋە كېسىپ تاشلاشقا تەييار تۇرغان زەھەرلىك شەمشەردە، كاززاپ!

— ئازاپلىق قىلغان بولسام، تىلىم قۇرۇسۇن، زۇۋانىم ئۆچسۇن!

— يالغان قەسەم — مۇناپىقلارنىڭ نىقابى، قالقىنى! سەندەك قارا يۈرەك مۇناپىق بىلەن مۇنازىرە قىلىپ تۇرۇشقا ۋاقتىمىز يوق. زەھەرلىك شەمشەر تۇتقان قولۇڭ شۇمۇ، مۇناپىق!؟ — لاۋۇلداپ ئوت يېنىپ تۇرغان پولات نەيزە قەلەمتىراش تۇتۇپ تۇرغان قول ئۈستىگە قادالدى!

«ۋايجان!...» ئۆندەرەپ ئويغىنىپ كەتكەن خوجا ئىشانىنىڭ ئارقا مېڭىسى ئىشىككە تەگدى. «ۋايجان!...» — بېشىنى قۇچاقلىغىنىچە دوم يىقىلدى، دەھشەتلىك چۈش تەكرارلىنىشقا، يەتتە دوزاخ يالقۇنى كۆز ئالدىدا لاۋۇلداشقا باشلىدى. قولىنىڭ، بېشىنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇدى. كۆزىنى جامدەك ئاچتى، ئۆي گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. «شۈكرى، — دېدى لاۋۇلداپ تىترىگەن هالدا، — هوشۇمدىن كېتىش ئالدىدا قولۇمدا چىراغ بار ئەمەسمىدى؟ ئۆزۈمگە، ئۆيگە ئوتتۇشۇپ كەتكەن بولسا...» ئۇمىدلىنىشكە، روھلىنىشقا باشلىدى. «چۈش دېگەن تەتۈرىگە ماڭىدۇ. راستىنلا ماڭا ئىككى كالىلەك ئالتۇن...» ئىككى چۈپ ئۆتۈكنى سىيپىلاپ تاپتى. كۆڭلى ئىزىغا چۈشكەندەك بولدى. چىراغنى بىر ياقتىن، سەرەڭگىنى بىر ياقتىن تاپتى. هېلىقى ئۆتۈكنى يېڭىباشتىن قولىغا ئالدى. «ئەجەب يوغان مىخ قېقىپتىكەن، خوتۇن تالاق؟ ئامبۇر بولسىمۇ، كاشكى!...» پۈتۈن ئائىلە بىساتى ئىچىدە ئامبۇرنىڭ يوقلۇقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. كەكە — پالتا سوقۇپ بەرگەن هېلىقى خوتۇن تالاق نېمىشقا ئامبۇرنىمۇ سوقۇۋەتمىگەن بولغىيدى؟ «كەكە بىلەن قومۇرغىلى بولارمۇ؟

نەدىدۇ ئۇ بىرنېمە؟» جىنچىراغنى يەنە كۆتۈردى. ئاشخانا، ئوتۇنخانىغىچە باردى. ئالتۇن يىڭنە ئىزدىگەن مومايدەك مۈكچىيىپ يۈرۈپ ئىزدىدى. «تونۇر ئەتراپىدا بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس» يېقىنلاپ كەلدى. «ھە؟ توڭگۇزدەك خورۇل-داۋاتقان كىمدۇ؟ بۇ يەردە ئادەم ياتمايتتىيا؟» چىراغنى تۈگۈلۈپ ياتقان ئادەمنىڭ يۈزىگە تۇتتى، تېخىمۇ ھەيران قالدى: «قەلەندەرغۇ بۇ؟ خوشلىشىپ ماڭغانىدىغۇ ئاخشام؟ بېشىغا كېسەك قويۇپ ئۇخلاپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان؟ قونۇپ قالغىنى ئوبدان بولدى... ئەي قەلەندەر - قەلەن-دەر...» پەس ئاۋاز بىلەن توۋلاشقا، تۈرتۈشكە باشلىدى. «قەلەندەر» كۆزىنى ئاچتى: «چاكارلاردىن سۆز ئۆگىنىمەن دەپ...» خوجا ئىشان ئېغىز ئاچماسلىق ئىشارىتىنى قىلدى - دە، باشلاپ كىرىپ كەتتى. ئۆتۈكنى قولىغا ئالغانىدىلا، ئۆزىنىڭ كەكەئىزدەپ چىققانلىقىنى ئېسىگە ئالدى ۋە سىرتقا چىقماقچى بولدى. «قەلەندەر» ئۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ توختىتىۋالدى:

— خوجام، چەم-پاشنا دېگەن سۇ بىلەن لاي - پات-قاققا بىۋاستە تېگىپ تۇرىدىغان يەر. ئادەتتە مۇنداق يەرگە خەت سىلىنمايدۇ.

— ئۇنى بىلگۈچىلىكىم بار، — دېدى خوجا ئىشان ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىك قىلغانلىقىنى يوشۇرۇپ، — يىلتىزى تەرەپتىن قېزىپ چىقاي دېگەنىدىم، — يارىسىغا يېڭىباشتىن ئاغرىق كىرگەندەك، تولغىنىپ كەتتى.

سۆكۈپ ئاختۇرۇشنى ئۇلار يەنە شۇ ئۆتۈكتىن باشلىدى. ئىزدىگەن نەرسىسى شۇ ئۆتۈك قونچىنىڭ ئەستىرى ئىچىدىن تېپىلدى. بۇ — ناھايىتى سىيلىق بىر پارچە خوتەن قەغىزىگە

قومۇش قەلەم بىلەن يېزىلغان خەت ئىدى. ئىككى جۈپ ئۇغرى كۆز قېنىق سىياھ بىلەن يېزىلغان قۇرلارغا ئاستىن تىكىلدى:

«ما جۇڭيىڭ — باندىت ما بۇفاڭ بىلەن ئانا جەمەت بىر تۇغقان. جياڭ جيېشى قوشۇنىدا ھەربىي مەسلىھەتچى بولغان، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقانىدا، مىلىتارىستلىق قېنى - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بىر تەلۋە. ئۆز يۇرتىدا جان باقال-مىغان بۇ تەلۋە ئالدىنقى يىلى 3 - ئايدا 97 تال كۆسەي مىلتىقنى كۆتۈرگەن 200 ئەسكىرى بىلەن قۇمۇلغا كەلگەن. بىز بىلەن ھايات - ماماتلىقتا مەڭگۈ بىللە بولۇش ھەققىدە قەسەم قىلىپ تۇرۇۋالغان. بۇ جاللات شىڭ شىسەي ئىككى مىڭ نەچچە يۈز كىشىلىك ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى ۋە ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى بىلەن بىزگە قارشى سەپ تارتىپ كېلىۋاتقان چاغ ئىدى، بىز ئۇنىڭ قەسىمىنى، شۇنداقلا، ئىنقىلابىمىزنىڭ بۈيۈك ئىنتىپاقلىقىغا موھتاج ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقان... ئەپسۇسكى، ئۇ لەۋزىدە تۇرمىدى. بىۋا-پالىق، نامەردلىك قىلدى! بارىكۆل ئۇرۇشىدا 500 تال مىلتىقنى يالغۇز ئىگىلىۋالدى. قۇمۇل شەھىرىنى مۇداپىئە قىلىش ئۇرۇشىدا بىز بىرىنچى سەپتە تۇردۇق، ئۇ، ئىككىنچى سەپتە. دۇ گۇجى قىسىملىرىنى بىز تارمار قىلساق، ئەسىرگە چۈشكەن چېرىكلەر بىلەن ئۆز قىسمىنى تولۇقلىۋالدى. شىڭ شىسەينىڭ ئاق ئورۇس قىسىملىرى بىلەن ھايات - مامات-لىق ئۇرۇشى قىلىۋاتقىنىمىزدا، پۇتىغا ئوق تەگكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، گەنسۇغا قاچتى! ئىنقىلابىمىزنىڭ شىددەتلىك بورىنى قانخور جىن شۇرېننى ئۇچۇرۇپ كېتىش بىلەن تەڭ يەنە

كەلدى. «ھاجى ئاتا، سىلى قىلىچىنىڭ دەستىسى بولۇپ بەرىسلە، مەن تىغى بولاي؛ ئۆتكەنكە سالاۋات دەۋەتسىلە، ھاياتماماتلىقتا بىللە بولۇشقا قەسەمياد قىلاي!» دەپ قۇرئان تۇتتى... كۆچۈك ئۇرۇشىدا غەنىيمەت ئېلىنغان تۆت زەمبىرەك، 50 دانە ئېغىر-يېنىك پىلىموت، 8000 تال مىلتىق، 1 مىليون سەر كۈمۈشنى تەنھا ئىگىلىۋالدى! جىمسارنى مۇھاسىرىگە ئالغان چېغىمىزدا، ھاكىم ليۇ يىڭلىن، قوماندان دۇڭ چىڭخۇ قاتارلىقلار ئەسلىدە بىزگە تەسلىم بولغان، پۇرسەتپەرەس ئوغرى ما جۇڭيىڭ ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ، يېرىم كېچىدە ئۈن-تىنسىز شەھەرگە كىرىۋاپتۇ. 2000 تال مىلتىق بىلەن 1 مىليون جىڭ ئاشلىقنى قولغا چۈشۈرۈۋاپتۇ!... ھازىر ئۇنىڭ شىڭ شىسەي بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكى، ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقانلىقى ئۈزۈل-كېسىل ئاشكارا بولدى!... ما جەنساڭ — ما جۇڭيىڭنىڭ سادىق قولچومىقى. ئۇنىڭدىن ئاگاھ بولۇڭلار، يېنىڭلارغا يولاتماڭلار. گېزى كەلسە، تەلتۆكۈس قورالسىزلاندۇرۇپ قوغلىۋېتىڭلار!...»

خوجا ئىشان بىلەن «قەلەندەر» نىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى قارا تەرگە چۆمۈلگەنىدى. ئەجەل سىرتمىقى كانىيىنى سىقىۋاتقاندەك ئېغىر تىناتتى، ھاسىرايتتى: «يائاللا، ياھەزرەت، بۇ خەت تۆمۈرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسا!...» ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى ھەر ئىككىسى.

— خەۋەرچىمىز ئىشەنچلىك - ھە؟

— تولۇق ئىشەنچلىك، — كېسىپ ئېيتتى خوجا ئىشان، — خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىر يۇرتلۇق — تارا-

تېلىق؛ قان چىقارماي جان ئالالايدىغان سېھىرگەرنىڭ دەل ئۆزى! — پاشنا قومۇرۇش جەريانىدا ئىپادىلەنگەن ئاجىزلىقنى — دۆتلۈك دېگەننى يۇيۇۋېتىشكە ئالدىرىغان خوجا ئىشان ئۆز پىلانىنى ئوتتۇرىغا ئاتتى، — «خەۋەرچى» نىڭ ئىسمى يەنىلا «شانىياز».

— خوش، داۋاملاشتۇرۇۋەرسىلە.

— ئۇ تۇغما كېكەچ، كىشىلەر سوئال سوراپ، جاۋاب ئېلىشتىن بىزار بولغۇدەك دەرىجىدە كېكەچ.

— كۆزۈمگە قارىماي، سۆزلەۋەرسىلە، خوجام.

— ھەم قۇلىقى ئېغىر بولسۇن. كېيىدىغىنى — «ئۆز كېيىمى»، مىنىدىغىنىمۇ «ئۆز ئېتى»؛ «خوجىنىياز ھاجىنىڭ مەكتۇپى» يەنىلا ئۆتۈكنىڭ قونچى ئىچىدە.

— ئۇزۇن مۇددەت ئۆتۈك يەشمەي سەپەر قىلغان كىشىنىڭ پۇتىنى ئۆزەڭگە يالاپ كېتىدىغان ئىشمۇ بولىدۇ جۇمۇ. يەنە كېلىپ، بۇ «خەۋەرچى» نىڭ ئۆتۈكى ئىچىدە...

خوجا ئىشان قايىللىق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

— ما دوتەي ئاللىرىنىڭ يولىيورۇقىنى ئالغاندىن كېيىن «مەكتۇپ» يېزىشقا كىرىشسەك. «مەكتۇپ» ئاخىرىغا «شانىياز» نى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمىساق.

— شۇنداق بولىدۇ - دە، ئەلۋەتتە!

......

سالقىن سەھەر. نەچچە يۈز كىشى باغ دەرۋازىسى، ئالدىدىكى مەيدانىدا نەغمە - ناۋا قىلماقتا، باغ ئارقىسىدىكى تېرەكلەردە كاككۇك بىلەن سوپىسوپياك، كۆل ئەتراپىدىكى

باراقسان سۆگەتلەردە شاخسانىغۇچ، ھويلىدىكى چوڭ ئۈجمىدە ئاق قۇشقاچ...

دەرۋازىدا قوراللىق مۇھاپىزەتچى، ھويلىدا قوراللىق مۇھاپىزەتچى، باغنىڭ بۇلۇڭ - پۇرجەكلىرىدە قوراللىق مۇھاپىزەتچى.

كەڭ، يورۇق، ئازادە مېھمانخانا. ياغاچ ياغىچىدىن ياسالغان ئەگمە پۆلەنچىكلىك يۇملاق ئۈستەللەرنىڭ ھېچبىرى بوش ئەمەس. ئاپئاق داستىخان سېلىنغان جۈپ شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزى قاپقارا ساقال - بۇرۇتىنى يارىشىملىق ياساتقان ئۆتكۈر كۆزلۈك قاۋۇل كىشىدە. ھاجى ئاتىمىزنىڭ مۇبارەك مەكتۇپىنى كۆرۈش، يولىيورۇقىنى ئاڭلاشقا ئۇزاقتىن بۇيان تەشنا بولۇپ يۈرگەن بۇغداي ئۆڭلۈك بۇ كىشى — بىزنىڭ تۆمۈر سىجاڭ. ئۇنىڭ چىرايى بۈگۈن بۆلەكچىلا ئوچۇق، ئاۋازىمۇ بۆلەكچە ياڭراق. ئۇ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن خەت ئوقۇماقتا، ھۆرمەتلىك ئاتىمىز «خوجىنياز ھاجىمنىڭ مەكتۇپى» نى ئوقۇماقتا:

«... قۇمۇل دىيارىدا ياڭرىغان سەلتەنەتلىك ئىنقىلاب ساداسىنى ئاڭلىغان ياش، قابىل كوماندىر ما جۇڭيىڭ يولنىڭ يىراقلىقى ۋە جاپا - مۇشەققىتىگە قارىماي، تولۇق قوراللانغان 200 نەپەر سەرخىل مەرگەن يىگىتنى باشلاپ كېلىپ بىزگە قوشۇلغان. جاللات شىڭ شىسەينىڭ چىش - تىرنىقىغىچە قوراللانغان 3000 كىشىلىك زور قوشۇنىغا قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىدا پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس - تاماس قالغان.

ئۆز يۇرتى گەنسۇدا داۋالىنىپ، ساقايغاندىن كېيىنلا قايتىپ كېلىپ، ئۆزلۈكىدىن جەڭگە قاتناشتى. گۇچۇڭنى ئېلىش ئۇرۇشىدا بىر تۇغقان ئىنىسى، 21 ياشلىق قەيسەر ئىنقىلابچى ما جۇڭجېدىن ئايرىلدى① ...»، «پېقىر خوجىنىياز — قىلىچنىڭ دەستىسى، ما جۇڭيىڭ — قىلىچنىڭ تىغى. دەستە تىغىدىن، تىغ دەستىدىن ئايرىلالمايدۇ...»، «ما جەنساڭ — ما جۇڭيىڭنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى، مەرد، لەۋزى هالال، دىيانەتلىك كىشى...»، «هەر خىل پىتنە - پاساتلارغا قولاق سالمىغايسىلەر، هەرقانداق بۆلگۈنچىلىك هەرىكەتلىرىگە قەتئىي يول قويمىغايسىلەر...»

ئوسمان ئېلىنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدە ئورازبېك، ئابدۇللابېك، تونتىبېك قاتارلىقلار. ئوسمان ئېلى هازىر تۈەنجاڭ ئەمەس، لۈيجاڭ. ئۇنىڭ كەيپىياتى نورمال ئەمەس، روھىي دۇنياسى شىددەتلىك جەڭ مەيدانىغا ئايلانغان: «راستىمدۇ؟ ئىشەنچلىكمىدۇ بۇ خەت؟ خەۋەرچىدىن تەپسىلىي سوراپ بېقىشقا بولماسمىدى؟ تۈرلۈك يوللار بىلەن سىناپ بېقىشقا بولماسمىدى؟...»

يىغىن ئاياغلاشتى. ئوسمان لۈيجاڭ بۇ پىكرىنى يىغىن قاتناشچىلىرىنى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىردۋاتقان تۆمۈر سىجاڭغا ئېيتقانىدى، تۆمۈر سىجاڭ:

— نېمىسىنى سۈرۈشتۈرىسەن؟ ئۇ — بىر تۇغما كېكەچ ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قولىقىمۇ ئېغىر. بىر سوئالغا جاۋاب ئېلىپ بولغۇچە، يۈرىكىڭ سىقىلىپ، بېشىڭ زىڭىلداپ كېتى-

① گۇچۇڭ ئۇرۇشىدا ما جۇڭجېنىڭ ئۆلگىنى راست ئىدى.

دۇ! — دېدى. ئوسمان ئوچۇق - يورۇقلىنا مۇگدىشىشىنى بەكمۇ خالايتتى.

— تۆمۈر ئاكا، باغنى ئايلانغاچ، بىردەم - يېرىم دەم مۈگداشساق قانداق؟ — دېدى.

— بولىدۇ، يۈر.

پىشىپ كەتكەن قوقان گىلاسلار قىزىل ياقۇتتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئاق ئۆرۈك ئاق قاشتېشىدەك سۈزۈك، مايسەن ئۆرۈك كەھرىۋادەك جۇلالىق ئىدى. ئوسمان ئېلى ئىككى ئاسماق قوقان گىلاس ئۈزۈۋېلىپ، بىر ئاسماقنى ئۈزارتتى. تۆمۈر سىجاڭ بىر نەچچە تال گىلاس ئۆرۈۋقنى پۈركۈۋەتكەندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— تۆمۈر ئاكا، راستىنى ئېيتسام، ھاجى ئاتىمىز بىلەن ما جۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن پۈتۈنلەي بىخەۋەرمەن. ما جۇڭيىڭ، بەلكى، خەتتە يېزىلغىنىدەك ئوبدان ئادەمدۇ. لېكىن ما جەنساڭ... سىلى بىلەن يۈزتۇرا تۇرۇپ پۈتۈشكەن توختامنىڭ سىياسى قۇرۇماي تۇرۇپلا يۈزسىزلىك قىلدى. تەڭ بۆلۈشۈۋالماقچى بولغان يېگىشەھەردىكى قورال - ياراغلارنىڭ بىرىنىمۇ بەرمىدى!...

بۇلار خېلىغىچە ئايلاندى، مۈگداشتى. سۆھبەت تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقان ماۋۇ سۆزى بىلەن ئاياغلاشتى:

— ئۇكام ئوسمان، ئەتە - ئۆگۈنگىچە مەن ياراملىق ئادەملىرىمدىن ئىككى - ئۈچنى يولغا سالىمەن. شۇلاردىن خەت - خەۋەر كەلگۈچە تەخىر قىلايلى.

— بولىدۇ. ئەمدى قايتايلىمۇ، تۆمۈر ئاكا؟

بۇلار قايرىلدى. «كېكەچ خەۋەرچى» نىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— ئەي، نېمە قىلىپ يۈرسەن بۇ يەردە؟ — يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سورىدى تۆمۈر سىجاڭ. ھودۇقۇپ كەتكەن «كېكەچ» شاخلاردىكى ئاسماق - ئاسماق ئۆرۈك - گىلاسلارغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلگەندىن كېيىن، ئۆزۈپ ئېغىزغا سالغانلىقىنى ئىشارەت قىلدى ۋە «بۇ ... بۇ ... بۇ ...» دەپ كېكەچلەپ كەتتى. تۆمۈر سىجاڭ «ئۈزۈپ يېسەم بولامدۇ؟» دەپ سوراۋاتقان بولسا كېرەك دەپ چۈشەندى ۋە يەنىلا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى، — بۇ باغنى مەن سېتىۋالغان. تويغۇچە يېسەڭ بولىۋېرىدۇ!

خۇشال بولۇپ كەتكەن «كېكەچ» باغنىڭ ئىچكىرىگە قاراپ پايپاسلىدى. ئوسمان ئېلى ھەيرانلىق بىلەن سورىدى:

— تۆمۈر ئاكا، ئۇ يالغاياغقۇ؟

— ھە؟ — راست، ئۇ يالغاياغ كېتىۋاتاتتى، — ئەي، بۇ ياققا كەل! — «كېكەچ» ئاڭلىماي كېتىۋەردى. تۆمۈر سىجاڭ ئاتقان چالما دۈمبىسىگە تەگكەندىن كېيىن چۆچۈپ ئارقىغا قارىدى. تۆمۈر سىجاڭ «بۇ ياققا كەل!» دەپ ئىشارەت قىلدى. «كېكەچ» ھاڭ - تاڭ قالغان ھالدا يېقىن كەلدى.

— نېمىشقا ئۆتۈك كىيمىدىڭ؟ — سۆز بىلەن ئىشارەتنى بىرلەشتۈرۈپ سورىدى تۆمۈر سىجاڭ. «قۇلىقى ئېغىر كېكەچ» شىمىنىڭ پۇشقىقىنى كۆتۈرۈپ، بىرنېمىلەرنى دەپ كېكەچلەپ كەتتى. ئىككىلا پۇتىنىڭ ئوشۇقى ئەتراپىدىكى

ئىششىق ۋە جاراھەتلەر ئىنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئوسمان ئىلغا قاراپ مۇنداق دېدى تۆمۈر سىجاڭ، — خەتنى ساق – سالامەت يەتكۈزەي دەپ ھەپىلەپ ئۆتۈك يەشمەي يۈرۈپ يارا قىلىۋالغان بولسا كېرەك، — «كېكەچ» كە ۋارقىرىدى، — كەچتە ئىسسىق سۇ بىلەن پاكىز يۇيۇپ، دورا سۈركىسەڭ، تاڭدۇرۇپ يات! بولامدۇ!؟ ...

تۆمۈر سىجاڭ زەبەردەس ئىككى يىگىتنى «مۇتلەق مەخپىي خەت» بىلەن يولغا سالغىنىغا توققۇز كۈن بولغاندا، ئۈچ خەۋەرچى يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئۇيغۇر، بىرى تۇڭگان، ئەكەلگىنىمۇ ئىككى خىل قەلەم بىلەن پۈتۈلگەن ئۈچ پارچە «مۇتلەق مەخپىي خەت» ئىدى. قومۇش قەلەم بىلەن پۈتۈلگەن «خوجىنىياز ھاجىمنىڭ خېتى» دە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «21 كۈن مۇقەددەم شانىياز ئىسىملىك كېكەچ پالۋان ئارقىلىق مەكتۇپ يوللىغانىدىم. بۇ چاغقىچە قولۇڭلارغا تەگكەندۇ. يېقىندىن بۇيان ئاقسۇ – كۇچا تەرەپلەردە «خوجىنىياز ھاجىم بىلەن ما جۇڭيىڭ ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ كېتىپتۇ ئىمىش» دېگەنگە ئوخشاش پىتنە – پاساتلار تارقىلىپ يۈرۈپتۇ. مۇنداق ئۇيدۇرمىلارنىڭ قەشقەر تەۋەسىدە بازار تېپىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە ئۇشبۇ مەكتۇپ ئالاھىدە يوللاندى. ئۆتكەنكى خەتنىڭ تەگكەن – تەگمىگەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلالمىغانلىقىمىز سەۋەبىدىن، ئۆتكەنكى خەت مەزمۇنى ئۆز ئەينى بويىچە قايتا ئىزھار قىلىندى. بۇ خەت بىلەن بىرلىكتە ما جۇڭيىڭنىڭ سىلەرگە ھەم ما جەنساڭغا يازغان خەتلىرىمۇ ئەۋەتىلدى. ھەر ئىككى نۇسخا پېقىرنىڭ كۆزىدىن كەچۈ-

روشىدىن ئۆتكەن. ما جەنناسىغا تېگىشلىكىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل بولغايسىلەر. ئاخىردا، مۇھىم بىر مەسىلە ئالاھىدە تەكىتلەندى. ئىمكانىيەت ۋە شەرت ـ شارائىت يار بەرگەن تەقدىردە، دەرھال تۇتۇش قىلغايسىلەر...»

«كېپكەچ خەۋەرچى» ئەكەلگەن خەتتە بايان قىلىنغان ماجۇڭيىڭنىڭ «يۈكسەك تۆھپىلىرى» بىر قەغەزگىمۇ تولۇق ۋە ئەينەن كۆچۈرۈلگەنىدى. «ئالاھىدە تەكىتلەنگەن مۇھىم بىر مەسىلە» بولسا، ئاتۇش، مارالبېشى، پەيزىۋات، مەكىت ناھىيىلىرىدىكى ھەربىي ـ مەمۇرىي ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش بىلەنلا قالماستىن، يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىقىچە يۈرۈش قىلىش مەسىلىسى ئىدى. يۇڭ قەلەم بىلەن يېزىلغان خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«مۆھتەرەم ئاتىمىز تۆمۈر سىجاڭغا مەلۇم بولغايكى، كەمىنە ئىنىلىرى ماجۇڭيىڭ ئەمدىلا 24 ياشقا قەدەم قويدى. ئۇيغۇرلاردا، ياشلىق — بەڭباشلىق، دېگەن گەپ بارغۇ؟ كەمىنە ئىنىلىرىمۇ بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس ئىدى. بۇ ھال ئىنقىلابىمىز دۈشمەنلىرىنىڭ پىتنە ـ ئىغۋالىرى ئۈچۈن مەلۇم ئاساس يارىتىپ بەرگەنىدى. خۇداغا مىڭ شۈكرىكى، كەمىنە ئىنىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا چاپلاشقان ھەر خىل ئىللەت ـ جاراھەتلەر مېھىر ـ شەپقەتلىك ئاتىمىز خوجىنياز ھاجىم جانابلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى نەتىجىسىدە پەيدىنپەي ساقايماقتا، شىپا تاپماقتا... ئوتتۇردا ئىناقسىزلىق ـ بۆلۈنۈش يۈز بېرىپتۇ دېگەندەك گەپلەرنىڭ ھەممىسى ئويدۇرما!...

ما جەنساڭغا يازغان خېتىمدىمۇ بىرلىك - ئىتتىپاقلىق مەسىلىسىنى قايتا - قايتا تەكىتلىدىم. ھاجى ئاتىمىز بىلەن بىز يېتىپ بارغۇچە، يېڭىشەھەردىن چىقماسلىقىنى، جانابلىرىنىڭ كۆڭلى رەنجىگۈدەك سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلغان بولسا، سەممىيلىك بىلەن كەچۈرۈم سورىشى لازىملىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتىم...»

ئۆزىگە تېگىشلىك خەتنى تاپشۇرۇۋالغان ما جەنساڭمۇ تۈمۈر سىجاڭغا مەخسۇس خەت كىرگۈزۈپ، «ئىنتايىن سەممىيلىك بىلەن» ئۆزىنى تەكشۈردى ۋە ئەپۇ سورىدى. ئاق قەغەزگە قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان بۇ ئىبارىلەر بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئىدى. قايمۇقۇش ئىچىدە قالغان تۈمۈر سىجاڭنىڭ كېچە - كۈندۈز دەيدىغىنى پەقەت مۇشۇ ئىدى: «يولغا سالغان خەۋەرچىلىرىم تىنچ - ئامان قايتىپ كەلسە...»

ئەپسۇسكى، ئۇ، ئوسمان ئېلى بىلەن بىللە باغ ئارتلاپ يۈرۈش جەريانىدا ئېيتقانلىرىنىڭ «قىزىلقى ئېغىر تۇغما كېكەچ» تەرىپىدىن «ئۆز يۇرتلۇق ساداقەتمەنلەر»-(خوجا ئىشان باشلاپ كىرىپ ۋە ئالاھىدە تونۇشتۇرۇپ، تۈمۈر سىجاڭنىڭ «خىزمىتى» گە قالدۇرۇپ چىقىپ كەتكەن ھېلىقى يەتتە كىشى) نىڭ بىرى ئارقىلىق خوجا ئىشانغا يەتكۈزۈلگەنلىكىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئىدى. «مۇتلەق مەخپىي خەت» بىلەن مۇتلەق مەخپىي ھالدا يولغا سالغان زەبەردەس ئىككى خەۋەرچىسىنىڭ يېڭىشەھەر - پەيزىۋات ئارىلىقىدا ما جەنساڭ باندىتلىرى تەرىپىدىن ئۇن - تىنسىز

دەپىن قىلىۋېتىلگەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى؛ «خوجىنىياز ھاجىمنىڭ بۇ قېتىمقى خېتى» نىڭمۇ، ئۆتكەنكى خەتكە ئوخشاشلا، خوجا ئىشان قولى بىلەن، ما جۇڭيىڭ نامىدا كەلگەن خەتنىڭ ئەجدىھا باشلىق ھاسا تۇتقان «قەلەندەر»-نىڭ قولى بىلەن يېزىلغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە!

……

تۆمۈر سىجاڭ ئۆز خەۋەرچىلىرىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە، ئۇنىڭ رەقىبلىرى بولسا، بىرلىك ـ ئىناقلىق قەلئەسىنىڭ ئۇلىنى قېزىش سۈرئىتىنى تېزلەتمەكتە ئىدى. خوجا ئىشان قاتارلىق يۇرت كاتتىلىرى يۇمىلاقشەھەر قەلئەسى ئىچىگە كىرەتتى ـ دە، يازنىڭ كۆيۈك ئاپتىپىدا تەرلەپ ـ پىشىپ مەشىق قىلىۋاتقان ئەسكەرلەر ئارىسىدىن ئوسمان لۈيجاڭنى تاپاتتى.

— خەلقىمىزنىڭ باھادىر ئوغلانىغا بارىكاللا! — دەيتتى ئۇنىڭ ئىزىغا يۈزىنى ياققۇدەك دەرىجىدە خۇشامەت بىلەن، — پاھ، نېمانچە دىمىق ـ تىنچىق بۇ يەر؟ لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان دوزاخنىڭ دەل ئۆزىكەنغۇ، ۋەيلۇن دوزاخىنىڭ؟ ئەلنىڭ بەختى — نىجاتلىقى ئۈچۈن ئوت ـ سۇدىن قورقماسلىق دېگەن مانا شۇ ـ دە! تۆمۈر سىجاڭ جەننەتۇلپىردەۋسقە كىرۈپ باغدا ھوزۇر ـ ھالاۋەتتە، سىلى ئۆزلىرى مانا بۇ جەھەننەمدەك قاقاس ئاپتاپلىقتا جاپا ـ مۇشەققەتتە. ئەي، تەڭشەلمىگەن جاھان ـ تەڭشەلمىگەن جاھان! بۇ ئىخلاس ـ ئەقىدىلىرىنى ئۇ كىشى بىلسە، چۈشەنسە ئىدى كاشكى!

بۇلار تۆمۈر سىجاڭنىڭ قېشىغا بېرىپ مۇنداق دەيتتى:

— ئاپاننى كاۋاپ، بىلەكنى كۆسەي قىلغۇدەك ئاپتاپلىقتا شۇنداق مەشىق قىلىۋېتىپتۇكى، بۇ ئەسكەرلەر... شوتا قويماي سېپىل ئۈستىگە چىقىش، ئېقىن - دەريادىن ئاتلاپ ئۆتۈش، كېچىلىك ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم... كىشىنىڭ كۆڭلىدە باشقىچىرەك خىيال بولمىسا، ئەسكەرلىرىنى مۇنچە قىيناپ مەشىق قىلدۇرۇپ يۈرەمدۇ، تۆمۈر سىجاڭ؟ قەلئە سېپىلى ئۈستىدە تۇرۇپ كەتكەن قاراۋۇللارنىڭ كۆپلۈكىنى دىمەمدىغان؟ ئاسمان - پەلەك شەتەي راۋىقى① ئۈستىدىكى كۆزەتچىلىرىچۇ تېخى!

جانابلىرىنىڭ ئارزۇ - ئىرادىسىگە قارشى بىرەر تەۋەككۈلچىلىككە تەييارلىق قىلىۋاتقان بولمىسۇن يەنە!

دوتەي يامۇل ھۇجرەم بىلەن ئېلىنغان كۈنى كەچقۇرۇن ئوسمان لۈيجاڭنىڭ ھۇزۇرىدا مۇنداق دېدى خوجا ئىشان:

— ما جەنساڭ - ما شاۋۋۇ چېرىكلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئەزىزانە شەھىرىمىزگە ئەمىنلىك ۋە خاتىرجەملىك بەخش ئەتتىلە. پۈتۈن خەلق شانلىق غەلىبىلىرىگە بىردەك تەنتەنە قىلدى، شانۇشەۋكەتلىرىنىڭ تېخىمۇ زىيادە بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ئاقىل كۆزلىرى بىلەن روشەن كۆردىلە... جانابلىرى قان تۆكۈپ، قۇربان بېرىپ جەڭ قىلىۋاتىسىلا، خەلق قوللاۋاتىسا، ئالقىش - ئاپىرىن ياغدۇرۇۋاتىسا، نېمە ئۈچۈن جايىدا ئولتۇرالماي قالىدۇ ئۇ كىشى؟ نېمە ئۈچۈن ما جەنساڭغا يان باسىدۇ،

① ما فۇشىڭنىڭ ئوغلى شەتەي (لۈيجاڭ) ما جۇۋ تەرىپىدىن ياسىتىلغان تۆت قەۋەتلىك راۋاق «شەتەي راۋىقى» دېيىلەتتى.

سىلىنى چەكلەيدۇ؟ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ما جەنساڭ ئاق بايراق چىقىرىشقا مەجبۇر بولۇپ تۇرغاندا، «ئۆزۈم سۆھبەتلىشىپ چىقىمەن» دەپ كىرىپ كېتىپ، ئۆزىنى كۆرسەتكىنى نېمىسى؟ غەلىبە مېۋىسىگە قول ئۇزارتقىنى نېمىسى؟ «باركەتمەننى مەن چاپسام، يېتىپ يەيدۇ خىمۇزا» دېگەننىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ بۇ؟...

يۇملاقشەھەر قەلئەسىدىن قايتىپ چىقىپ، خۇپپيانە هالدا تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئالدىغا كىرگەن ئاشۇ ئادەم مۇنداق دېدى:

— جانابىلىرىنىڭ ئەمر - پەرمانىغا پىسەنت قىلماي شەھەرگە هۇجۇم قىلىپ، ئۈچ نەپەر نەۋقىران يىگىتنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىدى. مانا بۈگۈن جانابىلىرىدىن ئىجازەت ئالمايلا، دوتەي يامۇل بىلەن ئامبال يامۇلغا هۇجۇم قىلىپ، يەتتە ئەزىمەتنىڭ جېنىغا زامىن ۋە بىرمۇنچە يىگىتنىڭ جاراهەتلىنىشىگە سەۋەب بولدى ... جانابىلىرىنى هەقتائالا ئۆزى يەتكۈزگەنىدى، بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا، ئۇلارنى شەهەردىن چىقىرىۋەتتىلە. جانابىلىرىنىڭ شۇنچە يۈكسەك ئابروي - ئىناۋەتلىرىنى نېمە ئۈچۈن ئېتىراپ قىلمايدۇ ئۇ قىرغىز؟ جانابىلىرىدىن ئاز - تولا ئەيمەنمەيدىغان بولسا، قولغا چۈشۈرۈۋالغان 200 مىلتىق بىلەن 17 ساندۇق ئوقنىمۇ يالغۇز ئىگىلىۋالغان بولاتتى. سىجاڭ جانابىلىرى، ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى ئەقىل تارازىسىدا ئۆلچەپ كۆرگەيلا، جانابىلىرىغا قارشى تىغ كۆتۈرۈپ قېلىشىدىن پەخەس بولغايلا.

ئىبراهىم لوزۇڭنىڭ بېغىغا «قېچىپ كىرگەن» هېلىقى

ئۈچ ئەسكەر ئەكىرگەن «مەلۇمات» ما شاۋۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئوسمان لۈيجاڭغا يەتكۈزۈلگەن، يەنە كېلىپ، توققۇز نەپەر كاتتا زات تەرىپىدىن تەكرار يەتكۈزۈلگەندى، ئوسمان لۈيجاڭ قىزىقىپ قالدى. شۇ «دەردمەن» ئەسكەرلەر بىلەن يۈزتۇرا سۆزلىشىپ بېقىش قارارىغا كەلدى. ئوسمان لۈيجاڭنىڭ ئالدىغا كىرگۈچە، ئۈچ «دەردمەن» تۆت بولدى. تۆتىنچىسى مۇنداق «مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىدى»:

— ما جەنىاڭ يېڭىشەھەردىكى ھاراق ياسايدىغان خەنزۇلارنىڭ ھەممىنى سىبۇ ئىچىگە ئەكىرىۋالدى. ئۇلارنى كېچە - كۈندۈز ھاراق ئىشلەپچىقىرىشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ. ما جەنىاڭ ئەسكەرلىرى ئەتىگەندىن كەچكىچە مەست يۈرىشىدۇ. بىزنى كەلسە - كەلمەس دۇمبالايدۇ. خەلقنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغا چېقىلىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ ھۇجۇم قىلىدىغانلا بولسا، بىز — ما شاۋۇ ئەسكەرلىرى نەيزىنى ئارقىغا قاراتقان بولاتتۇق...

خوجا ئىشان قاتارلىقلار ئوسمان لۈيجاڭنى قىزىقتۇرماقتا ۋە ئالدىراتماقتا ئىدى.

— جانابلىرى شەھەرنى ۋە دوتەي يامۇلىنى ئېلىش جەڭلىرىدە مىسلىسىز باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، خەلقنىڭ يۈكسەك ھۆرمەت - ئالقىشىغا سازاۋەر بولدىلا. خەلقنىڭ ئۈمىدى جانابلىرىدا، شەھىرىمىزنىڭ بېقىنىشىغىلا جايلاشقان ئاشۇ شەھەر ئېلىنىپ كەتكەن بولسا، پۈتۈن ئەل - ئاۋام تەلتۆكۈس خاتىرجەم بولاتتى. مۇنداق پالەچ ھالدا تۇرغان كىچىككىنە قەلئەنى ئالماق، جانابلىرىدەك قابىل قوماندان ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس. تەلىپىمىزنى تۆمۈر سىجاڭ

ئالىلىرىغا يەتكۈزۈپ كۆرگەيلا.

— سىلىمۇ دېسىلە، ئىشان خوجام، — دېدى ئوسمان لۈيجاڭ ئۆزىنىپ چىقىشىپتىپ، — باشقىلارمۇ دېسۇن. تۆمۈر سىجاڭ باش لىڭشىتىدىغانلا بولسا، مەن تەييار!

— تۆمۈر سىجاڭنىڭ مېنى كۆرەر كۆزى يوق!

— نېمىشقا؟ — ھەيرانلىق بىلەن سورىدى ئوسمان لۈيجاڭ، — خېلى قويۇق كىرىپ - چىقىپ تۇرۇۋاتقاندەك قىلىدىلىغۇ؟

— ھېچكىمگە تىنماسمەن دېگەنىدىم، قوماندان جانابلىرى، — چوڭقۇر ئەپسۇسلانغان قىياپەتتە داۋاملاشتۇردى، — جانابلىرى شەھەر ئالغان كۈنى تاڭ - سەھەردىلا نەچچە مىڭ كىشىنى باشلاپ سالام - تەزىمگە كەلگەنىدىم.

— ئېسىمدە.

— ئۇ كىشى تەييار شەھەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن مۇنچە داغدۇغا قىلىپ يۈرمىسەكمۇ بولار دەپتۇمەن. جانابلىرىغا قىلغان ھۆرمىتىنى قايسى ئوت ئېغىز يەتكۈزگەنىدى كىن؟ تۈزۈككىنە چىراي ئاچمايدۇ. قەھىر - غەزىپىگە يولۇقۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئانچە - مۇنچە كىرىپ - چىقىپ تۇرۇشقا مەجبۇرمەن. «يەرنىڭ ئاچچىقىنى بورا بىلىدۇ، تۈتۈننىڭ ئاچچىقىنى مورا»، قوماندان ئالىلىرى.

— مۇنداق دېسىلە، تەقسىر؟ ... ماقۇل، تۆمۈر سىجاڭغا ئۆزۈم دەپ باقاي.

ئوسمان لۈيجاڭنى «مەن چوڭقۇرراق ئويلىشىپ باقاي» دېگەن جاۋاب بىلەن يولغا سېلىۋەتكەن تۆمۈر سىجاڭ راستىنلا چوڭقۇر تەپەككۇر قايىنىمىدا ئۆزىمەكتە ئىدى: «راست،

ئوسمان ئېيتقاندەك، شۇنچە «سەممىيلىك بىلەن» كەچۈرۈم سورىغان ما جەنساڭ بىزگە تېگىشلىك قورال - ياراغلارنى نېمە ئۈچۈن كىرگۈزۈپ بەرمەيدۇ شۇ چاغقىچە؟...»

— سىجاڭ ئالىيلىرى، خوجا ئىشان سالام تەزىمگە كەپتۇ.

— كىرسۇن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم تۆمۈر سىجاڭ ئالىيلىرى، — سىجاڭنىڭ كەيپى جايىدا ئەمەسلىكىنى دەرھال پەملىگەن خوجا ئىشان پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك قارارىغا كەل- دى، — ئوسمان لۈيجاڭنىڭ تەلەپ ۋە مۇددىئاسىنى يەت- كۈزۈش مەجبۇرىيىتى تۈپەيلىدىن، جاناب ئالىيلىرىنى پارا- كەندە قىلىدىغان بولدۇم.

— نېمە تەلەپ؟

— بىر ۋەسۋەسە، شەھەر ئېلىش ۋەسۋەسىسى، نام - شۆھرەت ۋەسۋەسىسى!

— ئوچۇقراق سۆزلىسىلە، تەقسىر.

— ئوسمان لۈيجاڭ بىرقانچىمىزنى چاقىرتىپتۇ. «يېڭى شەھەرنى ئالاي دېسەم، سىجاڭ قوشۇلمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ھەربىيلىرى — يۇرت مۆتىۋەرلىرى، سىجاڭ سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارنى رەت قىلمايدۇ. ئارقا - ئارقىدىن بېرىپ ئېيت- ماڭلار، سىجاڭنى ماقۇلغا كەلتۈرۈپ بەرسەڭلار» دەيدۇ. ئەھۋالغا قارىغاندا، ھۇجۇم تەييارلىقىنى تەل قىلىپ قوي- غان ئوخشايدۇ.

— مۇنداق دېسىلە، تەقسىر؟

— جانابلىرى ئىجازەت بەرمىگەن تەقدىردىمۇ، بۇ تەۋەككۈلچىلىك يولىدىن يانمايدىغاندەك، — تۆمۈر سىجاڭ-

نىڭ قوشۇمىسى تۇرۇلگەنلىكىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىشكە باشلىدى، — ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يېڭى شەھەردىكى ما جەنساڭ چېرىكلىرىدىن بەش - ئالتىسى بىلەن يوشۇرۇن سۆزلەشكەنىمىش. يەنە كېلىپ، سىبىرغا ئىچىمدە.

— نېمە؟!

— راست گەپ، سىجاڭ ئالىلىرى. ئوسمان لىۋىجاڭىمىز بۇ ئىشتىن تېنىۋالمىسا كېرەك. بىراق، ئەينەن دەمدۇ - دېمەمدۇ، ئۆزى بىلىدۇ. «ھۇجۇم - ھۇجۇم» دەيدۇ. «ئات ئايلىغانغا، يول سارىغانغا» دېگەندەك يول تۇتماقچىمۇ تېخى!...

ئىككى ئوتتۇرىدا باپكانىڭ موكىسىدەك قاتراپ يۈرۈشلەر ئاز - تولا ئۇنۇم بەرمەكتە ئىدى. شۇ كۈنلەردە بۇلار يەنە بىرقاتار سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرىنى ئويناپ چىقتى:

پەيشەنبە سەھەردە تۇپراق بېشىنى يوقلاش، روھ - ئەرۋاھلارغا ئاتاپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىش — مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مىڭ يىللىق ئەنئەنە. ئۇلار مۇشۇ ئەنئەنىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىشقا باشلىدى.

بۈگۈنمۇ پەيشەنبە. ھەزرەت تەۋەسسىدىكى قەدىمىي قەبرىستانىنىڭ ھەممىلا يېرىدە مۈكلۈق يىغا، ھەسرەت - نادامەت، دۇئا - تىلاۋەت... قېلىپتا قۇيغاندەك ياسالغان 11 يېڭى قەبرە ئالدىدا يىگىرمە بەشتەك كىشى. ئۇلارنىڭ بىرى — ئەما موماي، تۆتى قېرىپ ھالىدىن كەتكەن بوۋاي. قالغانلىرى ياش، ئوتتۇرا ياش ئەر - ئاياللار ۋە ئوغۇل - قىزلار. ئۇلارنىڭ ئاھۇزارى يەر - زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرمەكتە: «ئاھ بالام، شېھىت كەتكەن بالام!... ياش كەتكەن قېرىندىشىم، شېھىت كەتكەن قېرىن-

دىشىم! ... ئاھ، ئاكام، شېھىت كەتكەن ئاكام!...»

ھاسا تايانغان، چوڭ كىتابنى قولتۇقىغا قىسقان سالاپەتلىك بىر كىشى شەپىسىز يېتىپ كەلدى، يۆكىنىپ ئولتۇرۇپ، يېقىملىق ئاۋاز بىلەن تىلاۋەت باشلىدى. ھازىدارلار دەرھال جىم بولدى. ئۇزۇن بىر سۈرىنى ئوقۇپ تاماملىغان سالاپەتلىك كىشى دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— گۈلدەك چىرايلىق، گۆھەردەك باھاسىز ياش ھاياتىنى ئەلنىڭ بەختى، نىجاتلىقى ئۈچۈن بەخش ئەيلىگەن نەۋقىران ئوغلانلار، سەككىز جەننەتنىڭ ئالتۇن دەرۋازىسىنى ئاللا سىلەرگە ئەبەدىي ئوچۇق قىلغاي، ئىلاھا ئامىن! — ھازىدارلارنىڭ چوڭراقلىرىغا قاراپ دېدى، — ھەربىرلىرى بۇ شېھىت ئوغلانلارنىڭ بوۋىسى - مومىسى، ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرى، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، قارىم، — دەپ جاۋاب بەردى چوڭلار.

— نەزىر - چىراغلىرىنى كاتتا ئۆتكۈزۈشكەنلا؟

— قولىمىزنىڭ يېتىشىچە.

— كاتتا ئۆتكۈزۈش كېرەك، ئەل ئاغزىدا قالغۇدەك كاتتا! بۇلار ئەل - يۇرت ئامانلىقىنى دەپ جان پىدا قىلغان ئەزىمەتلەر ئەمەسمۇ؟... قارىغاندا، ھەربىرلىرىنىڭ ھال - ئەھۋالىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەستەك. مانا بۇ ئىنىمىزنىڭ كۆزى ئاجىزدەك قىلىدۇ. مانا بۇ تۆتىلىرىمۇ 80 - 90 يىللىق ھايات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈشكەندەك قىلىشىلا.

— شۇنداق، قارىم، توقساندىن ئاشقىنىمىزغا تۆت - بەش يىل بولۇپ قالدى.

— ئەي بىچارىلەر، ھىجران - جۇدالىق دەردىدە يۈرەك - باغرى قان - زەرداب بولۇپ كەتكەن بىچارىلەر! — چەكسىز ئىچىنغان قىياپەتتە ئاقىلانە مەسلىھەت بېرىشكە باشلىدى خالس تىلاۋەتچى، — شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش، دوتەي يامۇلنى ئېلىش سىجاڭ ئاتىمىزنىڭ ئىجازىتى بىلەن قىلىنغان ئىش ئەمەس، ئوسمان تۆەنجاڭنىڭ باشباشتاقلىقىدىن بولغان.

— نېمە؟ — ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى ھازىدارلارنىڭ كۆپچىلىكى.

— سىجاڭ ئاتىمىزنىڭ گېپىگە كىرگەن بولسا، بۇ يىگىتلىرىمىز بىھۇدە ئۆلۈپ كەتمەيتتى، ھەربىرلىرىمۇ داغى پەرزەنتلىك ئازابى تارتىشمايتتىلە.

— ئاھ، بىھۇدە نابۇت بولۇپ كەتكەن بالام!... يىگىتباشتىن يىغا - زار باشلىدى بىرنەچچە ئانا.

— ئۇنداق دېيىشمىسىلە، ھەرگىز ئۇنداق دېيىشمىسىلە، بۇ — خۇدادىن كەلگەن ئەجەل. قازاغا رىزا بولماق — مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئەقەللىي ئۆلچىمىدۇر. سەۋر قىلىشسىلا... ھەربىرلىرىگە ئاقىلانە مەسلىھىتىم شۇكى، شېھىتلارنىڭ نەزىر - چىراغلىرىنى كاتتا، ناھايىتى كاتتا ئۆتكۈزۈشسىلە. بۇ ھەربىرلىرى ئۈچۈن سەۋر - تەسەللى، شېھىت ئوغلانلارنىڭ روھ - ئەرۋاھى ئۈچۈن كۈچلۈك مەدەت. پۇل مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئانچە قىيىن ئەمەس. سىجاڭ ئاتىمىزنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ھال - ئەھۋال ئېيتىشسىلا، سىلەر

— شۇنداق، قارىم، توقساندىن ئاشقىنىمىزغا تۆت - بەش يىل بولۇپ قالدى.

— ئەي بىچارىلەر، ھىجران - جۇدالىق دەردىدە يۈرەك - باغرى قان - زەرداب بولۇپ كەتكەن بىچارىلەر! — چەكسىز ئىچىنغان قىياپەتتە ئاقىلانە مەسلىھەت بېرىشكە باشلىدى خالىس تىلاۋەتچى، — شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش، دوتەي يامۇلنى ئېلىش سىجاڭ ئاتىمىزنىڭ ئىجازىتى بىلەن قىلىنغان ئىش ئەمەس، ئوسمان تۈەنجاڭنىڭ باشباشتاقلىقىدىن بولغان.

— نېمە؟ — ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى ھازىدارلارنىڭ كۆپچىلىكى.

— سىجاڭ ئاتىمىزنىڭ گېپىگە كىرگەن بولسا، بۇ يىگىتلىرىمىز بىھۇدە ئۆلۈپ كەتمەيتتى، ھەربىرلىرىمۇ داغى پەرزەنتلىك ئازابى تارتىشمايتتىلە.

— ئاھ، بىھۇدە نابۇت بولۇپ كەتكەن بالام!... يىگىباشتىن يىغا - زار باشلىدى بىرنەچچە ئانا.

— ئۇنداق دېيىشمىسىلە، ھەرگىز ئۇنداق دېيىشمىسىلە، بۇ — خۇدادىن كەلگەن ئەجەل. قازاغا رىزا بولماق — مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئەقەللىي ئۆلچىمىدۇر. سەۋر قىلىشسىلا... ھەربىرلىرىگە ئاقىلانە مەسلىھىتىم شۇكى، شېھىتلارنىڭ نەزىر - چىراغلىرىنى كاتتا، ناھايىتى كاتتا ئۆتكۈزۈشسىلە. بۇ ھەربىرلىرى ئۈچۈن سەۋر - تەسەللى، شېھىت ئوغلانلارنىڭ روھ - ئەرۋاھى ئۈچۈن كۈچلۈك مەدەت. پۇل مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئانچە قىيىن ئەمەس. سىجاڭ ئاتىمىزنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ھال - ئەھۋال ئېيتىشسىلا، سىلەر

ئۈچۈن پۈتۈن خەزىنىسىنى ئايىمايدۇ. سىجاڭ ئاتىمىز — قالتىس مەرد كىشى. مېڭىشىلا، يىراق - يىراقتىن كېلىشكەندەك تۇرۇشىلا. شەھەرنى كۆرۈپ، بازار ئايلانغاچ، سىجاڭ ئاتىمىزنىڭ ئالدىغا كىرىشسىلە. «يىغلىمىغۇچە ئەمچەك سالماپتۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ قېنى، يۈرۈشسىلە. ئوسمان قىرغىزنىڭ باشباشتاقلىقى تۈپەيلى مۇشۇ كۈنگە قالدۇق دەپ يىغلاشنى ئۇنتۇپ قېلىشمىسىلا. خەير، خۇدايىمغا ئامانەت!...

بۇ ھازىدارلار تۆمۈر سىجاڭنىڭ خەيرخاھلىقى ۋە ئىنئامىغا ئېرىشىپ چىقىپ كەتكەن كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا ئوسمان لۈيجاڭنى ئۈركۈتۈشكە باشلىدى ئۇلار: «لۈيجاڭ جانابلىرى، پەخەس بولسىلا، ئۇ كىشى سىلىنىڭ پەيلىرىنى قىرقىماقچى! ئىككى قېتىملىق جەڭدە قۇربان بولغان يىگىتلەرنىڭ ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداشلىرىنى يىغىپ كېلىپ، جانابلىرى ئۈستىدىن قانلىق شىكايەت قىلغۇزدى!...»

شۇ كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى تۆمۈر سىجاڭنىڭ بېغى ئەتراپىدىكى بىر ھاللىق ئائىلە بىلەن يۇمىلاقشەھەر قەلئەسى ئەتراپىدىكى ھاللىق بىر ئائىلە قوراللىق بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىدى. زىيانغا ئۇچرىغان بىر تەرەپ تۆمۈر سىجاڭغا، يەنە بىر تەرەپ ئوسمان لۈيجاڭغا ئەرز - ھال ئېيتتى.

— بوي - تۇرقى، رەڭ - چىرايى قانداق نېمىلەر ئۇ؟

— پەرق ئەتكىلى بولمىدى، ھەممىسى نىقابلىق.

— گەپ - سۆز قىلىشمىدىمۇ؟

— قىزچىقىمىز قورقۇپ كېتىپ يىغلىغانىدى، بۇلاڭچىلاردىن بىرى «ئى قاسقىردىلىك كۆشەكى، نىمدەپ جىلايسىلە؟» دەپ بىر كاچات سالدى.

«ئىچىمىزدە قىرغىزچە سۆزلەيدىغانلار يوق ئىدىغۇ؟— دەپ ئويلاپ قالدى تۆمۈر سىجاك، — ئوسمان ئەسكەرلىرىنىڭ ئويۇنى بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە؟ بىزنى خەلقىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈرۈۋېتىش ئۈچۈن...»

ئوسمان لۈيجاڭنىڭ يۇقىرىقىدەك سوئالىغا جاۋاب بەرگەن دەۋاگەرلەر مۇنداق دېدى:

— قورقۇپ كەتكەنلىكىمىزدىن ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزىگە قۇلاق سالماپتۇمىز. پەقەت «هالگا»، «داھ يەرلەرنى پىرقىراپ» دېگەنلىرى ئېسىمىزدە قاپتۇ.

— قايسى سۆزنى قەيەردە دېگەنلىكىنى ئەسلەپ بېقىڭلار.

— ئۆيگە بېسىپ كىرگەندە «سەنلەر هالگا يەيسەن، بىز قۇرۇق نان يېسەك بولامدۇ؟» دېگەندەك بىر گەپنى قىلغانىدى.

— كېيىنكى سۆزنىچۇ؟

— ئالىدىغانىنى ئېلىپ، دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا، بىرى، «كەلگەن يولىمىز بىلەن» دېسە، يەنە بىرى، «داھ يەرلەرنى پىرقىراپ كەتمەيمىزمۇ؟» دېگەن.

ئوسمان لۈيجاڭ ئۆز ئىچىدە پىكىر يۈرگۈزدى: ئىچىمىزدە مۇنداق سۆزلەيدىغان تۇرپان - توقسۇنلۇقلار بولمىسا؟... تۆمۈر سىجاك راستىنلا مېنىڭ پېيىمنى قىرقىماقچىمۇ — قانداق؟...

بۇ ۋەقە نەتىجىسىدە تۆمۈر سىجاك بىلەن ئوسمان لۈيجاك يەنە مۇنازىرىلىشىپ قالدى:

— بۇلاقچىلارنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ، قاتتىق جازالا! — دەپ بۇيرۇق قىلدى تۆمۈر سىجاك. — بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز «قاسقىردىك كۈشەگى» ئەمەس!

— ئۆزلىرىمۇ شۇنداق قىلسىلا، سىجاك، — دېدى ئوسمان لۈيجاكمۇ قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن، — مېنىڭ ئەسكەرلىرىم ئىچىدە «داھ يەرلەردە» قالايمىقان «پىرقىراپ» يۈرىدىغانلار يوق!

ئىبراھىم لوزۇك بېغىدىكى ما شاۋۋۇ ھۇجرىسىدا! چىلىم قاپىقى توختاۋسىز خورۇلدىماقتا. مەستلىك كەيپىنى سۈرۈۋاتقان ئۈچ مۇغەمبەر ھۇزۇرلىنىپ كۈلمەكتە ئىدى.

— بىر كېچىلىك بۇ ئويۇنمۇ ئوبدان ئوينالدى! — دەيتتى ما شاۋۋۇ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا.

— شۇنداق، — دەيتتى خوجا ئىشان بىلەن «قەلەندەر»، — بىر - بىرىنىڭ كۆزىنى چوقۇشقا ئاز قالدى ئۇ ئىككى شۇڭقار!...

......

«خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئىككىنچى خېتى» نىڭ دەل مۇشۇ كۈنلەردە يېتىپ كېلىشى ئىشنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. پەيزىۋات، مارالبېشى قاتارلىق ناھىيىلەردىكى ھەربىي كۈچنى ئۇلىغايتىش، يېكىسار بىلەن يەكەن، قاغىلىقتا ئەسكەر ماڭغۇزۇش مەزكۇر «خەت» تە «ئالاھىدە تەكىتلەنگەن مۇھىم مەسىلە» ئىدى. ھەربىي كېڭەشمە ئوسمان لۈيجاك قارىمىقىدىكى ئىككى تۈەننى پەيزىۋات،

مارالبېشىغا يۆتكەشنى قارار قىلدى ۋە يولغا سالدى، تۆمۈر سىجاڭ قوشۇنىنىڭ ئىككى تۈمەنى يېگىسار، يەكەنگە يۈرۈش قىلدى. «ئالدى بىلەن يېڭىشەھەر مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش» پىكرىدە چىڭ تۇرغان ئوسمان لۈيجاڭ 600 ئەسكەر بىلەنلا قالدى.

«ئۇچقۇر ئاياغ»لار تېخىمۇ تېز چېپىشقا، «شىرىن زۇۋان»لار تېخىمۇ يېقىملىق سايراشقا باشلىدى:

— لۈيجاڭ ئاتا، ئۇ كىشىنىڭ ئەلپازى يامانراق. ھەپتە - ئون كۈن كۆزىگە چېلىقمايراق تۇرغايلا، — بۇ — تۆمۈر سىجاڭنىڭ «خىزمىتى» نى قىلىۋاتقان يەتتە نەپەر «ئۆز يۇرتلۇق سادىقەتمەن»دىن بىرىنىڭ ئوسمان لۈيجاڭغا ئوغرىلىقچە يەتكۈزگەن مەلۇماتى ئىدى.

— سىجاڭ ئاتا، ئۇ كىشى قارىسىنى كۆرسەتمەس بولۇپ كەتتىغۇ؟ بىرەر تەۋەككۈلچىلىككە تەرەددۇت قىلىۋاتقان بولمىسۇن يەنە، — بۇمۇ دەل ئاشۇ كىشىنىڭ ۋە ھەمشىرىكلىرىنىڭ تۆمۈر سىجاڭ ئالدىدىكى سۆزى ئىدى.

— سىجاڭ ئاتا، ئۇ كىشىنىڭ پەيلى يامان، ھەرىكىتى گۇمانلىق، قەلئە ئەتراپىغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتسەك.

— لۈيجاڭ ئاتا، كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلا، ئۇ كىشى سىلىنى قاتمۇقات ئىسكەنجىگە ئالماقچى!

— سىجاڭ ئاتا!...

— لۈيجاڭ ئاتا!...

يېرىم كېچە. يۇمىلاقشەھەر قەلئەسىنىڭ شەرقىي بۇرجىكىدىكى «شەتەي يامۇل» سەيناسىدا تۇرۇۋاتقان

قاراۋۇل ساداقىتىن ئېتىلغان بىر تال ئوقنى كۆتۈرگەن هالدا ئوسمان لۈيجاڭ ئالدىغا كىردى. قومۇش ئوق ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن كىچىككىنە قەغەزگە مۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش يېزىلغانىدى: «لۈيجاڭ ئاتا، پەخەس بولسىلا، ئۇ كىشى قول سالىدىغانىدەك تۇرىدۇ!»

تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ «شەتەي راۋىقى» دىكى قاراۋۇل دوكلات قىلدى: «يارباغ دەرۋازىسى بىلەن يېڭى ئاچقان دەرۋازا سېپىلى ئۈستىدە قورallıq ئەسكەر كۆپىيىپ قالدى!»

ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا دەرۋازىدىكى قاراۋۇللار چوڭ كۆل ئەتراپىدا يوچۇن ئادەملەرنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

— تۇتۇۋالار!

تۇتۇلغانلار تۆمۈر سىجاڭ هۇزۇرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان يەتتە «ساداقەتمەن» نىڭ ئىككىسى ئىدى. ئوسمان لۈيجاڭغا خېلىدىن بۇيان تونۇش بولغان بۇ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ مەخسۇس چارلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكىنى «ئىقرار» قىلدى ۋە ماۋۇلارنى «پاش قىلدى»:

— تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئەلپازى بەك يامان! سىلەرنى تومۇمىيۈزلۈك قورالسىزلاندۇرۇش تەييارلىقىنى ئىشلەۋاتىدۇ. هازىردىن باشلاپ نازارەت قىلىش ۋە ئىسكەنجىگە ئېلىشنى كۆچەيتىمەكچى!...

ئەتىسى تاڭ - سەھەردە يەتكۈزۈلگەن شۇم خەۋەر تۆمۈر سىجاڭنى تولىمۇ بىئارام قىلىۋەتتى:

— «قېچىپتۇ!؟»... ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟ كېيى

بولسا، ھەرقانداق تەلىپى بولسا، يۈزتـۈرا ئېيتسا بولماسـمىدى؟ 600 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ...

— سىجاڭ، بۇيرۇق بەرسىلە، دەرھال قوغلايلى!

— تۇتۇپ، باغلاپ كېلەيلى ئۇ قاچقۇننى!

— سىجاڭ!...

قېنى قىزىپ تۇرغان بۇ ھەربىي كاتتىباشلارنىڭ قەھىر - غەزەپلىك چىرايلىرىغا قاراپمۇ قويماي ۋاتقان تۆمۈر سىجاڭنىڭ كۆڭلىنى «نېمە ئۈچۈن؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئال قاپلىۋالغانىدى. ئۇ، بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەيتتى. ئۈچ ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ قۇلىقىغا قۇيۇلغان مىڭ ياڭزا سۆز - چۆچەكلەر بۇ سوئالغا توغرا جاۋاب بېرىش ئىمكانىيىتى بەرمەيتتى. «سىلى — ئاتا، بىز — بالا؛ بىز سىلى ئارقىلىق ھاجى ئاتىمىزغا بەيئەت قىلىمىز» دەپ خەت يازغان كىشى شۇ ئەمەسمىدى؟ «بىر ئاتىنىڭ بالىلىرى ئەمەسمۇ بىز، تۆمۈر ئاكا؟ دەپ مەھكەم قۇچاقلىغان قان - قېرىنداش شۇ ئەمەسمىدى؟ ئەمدى نېمە ئۈچۈن؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟...»

يىكاپ سېغىز توپىلىق يېزا يولىدا چاڭ كۆتۈرۈپ ئۇچماقتا، غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ ئۇچماقتا. ئالغا - يىراقلارغا تىكىلگەن تۆمۈر سىجاڭ ئۈمىدلىك خىيال قاينىمىدا. «قايتىپ كېلىدۇ. ئۇكام، ئاچچىقىدىن يان، بەيلىگىدىن يان، ئىنقىلاب يولىدىن يانما، دەپ چىرايلىقچە نەسىھەت قىلسام، چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا سەممىي سىردىشىدىغانلا بولسام.»

— سىجاڭ، بىرەر يۈزدەك...

— كۆردۈم، — دېدى سىجاڭ شوپۇرغا قاراپ، — شۇلارنىڭ ئالدىدىراق توختات.

كېلىۋاتقان بىرەر 100 يىگىت ئوسمان لۈيجاڭ قوشۇنىدىكى شەھەرلىك ئۇيغۇر، ئۆزبېك جەڭچىلەر ئىدى. ئوسمان لۈيجاڭ ئۇلارنى «بىز چوقۇم قايتىپ كېلىمىز. لېكىن قاچان قايتىدىغانلىقىمىز توغرۇلۇق ھازىر بىر نېمە دېيەلمەيمىز. سىلەر تاغ تۇرمۇشىغا كۆنەلمەي قېيىنىلىپ قالىسىلەر. ھازىرچە قايتىپ تۇرساڭلار» دەپ يولغا سېلىپ قويغانىدى. ئۇلار ئوسمان لۈيجاڭنىڭ بەك ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە بىر پارچە خەتنى ئۇزارتتى.

پىكاپ ئارقىغا ياندى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ قولىدا خەت، قۇلاق تۈۋىدە ئوسمان لۈيجاڭنىڭ يۈرەك ساداسى: «سىجاڭ ئاتا!... سۈغۇن چازىدىن يوللىغان خېتىم يادىڭىزدىمۇ؟ پەيزىۋاتتا مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئېيتقانلىرىم يادىڭىزدىمۇ؟ ھىيلە - مىكىردىن خالى، لەۋزى ھالال، سۆزى ئوچۇق، سادىق - سەممىي قېرىنداشلىرى ئىدىم. ھايات - ماماتلىقتا بىللە بولۇشقا قەتئىي ئىرادە باغلىغان ۋاپادار سەپداشلىرى ئىدىم... مەن قايتىمەن، تۈۋەندىكى سوئاللارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئالالىغان چېغىمدا، جەزمەن قايتىپ بارىمەن: مەن ئىنقىلاب قىلدىممۇ، گۇناھمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئىككى قېتىملىق جەڭدە قۇربان بولغان يىگىتلەرنىڭ ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداشلىرى مېنىڭ ئۈستۈمدىن شىكايەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن كۆزلىرىگە مەن «دۆدەك» كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدىم؟ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ پېيىمنى قىرقىۋەتمەككە ئىرادە

باغلىدىلا؟ نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ قىسمىم تەقىب ۋە ئىسكەنجىگە ئېلىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان كىشىلەر چەتكە قېقىلىشقا ئۇچرايدۇ؟...»

تۆمۈر سىجاڭ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتمەكتە، تۇمان تارقالماقتا، ئاسمان سۈزۈلمەكتە، ئىبلىسلارنىڭ قارا كۆلەڭگىسى غۇۋا كۆرۈنمەكتە ئىدى. «جاۋاب بېرىمەن، — ئۆز - ئۆزىگە كەسكىن خىتاب قىلدى تۆمۈر سىجاڭ، — ئۇكام ئوسمان، شەك - شۈبھىسىز ئىشەنگىنكى، قان - قېرىنداشلىق رىشتىمىزنى پىتنە - پاسات خەنجىرى بىلەن كېسىپ تاشلىماقچى بولغان ئىبلىسلارنى خەلقى ئالەم ئالدىدا سازايى قىلىش ئارقىلىق مەن ساڭا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىمەن!...»

ماشىنا توغراقلىق مازار①غا يېقىنلاشقانىدى. يول ئۈستىگە يىقىتىلغان بىر توپ سۆگەتنى كۆرگەن شوپۇر ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى:

— قارىسىلا، سىجاڭ، يولنى توسۇۋېتىپتۇ!

— قانداق ئادەمنىڭ ئىشىدۇ بۇ؟ — تېرىككەن ھالدا بىرلەپ پىكاپتىن چۈشتى تۆت مۇھاپىزەتچى، — ئەي!... قايسىلارنىڭ ئىشى بۇ؟ ئىنس - جىن كۆرۈنمەيدۇيا؟

سۆگەت چوڭ ئىدى، ھەممەيلەن تەڭ كۆچەشكە توغرا كېلەتتى. تۆمۈر سىجاڭمۇ ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇشتۇمتۇت ئېتىلغان ئوقلار ئىككى مۇھاپىزەتچىنى جىنىدىن

---

① يۇرت نامى

جۇدا قىلدى. تۆمۈر سىجاڭ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئوق ئېتىشقان قايسىڭ!؟

— بىز! — يول ياقىسىدىكى ئەسكى تاملىق ئىچىدىن چىققان قوراللىق باندىت — ما جەنساڭنىڭ ئىشەنچلىك قولچومىقى كاڭ مازا ئىدى.

— كىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ يەرگە كېلىشتىڭ؟!

— ما زىڭخۇيىنىڭ! — قوناقلىقلار ۋە ئەسكى تاملىقلار-دىن قارا چېكەتكىدەك چىقىشقا باشلىدى باندىتلار.

تـۆمۈر سىجاڭ غەزەپ بىلەن بۇيرۇق قىلدى:

— قايتىش!

— ئات! — دېـدى كاڭ مازا. زەھـەرلىـك ئوقـلار مۆلدۈردەك ياغدى.

مەشھۇر ئىنـقىـلابـىي سـەركەردە تۆمۈر خـەلپـىگە ئوخشاشلا ئالدانغان، قاپقانـغا چۈشـكەنـلىكـىنى ئەمـدىـلا بىلـگەن بۇ سۆيۈمـلۈك خەلـق قەهرىـمانى ئىـسسـىق قان ئوقچۇپ چىقىۋاتقان سول كۆكرىكىنى چىڭ قاماللىغان هالدا «ئەلھۆكمىلىللا» دېدى ۋە يەنە ئاڭـلـىنار - ئاڭـلانـماس پىچىرلىدى:

— قاتىللار، لەنەت سىلەرگە! ئىناقلىق دۈشمەنلىرى — نىجاتلىق دۈشمەنلىرى، لەنەت سىلەرگە!...

«كەل، سۆيۈمـلۈك ئوغـلانىم، — هەسرەتلىك نىدا قىلدى تومۈز ئاپتىپىـدا تاۋلىـنىـپ تۇرغان هارارەتلىـك تۇپراق، — نەسىللىرىمىنىڭ بەخـت - نىجاتـلىـقى ئۈچۈن بارلىقىمنى نەقـدىم قىـلـغـان 41 يـاشـلـىـق پـالـۋان

ئوغلانىم، كەل، ئىسسىق قوينۇمدىن شۆھرەتلىك ئورۇن ئال!...»

قەشقەر تارىخىدىكى يەنە بىر چوڭ پاجىئەلىك بۇ كۈن — 1933 - يىلىنىڭ 17 - ئاۋغۇستى ئىدى!

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خوجا ئىشان دارغا ئېسىلىش ئالدىدا پەۋقۇلئاددە كەچۈرۈم ۋە شاھانە ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن قاتىل جىنايەتكاردەك خۇش بولۇپ كەتتى. «ئاتىنىڭ ئۆلۈمى — ئىتنىڭ بايرىمى» دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟! ئۇ، ئالدىراش ياساندى، جابدۇندى. كونا - يېڭى خوجايىنلىرى ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئالقىش - مەدھىيىلەرنىمۇ يادلاپ بولدى. تەمە خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچقانىدى، يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى: «ما دوتەي ئالىلىرى ئىلتىپاتىنىڭ چوڭراقىنى ئىبراھىم لوزۇڭغا بېرىۋېتىپ قالارمۇ؟...» ما شاۋۋۇنىڭ ئىبراھىم لوزۇڭنى «دوتەيلىككە مۇناسىپ كىشى» دېگەنلىكى بۇنىڭ يادىدا ئىدى. «ئىست، ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش پۇرستىنى نېمىشقىمۇ قولدىن بېرىپ قويغاندىمەن؟ تۆمۈرگە ياكى ئوسمانغا ئىككى - ئۈچ قېتىم چېقىشتۇرغانلا بولسام!...»

— خوجام، ئات تەييار بولدى!

«ھەركىمنىڭ تۆھپىسىگە يارىشا ئىنئام بېرىشنى بىلەر، ئەلۋەتتە» دەپ پىچىرلىدى خوجا ئىشان ئۆزەڭگىگە پۇتىنى ئېلىۋېتىپ. ئۇ، دەرۋازىدىن چىقاي دەپ تۇرغاندا، «كۆز - قۇلاق» لاردىن بىرى ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى ۋە خەۋەر يەتكۈزدى:

— خوجام، شەھەر مالىماتاڭ!

— نېمە دېدىڭ؟

— تۆمۈر سىجاڭ قوشۇنى شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى، پىدائىيلار ھۇجۇمغا ئۆتتى! ھەممىلا يەردە بىرلا سادا: ئىنتىقام! قانلىق ئىنتىقام!...

— ھە؟!

— ئوسمان لۈيجاڭ تاغدىن چۈشۈۋاتقانىمىش. ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى تۈەنجاڭلارغا دەرھال قايتىپ كېلىپ، ھۇجۇمغا ئاتلىنىش توغرۇلۇق خەت - ئالاقە يوللىغانىمىش!

— نېمە!؟ — شىددەت بىلەن كەلگەن غايىبانە بىر نەيزە ئۆز كۆكسىگە قادالغاندەك تولغىنىپ كەتتى.

— خوجام، كۆزلىرىنى ئاچسىلا!

— خوجام!...

ئۇ، كۆزىنى ئاچقاندا، ئۆز تىلاۋەتخانىسىدا، «قەلەندەر» نىڭ قۇچىقىدا تۇراتتى. تەكچىگە تىكلەپ قويۇلغان ھاسىنىڭ يېنىدىلا ئاچچىق ئىس - تۈتۈن چىقىرىپ پىلىلداۋاتقان جىنچىراغ شولىسى ئەجدىھانىڭ تىلىنى ئەسلىتەتتى. خوجا ئىشان «غەلىبە شارابى» بىلەن مەست بولغان خوجايىنلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولالمايۋاتقانلىقىدىن ئەپسۇسلىناتتى. ھىممەت ۋە مەرھەمەتنىڭ چوڭراقىغا ئېرىشەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. «قەلەندەر» نىڭ سۆزى بۇ تۈگۈننى يېشىۋەتتى:

— ئۇيغۇرلاردا «ئېسىلساڭ، ئېگىز دارغا ئېسىل» دېگەن گەپ بارغۇ؟ پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋەت، ئەقىل - پاراسەتلىرىنى شىڭ دۇبەن ئالىيلىرىنىڭ ھىممەت ۋە مەرھەمىتىنى

قولغا كەلتۈرۈش يولىغا تەسەررۇپ ئەيلىگەيلا، — ھەيرانـ لىق بىلەن چەكچەيگەن ۋە ئاغزى ئېچىلىپ قالغان خوجىغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — ئوسماننىڭ تاغدىن چۈشۈشى ئېنىق، غەلىبە قىلىشىمۇ مۇقەررەر. ئۇنى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇش بەسى مۈشكۈل.

— ئۇنداقتا؟

— ئۇنىمۇ بىراۋنىڭ قولى ئارقىلىق ئۇجۇقتۇرۇش كېرەك!

— كىمنىڭ قولى بىلەن؟

— ئوسمان — «ما جەنساڭ بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ، بۇ قانلىق ۋەقەنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، تۆمۈر سىجاڭنىڭ جېنىغا زامىن بولغان چوڭ سۇيىقەستچى، قاچقۇن»، شۇنداقمۇ؟

بۇ گەپنىڭ تېگى - تەكتىگە دەرھال يەتكەن خوجا ئېشان:

— شۇنداق - شۇنداق، — دېدى «قەلەندەر» نىڭ سېھىرگەرلىك ماھارىتىگە ئاز - تولا ھەسەت قىلغان ھالدا، — ئۇنىمۇ «ئۆز يېغى بىلەن» قورۇيدىكەنمىز - دە!

— ھەببەللى!... شىڭ دۇبەن جانابلىرىنىڭ ئالىي ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولىدىغان كۈنلىرى دەل ئاشۇ كۈن — تاغ باتۇرى ئوسمان ئۇجۇقتۇرۇلغان كۈن!...

«قانلىق قىساس!» دەپ نەرە تارتىپ كېلىۋاتقان بۇ قەھرلىك يولۋاسنى ئۆتكەنكىدىن نەچچە ھەسسە داغدۇغىـ لىق قارشى ئېلىش تەييارلىقىغا جىددىي كىرىشكەيلا.

— بولىدۇ. شىڭ دۇبەن ئالىيلىرىنىڭ ئىشەنچ ۋە ئۈمىدىنى ئاقلىيالمىسام، خوجا ئەۋلادى بولماي كېتەي!..

## خاتىمە

### 1

ئالتە بۇرجەكلىك قىزىل پانۇسىنىڭ غۇۋا شولىسى ئاستىدا، ئاقىغۇدەك ئاپئاق ئايغىر ئۈستىدە كېتىۋاتقان ئاپئاق ساقال پەرىشتە سۈپەتلىك زات سېپىل دەرۋازىسىدىن ئۆتتى. نېمىشقىدۇر، ئۇدۇل، يېقىن يول بىلەن ماڭماي، ئاق ئوردا تەرەپكە قايرىلدى. دوتەي يامۇل ئالدىغا كەلگەندە، ئايغىرنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. ياموُلنىڭ قاپقارا تۆمۈر دەرۋازىسىغا، سېپىلدەك ئېگىز تاملىرىغا ئۇزاققىچە تىكىلدى. «ئاھ، دوتەي ياموُل، شاھ سۇلايمانىنىڭ ئالتۇن ئوردىسىغا بەرگۈسىز ياموُل، ئەمدىغۇ ئىلكىمگە ئۆتەرسەن!...» ئۇنىڭ خىيالى بۈگۈنكى زىياپەتتە بولۇپ ئۆتكەن زىكىر - سۆھبەتلەر ئۈستىگە، ساھىبخان ئۈستىگە يۆتكەلدى: «ئىلمىي بايانلىرىمنى دەستۇر قىلار ئىمىشسەن، زامان - زامانلارغىچە يۇرت سورار ئىمىشسەن تېخى! نى - نى ئادەملەرنىڭ ھاياتلىق يولىنى كېسىپ تاشلاشقا قۇربىتى يەتكەن بىر مەشھۇر سەئىدزادە سېنىڭ دەۋران سۈرۈۋېرىشىڭگە سۈكۈت قىلىپ تۇرارمۇ يەنە؟ پېقىر نەگە كېتىۋاتىدۇ، قەيەرگە!؟...»

ئاق ئايغىر يارباغ دەرۋازىسىدىن ئۆتتى، كۆۋرۈككە يېقىنلاشتى. خوجا ئىشاننىڭ كۆز ئالدىدا ئۇنىڭ خەيرخاھى، باشپاناھى شىڭ شىسەي گەۋدىلەنمەكتە ئىدى. ئەنە، كۆپكۆك بىر جۈپ كۆز. كۆك كۆزلۈك بۇ مەخلۇقنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى گويا غايەت زور كۆك پانۇسقا ئايلانماقتا. بىر تالاي چەرەندە ـ پەرەندىلەر بۇ پانۇس ئەتراپىدا پىرقىرىماقتا. «ئاھ خۇدا! — دەپ نالە قىلدى خوجا ئىشان، — ئەرزىمەس چەرەندە ـ پەرەندىلەرگە ئىنئام قىلغان بىر جۈپ قاناتنى پېقىردىنمۇ ئايىمىغان بولساڭچۇ! قاناتلىق ھەم زۇۋانلىق بىر چەرەندىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن بولساڭ، ئاشۇ پانۇسقا ھەممىدىن بۇرۇن باغرىمنى يېقىپ، ۋىچىرلاپ كەتمەسمىدىم مۇنداق دەپ:

ئاتامسىز، خەيرخاھىم سىز،
يۆلەكچىم، باشپاناھىم سىز.
يېرۇق كۈندۈزدە ئاپتاپىم،
قاراڭغۇ تۈندە ماھىم سىز.

مېنىڭ كۆڭلۈم ئەمەس تارتقان،
يىراق بەيتۇلمۇقەددەسنى.
تاۋاپگاھ، قىبلەگاھىم سىز،
ئۆمۈرلۈك سەجدىگاھىم سىز...»

— ئاتتىن چۈش، مۇناپىق! — كەلگەن نەتىجىسىدە ۋەيران بولغان چوڭ كۆۋرۈكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى لىڭ ـ

لىك كۆۋرۈكتىن ئۆتتۈپ، بۇنجالىق تەرەپكە يۈزلەنگەن ئاق ئايغىر چۇلۇۋۇرى قەھر - غەزەپلىك ئىككى ئەزىمەتنىڭ ئالقىنىدا تۇراتتى.

— با... لـ لىـ... رىم، — جىنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان خوجا ئىشان كاچكۇلدىن تارتىپ چىقىرىلغان لالىما ئىتتەك لاغىلداپ تىترىمەكتە ئىدى.

— چۈش دەيمەن! — گەجگىسىگە تاشلانغان قۇدرەتلىك بىر قول ئۇنى زەي تۇپراق قويىنىغا ئاتتى.

— با- لـ لىـ رىم...

— زۇۋانىڭنى ئۆچۈر، مۇناپىق!

قىساسكار بۇركۈت پەنجىسىگە چۈشكەن بۇ قېرى تۈلكە قويۇق بۇنجالىقنىڭ ئەڭ ئىچكىرىگە سۆرەپ كىرىلگەنىدى. كۆز ئالدىدا چاقناپ تۇرغان قىساس شەمشىرىگە تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالمايتتى. ئۇنىڭ ياقىسىنى مەھكەم سىققان بىر ئەزىمەت سوت - سوراق قىلىشقا باشلىدى:

— ۋەتەن خەلقىمىزگە چىش - تىرنىقىغىچە دۈشمەن بولغان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارنىڭ قانلىق بوسۇغىسىنى سەجدىگاھ قىلىۋالغان مۇناپىقلارنىڭ پېيىنى قىرقىپ تاشلاش كېرەك. شۇنداقمۇ؟

— بۇ... بۇ... بۇ...

— مەزكۇر مۇناپىق ئەنە شۇ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارنى جاناب روسۇللىلا بىلەن تەڭ - باراۋەر ئورۇندا قويۇپ ماختىغان بولسا، تىلىنى كېسىپ تاشلاش كېرەك، شۇنداقمۇ؟

— بۇ... بۇ...

— ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئەنە شۇنداق ھۆكۈمرانـ لارنىڭ قانلىق بوسۇغىسىنى تاۋاپگاھ، قىبلىگاھ، سەجدىگاھ قىلدىڭ! مۇقەددەس كىتابلارنى قولتۇقلىغان ھالدا، مەسچىت، مەدرىس، خانىقالار ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈپ، قۇللۇق - مەھكۇملۇق زەھىرى ساتتىڭ. ھەددىڭدىن ئېشىپ، «جاناب روسۇلۇللادىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، ئەگەر كېلىدىغان بولسا، شەك - شۈبھىسىزكى، شىڭ دۇبەن ئالىيلىرى كەلگەن بولاتتى» دەپ بىلجىرلاش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتىڭ! جىنايى قىلمىشلىرىڭنى سۆزلەپ ۋە يېزىپ تۈگەتكىلى بولامدۇ، مۇناپىق!؟

— بىر قوشۇق قېنىمنى... بىر قوشۇق...

— بىر تامچە قېنىڭدىن مىڭ چايانىنىڭ زەھىرى تېمىپ تۇرسا، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىشكە بولامدۇ سېنىڭ؟ سەندەكلەرگە رەھىم - شەپقەت قىلىنسا، سان - ساناقسىز شېھىت - قۇربانلار ئۆز قەبرىلىرىدە خاتىرجەم ياتالامدۇ؟ قەبرە سىرتىدىكى تۈمەنمىڭلىغان ئاق كۆڭۈل، ساپ ۋىجدانلىق، ئەرك سۆيەر ئادەملەر خاتىرجەم ھايات كەچۈرەلەمدۇ؟ سەن بىلەن مۇنازىرىلىشىپ تۇرغۇدەك ۋاقتىمىز يوق. كەل، مۇناپىق!...

ناماز بامداتتىن بۇرۇن بوينجالىقتىن ئۆتكەن كىشىلەر پېيى قىرقىۋېتىلگەن بىر جەسەتنىڭ تىلى ساڭگىلاپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ساڭگىلاپ قالغىنى «تىل» ئەمەس، پىيالە چەپچىكى چوڭلۇقىدىكى كۈمۈش مۆھۈر بېسىلغان «زىكىر - سۆھبەت خاتىرىسى» — ئۆزىنىڭ ئىقرارنامىسى ۋە ھۆكۈمنامىسى ئىدى!

## 2

يېقىندا مەن ئىنقىلاب قۇربانلىرىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ قايتىۋېتىپ، نەچچە ئادەمنىڭ ھەشەمەتلىك گۈمبەز ياساش بىلەن بەند بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. قايسى ئۇلۇغ زاتنىڭ گۈمبىزى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش نىيىتىدە ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم.

— سەئىدزادە خوجا ئىشان خوجام ھەزرەتلىرىنىڭ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار.

— قەبرە تېشىمۇ تىكلەيدىغانسىلەر؟

— تىكلەيمىز! — ئاچچىق مەسخىرىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان ھاماقەتتىن بىرى جاۋاب بەردى كۆرەڭلىك بىلەن، — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 32 - ئەۋرىسى ئەمەسمۇ بۇ ئۇلۇغ زات!

ئۆز ئىچىمدە جاراڭلىق خىتاب قىلدىم: ئەينى زاماندىكى «قويرۇقلۇق مازار خوجام»، «مېڭگۈزلۈك مازار خوجام»، «ساقاللىق مازار خوجام» لارنىڭ تەرسا، ئاچكۆز، مۇغەمبەر، بىئىمان شەيخلىرى شۇنىڭغا تايىنىپ جان بېقىپ ئۆتكەن. بۇلارنىڭ تاللىۋالغىنىمۇ شۇ يول ئىكەندە؟ قېنى، ياساۋەرسۇن، تىكلەۋەرسۇن، بىزمۇ شۇ «ئۇلۇغ زات» لارنىڭ ھەقىقىي سىرتىنى سىزىۋېرەيلى!

1987 - يىل نويابىر،
1988 - يىل مارت. قەشقەر.

**一对清真寺**（维吾尔文）
买买提艾力·祖农
责任编辑：库尔班·巴拉提

新疆青少年出版社出版 （乌鲁木齐市建设路九号）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂印刷
787×1092毫米 32开本 12.75印张
1988年4月第1版 1989年5月第1次印刷
印数：1—5,250

ISBN7—5371—0290—2/I·138（民文） 定价：2.30元